# تۇتنامە

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى





# تۇشنامە




نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: نىجات مۇخلىس
ئەخمەت ھىممەت

مۇھەررىرى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخەت ھاشىم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: جالالىدىن بەھرام
مەسئۇل كوررېكتورى: خەيرىنىسا ئاسىم

تۇتنامە

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى
پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشچىلىقىدا
نەشرگە تەييارلاندى

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: نىجات مۇخلىس، ئەخمەت ھىمىت

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 14 قىستۇرما ۋارىقى: 4
1992 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
1992 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 9,000
ISBN 7—228—02028—6/I·693
باھاسى: 3.90 يۈەن

# مۇھەررىردىن

«تۇتىنامە» خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى رىۋايەت، ئەپسانە، مەسەل ۋە چۆچەكلەر ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن مۇھىم ئەسەرلەردىن بىرى. بۇ ئەسەر تۇنجى قېتىم مەشھۇر شائىر مەۋلانا نەخشەبى① تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنغان، كېيىن چاغاتاي تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

«تۇتىنامە» نىڭ چاغاتاي تىلىدىكى نۇسخىسى ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە خېلى كەڭ تارقالغان. بۇ ئەسەر ئۆز ئىچىگە ئالغان ھېكايىلەر ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ، دەپتەردىن - دەپتەرگە كۆچۈرۈلۈپ، مەنىۋى تۇرمۇشىمىزنى بېيىتىپ كەلگەن. نەتىجىدە خەلقىمىز ئارىسىدا «تۇتىنامە» نىڭ خىلمۇ خىل ئاغزاكى ۋە قول يازما نۇسخىلىرى بارلىققا كەلگەن. بۇ كىتاب ئۆز ئىچىگە ئالغان فولكلور ئەسەرلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەل ئەدەبىياتى مىراسلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. شۇڭا «تۇتىنامە» ھېكايىلىرى خەلقىمىزگە خۇددى «مىڭبىر كېچە»، «كەلىلە ۋە

---

① نەخشەبى — XIV ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ھىندىستاندا ياشاپ، پارس تىلىدا ئىجاد ئەتكەن مەشھۇر شائىر. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى: سەئىد زىيائىددىن بەدايۇنى. ئۇ بەدايۇن دېگەن جايدا تۇغۇلغان بولسا كېرەك. تۇغۇلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. نەخشەبى 1350 - يىلى نەخشەب — ھازىرقى قەرشى شەھىرىدە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «تۇتىنامە» 1330 - يىلى يېزىلغان. ئۇنىڭ يەنە «گۈزەللەر»، «سەلكول - سۇلۇك» (ئىز دەنگۈچىلەر يولى)، «كۇللىيات ۋە جۇزئىيات» (پۈتۈن ۋە پارچىلار) قاتارلىق ئەسەرلىرى بارلىقى مەلۇم.

دىمنە» ھېكايىلىرىدەكىلا تونۇشلۇق.

«تۇتىنامە» جەمئىي 52 بابقا بۆلۈنگەن. بۇ 52 باب تۇتى بىلەن خوجەستىنىڭ سۆھبىتى ئارقىلىق بىر - بىرىگە باغلانغان. بۇ ئارقىلىق تۈرلۈك تېما ۋە خىلمۇخىل ژانىردىكى فولكلور ئەسەرلىرى بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈپ بايان قىلىپ بېرىلگەن. بۇ فولكلور ئەسەرلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت، ئەدەب - ئەخلاق، كىشىلىك تۇرمۇش، ئىلىم - مەرىپەت، غەيرەت - شىجائەت، پاك سۆيگۈ - مۇھەببەت، ئادالەت، ھەققانىيەت، ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق قاتارلىق بىر قاتار ئومۇمىي مەسىلىلەر ھەققىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن. بۇ ئەسەردە بايان قىلىنغان نۇرغۇن پەلسەپىۋى پىكىرلەر، ھېكمەتلىك سۆزلەر ۋە ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىمۇ ئەجايىب ئەھمىيەتكە ئىگە.

لېكىن ئەسەردە يەنە بەزى مەسىلىلەرمۇ بار. بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ ئائىلە، جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە ھوقۇقى مەسىلىسىدە فېئوداللىق ناچار ئىدىيىلەرنىڭ تەسىرىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتكەن. ئەسەرنىڭ بۇنداق تەرەپلىرىگە تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىشىمىز زۆرۈر.

«تۇتىنامە» ھېكايىلىرىدە ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلەرگە كەڭ ئورۇن بېرىلگەچكە، كىتابخانلارنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ. ئوقۇغان كىشىنىڭ ئاسانلا ئېسىدە قالىدۇ.

«تۇتىنامە»نىڭ بۇ نۇسخىسىنى نەشرگە تەييارلاشتا، بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەت قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىسىنىڭ قول يازمىلار فوندىدا ساقلىنىۋاتقان XGQ398 نومۇرلۇق قول يازمىسى ئاساس قىلىندى. تەھرىرلەش جەريانىدا ئۇنىڭ XGQ647 نومۇرلۇق قول يازما نۇسخىسىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىلدى.

# مۇندەرىجە

خوجامەيمۇننىڭ ھېكايىسى ........................ 1
بىرىنچى داستان. سودىگەر پەرروۇخ بەگ ۋە ئۇنىڭ تۇتـ
سىنىڭ ھېكايىسى ........................................ 9
ئىككىنچى داستان. بىر ياساۋۇلنىڭ تەبەرىستان پادىشا-
ھىغا خىزمەت قىلغانلىقى ۋە پادىشاھـىنىـڭ ئـۆمرى
ئۈچۈن ئۆز ئوغلىنى قۇربان قىلغانلىقى ............... 16
ئۈچىنچى داستان. ئالتۇنچى بىلەن ياغاچچىنىڭ ئاجايىپ
ھىيلىلەر بىلەن بۇتلارنى كۆرگەنلىكى. ئالتۇنـچىنىڭ
ياغاچچىغا قەست قىلغانلىقى ............................ 24
تۆتىنچى داستان. بىر تۇتىنىڭ كامران شاھنىڭ كېسـ
لىنى داۋالاپ، كېسەلدىن ساقىياي دېگەندە ھـىيلـە
ئىشلىتىپ قېچىپ كەتكەنلىكى ........................ 36
بەشىنچى داستان. ياساۋۇلنىڭ ئايالىنى ئەمـىرزادىنىڭ
سىنىماقچى بولۇپ ئادەم ئەۋەتـكەنلىكى، ئاخىر بۇ
ئىشـلىرى تۈپەيلىدىن شەرمەندە بولغانلىقى ......... 46
ئالتىنچى داستان. تۆت كىشىنىڭ ئۆز كـارامـىتـىـنـى
كۆرسەتكەنلىكى، يەتتەيلەننىڭ بىر قىزغـا ئاشـىق
بولۇپ، ئاخىـر ھەممىسىنىڭ مەھرۇم قالغانلىقى ... 60

يەتتىنچى داستان. رايى رەيياننىڭ مەردانىلىك ۋە سېخىيلىق بىلەن دەرۋىشنى ۋە بەرەھمەننى مۇرادىغا يەتكۈزگەنلىكى ........................ 67

سەككىزىنچى داستان. ۋەزىر ئوغلىنىڭ سودىگەرنىڭ خوتۇنىغا ئاشىق بولغانلىقى، سودىگەرنىڭ سەپەردىن بىر ياغاچ تۇتىنى ئېلىپ كېلىپ، پۈتۈن مال - مۈلكىنى دوغا تىككەنلىكى، ۋەزىرنىڭ كېلىنىگە ھەمراھ بولۇپ قالغان بىر راھىبنىڭ سودىگەرگە ياردەم قىلىپ، ئۇنى غەمدىن قۇتۇلدۇرغانلىقى .............. 80

توققۇزىنچى داستان. نامرات دېھقاننىڭ بىر قىممەت باھالىق گۆھەر تېپىۋالغانلىقى، دېھقانغا تۆت كىشى ھەمراھ بولۇپ گۆھەرنى ئوغرىلىغانلىقى، بۇ نامرات دېھقاننىڭ پادىشاھقا ئەرز قىلغانلىقى ...... 90

ئونىنچى داستان. ئەخمەق سودىگەرنىڭ خوتۇنى شەھەر ئارايىنىڭ باشقا بىر ئەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولغانلىقى .............................. 99

ئون بىرىنچى داستان. بىر بەرەھمەننىڭ خوتۇنى پادىشاھنىڭ توزىنى ئۆلتۈرگەنلىكى، ئۇ ئىشنى يەنە بىر خوتۇننىڭ پادىشاھقا ئېيتىپ، ئۆزى جازالانغانلىقى .............................. 105

ئون ئىككىنچى داستان. بىر زاھىدنىڭ قىزىغا ئۈچ يىگىتنىڭ ئاشىق بولغانلىقى، قىز ئۆلگەندە ئۈچ يىگىت قىزنى گۆردىن ئېلىپ چىققانلىقى ۋە ئۇ قىزنى تىرىلدۈرگەنلىكى .............................. 112

ئون ئۈچىنچى داستان. پادىشاھنىڭ كىنىزىكى بىلەن
يەتتە ۋەزىرنىڭ ھېكايىسى ........................ 119
ئون تۆتىنچى داستان. خوجا مەنسۇرنىڭ پاك ئايالىغا
خوجا قاراقچىنىڭ ئاشىق بولۇپ قالغانلىقى ۋە
مەقسىتىگە يېتەلمەي رەسۋا بولغانلىقى ............... 142
ئون بەشىنچى داستان. بىر تۇتىنىڭ شام پادىشاھىغا ئابىھا-
يات مېۋىسىنى ئېلىپ كەلگەنلىكى ................... 148
ئون ئالتىنچى داستان. پادىشاھ راينىڭ بۇيرۇقىغا
بىنائەن بەرەھمەننىڭ دەريانى مېھمانىغا تەكلىپ
قىلغانلىقى ....................................... 156
ئون يەتتىنچى داستان. ئىسپىھان پادىشاھىنىڭ سەكسەن
ۋەزىرى جەم بولۇپ، شاھزادىنىڭ ئەقىللىك ۋە دانى-
شمەنلىكىنى سىناپ بېكىتكەنلىكى، ئاندىن كېيىن
ئۇنى پادشاھلىققا كۆرسەتكەنلىكى .................. 164
ئون سەككىزىنچى داستان. مۇزىكا ئىلمىنىڭ پەيدا بولغانلىقى... 169
ئون توققۇزىنچى داستان. شىر بىلەن مۈشۈكنىڭ ھېكا-
يىسى، مۈشۈكنىڭ چاشقانلارنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ
پۇشايمان قىلغانلىقى ............................. 174
يىگىرمىنچى داستان. پارس پادىشاھى قىزىنىڭ بىر سازەن-
دىگە ئاشىق بولغانلىقى ۋە بۆرىنىڭ يول كۆر-
سىتىشى ئارقىلىق قايتىپ كەلگەنلىكى ............... 181
يىگىرمە بىرىنچى داستان. زابۇل شاھزادىسىنىڭ بەختنى
سىنىۋالغانلىقى، ئۇنىڭ يەنە پاقىنى بىر يىلاننىڭ
ئاغزىدىن قۇتۇلدۇرغانلىقى ......................... 187

يىگىرمە ئىككىنچى داستان. پادىشاھ بىلەن ئايالى كامجۇي
كۆلىنى سەيلە قىلىۋاتقىنىدا بېلىقلارنىڭ كۈلگەنلىكى،
ئىبنۇلغەيىب ناملىق بالىنىڭ زېرەكلىك بىلەن
بۇ ۋەقەگە تەبىر بەرگەنلىكى، نەتىجىدە سەكسەن
كىشىنىڭ قەتلىئام قىلىنغانلىقى .................... 196
يىگىرمە ئۈچىنچى داستان. بىر بەرەھمەننىڭ شىر ئالدىغا
بارغانلىقى، شىرنىڭ تۆت ۋەزىرىنىڭ بايانى ...... 204
يىگىرمە تۆتىنچى داستان. بەشىر بىلەن جەززانىڭ بىر-
بىرىگە ئاشىق بولغانلىقى، جەززانىڭ ئورنىدا بىر
ئەرەبنىڭ تاياق يېگەنلىكى ۋە جەززانىڭ سىڭلىسى
بىلەن بىرگە بولغانلىقى ............................ 209
يىگىرمە بەشىنچى داستان. جاماس پادىشاھنىڭ ئىككى
تۇتىسى ئەرلەر بىلەن خوتۇنلارنىڭ ياخشى - يا-
مانلىقى توغرىسىدا مۇنازىرە قىلىشقانلىقى ............ 217
يىگىرمە ئالتىنچى داستان. پاقىلارنىڭ پادىشاھ شاپۇرنى
تەختتىن چۈشۈرگەنلىكى، شاپۇرنىڭ يىلاندىن ياردەم
تىلەپ پۇشايمان قىلغانلىقى ........................ 224
يىگىرمە يەتتىنچى داستان. چەكمەنچىنىڭ بۆزچىگە
ھەسەت قىلغانلىقى ۋە مال - دۇنيا تېپىش ئۈچۈن
ئۆز ھۈنىرىنى مەخپىي تۇتقانلىقى .................... 231
يىگىرمە سەككىزىنچى داستان. بىر كۇلالچىنىڭ قارا كىيىم
كىيىپ پادىشاھقا خىزمەت قىلغانلىقى ................ 237
يىگىرمە توققۇزىنچى داستان. مولۇننىڭ شىر ماكانىنى
ئىگىلىۋالغانلىقى ۋە ھىيلە ئارقىلىق مايمۇن بىلەن
شىرغا تاقابىل تۇرغانلىقى ........................ 243

ئوتتۇزىنچى داستان. زىنە ئىسىملىك بىر خوتۇن ئىككى بالىسى بىلەن باياۋانغا بارغاندا، بىر يولۋاس- نىڭ ئۇلارغا خىرىس قىلغانلىقى، زىنەنىڭ هىيلە ئىشلىتىپ يولۋاستىن قۇتۇلغانلىقى ........ 250
ئوتتۇز بىرىنچى داستان. بۆرىنىڭ بوياقچى قويۇپ قويغان رەڭ كۆپىگە چۆمۈلۈپ چىقىپ، بارلىق هايۋانلارغا پادىشاه بولۇۋالغانلىقى. ئاخىر ئۇنىڭ ئەسلى قىياپىتى ئاشكارا بولۇپ رەسۋا بولغانلىقى .............................. 256
ئوتتۇز ئىككىنچى داستان. خۇرشىد ۋە ئاتارۇدنىڭ ۋەقە- سى، ئۈچ يىگىتنىڭ خۇرشىدقا قەست قىلىپ، جاپا سالغانلىقى، كېيىن ئۇ ئۈچەيلەن بالا- قازاغا دۇچار بولغاندا، خۇرشىدنىڭ دۇئاسى سەۋە- بىدىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقى ........................ 263
ئوتتۇز ئۈچىنچى داستان. پادىشاه ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ۋەزى- رىنىڭ هېكايىسى .............................. 273
ئوتتۇز تۆتىنچى داستان. بىر سودىگەرنىڭ قىزىغا ئۈچ يىگىتنىڭ خېرىدار بولغانلىقى، ئۇلارنىڭ قىزنى ئاسماندىن ئېلىپ چۈشكەنلىكى، شاهزادىنىڭ بىر ھەيكەلگە ئاشىق بولۇپ، ئۆز بېشىنى ئۈزى كەسكەنلىكى .............................. 279
ئوتتۇز بەشىنچى داستان. بەرەھمەنىڭ راي قىزىغا ئاشىق بولغانلىقى ۋە جادۇگەرنىڭ ياردىمى بىلەن مۇرادىغا يەتكەنلىكى ........................ 286
ئوتتۇز ئالتىنچى داستان. بابىل پادىشاهىنىڭ مەھرۇسەنى ئالماقچى بولغىنىدا، تۆت ۋەزىرنىڭ پادىشاهقا نەسىھەت قىلغانلىقى، ئاخىر پادىشاهىنىڭ هالاك بولغانلىقى .............................. 294

ئوتتۇز يەتتىنچى داستان. سىيىستان شاھزادىسىنىڭ بىر
پىلانغا خىزمەت قىلغانلىقى، پىلاننىڭ بىر ئاق
پىلنىڭ خارتۇمىغا كىردۈرۈپ شاھزادىگە نۇرغۇن
مال - دۇنيا تېپىپ بەرگەنلىكى ........................ 301
ئوتتۇز سەككىزىنچى داستان. سېرىق تۇمشۇق، تۆمۈر
تۇمشۇق، سېرىق ھەرە، پاقا قاتارلىقلارنىڭ بىرلىشىپ
بىر پىلنى ئۆلتۈرگەنلىكى ............................ 308
ئوتتۇز توققۇزىنچى داستان. كىرمان پادىشاھىنىڭ
نۆكىرى كۈلگىنىدە ئاغزىدىن گۈللەر تۆكۈلگەن-
لىكى، پادىشاھ ئۇ گۈلنى ئايالىغا تەقدىم قىلغى-
نىدا ئايالىنىڭ ئۆز جامالىنى يوشۇرغانلىقى، كاۋاپ
قىلىنغان قۇشنىڭ بۇ ئەھۋالغا كۈلگەنلىكى ... 313
قىرقىنچى داستان. چىن خاقانىنىڭ چۈشىدە بىر
قىزنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئاشىق بولغانلىقى، ۋەزىر-
نىڭ ئىلىم - ھېكمەت بىلەن قىزنى تېپىپ
كەلگەنلىكى، خاقاننىڭ قىزنى نىكاھىغا ئېلىپ
مۇرادىغا يەتكەنلىكى ............................ 320
قىرىق بىرىنچى داستان. بىر ئېشەكنىڭ غەزەل ئوقۇپ
بالاغا قالغانلىقى، ئوتتۇنچىنىڭ نادانلىق قىلىپ
كوزىنى سۇندۇرۇپ قويغانلىقى ........................ 327
قىرىق ئىككىنچى داستان. سودىگەر ئوغلىنىڭ خوتۇن
ئالغانلىقى ۋە خوتۇن بىلەن بولۇپ كېتىپ سودا
قىلىشتىن قالغانلىقى، تۇتى بىلەن شارۇكنىڭ
ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغانلىقى ........................ 334

قىرىق ئۈچىنچى داستان. ئىسىل يىلاننىڭ رەئىپ يىلان
بىلەن جۈپلەشكەنلىكىنى كۆرگەن پادىشاھ
غەزەپكە كېلىپ، قىلىچ بىلەن چېپىشى يىلاننىڭ
قۇيرۇقىنى چاپقانلىقى.......................... 344
قىرىق تۆتىنچى داستان. ھىندىستان پادىشاھىنىڭ
پەرزەنتلىرىنىڭ ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈشكە قەست
قىلغانلىقى، لېكىن بىر سازەندىنىڭ ۋەز - نەسىھىتى
بىلەن نىيەتلىرىدىن يانغانلىقى .................. 352
قىرىق بەشىنچى داستان. سودىگەر ئابدۇلمەلىكنىڭ ئۆز
بەختىنى چۈشىدە كۆرگەنلىكى، بىر ساتىراشنىڭ
ئابدۇلمەلىكنى دورايمەن دەپ بالاغا قالغانلىقى ...... 358
قىرىق ئالتىنچى داستان. چىن پادىشاھىنىڭ شىكارغا
چىققانلىقى، شىكاردىن قايتىپ كىرگەندىن كېيىن،
قەئىرىيە شەھىرىدىكى گۈزەل قىز شەمايىل-
نىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئاشىق
بولغانلىقى .................................... 365
قىرىق يەتتىنچى داستان. بەلخلىق تۆت دوستىنىڭ بىر
ھۆكۈمانىڭ ئالدىغا بارغانلىقى. ھۆكۈمانىڭ ئۇلارغا
بىردىن مونچاق ياساپ بەرگەنلىكى، مونچاق-
نىڭ خاسىيىتى بىلەن ئۈچەيلەننىڭ مال -
دۇنياغا ئىگە بولغانلىقى، بىرىنىڭ مال -
دۇنيادىن مەھرۇم قالغانلىقى ..................... 378
قىرىق سەككىزىنچى داستان. بىر پادىشاھىنىڭ ئۈچ ئاكا -
ئۇكىدىن سوئال سورىغانلىقى، ئاكىسىنىڭ بىغەملىكى-
دىن قېرىمىغانلىقى، ئۇكىلىرىنىڭ غەمدىن قېرىپ
كەتكەنلىكى ..................................... 384

قىرىق توققۇزىنچى داستان. باغدادلىق خوجىنىڭ بىر كېنىزەككە ئاشىق بولۇپ قېلىپ، ئۇنى سېتىۋالغانلىقى، خوجا پاسىقلىق تۈپەيلى يامان كۈنگە قالغانلىقى، ئاقىۋەت سودىگەر خوجىنىڭ ياردىمى بىلەن مۇرادىغا يەتكەنلىكى .................................... 392

ئەللىكىنچى داستان. بىر زالىم پادىشاھنىڭ رۇم گۈزىلىنى نىكاھىغا ئالغانلىقى، بىگۇناھ ئوغۇلنىڭ ئۆلۈمگە بۇيرۇلغانلىقى .................................... 403

ئەللىك بىرىنچى داستان. خاسە ۋەزىرنىڭ پاك، تەقۋادار قىزىغا خالاسە ۋەزىرنىڭ تۆھمەت قىلغانلىقى، ئاخىر ھەقىقىي ئەھۋال ئاشكارا بولۇپ، خالاسەنىڭ جازالانغانلىقى .................................... 414

ئەللىك ئىككىنچى داستان. بىر زاھىدنىڭ يەتتە خىل رەڭلىك قۇشنى سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭ بەرىكىتىدىن نۇرغۇن مال - دۇنياغا ئىگە بولغانلىقى، زاھىدنىڭ خوتۇنى بىر ئالتۇنچىنىڭ ئوغلى ئۈچۈن ئۇ قۇشنى ئۆلتۈرگەنلىكى .................................... 425

# خوجا مەيمۇننىڭ ھېكايىسى



بۇرۇنقى زاماندا ئەھمەد سۇلتان ئىسىملىك بىر دۆلەتمەن كىشى بار ئىدى. ئۇنىڭ مال-دۇنياسى ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن بىرمۇ پەرزەنتى يوق ئىدى. ئۇ كىشى كېچە-كۈندۈز خۇدادىن ئوغۇل تەلەپ قىلىپ دۇئا قىلاتتى. نەچچە كۈندىن كېيىن ئاسمان بىلەن يەرنى ياراتقۇچى بۈيۈك تەڭرى ئەھمەد سۇلتانغا گۈزەل قامەتلىك، چىرايى ئاپتاپتەك نۇرلۇق بىر ئوغۇل ئاتا قىلدى. ئۇ ئوغۇلنىڭ ئىسمىنى مەيمۇن قويدى. ئەھمەد سۇلتان بۇ شاد-خۇراملىق پەيزىدىن گۈلدەك ئېچىلدى. يېتىم-مىسكىنلەرگە سەدىقىلەر بەردى. تاكى ئۈچ ئايغىچە شەھەردىكى بارلىق ئەمىرلەر، ۋەزىرلەر، دانالار ۋە پەزىلەتلىك ئۇستىلارغا كاتتا زىياپەت بېرىپ، قىممەت باھالىق بۇيۇملارنى سوۋغا قىلدى.

مەيمۇن چوڭ بولۇپ، يەتتە ياشقا كىرگەندە دانالىقتا كامالەتكە يەتكەن بىر ئۇستازنىڭ تەربىيىلىشىگە بېرىلدى. مەيمۇن قىسقىغىنە مۇددەت ئىچىدە پادىشاھ مەجلىسلىرىنىڭ ئولتۇرۇش-تۇرۇشلىرىنىڭ قائىدىلىرى ۋە سۆز-ھەرىكەتلىرىنىڭ قانۇنىيىتى پۈتۈلگەن پارس تىلىدىكى كىتابلارنى

چاكەر مېنىڭ شېرىن سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىشىدۇ ۋە ئەجەبلىنىدۇ. مەن «قۇرئان كەرىم» نى يەتتە خىل قىرائەت بىلەن يادقا ئوقۇيالايمەن. ئىلمى نۇجۇم (ئاسترونومىيە) دا ماھىرمەن. تەڭرىنىڭ يەتتە سەييارە ۋە غايىپ ئىلىملىرىنى ياخشى بىلىمەن. ئون ئىككى ۋاق، يىگىرمە تۆت سائەتتىن تولۇق خەۋەردارمەن. بېيت:

نەخشەبى، ئىلىم مەرتەپەتتۇر ئەزىز،
ھېچنېمە ئىلىمدىن ئەمەستۇر ئەزىز.
بىر كىشى بارچىدىن ھەقىر بولسا،
ئىلمىسى بولسا، ئۇ ئەزىزدۇر، ئەزىز.

— ھەي يىگىت، ئەگەر مېنىڭ كارامىتىمنى بىلمەكچى بولساڭ ئىلگىرىدىكى ۋە كەلگۈسىدىكى ئىشلاردىن تولۇق خەۋەر بېرەمەن. ئالەمدە يۈز بېرىدىغان ھەر قانداق ئىشنى ئون كۈن ئىلگىرى بىلىمەن ۋە ئۇنىڭدىن خەۋەر بېرەلەيمەن. ئۈچ كۈندىن كېيىن، كابۇل شەھىرىدىن بىر كارۋان بۇ شەھەرگە سودىغا كېلىدۇ. سەن مېنى خوجامدىن ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بىلەن سېتىۋالغىن. ئۆيۈڭدىكى مال - دۇنيالىرىڭغا بۇ شەھەردىكى سومبۇللارنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋالغىن. ئۈچ كۈندىن كېيىن بۇ شەھەرگە كېلىدىغان كارۋانلار شەھەرگە يېتىپ كېلىشى بىلەنلا سومبۇلدىن باشقا نەرسىنى ئالمايدۇ. شۇ چاغدا سەن سېتىۋالغان سومبۇللارنى ئۇلارغا سېتىپ نۇرغۇنلىغان پايدىغا ئىگە بولىسەن. شۇ پايدىنىڭ بىر قىسمىنى مېنىڭ باھايىم ئۈچۈن ئىگەمگە بەرگىن. ئەگەر ئۈچىنچى كۈنى ئۇ كارۋانلار بۇ شەھەرگە كېلەلمىسە، مېنى ئىگەمگە قايتۇرۇپ بەرسەڭمۇ كېچىكمەيسەن. بۇنىڭ ساڭا ھېچقانداق زىيىنى يوق، — دېدى.

ئۆگىنىپ بولدى. خالايىق بۇ ئوغۇلنىڭ ئەقلىگە قايىل بولدى.

كۈنلەردە بىر كۈن ئەھمەد سۇلتان ئوغلىغا پەرى سۈرەتلىك، ئاي يۈزلۈك بىر گۈزەل قىزنى توي قىلىپ، ئەمـرىگە ئېلىپ بەردى. ئۇ پەرىنىڭ ئىسمى خوجەستە ئىدى. مەيمۇن بىلەن خوجەستە بىر ـ بىرىگە ناھايىتى ئامراق ئىدى. ئۇ ئىككىسى ھەر كۈنى بىر ئورۇندا يېتىپ ـ قوپاتتى ۋە بىرگە شاراب ئىچەتتى.

بىر كۈنى مەيمۇن تاماشا قىلىش ئۈچۈن ئاتقا مىنىپ بازارغا كىردى. ئۇ شەھەرنى تاماشا قىلىپ كېتىۋېتىپ، تۇتىپۇرۇشنىڭ قەپەسكە سېلىنغان بىر تۇتىنى كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆردى، مەيمۇن تۇتىپۇرۇشنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— تۇتىنىڭ باھاسى قانچە؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ تۇتىنىڭ باھاسى ساپمۇ ساق مىڭ تىللا.

بۇنى ئاڭلىغان مەيمۇن:

— مۇشۇككە بىر ۋاقلىق غىزا بولىدىغان بۇنىداق بىر پارچە گۆش ۋە بىر سىقىم تۈك ئۈچۈن بۇنچىۋالا ئالتۇن بەرسە تولىمۇ نادانلىق بولمامدۇ؟ — دېدى.

تۇتىپۇرۇش مەيمۇنگە بىر نەرسە دېيەلمەي قالدى. بۇ چاغدا تۇتى كۆڭلىدە: «ئەگەر بۇنداق دۆلەتمەن كىشى مېنى سېتىۋېلىش نىيىتىدىن يانسا، بۇ بەكمۇ نادانلىق بولغان بولىدۇ. چۈنكى ئۇلۇغلار ۋە دانالارنىڭ سۆھبىتى ئاقىل ۋە ھوشيارلىقنىڭ ئاچقۇچىدۇر» دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئاندىن مەيمۇنگە:

— ئەي دۆلەتمەن كىشى، مەن گەرچە سېنىڭ نەزەرىڭدە بىر سىقىم تۈك بولساممۇ، ئەمما دانالىق ۋە ئەقىل ـ پاراسەت بابىدا ئاسماندا ئۇچىمەن. بارلىق چىرايلىق سۆزلىگۈـ

ھەتتى بىلەن قىلىنغان ھەر قانداق ئىش ئوڭۇشلۇق بولاتتى، بىيىت:

نەخشەبى، ھەر نىمە بۇ ئالەمدە،
خاھى ياخشى ۋە يامان بولسۇن.
گەر كىشى كۆڭلىگە مۇۋاپىق ئەمەس،
بارچە نا جىنستىن يىراق بولسۇن.

بىر كۈنى مەيمۇن تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلگەنىدى. تۇتى دۇنيانىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپلىرىدىن سۆز ئىچىپ، مەيمۇننى دەريا سەپىرى قىلىشقا ئۈندىدى. مەيمۇن تۇتىنىڭ سۆزى بويىچە سەپەرگە چىقىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ خوجەستىگە:
— ئەي ئەزىز مەشۇقۇم، ئادەمدە داۋاملىق كۈچ ـ مادار بولىۋەرمەيدۇ. مەن كۈچ ـ مادارىم بار چاغدا سودا قىلىش ئۈچۈن دەريا سەپىرى قىلىشقا تەييارلىنىۋاتىمەن. مالسىز ئەر — سۇسىز بۇلاقتۇر. كۈمۈشسىز ئۆي ۋەيران بولغۇسىدۇر، — دىدى. بىيىت:

نەخشەبى، پۇل كىشىنى شاد قىلىدۇ،
نەچچە ئىپلاسنى پۇل كىشى قىلىدۇ.
كىشىنىڭ قۇدرىتى بولۇر پۇل بىلەن،
بولمىسا ئۇ كىشىنى كەم بىلىدۇ.

خوجەستە:
— دەريا سەپىرىدە گەرچە پايدا كۆپ بولىشىمۇ، ئەمما ھاپا ـ مۇشەققىتى ئۇنىڭدىنمۇ زىيادىدۇر. بۇنداق خەتەرلىك سەپەرگە چىقىش، پۇل تاپىمەن دەپ ئۆزىنى ھالاك قىلىغان

مەيمۇن تۇتىنىڭ سۆزىگە ھەيران قالدى. ئۇ تۇتىپۇرۇش-
تىن ئۈچ كۈنلۈك سىناق مۆھلىتى بىلەن تۇتىنى سېتىۋالدى.
ئاندىن تۇتىنىڭ دېگىنى بويىچە شەھەردىكى بارلىق سۇم-
بۇللارنى سېتىۋالدى.

دېگەندەك ئۈچىنچى كۈنى بۇ شەھەرگە بىر كارۋان
يېتىپ كەلدى. ئۇلار شەھەرگە كىرىش بىلەنلا تەرەپ - تە-
رەپكە دوقۇرۇشۇپ سۇمبۇل ئىزدىدى. لېكىن بىر سەرەمۇ
سۇمبۇل تاپالمىدى. مەيمۇن ئۇ كارۋانلارغا سۇمبۇللارنى
سېتىپ نۇرغۇن سودىلارنى قىلدى. ئۇ تۇتىنىڭ خوجايىنىغا
دېيىشكەن باھاسىنى بېرىپ، قالغان پۇللارنى ۋە تۇتىنى
ئېلىپ ئۆيىگە قايتتى.

نەچچە كۈندىن كېيىن مەيمۇن بازارغا ساتقىلى ئېلىپ
كىرگەن شېرىن سۆزلۈك مېكىيان تۇتىنىمۇ سېتىۋالدى.
بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇ ئىدىكى، ئەگەر بۇ تۇتى بىلەن ئۆيدى-
كى تۇتىنى بىرىيەردە ساقلىسا، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى يالغۇزلۇق
غەم - قايغۇلىرى يوقىلاتتى. بېيىت:

جىمى قۇشلار ئۇچار ئۆز جىنسى بىرلە،
ھامان كەپتەر بولار كەپتەرگە جۆرە.

ئۇ تۇتىنىڭ ئىسمى شارۇك ئىدى. مەيمۇن شارۇكنى
ئېلىپ كېلىپ، ئۆيدىكى تۇتى بىلەن جۈپ قىلىپ قويدى.
بۇ ئىككى تۇتى بىر - بىرىنى كۆرۈپ، ياخشى چىقىشىپ
قالدى. مەيمۇن شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تۇتىنىڭ ئەقىل - پارا-
سىتىگە قايىل بولدى. ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلماقچى
بولسا، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت ئالىدىغان بولدى. ئۇنىڭ مەسلە-

هوشلىرىدىن كېتىشتى. بىر هازادىن كېيىن هوشىلىرىغا كېلىشىپ، سۆيگۈ ئىشتىياقىنىڭ زورى بىلەن بىر - بىرىگە مۇهەببەت ئىزهار قىلىشتى. خوجەستە دېسلەپ بۇ ئىشقا قوشۇلمىغاندەك قىلدى، لېكىن خوجەستىنىڭ ئىشق ئوتى غالىب كېلىپ، كەچ بولغاندا يىگىتنىڭ تۇرار جايىغا بېرىشقا ئۇياتسىزلىق بىلەن رازى بولدى.

كۈن كەچ بولغاندا، خوجەستە ئايدەك ياسىنىپ شارۈكنىڭ قېشىغا كىردى. ئۇ كۆڭلىدە: «شارۈك بولسا مېكىيان تۇتىدۇر، مەنمۇ ئايال كىشىمەن، بۇ جەهەتتىن ئۇ ماڭا جىنىداش بولغانلىقتىن ئۇنىڭدىن رۇخسەت سورىسام، بەلكىم يىگىتنىڭ قېشىغا بېرىشىمغا قوشۇلۇشى مۇمكىن» دېپ ئويلاپ، ئۆز ئەهۋالىنى شارۈكقا بايان قىلدى. شارۈك مەيمۇنىنىڭ ئامانىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن خوجەستىگە بۇ ئىشتىن توسۇپ نەسىهەت قىلدى. لېكىن ئۇ ئاشىققا نەسىهەت كار قىلمايدىغانلىقىنى بىلمىدى. خوجەستىنىڭ ئىشق ئوتى غالىب كېلىپ شارۈكقا غەزەپلىنىدى - دە، ئۇنى قەپەستىن تارتىپ چىقىرىپ يەرگە ئۇردى. شارۈكنىڭ جېنى شۇ هامان ئاسمانغا پەرۋاز قىلدى. خوجەستە تۇتىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆزى بىلەن شارۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان ئەهۋاللارنى ۋە ئۇنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى بايان قىلدى. تۇتى ناهايىتى زېرەك ئىدى. ئۇ كۆڭلىدە: «ئەگەر شارۈكقا ئوخشاش ئۇنى يىگىتنىڭ تېشىغا بارماسلىققا نەسىهەت قىلسام، مەنمۇ هالاك بولىمەن، شۇڭا ئۇنىڭغا ياخشى سۆزلەرنى قىلىپ، ئۇنى بۇ ئىشتىن توسۇپ قېلىشىم كېرەك» دەپ ئويلاپ:

— ئەي ئاغىچا خېنىم، — دېدى خوجەستىگە، — سىز بولمىغۇر ئىشنى قىلىپ قويۇپسىز، سىزدىن خاتالىق ئۆتۈلۈپتۇ. شارۈك بولسا مېكىيان تۇتىدۇر. مەزلۇملارنىڭ ئەقلى كەم

لىق بولىدۇ. بۇ ئالەمنىڭ مال - دۇنياسى بېخىللارنىڭ تۇ-
تىياسىدۇر. ئەمما سېخىيلارنىڭ ئايىغىدىكى تۇپراقتۇر. مال -
دۇنياغا بېرىلىپ كېتىش قۇرۇق ئاۋارىگەرچىلىك. بېيىت:

نەخشەبى، دۇنيا غېمىنى يېمىگىن،
دۇنيا بىر بۆرە، سەن ئاڭا پاقلان.
پاقلان ھەرگىز بۆرىگە تەڭ ئەمەس،
ھېرىسنىڭ ئاخىرىغا يوق پايان.

سىزمۇ بۇ بېيىتتىن ئىبرەت ئېلىپ، مال - دۇنياغا بولغان ھېرىسمەنلىك ۋە تەمەگەرلىكتىن ئىلاجى بار ساقلىنىڭ. ئەگەر بۇ سەپەرگە چوقۇم ئاتلانماقچى بولسىڭىز، مېنىمۇ ئۆزىڭىز بىلەن بىرگە ئېلىپ بېرىڭ، — دېدى.

— ئەي خوجەستە، — دېدى مەيمۇن نەسىھەت قىلىپ، — مەزلۇم كىشى خۇددى ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىغا ئوخشايدۇ. بوسۇغا دېگەن ھېچقاچان ئورنىدىن تەۋرىمەيدۇ، ھامان ئۆز جايىدا مۇستەھكەم تۇرىدۇ. شۇڭا سەنمۇ ئورنۇڭدىن تەۋرىمىگىن. مەن سەپەرگە كەتكەندىن كېيىن، بېشىڭغا ھەر قانداق ئىش كەلسە ئۆيدىكى ئىككى تۇتىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىش قىلغىن. سەن ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز سىرتقا چىقمىغىن. چۈنكى دانالارنىڭ مەسلىھەتى ھەممە كىشىگە پايدىلىقتۇر.

مەيمۇن شۇنىڭدىن كېيىن خوجەستىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ سەپەرگە ئاتلاندى.

مەيمۇن سەپەرگە كەتكەندىن كېيىن خوجەستە ئۇزۇنچە جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتتى. بىر كۈنى خوجەستە تام ئۈستىدە ئولتۇرۇپ بىر يىگىتنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئىككىسى بىر - بىرىنى كۆرۈش بىلەنلا ئاشىق - بىقارار بولۇشۇپ

# بىرىنچى داستان

## سودىگەر پەررۇخ بەگ ۋە ئۇنىڭ تۇتىسىنىڭ ھېكايىسى



بۇرۇنقى زاماندا ھىندىستان شەھىرىدە بىر باي سودىگەر بولۇپ، ئىسمى پەررۇخ بەگ ئىكەن. ئۇ سودىگەرنىڭ شېرىن سۆزلۈك بىر تۇتىسى بولۇپ، ئۆيىنىڭ ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرىدىكەن. ھەرقانداق ياخشى - يامان ئىشلارنى تۇتىنىڭ مەسلىھىتى بىلەن قىلىدىكەن.

بىر كۈنى پەررۇخ بەگ سودا قىلىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇ سەپەردىن ئۇزۇنغىچە قايتىپ كەلمەپتۇ. سودىگەرنىڭ خوتۇنى بىر ياش يىگىتكە ئاشىق ئىكەن. ئۇ خوتۇن ئېرى سەپەرگە كەتكەن كۈنىنىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ يىگىتنى ئۆيىگە باشلاپ كېلىپ، ھەر كۈنى ئۇنىڭ بىلەن ئەيش - ئىشرەت قىلىدىغان بولۇپتۇ. سودىگەرنىڭ تۇتىسى بۇ ئەھۋاللارنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە، بىلسىمۇ بىلمەسكە سېلىۋاپتۇ. ئۇ تۇتى مۇشۇ ئارقىلىق ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ. بېيىت:

بولىدۇ ۋە تولا سۆزلەيدۇ. شۇڭا كىشى سىرىنى مەزلۇملارغا ئېيتماسلىقى كېرەك. ئەي ئاغىچا خېنىم، ھېلىھەم خاتىرجەم بولۇڭ، كۆڭلىڭىزدە ھېچقانداق غەم - ئەندىشە بولمىسۇن. مەن بارلىق كۈچۈم بىلەن مەقسەت - مۇرادىڭىزغا يەتكۈزىمەن. مۇبادا بۇ ئىش ئاشكارا بولۇپ، بۇ توغرۇلۇق ئېرىڭىزنىڭ قۇلىقىغا بىرەر خەۋەر يېتىپ قالسا، سودىگەر فەرروخ بەگ-نىڭ تۇتىسىغا ئوخشاش مېنىڭمۇ قانات - قۇيرۇقۇم يۇلۇنغۇ-سىدۇر. شۇنداقتىمۇ مەن چارە - ئاماللارنى قىلىپ، سىزنى ئەلۋەتتە ئېرىڭىز بىلەن ياراشتۇرۇپ قويىمەن.

بۇنى ئاڭلىغان خوجەستە:

— سودىگەر فەرروخ بىلەن تۇتىنىڭ ھېكايىسى قانداق ئىكەن؟— دەپ سورىدى.

تۇتى ھېكايىسىنى باشلىدى.



يوقىتىپ قويۇشۇپتۇ؛ بۈركۈتلەر تېزلىكتە ئۇچۇشۇپتۇ؛ سىمۇرغلار كوھىقاپتا سەرگەردان بولۇشۇپتۇ؛ بۇ ھەيۋەتلىك ۋەقەدىن دەرەخلەرنىڭ يىلتىزى كۆرۈنۈپ قاپتۇ؛ گۈللەر غۇنچىلىرىنى ئۆزتىشىپتۇ؛ گىياھلار ئۆزلىرىنى سۇ لەيلىسىگە ئۇرۇشۇپتۇ؛ بىنەپشەلەر كۆك لىباسلىرىنى كىيىشىپتۇ؛ سەمەندەرلەر تېرىلىرىنى تىتىشىپتۇ؛ لالىلەر يۈزلىرىنى قانغا بويىشىپتۇ. بېيت:

نەخشەبى، يىغلا ياخشىلار ئۆلسە،
ھەم ئۆزۈڭ ھالىنى بىلىپ تۇرغىن.
مۇردا قەدرىنى بۇ قەدەر بىلدىڭ،
ياخشىلارنىڭ يولىدا جان بەرگىن.

ئەلقىسسە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۇتىنى ئۆلدى دەپ ئويلىشىپتۇ. لېكىن تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن تۇتىنىڭ جېنى چىقماي، چالا ئۆلۈك پېتى يېتىپ قالغانىكەن. ئۇ تولۇق ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، سودىگەرنىڭ خوتۇنىدىن ئىنتىقام ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ.

سودىگەرنىڭ ئۆيىگە يېقىنلا يەردە بىر شېھىتلىك بار ئىكەن، ھەممە خالايىق ئۆزىنىڭ ھاجىتىنى شۇ شېھىتلىككە بېرىپ تىلەيدىكەن. تۇتى ئۆزىنى شۇ شېھىتلىكتىكى بىر قەبرە ئىچىگە يوشۇرۇپتۇ. كەچ بولغاندا تۇتى قەبرە ئىچىدىن چىقىپ بىرئاز دان تېپىپ يەپتۇ. تۇتى ئەنە شۇنداق قىلىپ، بىرنەچچە كۈننى شۇ شېھىتلىكتە ئۆتكۈزۈپتۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي تۇتىنىڭ قانات - قۇيرۇقى چىقىپ ئىلگىرىكى ھالىتىگە كېلىپتۇ.

خوتۇنىنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن ئىچى قان - زەرداب بولغان سودىگەر تۇتىنى مۈشۈك يەپ كېتىشىگە خوتۇنىنىڭ سەۋەبچى بولغانلىقىنى باھانە قىلىپ، ئۇنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. سودىـ

نەخشەبى، بىلگىنىڭنى بىلمەس بول،
گەر پاراغەت تاپاي دېسەڭ ھەر ئان.
كۆزنى كۆرمەس، قۇلاقنى ئىشتمەس قىل،
مىڭ پاراغەت ساڭا، بۇ ئىش ئاسان.

بىر كۈنى سودىگەر سەپەردىن قايتىپ كەپتۇ. تۇتى ئۆيىنىڭ ھەممە ئەھۋالىدىن سودىگەرنى خەۋەرلەندۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاغىچىنىڭ يىگىت بىلەن ئەيش - ئىشرەت قىلىپ كۆڭۈل ئېچىشقانلىقلىرىنى ئېيتماپتۇ. تۇتى كۆڭلىدە: «ئەگەر ئاغىچامنىڭ يىگىت بىلەن بولغان ئىشلىرىنى غوجامغا ئېيتسام، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا سوغۇقچىلىق چۈشىدۇ، بۇ ئايال ئۆزىنىڭ ياشلىق ھەۋەسلىرى تۈپەيلىدىن قىلغان ئىشلىرىغا توۋا قىلار» دەپ ئويلىغانىكەن. ئەمما ئىشق - مۇھەببەت ئىپارىنى قانچە يوشۇرغان بىلەنمۇ، ئۇنىڭ ھىد - پۇراقلىرى ھامان ئاشكارا بولۇپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ سودىگەر باشقا كىشىلەردىن بۇ سىرنى ئاڭلاپ قاپتۇ. بۇ سىرنى سودىگەرنىڭ خوتۇنى ئەسلا يوشۇرۇپ قالالماس ئىدى. ئۇ خوتۇن بۇ سىرنىڭ سىرتقا چىقىپ كېتىشىنى تۇتىدىن كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئالماقچى بولۇپتۇ.

بىر كۈنى كېچىسى سودىگەرنىڭ خوتۇنى ئەپلىك پۇرسەتنى تېپىپ، تۇتىنىڭ قانات - قۇيرۇقىنى يۇلۇۋەتكەندىن كېيىن ئۆيدىن سىرتقا تاشلىۋېتىپتۇ. ئاندىن ئۇ خوتۇن: «تۇتىنى مۈشۈك يەپ قويۇپتۇ» دەپ پەرياد ئۇرۇپتۇ ۋە تۇتىنىڭ ماتىمىدە تونلىرىنى سۆلەيلىسىگە سېلىپ تاشلاپتۇ؛ سودىگەر ئالتۇن تاجىنى بېشىدىن ئېلىپ تاشلاپتۇ؛ قۇچقاچلار ئاھ - پەرياد ئۇرۇشۇپتۇ؛ كەپتەرلەر ئۆزلىرىنى يەرگە تاشلاپ خامۇش بولۇشۇپتۇ؛ توزلار ئۆزلىرىنى

گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ — دەپتۇ. بېيت:

لەخشەبى، كىشىگە يامان بولما،
قىلغان ھەر ئىش ئۆزۈڭگە يانغۇسىدۇر.
سورىقى يوق جاھاندا ئىش يوق ھېچ،
ھەممە ئىشنىڭ ھېسابى بولغۇسىدۇر.

سودىگەرنىڭ خوتۇنى تۇتىدىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، قىلغان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىپتۇ. ئەتىسى سەھەردە تۇتى ئۆيگە بېرىپ خوجىسىغا دۇئا ۋە ھەمدۇسانا ئوقۇپتۇ. سودىگەر:

— سەن كىم بولىسەن؟ — دەپ تۇتىدىن سوراپتۇ.

— مەن سېنىڭ تۇتى قۇشۇڭمەن.

— سېنى مۈشۈك يەپ كەتكەن تۇرسا، ئەجەبا قىيامەت قايىم بولماي تۇرۇپ تىرىلىپ قاپسەنغۇ؟

— ئەي خوجام، — دەپتۇ تۇتى، — سىز پاك ئايالىڭىزنىڭ دىلىنى سەۋەبسىز رەنجىتتىڭىز، خۇشامەتچىلەرنىڭ ۋە چاقچاقچىلارنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، خوتۇنىڭىزنى سەۋەبسىز ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردىڭىز، مازارغا بېرىپ ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن باش قويدى. شېھىتلەر خوتۇنىڭىزغا شاپائەت قىلدى، ماڭا دۇئا قىلىپ قايتا تىرىلدۈردى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەقىقىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن مېنى سىزنىڭ يېنىڭىزغا ئەۋەتتى، مەن خوتۇنىڭىزنىڭ پاكلىقىغا ۋە بىگۇناھلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن، خوتۇنىڭىزنى بولمىغۇر ئىشلارنى قىلدى، دېگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسى يالغان، بۇ خوتۇنىڭىزغا قىلىنغان تۆھمەت. سىز مازارغا بېرىپ خوتۇنىڭىزغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، ئۇنىڭ بىلەن يارىشىۋېلىڭ.

سودىگەر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھەيران قاپتۇ. ئۇ:

گەرنىڭ قولۇم - قوشنىلىرى ئىككىسىنى ياراشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن سۈلھە - سالا قىلىشىپتۇ. خوتۇنىمۇ سودىگەرگە يېلىنىپتۇ. لېكىن سودىگەر ئۇنىماپتۇ. خوتۇنى ئۈمىدسىزلىنىپ، تۇتى بارغان مازارغا بېرىپ، ئېرى بىلەن يارىشىپ قېلىشىنى تىلەپ شۇ يەردە دەرۋىش بولۇپ قېلىپتۇ.

بىر كېچىسى تۇتى بىر گۆرنىڭ كەينىدە تۇرۇپ:

— ئەي بىچارە مەزلۇم، بۇ دۇنيادا جاپا - مۇشەققەت تارتمىغان كىشى مەقسىتىگە يېتەلمەس. ئەي بىچارە، سەن ئۆز بەدىنىڭدە قانچە تال تۈك بولسا شۇنىڭ ھەممىسىنى ئۆز قولۇڭ بىلەن يۇلۇپ تاشلاپ، ھەقىقىي ئىخلاسىڭ بىلەن قىرىق كۈن بىزگە قوشۇلۇپ دەرۋىش بولساڭ، بىز ساڭا شاپائەت قىلىمىز، شۇنداقلا مۇراد - مەقسىتىڭگە يەتكۈزىمىز، — دەپتۇ.

خوتۇن بۇ ئاۋازنى ئىشىتىپ، شۇ ھامان چاچلىرىنى يۇلۇپتۇ. شۇ ۋاقىتتا تۇتى گۆرنىڭ كەينىدىن چىقىپ:

— ئەي ئاغىچام، سەن مېنىڭ مەسلىھەتىمگە كىرمەي ئۆزۈڭگە قىلدىڭ. سەن بىكاردىن - بىكار مېنىڭ قانات - قۇيرۇقۇمنى يۇلدۇڭ، بۇنىڭغا بۇ شېھىتلەر گۇۋاھدۇر. مەن سېنىڭ قىلغان ئىشلىرىڭنى كۆرۈپ تۇرغان بولساممۇ، شۇنداقلا سەندىن نۇرغۇن ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى كۆرگەن بولساممۇ، ئۇ ئىشلىرىڭنى ھېچكىمگە تىنمىغانىدىم، بىراق سەن گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ قىلدىڭ. سەن قىلغان گۇناھلىرىڭ ئۈچۈن دوزاخ ئازابى تارتىشىڭ كېرەك. بۇ دۇنيادا نېمە تېرىساڭ شۇنىڭغا ئېرىشىسەن، ماڭا ھەر تۈرلۈك ئازابلارنى قىلىۋىدىڭ، مانا ئەمدى ئۆزۈڭگە ياندى. ئەي ئاغىچام، مەن كىشىلەردىن پاكدۇرمەن. مەن ئەزەلدىن ساڭا پايدىلىق نەسىھەتلەرنى قىلىپ ۋە ساڭا ئىخلاس قىلىپ كەلگەنىدىم. سەن بۇ ياخشىلىقىم ئۈچۈن مېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردىڭ، بۇنىڭ قانچە چوڭ

ئاشىقلىغا بولغان ئىشىق ئوتى غالىب كېلىپ يىگىتنىڭ قېشىغا بارماقچى بولدى. بۇ چاغدا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى. سۈبھى يۈزىدىن نىقابلىرىنى ئېچىپ، تاڭ قۇشلىرى سايراشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن خوجەستىنىڭ سىرتقا چىقىشى ئەپسىز بولۇپ قالدى. ئۇ كېچىنى ھېكايە ئاڭلاش بىلەن ئۆتكۈزگەچكە، ئۇخلاش ئۈچۈن خاس ئۆيىگە كىرىپ يۇمشاق تەكىيىگە باش قويدى. بېيىت:

نەخشەبى، ئويلىغان بېرىپ بۇ كېچە،
ياخشىلىق مەجلىسدە چالغاي ساز.
سۈبھى توسقانىدى سەپەرنى لېكىن،
ئاشىقلار دۈشمەنىدۇر سۈبھى، خوراز.



«مەن خوتۇنۇمدىن بەھۇدە گۇمانلىنىپتىمەن، خوتۇنۇمنىڭ مازارغا بېرىپ قىلغان دۇئاسى بىلەن ئۆلگەن توتى تىرىلگەن بولسا، ئۇ ھەقىقەتەن پاك ئىكەن، مەن پاك ئائىلىمنى سەۋەبسىز رەنجىتىپ ئۇنىڭغا تۆھمەت قىپتىمەن» دەپ ئويلاپ، شۇ زامان مازارغا بېرىپ خوتۇنىنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە سۆيۈپ كېتىپتۇ ۋە ئۆزرە ئېيتىپتۇ. سودىگەر خوتۇنىنى ئىززەت - ئىكراملار بىلەن ئۆيىگە ئەكەپتۇ. ئۇلار قايتىدىن ۋىسال تېپىپ، بىر جۈپ تەكىيىگە باش قويۇپتۇ. بېيىت:

نەخشەبى، ئۇچر شىش ئۇلۇغ دوستتۇر،
قالمىسۇن ھىجران ئوتىدا ھېچ كىشى.
ۋەسلىنى دوست توتقان ئىنسانىنىڭ،
شاد - خۇرام ئۆتسە ئىدى ياز ۋە قىشى.

تۇتىنىڭ ھېكايىسى بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:
— ئەي ئاغىچام، ئەگەر سىز ئۇ يىگىت بىلەن يىرگە بولۇشنى ئارزۇ قىلسىڭىز، ھېچقانداق ئەندىشە قىلماستىن ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، مۇراد - مەقسىتىڭىزگە يەتكەيسىز. ئەگەر بۇ سىر ئاشكارا بولۇپ قالىدۇ دەپ مەندىن گۇمانلانسىڭىز، ئۇ چاغدا سودىگەرنىڭ توتىسىغا ئوخشاش مېنىڭمۇ قانات - قۇيرۇقۇمنى يۇلۇۋېتىڭ. مەن ھېكمەتلىك سۆزلىرىم ئارقىلىق ھېلىقى توتىغا ئوخشاش سىزنى ئۇ يىگىتنىڭ ۋىسالىغا يەتكۈزىمەن. ئەي ئاغىچام، كۆڭلىڭىزدىكى غەم - ئەندىشىنى تۆكۈپ، ئۇنىڭغا قىلغان ۋەدىڭىزنى ئورۇنداڭ، — دېدى.
خوجەستە توتىدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، گويا كى تاڭ سەھەر خۇددى قۇياشنىڭ چىقىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكىنىگە ئوخشاش تەقەززالىق بىلەن ئورنىدىن تۇردى.

ياردەم قولۇڭنى سۇنمىساڭ يەنە قاچان ياردەم قىلىسەن، مېنى ۋىسالىغا يېرىشتۈرۈپ، ئارزۇيۇمنى قاندۇرمىساڭ كېچىنى قانداق يورۇتىمەن؟ بۈگۈن ماڭا رۇخسەت بەرگىن، مەن يىگىتىمنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولاي. بېيىت:

نەخشەبى، يارغا يەتمەك مۈشكۈلدۇر،
ئالدى كۆڭلۈمنى بىر ئەجەب مەككار.
ھەركىم ئۆز يارىنىڭ تەلەپكارىدۇر،
ھېيت كۈنى بولسا ياكى نورۇز - باھار.

— ئەي ئۇلۇغلۇقنىڭ مەنبەسى، ھۆسن - جامالنىڭ خەزىنىسى، مەن سىزنىڭ غېمىڭىزدىمەن. جېنىم سىز ئۈچۈن پىدادۇر. سىز تاكى ئاشىقىڭىز بىلەن مۇراد - مەقسىتىڭىزگە يەتمىگۈچە مېنىڭ بۇ دۇنيادا تۇرغۇچىلىكىم يوق. سىز ئاشىقىڭىز بىلەن قوشۇلۇشنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇشنى ئويلىسىڭىز، ئەقىدە ۋە ئىخلاسىڭىزنى ئۇنىڭغا مەھكەم باغلاڭ. شۇنداق قىلغاندىلا سىز ئۇنى غايىپتىن كۆرگەندەك بولىسىز. بۇ خۇددى بىر ياساۋۇلنىڭ غايىبانە قىلغان ئىخلاسىنىڭ بەرىكىتىدىن تەبەرىستان پادىشاھىنىڭ ئالدىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغىنىغا ئوخشاش ئىشتۇر، — دېدى تۇتى.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

تۇتى ھېكايىسىنى سۆزلەشكە باشلىدى:

تەبەرىستان پادىشاھى بىر يىغىن مەيدانى راسلاپ ئۇنى جەننەتتەك بېزەپتۇ، پادىشاھ خۇشال - خۇرام ھالدا مەجلىس ئەھلى بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ شاراب ئىچىپتۇ، شەرىئەتتە شاراب ئىچىش ھارام ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ھۆكۈمالارنىڭ ئېيتىشىچە شارابنىڭ

# ئىككىنچى داستان

**بىر ياساۋۇلنىڭ تەبەرىستان پادىشاھىغا خىزمەت قىلغانلىقى ۋە پادىشاھنىڭ ئۆمرى ئۈچۈن ئۆز ئوغلىنى قۇربان قىلغانلىقى**



ئىككىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش گويا ئىسكەندەردەك قارا كىيىملىرىنى كىيىپ، كۈندۈز لەشكەرلىرىنى باشلاپ، جاھانگىرلىك بىلەن زۇلمەت شەھىرىگە كىرىپ كەتتى. تۈن پادىشاھى بولغان ئاي ئۆزىنىڭ ھەشەمەتلىك يۇلتۇز لەشكىرى بىلەن بىرگە شەرق ۋىلايىتىدىن ئاشكارا بولدى. خوجەستە پاكلىق كىيىملىرىنى سىلىپ ئۆيدىن چىقتى ـ دە، رۇخسەت سوراش ئۈچۈن تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەي خوشاللىقنىڭ گۈلىستانى، بارلىق قۇشلارنىڭ سۇلتانى، — دېدى ئۇ تۇتىغا، — ئىشق ئوتى مېنىڭ يۈرىكىمنى ئۆرتەپ تۇرىدۇ. ھىجران ئازابىدا ئىچىم تونۇردەك قىزىۋاتىدۇ. سەن مېنىڭ بېشىمغا مۇشۇنداق كۈنلەر كەلگەندە

مېنىڭ ئالدىمدا قۇياش كۆتۈرۈلۈپ چىقىشى بىلەنلا يەرنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن. مەندە ئاجايىپ ھۈنەرلەر بار، ئەمما خوجەند پادىشاھى مېنىڭ تەدبىر - قىممىتىمنى بىلمىدى، غېمىمنى يېمىدى. ئەگەر پادىشاھ ماڭا ياساۋۇللۇق خىزمىتىنى بەرگەن بولسا، ئۇ چاغدا مەن ياساۋۇللۇقنى قالتىس ئورۇندىغان بولاتتىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇ كىشى.

پادىشاھ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، پەرمان چۈشۈرۈپ ئۇنىڭغا ياساۋۇللۇق خىزمىتىنى بېرىپتۇ. ئۇ كىشى ئورۇنسىز سۆزنى ناھايىتى كۆپ قىلىدىكەن. ئۇنىڭ سۆزلىرى پادىشاھقا ياقماپتۇ. شۇنداقتىمۇ پادىشاھ ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىپتۇ. بېيىت:

نەخشەبى، نەچچە ۋاقىتقىچە شۈكرى قىل،
شۈكرى قىلساڭ يېپىق ئىشىك ئېچىلۇر.
ساڭا گەر ئىلتىپات قىلمىسا شاھ،
قىلساڭ ئىخلاس ئەگەر ئىشىك ئوڭشىلۇر.

ئارىدىن بىرقانچە يىل ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى كېچىسى پادىشاھ ئوردىنىڭ تۆپىسىگە چىقىپ ئەتراپقا نەزەر سېلىپتۇ. پادىشاھنىڭ كۆزى تۇيۇقسىز ئوردا تۈۋىدە تۇرغان بىر كىشىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ كىشى بېشىغا سەللە ئورىغان بولۇپ، بىر پۇتىنى ئوردا تېمىغا قويۇپ تۇرغانىكەن. پادىشاھ ئۇنىڭدىن:

— سەن كىم بولىسەن؟ يېرىم كېچىدە بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن سىزنىڭ ياساۋۇلىڭىز بولىمەن، تۆت يىلدىن بۇيان بۇ بارگاھقا قاراپ كېلىۋاتىمەن. مەن ھەر كۈنى كېچىسى بۇ ئوردا تېمىغا بىر پۇتۇمنى قويۇپ كۆزەتچىلىك

ئادەم بەدىنىگە بولغان پايدىسى ناھايىتى كۆپ ئىكەن. چىرايى سارغىيىپ كەتكەن ئادەم شاراب ئىچسە، ئۇنىڭ مەڭزىگە بەدەخشاننىڭ ياقۇتىدەك قىزىللىق يۈگۈرىدىكەن. كۆڭلىدە غەم-ئەندىشىسى بار كىشى ئىچسە، غەم-ئەندىشىسى كۆڭلىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىكەن. تىلسىز ئادەم ئىچسە، ناھايىتى سۆزمەن بولۇپ كېتىدىكەن. قېنى قويۇلۇپ كەتكەن ئادەم ئىچسە، سۇيۇقلىنىدىكەن. يۈرەك ئاغرىقىدىن مېڭىسى ئاغرىغان ئادەم ئىچسە، سەپرانى كېسىدىكەن. بەلغەم چىقمىغان ئادەم ئىچسە، بەلغەمنى ھەيدەيدىكەن، ئورۇق ئادەملەر ئىچسە ئۇلارنى سەمرىتىدىكەن. مىجەزى يوق ئادەم ئىچسە، خۇشال قىلىدىكەن. بېيىت:

نەخشەبى، مەي ئاجايىپ بىر نەرسىدۇر،
ھەممە غەملەردىن قۇتقۇزار ئەلنى.
شەرئى ئىسلام ئۇنى ھارام قىپتۇ،
لېكىن، يوقتار ئۇ بارچە كېسەلنى.

— ئەلقىسسە، ئۇلار شۇ خۇشاللىقتا ئولتۇرسا، يىغىن مەيدانىغا بىر ئادەم كىرىپ كېلىپتۇ، بۇنى كۆرگەن ياساۋۇللار:

— سەن كىم بولىسەن، نەدىن كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن خوجەند پادىشاھىنىڭ ياساۋۇلى بولىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇ كىشى.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ ئۇ كىشىدىن:

— سەن بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن رۇستەمى داستانغا ئوخشاش پالۋاندۇرمەن، شىردەك ھەيۋەتلىك، ئەجدىھادەك كۈچلۈكمەن. مېنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىم شۇ دەرىجىدە ئىكەنكى، ھەتتا يەرنى كۆتۈرۈپ تۇرغان بېلىقمۇ،

ئۆمرىنى پادىشاھقا بەرسەڭ، ئاندىن مەن كېتىمەن، — دەپتۇ ئايال.

ياساۋۇل:

— ئەي مەزلۇم، ئەگەر ئوغلۇمنىڭ جېنى ئارقىلىق پادىشاھنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالىدىغان ئىش بولسا، مەن ئوغلۇمنى قۇربانلىق قىلاي. مېنىڭ ۋە ئوغلۇمنىڭ جېنى، پادىشاھنىڭ كېيىنكى ھاياتى ئۈچۈن پىدا بولسۇن، سەن بىرئاز تەختىر قىلىپ تۇرغىن، مەن بېرىپ ئوغلۇمنىڭ بېشىنى ئېلىپ كېلەي، — دەپتۇ. بېيىت:

نەخشەبى، شاھلارغا قۇربان بول،
شاھسىز بولمىسۇن جىمى ئالەم.

ياساۋۇل ئۆيىگە كېلىپ بولغان ۋەقەنى ئوغلىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ، بۇنى ئاڭلىغان ئوغۇل:

— ئەي ئاتا، پادىشاھنىڭ ھاياتى مېنىڭ ئۆلۈشۈم بىلەن ساقلىنىپ قالىدىغان بولسا، مەن ئۆلۈشكە رازى، ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈڭ، — دەپتۇ. بېيىت:

ھەر كىشى يارى ئۈچۈن ئۆز جېنىنى قۇربان قىلۇر،
شۇم رەقىبلەرمۇ بۇ دۆلەتنى كۆرۈپ ئارمان قىلۇر.

ياساۋۇل پىچاقنى ئېلىپ، ئوغلىنىڭ بوغۇزىغا سۈركەشكە تەمشىلىپتۇ، دەل شۇ چاغدا تاشقىرىدىن ھېلىقى گۈزەل ئايالنىڭ ئاۋازى كېلىپتۇ:

— ئەي ياساۋۇل، قولۇڭنى تارتقىن! سېنىڭ پادىشاھقا بولغان ئىخلاسىڭنىڭ بەرىكىتىدىن پادىشاھنىڭ ھاياتى ئامان

قىلىمەن. ئاللاغا شۈكرىكىم، بۈگۈن كىچە سىزنىڭ مۇبارەك دىدارىڭىزنى كۆرۈشكە مۇناسىپ بولدۇم، — دەپتۇ ئۇ كىشى.
پادىشاھ ياساۋۇل بىلەن سۆزلىشىپ تۇرسا، سەھرا تەرەپتىن: «مەن بارىمەن، قېنى كىم مېنى توسۇيالايدۇ؟» دېگەن ئاجايىپ بىر غەلىتە ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. پادىشاھ بۇ ئاۋازنىڭ ھەيۋىسىدىن بىھوش بولۇپتۇ. ياساۋۇل:
— مەن نەچچە كۈندىن بۇيان بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ كېلىۋاتىمەن، ئەمما بېرىپ كېلەي دېسەم، خىزمىتىمنى تاشلاپ كېتىشكە پېتىنالمىدىم. ئەگەر ئۆزلىرىدىن پەرمان بولسا، مەن سىرتقا چىقىپ، ئۇنىڭ نېمە ئاۋاز ئىكەنلىكىنى بىلىپ كەلگەن بولسام، — دەپتۇ.
پادىشاھ ياساۋۇلغا ئىجازەت بېرىپتۇ.
ياساۋۇل سىرتقا چىقىپ، ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇ بىر ھازا يول يۈرگەندىن كېيىن چىرايلىق بىر ئايالنى ئۇچرىتىپتۇ، ئۇ ئايال ياساۋۇلغا:
— مەن بارىمەن، قېنى كىم مېنى توسۇيالايدۇ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.
— ئەي رەنا، سەن كىم بولىسەن؟ سەن نېمە دېمەكچى؟— دەپ سوراپتۇ ياساۋۇل.
— مەن پادىشاھ ھاياتىنىڭ سۈرىتىمەن، پادىشاھنىڭ ئۆمرى ئاخىرىغا يەتتى، پادىشاھ ئاخىرەتكە سەپەر قىلغاندا ئاندىن مەن قايتىمەن، — دەپتۇ ئۇ ئايال.
— سەن «مېنى ياندۇرىدىغان كىشى بارمۇ؟» دېدىڭ، قانداق قىلسا، بۇ پەيلىڭدىن يانىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ياساۋۇل.
— ئەگە سەن ئۆز ئوغلۇڭنى قۇربان قىلىپ، ئۇنىڭ

كېيگۈزۈپ ئىززەت - ھۆرمەتلەر بىلەن ئۇنى ئۆز ئورنىغا پادىشاھ قىپتۇ. بېيىت:

نەخشەبى، مۇشەققەت زايە كەتمىگەي،
ئېتىقاد قىلغانلار مۇرادىن تاپار.
ئارزۇغا يېتەلمەس ئەقىدىسىزلەر،
گەر قىلساڭ ياخشىلىق ئۆزۈڭگە يانار.

تۇتىنىڭ ھېكايىسى شۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:

— ئەي ئاغىچام، ھېچبىر خەزىنە مۇشەققەتسىز قولغا كەلمەيدۇ، كىشىگە قىلىنغان ھەقىقىي ئىخلاستىن مانا مۇشۇنداق مەقسەتلەر ھاسىل بولىدۇ. ياساۋۇل پادىشاھقا ئىخلاسمەنلىك قىلغانىدى، پادىشاھ ئۇنى ئۆزىگە ئىز باسار قىلدى. ئاشىق - مەشۇقلارمۇ بىر - بىرىگە ئىخلاسمەن بولۇشى كېرەك. سىزمۇ ئاشىقىڭىزغا بولغان ئىخلاسىڭىز بىلەن ئۇنىڭ قېشىغا بېرىڭ، ئۇنى يولىڭىزغا تولا ئىنتىزار قىلماڭ، — دېدى.

خوجەستە ئاشىقىنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا تاڭ قۇشلىرى سايراشقا باشلىدى. سۈبھى ئۆزىنىڭ چېھرىسىدىن قارا پەردىنى ئېلىۋەتتى. خوجەستىنىڭ ئاشىقىنى يوقلاپ بارىدىغان ئىشى كېيىنگە قالدى. بېيىت:

نەخشەبى، ئويلىغان بېرىپ بۇ كېچە،
ئەيش - ئىشرەت قىلىشقا چالغاي ساز.
سۈبھى توستى بېرىشنى مەنئى قىلىپ،
ئاشىقلار دۈشمىنىدۇر سۈبھى، خوراز.

***

قالدى. — دەپ كۆزدىن غايىپ بولۇپتۇ.

ياساۋۇل بۇ ئىشلارغا ھەيران قىلىپ، ئوردىغا قايتىپ كەپتۇ.

پادىشاھ ئەسلىدە ياساۋۇلنىڭ كەينىدىن تەڭ ئوردىدىن چىققانىكەن. ئۇ ياساۋۇلنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىخلاسىدىن رازى بولۇپتۇ. پادىشاھ ياساۋۇلدىن بۇرۇن ئوردىغا قايتىپ كېلىپ، ئۇنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. ياساۋۇل ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن پادىشاھقا تەزىم قىپتۇ. پادىشاھ:

— ھېلىقى غەلىتە ئاۋاز نېمە ئاۋاز ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

ياساۋۇل كۆڭلىدە: «ئەگەر پادىشاھقا ئەينى ئەھۋالنى دېسەم، ئۇ چاغدا مېنىڭ پادىشاھقا بولغان ئىخلاسىمنى خۇددى پادىشاھقا كۆز - كۆز قىلغاندەك بولۇپ قالىدۇ» دەپ ئويلاپ:

— ئەي شاھىم، بىر خوتۇن ئېرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغانىكەن، مەن ئۇلارنى ياراشتۇرۇپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدۇم، — دەپتۇ.

پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ياساۋۇلنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىخلاسىغا ۋە ئەقىل - ئىدرىكىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ.

— ياساۋۇل، — دەپتۇ پادىشاھ، — مەنمۇ سېنىڭ كەينىڭدىن ئۇ يەرگە بارغانىدىم، سېنىڭ ماڭا بولغان ھەقىقىي ئىخلاسىڭنى كۆردۈم، بۇ ئىشتىن تولىمۇ خىجالىلىق ھېس قىلىۋاتىمەن. مەن ئىلگىرى ساڭا غەمخورلۇق قىلماي، پەقەت دوستانە ياردەم قىلغانىكەنمەن. ئەمدى مەن سېنى ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلىمەن، سەن ياساۋۇللۇققا لايىق بولماستىن، بەلكى ئۇلۇغلاشقا ئەرزىيدىغان ئادەم ئىكەنسەن.

ئەتىسى سەھەردە پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن ۋەزىر - ۋۇزرالار ۋە ئوردىدىكى چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى ئوردىغا جەم بولۇپتۇ. پادىشاھ ياساۋۇلغا پادىشاھلىق تونلىرىنى

مېنىڭ ئارزۇيۇمنى ھاسىل قىلمىساڭ سەندىن ماڭا نېمە ھاسىل بولىدۇ، نېمە مەنپەئەت يېتىدۇ؟ دوستلارنىڭ بېشىغا غەم چۈشكەندە، ئۇنىڭ دوستى كارغا كەلمىسە، غەمكىن كىشىنىڭ غەمدە بولغۇر-گىنى ياخشى. بۈگۈن كېچە سەن ماڭا رۇخسەت بەرگىن. مەن بۇ جۇدالىق كېچىسىنى ئاشىقىمنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا قوشۇ-لۇش بىلەن سۆيۈنگە ئايلاندۇراي، شۇ ئارقىلىق غەم - قايغۇدىن خالاس بولاي، — دېدى خوجەستە.

— ئالدىنقى كۈنى كېچىسى مەن سىزگە ئىجازەت بەرگەن-ىدىم، — دېدى تۇتى، — سىز يەنە نېمە ئۈچۈن مىسكىن ئاشىقىڭىزنى يولىڭىزغا ئىنتىزار قىلىسىز؟ مەن ھېكايىنى ناھايىتى ياخشى سۆزلەيمەن، مېنىڭ ئېيتسام تۈگىمەيدىغان ھېكايىلى-رىم بار. ئەگەر سىز مېنىڭ ھېكايىلىرىمنى ئاڭلىماقچى بولسى-ڭىز، كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىشىڭىز كېرەك. سىز ئاشىقىڭىزنىڭ يېنى-غا بارماقچى بولسىڭىز ھەرگىزمۇ بۇنداق لەلى - ياقۇت، ئالتۇن-كۈمۈشلەردىن ياسالغان زىننەت جابدۇقلىرىنى تاقاپ بارماڭ. چۈنكى سىزنىڭ بۇنداق قىممەتلىك جابدۇقلىرىڭىزغا ئاشىقىڭىزنىڭ كۆزى چۈشۈپ سىزگە قەست قىلىشى مۇمكىن. سىز ئالتۇنچىنىڭ ياغاچچىغا قەست قىلغانلىقىنى ئاڭلىمىغانمۇ؟

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

تۇتى ھېكايىسىنى باشلىدى:

بىر شەھەردە بىر ياغاچچى بىلەن ئالتۇنچى بار ئىكەن، ئۇلار شۇنداق دوستلاردىن ئىكەنكى، فەرقەدان① يۇلتۇزىدەك ھەمىشە بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدىكەن. ھەر كۈنى بىر يەردە يېتىپ قوپىدىكەن، كىشىلەر ئۇلارنى بىر تۇغقان دەپ ئويلايدىكەن.

بىر كۈنى ئالتۇنچى باشقا بىر شەھەرگە سەپەر قىلماقچى

① فەرقەدان — ئاسماننىڭ شىمالىي قۇتۇپىغا يېقىن جايدىكى بىر جۈپ يۇلتۇز.

## ئۈچىنچى داستان

### ئالتۇنچى بىلەن ياغاچچىنىڭ ئاجايىپ ھىيلىلەر بىلەن بۇتلارنى كۆرگەنلىكى، ئالتۇنچىنىڭ ياغاچچىغا قەست قىلغانلىقى



ئۈچىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش ئالتۇن رەڭ لىباسلىرىنى سېلىپ، قىزىلگۈل رەڭگىدە كىيىندى - دە، غەرب گۈلىستانىغا كىرىپ كەتتى. ئاي پەلەك بوستانىنىڭ سايىسىدىن چىقىپ، ئاسمان گۈلزارىنى كېزىپ، سەيلە قىلىشقا باشلىدى. خوجەستە زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن ئۆزىنى ياسىدى، تۈرلۈك جاۋاھىرلار بىلەن بېزەندى، ئاندىن ئىجازەت سوراش ئۈچۈن تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ئەي جىمى دەردلەرگە دەۋا، رەنجىلەرگە شىپا قىلغۇچى دوستۇم، ئىشق - مۇھەببەت كېسىلى مېنى ھالىمدىن كەتكۈزۈۋەتتى. ئىشتىياق ئاغرىقلىرى باغرىمنى كاۋاپ قىلدى. ئەگەر سەن بۇ ئىشتا ماڭا ياردەم قىلمىساڭ، يەنە نېمە ئىشقا يارايسەن؟

بۇتپەرەس بولسا بۇ كىشىلەردەك بولماس» دېيىشىپ، بۇ ئىككىسىنى بۇتخانىغا شەيخ قىلىشىپتۇ. بارلىق راھىبلار بۇتخانىدىكى ئالتۇن ۋە كۈمۈش بۇتلارنى ئۇ ئىككىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. ئالتۇنچى بىلەن ياغاچچى ئالتە ئاي بۇتپەرەسلىك قىپتۇ.

بىر كۈنى، ئالتۇنچى بىلەن ياغاچچى ئۇ شەھەردىكى يۇرت چوڭلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— بىز ھەمىشە بۇددا يولىدا سادىق بولۇپ، بۇددا يولىدا ساداقەت كۆرسىتىپ، بۇتلارنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتىمىز، شۇڭا بۇتلار بىزگە مېھرىبان بولۇپ قالدى، بىز بىلەن پات-پات پاراڭلىشىدىغان بولدى. ئۇلار بىزگە: «بۇ شەھەرنىڭ كىشىلىرى بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى ئىككىڭلاردەك ياخشى قىلمىدى، شۇڭا بىز بۇ شەھەردىن باشقا شەھەرگە يەكى باشقا ئىقلىمغا كۆچۈپ كەتمەكچى بولۇۋاتىمىز» دەۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

— ئەگەر يەنە بۇتلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ قالساڭلار، — دەپتۇ يۇرت چوڭلىرى بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ۋەھىمىگە چۈشۈپ، — ئۇلارغا: «بۇ شەھەردىكىلەرنىڭ خوتۇنلىرى، بالا-چاقىلىرى بار، ئۇلار تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن پۇل تېپىشى كېرەك. پۇل دېگەن ھۈنەر-مېھنەتسىز، جاپا-مۇشەققەتسىز قولغا كىرمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار كېچە-كۈندۈز ھۈنەر، تىجارەت، خىزمەتكارلىق، نۆكەرلىككە ئوخشاش تىرىكچىلىك ئىشلىرىغا مەشغۇل بولۇۋاتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار خىزمەتلەرنى بىزدەك قىلالمايۋاتىدۇ. سىلەر بۇ شەھەردىكىلەرگە مېھىر-شەپقەت كۆرسىتىڭلار ۋە باشقا شەھەرگە بارماڭلار» دەپ ئۆزرلىخا ھالىمىزنى يەتكۈزۈپ قويۇڭلار.

ئالتۇنچى بىلەن ياغاچچى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يۇرت چوڭلىرىغا:

لۇپتۇ، ياغاچچى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپتۇ. ئۇلار ناھايىتى كۆپ جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتىپ، ئۇ شەھەرگە يېتىپ كېلىپتۇ. لېكىن بۇ شەھەردە ئۇلارنىڭ ھۈنىرىگە ئورۇن يوق ئىكەن. بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرىمۇ ئۇلارغا يېقىنلاشماپتۇ. ئۇلار يوقسۇزلۇقتىن ئاچ قاپتۇ. ئۇلۇغ تەڭرى كىشىنى مۇساپىرچىلىق مەزگىلىدە ئېغىر كۈنگە قويمىغاي. بېيىت:

نەخشەبى، يوقسۇللۇق بەسى مۇشكۈل،
غەم، پەرىشانلىق كىشى ئۈچۈن دىشۋار.
ساقلىغايسەن، خۇدا، بۇ كۈلپەتتىن،
بارچە ئىنسانغا ئۆزۈڭ بولۇپ غەمخار.

ئالتۇنچى بىلەن ياغاچچى ناھايىتى دانا ئىكەن. ئۇلار: «بىز بىر ھىيلە ئىشلىتىپ كۈنىمىزنى ئالمىساق بولمىدى» دەپ مەسلىھەتلىشىپتۇ.

بۇ شەھەردە ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - ياقۇتلار بىلەن زىننەتلەنگەن بىر كاتتا بۇتخانا بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئىچىدە ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسالغان بۇتلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن. ئۇلار: «بىز ئۆزىمىزنى بۇ شەھەردىكىلەرگە بۇتپەرەس قىلىپ كۆرسىتىپ، بۇتخانىغا كىرەيلى، بۇتخانىدا ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇپ، پۇرسەت يار بەرگەندە بۇتلاردىن ئېلىپ چىقىپ، زىبۇ - زىننەتلىرى بىلەن قوشۇپ ساتايلى. شۇ ئارقىلىق كۈنىمىزنى ياخشىلايلى» دەپ مەسلىھەتلىشىپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى ئۇلار بۇتخانىغا بېرىپ، كېچە - كۈندۈز بۇتخانىدا بۇتپەرەسلىك قىپتۇ. شەھەردىكى بۇتپەرەسلەر ئۇلارنىڭ ئىخلاس بىلەن كېچە - كۈندۈز بۇتقا سەجدە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خىجىل بولۇشۇپتۇ. ئۇلار: «ھەرقانداق كىشى

خالتا بولۇپتۇ. ياغاچچى بىلەن ئالتۇنچى بىردىن خالتىنى كۆتۈرۈپ ئۆز شەھىرىگە قاراپ يول ئېلىپتۇ. ئۇلار بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ شەھەرگە يېقىن قالغاندا، خالتا ئىچىدىن بىر يىللىق خىراجەتكە يەتكۈدەك ئالتۇندىن ئېلىپ، قالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر دەرەخنىڭ ئاستىغا كۆمۈپ قويۇپتۇ. ئۇ ئىككىسى شەھەرگە كىرىپ ئالتۇنلىرىنى زەرگەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ سېتىپ، پۇلنى تەڭمۇ تەڭ بۆلۈشۈپتۇ. ئالتۇنچى بىلەن ياغاچچى بازاردىن ئۆزلىرىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپتۇ.

دانالار شۇنداق دەپتۇكى، ئالتۇن قانچە كۆپ بولسا، غەم - ئەندىشىمۇ شۇنچە كۆپ بولۇر.

ئەلقىسسە، ئالتۇنچى ناھايىتى تەمەخور ۋە مال - دۇنياغا ھېرىسمەن ئىكەن. ئۇ ياغاچچىغا تۇيدۇرماي ھېلىقى ئالتۇن بۇتلارنى كۆمۈپ قويغان يەرگە بېرىپ، قالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ ئۆيىگە كېلىپتۇ. ئالتۇنچى شەھەردىكى ياغاچچى، تۆمۈرچى، مەدىكارلارنى ياللاپ ئېلىپ ناھايىتى ئېسىل بىر ئىمارەت سالدۇرۇپتۇ. ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئالتۇنچى ياغاچچىنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— ئەي ياغاچچى، سەندە ئىنساپ دېگەن نەرسە بارمۇ - يوق؟ سەن نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ھەققىمنىمۇ بەرمەي ھەممە نەرسىنى ئۆيۈڭگە ئېلىپ كېلىۋالدىڭ؟ بىزنىڭ ئون ئىككى يىللىق قەدىناس دوستلۇقىمىز نەگە كەتتى؟ ئىلاھىم، سەن مۇشۇ ئالتۇنلارنى ئىشلىتىپ ئاخىر بىر كۈن ئۆلۈرسەن. بۇ دۇنيادا سېنىڭ قىلغان بۇ گۇناھىڭ ئۈچۈن خۇدا سېنى دوزاخقا سالسۇن، — دەپتۇ.

ياغاچچى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھەيران قاپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: «ئۇ چوقۇم ماڭا تۆھمەت قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ ئالتۇنچىغا:

— بىز ئەلۋەتتە ئۇلارغا ئېيتىمىز. ئەگەر ئۇلار بىزنىڭ سۆزىمىزنى ئاڭلىسا، ئۇ چاغدا ياخشى بولغىنى. مۇبادا ئاڭلىمىسا، بىزمۇ ھېچ نەرسە دېيەلمەيمىز، — دەپ قويۇپ، بۇتخانىغا قايتىپ كېلىپتۇ.

ئالتۇنچى بىلەن ياغاچچى يەنە بىر نەچچە كۈن بۇتخانىدا بولۇپتۇ. بىر كېچىسى بۇتخانا خالىي قالغاندا ئۇ ئىككىسى پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، بۇتخانىدىكى ئالتۇن بۇتلارنى ۋە پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ چىقىپتۇ. بۇتخانىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە ۋەيرانە بولغان كونا بىر قورغان بار ئىكەن. ئۇ ئىككىسى قورغان تېمىنىڭ ئاستىغا بىر چوڭقۇر ئورا قېزىپ، بۇتخانىدىن ئېلىپ چىققان ئالتۇن بۇت ۋە قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى كۆمۈپ قويۇپتۇ. ئەتىسى بامدات ۋاقتى بىلەن ئۇ ئىككىسى يۇرت چوڭلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئاخشام بۇتلارنىڭ ھەممىسى باشقا بۇتخانىغا كېتىپ قالدى. بىز نەچچە كۈنگىچە بۇ بوش قالغان بۇتخانىدا تۇرىمىز ۋە بۇتلارنىڭ قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن يىغلايمىز. ئەگەر بۇتلار بىزنىڭ يىغا-زارىمىزغا رەھمى كېلىپ، قايتىپ كەلسە ياخشى بولغىنى، مۇبادا قايتىپ كەلمىسە، بۇ قۇرۇق بۇتخانىدا يەنە نېمە قىلىمىز؟ بىز قايسى بۇتخانىدا بۇت بولسا، شۇ بۇتخانىدا بولىمىز، — دەپتۇ.

يۇرت چوڭلىرى بۇنىڭغا ھېچ نەرسە دېيەلمەپتۇ.

بىر كۈنى يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە ئالتۇنچى بىلەن ياغاچچى كۆپ مەسلىھەتلەرنى قىلىشىپتۇ. ئۇلار بۇتخانىدىن چىقىپ، ھېلىقى كونا قورغانغا بېرىپ، كۆمۈپ قويغان ئالتۇن بۇتلارنى ۋە قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى ئېلىپ، بۆز ۋە ئەسكى پالاسلاردىن تىكىلگەن خالتا ئىچىگە سېلىپتۇ. بۇ نەرسىلەر ئىككى

تۇنچىدىن ئۇ ھەققىمنى قايتۇرۇۋالىدىغان پۇرسەت كەلدى» دەپ ئويلاپتۇ.

بىر كۈنى ياغاچچى كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ شەھەردىكى دوست - بۇرادەرلىرىنى چاقىرىپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ خوتۇن - بالىلىرىنىمۇ بىللە ئېلىپ كېلىشنى ئېيتىپتۇ. شۇ قاتاردا ئالتۇنچىمۇ بار ئىكەن. زىياپەت باشلىنىپ ئاش تارتىلىپتۇ. ياغاچچى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئالتۇنچىنىڭ ئىككى ئوغلىنى ھېچكىمگە تۇيدۇرماي سىرتقا ئېلىپ چىقىپ ئېيىق بالىلىرى بار ئۆيگە سولاپ قويۇپ، ئېيىقنىڭ ئىككى بالىسىنى بولسا، سىرتقا ئېلىپ چىقىپتۇ.

— ئەي جامائەت، — دەپتۇ ياغاچچى سورۇندىكىلەرگە قاراپ، — ئالتۇنچىنىڭ ئىككى ئوغلى ئېيىقنىڭ بالىسىغا ئايلىنىپ قالدى.

زىياپەتتە ئولتۇرغان جامائەت بۇ ئىشقا ھەيران قېلىشىپ، ئۆزئارا پىچىرلاشقا باشلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئالتۇنچى: «ياغاچچىنىڭ ماڭا قىلىۋاتقان چاقچىقى بولسا كېرەك» دەپ ئۇنىڭ بىلەن جېدەللىشىپتۇ. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ياقىلىرىدىن سىقىشىپ ساقاللىرىنى يۇلۇشۇپتۇ. جامائەت ياغاچچى بىلەن ئالتۇنچىنى ھاكىمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ھاكىم ۋەقەدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن ھەيران قاپتۇ.

— ھەي ياغاچچى، بولغان ئىشنى راستچىللىق بىلەن ئېيتقىن. مېنىڭ ئالدىمدا ھەرگىزمۇ يالغان سۆزلىمىگىن، — دەپتۇ ھاكىم.

ياغاچچى ئەدەب بىلەن ھاكىمغا تەزىم - بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن:

— ئالتۇنچىنىڭ بالىلىرى مېنىڭ ئۆيۈمدە ئويناپ يۈرگەندى. بىر چاغدا قارىسام ئالتۇنچىنىڭ بالىلىرى يوق،

— مەن سەن بىلەن بولغان دوستلۇقۇمدىن كەچتىم، ئەگەر مېنىڭ بەخت ـ تەلىيىم ئوڭ بولسا، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئۆز ھەققىمنى قايتۇرۇپ ئالۇرمەن، — دەپتۇ.

بېيت:

نەخشەبى، قىلما كىشىگە تۆھمەت،
ئۆزۈڭ قىلىپ بولۇپ ئۆزگىگە دۆڭگىمە.
ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى كۆرەر ئاقىل،
يوق نېمەڭنى كىشى ئالدى دېمە.

بۇ ئىشتىن قاتتىق خاپا بولغان ياغاچچى، ياغاچتىن ئالتۇنچىنىڭ ھەيكىلىنى ياساپ، ئالتۇنچىغا ئوخشاش قىلىپ كىيىندۈرۈپتۇ. ياغاچچى جاڭگالغا بېرىپ ئېيىقنىڭ بالىسىدىن ئىككىنى تۇتۇپ كېلىپتۇ ـ دە، ئېيىق بالىلىرى يەيدىغان تاماقنى ھەيكەلنىڭ پۇتىغا قويۇپ بېرىشكە باشلاپتۇ. ئېيىق بالىلىرى قورسىقى ئاچقاندا ياغاچ ھەيكەلنىڭ پۇتىدىكى تاماقنى يەپ ئۆگىنىپتۇ. بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ياغاچچى ئېيىق بالىلىرىنىڭ تاماق قاچىسىنى ياغاچ ھەيكەلنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ، ئېيىق بالىلىرى ھەيكەلنىڭ پۇتىغا يامىشىپ چىقىپ، قولىدىكى قاچىدىن تاماق يەيدىغان بولۇپتۇ. ئېيىق بالىلىرى تاماقنى يەپ بولغاندا، ياغاچچى ئۇلارنى بىر ئۆيگە سولاپ قويىدىكەن. بۇ ئىش بىرقانچە ئاي داۋاملىشىپتۇ. ياغاچچى ئېيىق بالىلىرىنى قويۇپ بەرسە، ھېچ نەرسىگە قارىماي، ئۇدۇل ياغاچ ھەيكەلنىڭ قېشىغا بېرىپ، پۇتلىرىغا ئېسىلىپ قوللىرىدىن تاماق ئېلىپ يەيدىغان بولۇپتۇ. بۇ ئىشتىن ياغاچچى تولىمۇ خوش بولۇپ: «بۇ ئىش بەك ياخشى بولدى، مېنىڭ ھەققىمنى ئالتۇنچى ئېلىۋالغانىدى، مەن ئال-

پۈت ۋە قولىرىغا يېپىشىپتۇ. ئالتۇنچى ئېيىق بالىلىرىنى قوغلىغان بولسىمۇ، بىراق كەتمەي تۇرۇۋاپتۇ.

بۇنى كۆرگەن ھاكىم ۋە ئۇنىڭ ھەمسۆھبەتلىرى ئۆز-ئارا: «بۇ ئېيىق بالىلىرىنىڭ ئالتۇنچىنىڭ بالىلىرى ئىكەنلىكىدە قىلچە شەك-شۈبھە يوق ئىكەن» دېيىشىپتۇ. ھاكىم ئالتۇنچىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— بۇ ئېيىق بالىلىرى ھەقىقەتەن سېنىڭ بالىلىرىڭ ئىكەن. ئەگەر سەن ياغاچچىنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا گۇناھ قىلغان بولساڭ، ياغاچچىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ ئۇنىڭغا ئۆزرە ئېيتقىن. ياغاچچى گۇناھىڭدىن ئۆتسە، ئوغۇللىرىڭ ئۆز ئەسلىگە كەلسە ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئالتۇنچى مەيۈس ھالدا ئۆيىگە قايتىپتۇ.

ئەتىسى ئالتۇنچى ياغاچچىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ تۇرۇپ:

— سېنىڭ ھەققىڭ ھەقىقەتەن مەندە ئىدى. مەن ھەققىڭنى تولۇقى بىلەن قايتۇرۇپ بېرەي. سەن ئوغۇللىرىمنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرگىن، — دەپتۇ.

— سەن مېنىڭ ھەققىمنى ئېلىۋېلىپ، مېنى ھاقارەتلىدىڭ. بۇنىڭ بىلەن بالىلىرىڭ ئېيىق بالىسىغا ئايلىنىپ قالدى. سەن ئالدى بىلەن مېنىڭ ھەققىمنى ئەكەلگىن. ئاندىن كېيىن بالىلىرىڭ ئۆز ئەسلىگە كېلىدۇ، — دەپتۇ ياغاچچى.

ئالتۇنچى بالىلىرىنىڭ تېزرەك ئەسلىگە كېلىشى ئۈچۈن ياغاچچىنىڭ سۆزىگە ماقۇل بولۇپتۇ، ئۆيىگە بېرىپ ياغاچچىنىڭ بىر ئۇلۇش ھەسسىسىنى ئەكېلىپ، ياغاچچىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ئالتۇنچى تۇۋا-ئىستىغپار قىلىپ:

ئىككى ئېيىقنىڭ بالىسى تۇرىدۇ. مەن تارىخىي كىتابلاردا ھەزرىتى ئەيسا ئەلەيھىسسالام زامانىدا، نۇرغۇنلىغان ئادەملەر گۇناھ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بىر قىسمى تۇڭگۇزغا، بىر قىسمى ئىت - ئېيىققا، يەنە بىر قىسمى مايمۇنغا، كەپتەرگە، تۈلكىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ئوقۇغانىدىم. بۈگۈن ئالتۇنچىنىڭ باللىرى ئېيىق بالىسىغا ئايلىنىپ قاپتۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ھاكىم بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، تارىخىي كىتابلارنى ئالدۇرۇپ ئوقۇغۇدەك بولسا، ياغاچچىنىڭ دېگەنلىرى راست ئىكەن. ھاكىم ياغاچچىغا:

— تارىخىي كىتابلارنى كۆرۈپ، سۆزۈڭنىڭ راستلىقىغا ئىشەندىم. ئەمما ساڭا شۇنىمۇ ئېيتىپ قويايكى، بۇ ئېيىق باللىرى راستتىنلا ئالتۇنچىنىڭ باللىرى بولسا، ئۇلار ئەلۋەتتە ئالتۇنچىنى تونۇيدۇ، — دەپتۇ.

ياغاچچى ھاكىمغا:

— سۆزىڭىز ھەقىقەتەنمۇ ئورۇنلۇق. سىز قايسى ۋاقىتنى مۇۋاپىق كۆرسىڭىز، مەن شۇ چاغدا ئېيىق باللىرىنى ئېلىپ كېلەي. ئالتۇنچى جامائەت بىلەن بىرگە تۇرسۇن. ئەگەر ئېيىق باللىرى جامائەت ئىچىدىن ئالتۇنچىنى تونۇۋالسا، ئۇ چاغدا مېنىڭ دېگەنلىرىم راست بولسۇن. مۇبادا ئېيىق باللىرى ئالتۇنچىنى تونۇيالمىسا، مېنىڭ سۆزۈم يالغان بولسۇن، — دەپتۇ.

ھاكىم بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ياغاچچىغا ئېيىقنىڭ باللىرىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ياغاچچى ئۆيىگە بېرىپ، ئېيىقنىڭ باللىرىنى ئېلىپ كېلىپتۇ. ھاكىم جامائەتنى بارگاھ ئىچىگە جەم قىپتۇ. جامائەتنىڭ ئىچىدە ئالتۇنچىمۇ بار ئىكەن. ياغاچچى ئېيىق باللىرىنى قويۇپ بېرىپتۇ. ئېيىق باللىرى جامائەت ئىچىدە تۇرغان ئالتۇنچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ

نەخشەبى، ئۇيلىغان بىرىپ بۇ كېچە،
شادلىق بەزمىسىدە چالغاي ساز.
توستى ئەمما يولىنى سۇبھى ئۈنىڭ،
ئاشىقلار دۈشمىنىدۇر سۇبھى، خوراز.

— مەن بۇنىڭدىن كېيىن سېنىڭ ھەققىڭگە ھەرگىزمۇ خىيانەت قىلمايمەن، — دەپتۇ.

ياغاچچى ئېيىقنىڭ بالىلىرىنى ئەكىرىپ، ئالتۇنچىنىڭ بالىلىرىنى ئاچىقىپ، ئالتۇنچىغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. ياغاچچى بىلەن ئالتۇنچى سۈلھى قىلىشىپ يارىشىپ قاپتۇ. بېيىت:

نەخشەبى، دۇنيا ئىشى نەيرەڭدۇر،
ئەگرى تىغنىڭ غىلاپىمۇ ئەگرى.
ياخشىلىققا يامانلىق قىلسا كىشى،
بەرگۈسىدۇر جازاسىنى تەڭرى.

تۇتىنىڭ ھېكايىسى بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:
— ئەي ئاغىچام، ئالتۇنچى بىلەن ياغاچچى قەدىناس دوستلاردىن ئىدى. لېكىن ئالتۇنچى مال — دۇنيا سەۋەبىدىن شەرمەندە بولدى. سىز بۇنداق قىممەت باھالىق زىننەت بۇيۇملار بىلەن ئۇنىڭ قېشىغا بارسىڭىز، ئالتۇنچى بىلەن ياغاچچىنىڭ ئىشى يۈز بېرىپ قالمىسۇن. شۇڭا سىز بۇ نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىپ ئاندىن بېرىڭ، — دېدى.

خوجەستە ئالتۇن — جابدۇقلىرىنى ئېلىۋېتىپ يىگىتنىڭ قېشىغا باراي دېگۈچە تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىدى. جاھاننى يورۇتقۇچى قۇياش ئۆزىنىڭ ئالتۇن بايرىقىنى چىقاردى. سۇبھىنىڭ چېھرىسى قۇياشتەك پارلىدى. شۇڭا خوجەستىنىڭ بېرىشى كېيىنگە قالدى. بېيىت:

— ھەي، شېرىن سۆزلۈك جانىۋار، — دېدى خوجەستە يىغلىنىپ، — مېنىڭ بۇ ئەھۋالىمدىن سىنىڭ زادى خەۋىرىڭ بارمۇ - يوق؟ مېنىڭ بۇ قەلب جاراھىتىمگە مەلھەم تېپىشقا ئامالىڭ يوقمۇ؟ ئىشق - مۇھەببەت لەشكىرى سەۋر - تاقەت خەزىنىلىرىمنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. ھىجران كەلكۈنى مەنزىل ۋە ماكانىمنى خانىۋەيران قىلدى. لېكىن، بۇ دېڭىزدەك چەكسىز جۇدالىق كېچىدە تاڭ ساھىلىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. بېيىت:

نەخشەبى، ھىجران كېچىسىدۇر ئۇزۇن،
ئىشقنى بىلمىگەن بۇنى بىلسۇن.
بۇ كېچىنىڭ چىراغى يوق ھەرگىز،
سەۋرسىزلەر نېمە ئامال قىلسۇن.

بۇ كېچە ماڭا بىر يول كۆرسەتكىن. مەن سۆيگىنىمنى تېپىپ بۇ ئارقىلىق غەمكىن كۆڭلۈمنى شادلاندۇراي، سۆيۈملۈكۈمنىڭ جامالى بىلەن كۆزۈمنى يورۇتاي.

— ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولسۇن. ئۇ يىگىت تېخى ياش ئىكەن. ئۇ سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزنى ۋە دوستلۇقىڭىزنى ھەرگىزمۇ ئۇنۇتمايدۇ. بۇ خۇددى كامران پادىشاھنىڭ تۇتىنىڭ ياخشىلىقىنى ئۇنتۇمىغىنىغا ئوخشاشتۇر، — دېدى تۇتى.

— كامران پادىشاھى بىلەن تۇتىنىڭ ۋەقەسى قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

تۇتى ھېكايىسىنى باشلىدى:

كامران شەھرىدە بىر ئېسىل دەرەخ بار ئىكەن. ئۇ دەرەخنىڭ ئۈستىدە بىر تۇتىنىڭ ئۇۋىسى بولۇپ، ئۇۋىنىڭ ئىچىدە ئون توققۇز تۇخۇم بار ئىكەن. تۇتى تۇخۇملارنى

# تۆتىنچى داستان

**بىر تۇتىنىڭ كامران شاھنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ، كېيەلدىن ساقىياي دېگەندە ھىيلە ئىشلىتىپ قېچىپ كەتكەنلىكى**



تۆتىنچى كۈنى قۇياش ئالتۇن رەڭ كىيىملەرنى سېلىپ تاشلاپ، قىزىلگۈل رەڭلىك لىباسلىرىنى كىيدى - دە، غەرب بوستانىغا كىرىپ كەتتى. ئاي گوياكى ياپراقلار ئارىسىدىن باش چىقارغان گۈل بەرگىدەك، پەلەك گۈلزارىغا چىقىپ سەيلە قىلىشقا باشلىدى. خوجەستىنىڭ كېنىزەكلىرى ئۆيگە شاملارنى ياقتى. خوجەستە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنى تۈزەشتۈردى، تاماق يېدى، ئاندىن كېيىن بىرنەچچە پىيالە شاراب ئىچتى. ئالتۇن ھەل بېرىپ تىكىلگەن ئىپەك كىيىملىرىنى كىيىپ، ئېسىل جاۋاھىرلار بىلەن قول - پۇت، بويۇن قۇلاقلىرىنى زىننەتلىدى. قولىغا ئەينەكنى ئېلىپ ھۆسن - جامالى ۋە قەلەم قېشىنى كۆردى. ئۇ ئايدەك جامالىنى ئەينەكتە كۆرۈپ خۇشاللىقتىن گۈلدەك ئېچىلغان ھالدا ئىجازەت سوراش ئۈچۈن تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى:

«سېنىڭ ئادەم بالىسى بىلەن دوست بولۇشۇڭ بولمىغۇر ئىشتۇر. بۇ ئىشتىن ئاخىرى ساڭا بىر پېشكەللىك كېلىدۇ، شۇڭا سەن ئادەم بالىسىدىن يىراق بولغىن» دېيىشىپتۇ. مايمۇن ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماپتۇ، ھەر دائىم ياساۋۇلنىڭ ئوغلى بىلەن شاھمات ئويناپتۇ.

كۈنلەردە بىر كۈن ياساۋۇلنىڭ ئوغلى شەھەرنىڭ چوڭلىرىدىن بىرقانچە كىشىنى مېھماندارچىلىققا چاقىرىپتۇ. ياساۋۇلنىڭ ئوغلى مايمۇن بىلەن شاھمات ئويناشقا باشلاپتۇ. بىر چاغدا مايمۇن ياساۋۇلنىڭ ئوغلىغا چاقچاق قىلىمەن دەپ ئۇنى خاپا قىلىپ قويۇپتۇ. ياساۋۇلنىڭ ئوغلى مېھمانلارنىڭ ئالدىدا تولىمۇ خىجىل بولغىنىدىن شاھماتنىڭ تاختىسىنى ئېلىپ مايمۇننىڭ بېشىغا ساپتۇ. شاھمات تاختىسى مايمۇننىڭ بېشىدىن چىققان قان بىلەن بويىلىپتۇ. مايمۇن ئاچچىقىدا ئورنىدىن تۇرۇپ ياساۋۇلنىڭ ئوغلىنى تاتىلاپ، يۈز - كۆزلىرىنى زەخىملەندۈرۈپتۇ - دە، ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ كېتىپتۇ. بېيىت:

نەخشەبى، بىۋاپا دانالار ھامان،
بىۋاپادىن كىشى ۋاپا كۆرمەس.
بىۋاپا گەر ئاتالسىمۇ ئىنسان،
ئۇنداق ئىنساندىن ساپا كۆرمەس.

ياساۋۇلنىڭ ئوغلىنىڭ جاراھىتى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپتۇ. ئۇ شەھەردىكى ھەممە تېۋىپلار ئوغۇلنىڭ جاراھىتىنى داۋالىغان بولسىمۇ كار قىلماپتۇ. نەچچە كۈندىن كېيىن بۇ شەھەرگە بىر ئۇستا تېۋىپ كېلىپتۇ. بۇ تېۋىپ ھەرقانداق كېسەلنى بىر كۆرۈش بىلەنلا سا-

باستۇرۇپ چۈجە چىقىرىپتۇ. تۇتى ھەر كۈنى چۈجىلەرگە دان ۋە سۇ بېرىدىكەن. ئۇ دەرەخنىڭ ئاستىدا بىر تۈلكىنىڭ باللىرى بار ئىكەن. تۇتىنىڭ باللىرى دەرەختىن پەسكە چۈشۈپ، تۈلكىنىڭ باللىرى بىلەن بىللە ئوينايدىكەن. تۇتى ئىنتايىن دانا ئىكەن، بىر كۈنى تۇتى باللىرىغا نەسىھەت قىلىپ:

— ئەي باللىرىم، بىزلەر ئۇچار قۇشلاردىن، تۈلكە بولسا تۆت پۇتلۇق ھايۋانلاردىندۇر. سىلەر تۈلكىنىڭ باللىرى بىلەن ئوينىماڭلار. چۈنكى، غەيرىي جىنسىتكىلەر بىلەن دوست بولۇش ياخشى ئىش ئەمەس. بولمىسا ياساۋۇلنىڭ ئوغلى مايمۇن بىلەن دوست بولۇپ خاراب بولغىنىغا ئوخشاش ئىش بولىدۇ، — دەپتۇ.

تۇتىنىڭ باللىرى:

— ياساۋۇلنىڭ ئوغلى بىلەن مايمۇننىڭ ۋەقەسى قانداق ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

تۇتى:

— ئۆتكەن زاماندا بىر مايمۇن بار ئىكەن، ئۇ شاھمات ئويناشقا تولىمۇ ئۇستا ئىكەن. مايمۇن ياساۋۇلنىڭ ئوغلى بىلەن ھەر كۈنى شاھمات ئويناپ، ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇپتۇ. بېيت:

نەخشەبى، غەيرىدىن ھەزەر قىلغىن،
ئاقىۋەت بولغۇسى بېشىڭغا بالا.
دوستلار سۆزىگە قۇلاق سالمىساڭ،
يەتكۈسى بىر كۈنى بالايى - قازا.

مايمۇنلارنىڭ چوڭلىرى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ:

— ئەي ئىت، — دەپتۇ تۈلكە، — بالىلىرىمنىڭ پىراقىدا مېنىڭ كۆڭلۈم پاراكەندە بولماقتا. ماڭا بىر ئامال ئۆگەتكىن. سەن ئۆگەتكەن ئامال بىلەن بۇ بالادىن قۇتۇلاي. بۇ ناجىنسلار مەن بىلەن قوشنىلىقتىن كېچىپ كەتسۇن.

— ھەي تۈلكە، — دەپتۇ ئىت، — سەن بىر ئۇۋچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۆزۈڭنى ئۇنىڭغا ئاقساق قىلىپ كۆرسەتكىن. ئۇۋچى سېنى تۇتماقچى بولۇپ قوغلايدۇ. سەن قېچىپ تۇتىنىڭ ئۇۋىسى بار دەرەخنىڭ تۈۋىگە كەلگەندە كۆزدىن غايىب بولساڭ، شۇ چاغدا تۇتىدىن قۇتۇلىسەن.

تۈلكە ئىتنىڭ مەسلىھىتى بىلەن ئۇۋچىنىڭ ئالدىدىن ئاقساقلىغان پېتى يۈگۈرۈپ ئۆتۈپتۇ. ئۇۋچى: «بۇ ئاقساق تۈلكە ئىكەن، قوغلىسام چوقۇم تۇتۇۋالالايمەن» دەپ ئويلاپ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ. تۈلكە دەسلەپتە ئاستا يۈگۈرۈپتۇ. ئۇۋچى ئۇنىڭغا يېتىشىۋالاي دېگەندە، تېز - تېز قېچىشقا باشلاپتۇ. تۈلكە قېچىپ تۇتىنىڭ ئۇۋىسى بار دەرەخنىڭ تۈۋىگە كەلگەندە كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ. ئۇۋچى تۈلكىنى ئىزدەپ كۆپ ئاۋارە بولغان بولسىمۇ، لېكىن تۈلكىنى تاپالماپتۇ. ئۇۋچى دەرەخنىڭ ئۈستىدىكى ئۇۋىدا تۇتىنىڭ بالىلىرى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، تۇزاق قۇرۇپ ئۇلارنى تۇتماقچى بولۇپتۇ ۋە بۇ بېيىتنى ئوقۇپتۇ. بېيىت:

ھەر كىشى بىر ئىچسە تەقدىر مېيىنى دوست جامىدىن،
كېچە - كۈندۈز باش ئالالماس مەستلىك ئەھۋالدىن.

تۇتى بالىلىرىنىڭ تۇزاققا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ بالىلىرىغا:

— ھەي بالىلىرىم، سىلەرنىڭ بۇ پالاكەتكە يولۇقۇشۇڭلار

قايتالايدىكەن. ئۇ تېۋىپ: «بۇ ئوغۇلنىڭ جاراھىتىگە دەۋا شۇكى، ئاشۇ مايمۇننى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ قېنىنى جاراھەتكە سۈرسە ئاندىن ساقىيىدۇ» دەپتۇ.

ياساۋۇلنىڭ ئوغلى مايمۇننى ئۆلتۈرۈشكە ئۇنىماپتۇ. ئوغۇلنىڭ جاراھىتى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپتۇ. ھەتتا كېچىلىرى ئاغرىق ئازابىدىن ئۇخلىيالماس ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئوغۇل ئېلاجىنىڭ يوقلۇقىدىن مايمۇننى ئۆلتۈرۈشكە رازى بولۇپتۇ. بىرقانچە نۆكەرلەر مايمۇننى تۇتۇپ كېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قېنىنى تېۋىپنىڭ دېگىنى بويىچە ئوغۇلنىڭ جاراھىتىگە سۈركەپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئوغۇل كېسەلدىن ساقىيىپتۇ.

تۇتى ئېيتتىكى:

— ھەي باللىرىم، ئەگەر مايمۇن ئادەم بالىسى بىلەن دوست بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ قېنى تۆكۈلمىگەن بولاتتى...

تۇتىنىڭ باللىرى نەسىھەتنى ئاڭلىماي دائىم تۈلكىنىڭ باللىرى بىلەن ئوينايدىكەن.

بىر كۈنى تۈلكە يوق چاغدا بىرنەچچە ئوۋچى كېلىپ، تۈلكىنىڭ باللىرىنى تۇتۇپ كېتىپتۇ. تۈلكە قايتىپ كېلىپ باللىرىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ئاھ تارتىپ: «بۇ پالاكەتلەرنىڭ ھەممىسى باللىرىمنىڭ تۇتىنىڭ باللىرى بىلەن ئارىلاشقانلىقىدىن بولدى. ئەسلىدە تۇتىنىڭ باللىرىنى تۇتقىلى كەلگەن ئوۋچى ئۇلارنى تاپالماي، مېنىڭ باللىرىمنى ئەكەتكەن. مۇشۇ تۇتى دېگەن نەرسە ماڭا قوشنا بولمىغان بولسا، بۇ بالامۇ بولمايتتى» دەپ، ئىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بولغان ۋەقەنى ئۇنىڭغا بايان قىپتۇ.

تەلپىمنى چوقۇم يەردە قويمايدۇ» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، تۇتىغا:
— مەن كامران شاھنىڭ نۆكرىدۇرمەن، كېسەل ئازابىـ
دىن شاھىمىزنىڭ تېنى ئاجىزلاپ كەتتى. شەھرىمىزدىكى
ئاتاقلىق تېۋىپلار داۋالىغان بولسىمۇ، لېكىن كېسەلنى ساقايـ
تالمىدى. سەن شاھىمىزنىڭ كېسىلىنى ساقايتيالامسەن؟ —
دەپ سوراپتۇ. نەزمە:

ئۆزگىچە بوستان گۈزەل ياشلىق دەۋر دەۋران ئارا،
ئاندا گۈلدىن خۇش خەۋەر تاپقان قىلار بۇلبۇل ناۋا.

— بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى، — دەپتۇ تۇتى، — پادىشاـ
ھىمىزنىڭ كېسىلىنى چوقۇم داۋالاپ ساقايتالايمەن، ئەگەر خالىساڭ،
مېنى پادىشاھىڭنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىپ ساتقىن.
ئوۋچى تۇتىنى قەپەسكە سېلىپ كامران پادىشاھنىڭ
ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ ـ دە:
— ئەي شاھىم، بۇ تۇتى ناھايىتى ماھىر تېۋىپ ئىكەن،
ھەرقانداق كېسەلنى داۋالاپ ساقايتالايدىكەن، — دەپتۇ.
كامران پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ نۆكەرگە ئون مىڭ
دىنار بېرىپ تۇتىنى سېتىۋاپتۇ. بېيت:

نەخشەبى ئىلىم، ھۈنەر لازىمدۇر،
بىھۈنەرنىڭ راۋاجى نامەلۇم.
ئىلمۇ ھېكمەتتە بولسا گەر ماھىر،
ھۈنىرى بولسا خار بولماس چوقۇم.

پادىشاھ تۇتىنى قەپەس ئىچىگە بەند قىلىپ قويۇپتۇ ۋە
ئۇنىڭ دېگىنىنى بويىچە دورا ئىچىپتۇ. كېسىلى كۈندىن ـ كۈنگە

مېنىڭ سۆزۈمگە كىرمىگىنىڭلاردىن بولدى. سىلەر تۇلكىنىڭ بالىلىرى بىلەن دوست بولمىغان بولساڭلار، بۇ بالاغا ھەرگىزمۇ گىرىپتار بولمىغان بولاتتىڭلار. سىلەرگە ئەمدى مەسلىھەتىم شۇكى، ھەممىڭلار ئۆزۈڭلارنى ئۇۋۇچىغا ئۆلۈك قىلىپ كۆرسىتىڭلار، ئۇۋۇچى سىلەرنى ئۆلۈك ئىكەن دەپ تاشلىۋەتسە سىلەر دەرھال قېچىپ كېتىڭلار. مەندىن ھەرگىز ئەنسىرىمەڭلار. چۈنكى، مەن دانادۇرمەن، ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ ئۇۋۇچىنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلۇپ سىلەر بىلەن تېپىشىۋالالايمەن، — دەپتۇ.

تۇتىنىڭ بالىلىرى ئانىسىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆرۈپتۇ. ئۇۋۇچى ئۇلارنىڭ ئۆلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ قورغان تۇزىقىنى ئېلىۋېتىشىگە تۇتىنىڭ بالىلىرى تۇزاقتىن ئۇچۇپ چىقىپ دەرەخنىڭ تۆپىسىگە قونۇۋاپتۇ. ئۇۋۇچى قارىسا ئانا تۇتى تىرىك ئىكەن. بۇنى كۆرگەن ئۇۋۇچى ئاچچىقىدا تۇتىنىڭ ئىككى پۇتىدىن تۇتۇپ يەرگە ئۇرماقچى بولۇپتۇ. بۇ چاغدا تۇتى زۇۋانغا كېلىپ:

— ئەي ئۇۋۇچى، ئاچچىقىڭدىن يانغىن. سەن مېنى ئۆلتۈرمىسەڭ مەن ساڭا نۇرغۇنلىغان ئالتۇنلارنى تېپىپ بېرىمەن. سەن ئالتۇنلارنى بىر ئۆمۈر ئىشلىتىپمۇ تۈگىتەلمەيسەن. ئۆمرۈڭدە ھېچقانداق كىشىگە ھاجەتمەن بولمايسەن. مەن گەرچە بىر ئۇچار قۇش بولسامۇ ئۇستا تېۋىپدۇرمەن. ئالەمدىكى ھەرقانداق كېسەلنى داۋالاپ ساقايتالايمەن. ئىسسىق - سوغۇقتىن. قاندىن، سەپرادىن، بەلغەمدىن ۋە يەلدىن بولغان كېسەللەرنىمۇ داۋالاپ ساقايتالايمەن، — دەپتۇ.

ئۇۋۇچى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇش بولۇپ كېتىپتۇ ۋە كۆڭلىدە: «بۇ تۇتى تېۋىپ ئىكەن، ھازىر ئۇ مېنىڭ قولۇمغا چۈشكەنىكەن مەن ئۇنىڭغا ھەرقانداق تەلەپنى قويسام،

— ئەي ئاغىچام، ئاشقىڭىز تېخى ياش يىگىتتۇر، ئۇ خۇددى تۇتىنىڭ كامران پادىشاھىغا ياخشىلىق قىلغىنىغا ئوخشاش سىزگىمۇ نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى قىلىدۇ. ئەمدى ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ يىگىتىڭىزنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن مەقسىتىڭىزنى ھاسىل قىلىڭ.

خوجەستە يىگىتنىڭ قېشىغا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى، شۇڭا ئۇنىڭ بېرىشى كېيىنگە قالدى. بېيىت:

نەخشەبى، ئويلىغان بېرىپ بۇ كېچە،
ياخشىلىق باغچىسىدا چالغاي ساز.
قىلدى سۇبھى يەنە ئۇنى مەنئى،
ئاشقلار دۈشمىنىدۇر سۇبھى، خوراز.



ياخشىلىنىشقا باشلاپتۇ. پادىشاھ تۇتىدىن كۆپ خۇرسەن بولۇپتۇ. تۇتى نېمە دېسە پادىشاھ شۇنى قىلىپ بېرىدىغان بولۇپتۇ.

تۇتى قەپەستىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى قىلىش ئۈچۈن پادىشاھقا مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي شاھىم، مېنىڭ بەرگەن دورىلىرىم بىلەن كېسىلىڭىز شىپالىق تاپتى. ئەپسۇسلىنىدىغىنىم، مەن خۇددى گۇناھكارلارغا ئوخشاش قەپەس ئىچىگە بەند قىلىندىم. مېنى قەپەس ئىچىدە ساقلاش ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس. ئەگەردە سىز مېنى قەپەستىن بوشاتسىڭىز مەن چىقىپ كەتكەن ئورمانلىق ۋە دەشت - سەھرالارغا بېرىپ، ئۇ يەردىن ھەر خىل گىياھلارنى تېپىپ كېلىپ سىزگە دورا ياساپ بېرەي. سىز ئۇ دورىنى ئۈچ كۈنگىچە تاماقتىن بۇرۇن ئىچىپ بەرسىڭىز كېسەلدىن ساقىيىپ، تېخىمۇ ياشىرىپ كېتىسىز، بۇ دورىنى ئىچكەندىن كېيىن ئاق چاچلىرىڭىز قارىيىپ، كۆزلىرىڭىز تېخىمۇ روشەنلىشىپ، كۈندۈزىمۇ يۇلتۇز كۆرەلەيدىغان بولىسىز، — دەپتۇ.

پادىشاھ بۇنىڭ ھىيلە ئىكەنلىكىنى بىلمەي خىزمەتكارغا تۇتىنى قەپەستىن بوشىتىشنى بۇيرۇپتۇ. تۇتى قەپەستىن چىققاندىن كېيىن ئاسمانغا پەرۋاز قىلىپ دەشت - باياۋانغا قاراپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. كامران شاھنىڭ ئىشلىرى يېرىم يولدا توختاپ قاپتۇ. بېيت:

نەخشەبى، ئالدىراڭغۇلۇق قىلما،
ھەر كىشى سۆزىگە قۇلاق سالما.
مىكىرلىك سۆزنى پىكىر قىل، ئويلا.
چۈنكى ھەسرەت داغىدا قالما.

تۇتى سۆزىنى بۇ يەرگە يەتكۈزگەندىن كېيىن خوجەستىگە مۇنداق دېدى:

نىڭ قېشىغا بېرىپ مەقسىتىڭىزنى ھاسىل قىلىڭ. ئەمما، بۇ ئىشلارنى باشقىلار كۆرۈپ قالمىسۇن. ئەگەر كىشىلەر بىلىپ قالسا، ئۇ چاغدا سىز ئېرىڭىز ئالدىدا خۇددى ئەمىرزادىنىڭ سىپاھ ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى ئالدىدا شەرمەندە بولغىنىدەك ئاقىۋەتكە قالىسىز.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

تۇتى ھېكايىسىنى باشلىدى:

بۇرۇنقى زاماندا بىر سىپاھ بار ئىكەن. ئۇنىڭ خوتۇنى تولىمۇ چىرايلىق ئىكەن. سىپاھىنىڭ كۆندەشلىكى شۇ قەدەر كۈچلۈك ئىكەنكى، ئايالىنىڭ يېنىغا نامەھرەم تۇگۇل، شامالنىمۇ يېقىن يولاتمايدىكەن. ئايالىنىڭ يۈزىگە ھەتتا ئەركەك چىۋىنىنىمۇ توندۇرمايدىكەن. سىپاھ ئاقىۋەتتە پادىشاھنىڭ لەشكىرىي خىزمەتلىرىنىمۇ تاشلاپ ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋاپتۇ. ئايالى سىپاھقا:

— سەن نېمىشقا ئۆز كەسپىڭنى تاشلىدىڭ؟ دانىشمەنلەرنىڭ: «كىشى ئەگەر ھۇرۇنلۇق سەۋەبىدىن كەسپىنى تاشلىسا ئاخىر تەلەندەر بولۇر، ئەگەر تەقۋادارلىق ۋە تائەت - ئىبادەت ئۈچۈن كەسپىنى تاشلىسا، ئاقىۋەتتە ئىلاجىسىز ئوغرىلىق قىلۇر» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ — دەپتۇ.

— ھەي مەزلۇم، — دەپتۇ سىپاھ ئايالىغا، — مېنىڭ كۆندەشلىكىم ناھايىتى يامان، سېنى يالغۇز قويۇپ سىپاھلىق خىزمىتىگە بارسام، باشقا نامەھرەمنىڭ كۆزى چۈشۈشى مۇمكىن، ئۇ چاغدا مېنى كىشىلەر «دەييۇز» دېيىشىدۇ، دەييۇزلەر ھەرگىز بېھىشكە كىرەلمەيدۇ، ئۇلارغا ھەتتا جەننەتنىڭ پۇرىقىمۇ تەگمەيدۇ. بېيىت:

## بەشىنچى داستان

**ياساۋۇلنىڭ ئايالىنى ئەمىرزادىنىڭ سىنىماقچى بولۇپ ئادەم ئەۋەتكەنلىكى، ئاخىر بۇ ئىشلىرى توپەيلىدىن شەرمەندە بولغانلىقى**



بەشىنچى كۈنى قۇياش ئالتۇن قاناتلىرىنى يېيىپ، مەغرىب قەپىسىگە كىردى. ئاي يۈزمىڭلارچە ھەيۋەت - ھەشەم بىلەن پارلاپ، مەشرىق زىندانىدىن چىقتى. خوجەستە ئۈنچە - مارجانلار بىلەن بېزەلگەن كىيىملەرنى كىيىپ، كۆزلىرى قۇتىسىدىن ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى چاچقان ھالدا ئىجازەت ئېلىش ئۈچۈن تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەي ئاغىچام، — دېدى تۇتى خوجەستىگە سالام بەرگەندىن كېيىن، — سىزنى تۇسۇشنىڭ ماڭا نېمە پايدىسى بار؟ بۇنداق ھىجران ئوتىدا كۆيۈۋېتىپسىز، يەنە ھەر كېچىسى مېنىڭ سۆزۈمگە باغلىنىپ، ھېكايەمگە قۇلاق سالىسىز. بىچارە ئاشىقىڭىزنى قاچانغىچە ئىنتىزار قىلىسىز؟! بۈگۈن يىگىتىڭىز-

— ئەي يىگىت، ئورنۇڭدىن تۇرغىن. ئەمدى نۆۋەت بىزگە كەلدى، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئىككى خوتۇن قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپتۇ ۋە:

— ئەي ياساۋۇل، سەن بىر ئەر كىشى تۇرۇپ، ئەجەبا بىزگە ئاچچىقىڭ كەلمىدىمۇ؟ — دېيىشىپتۇ.

— ئەي مەزلۇملار، مەن باياۋاندا ئاجايىپ بىر ئەھۋالغا دۇچ كەلدىم، — دەپتۇ ياساۋۇل، — شۇ كۈندىن باشلاپ خوتۇنۇمنى كۆنلىمەيدىغان بولدۇم.

— ئۇ قانداق ۋەقە؟ — دەپ سوراپتۇ ياساۋۇلنىڭ خوتۇنى.

ياساۋۇل ئۇلارغا جاۋابەن مۇنداق دەپتۇ:

— بىر كۈنى باياۋان چۆلدە بىر پىلنى ئۇچراتتىم. ئۇ پىل گوياكى تاغدەك قامەتلىك بولۇپ، خارتومى گويا بۇلۇتتەك ھەيۋەت ئىكەن. ئۇ پىلنىڭ ئۈستىگە بىر شاھانە دەپە بېكىتىلىپتۇ. مەن ئۆز - ئۆزۈمگە: «بۇ باياۋان چۆلدە بىر پىلنىڭ پەيدا بولۇپ تىلىشى ئاجايىپ ئىشقۇ؟» دەپ، ئۇ پىلدىن قورقۇپ، بىر دەرەخ بېشىغا چىقىۋالدىم. قىرىنىشقاندەك ھېلىقى پىلمۇ مەن چىقىۋالغان دەرەخ تۈۋىگە كېلىپ توختىدى. ئۇ دۈمبىسىدىكى مەپىنى دەرەخ تۈۋىگە چۈشۈرۈپ قويۇپ، چۆللۈككە كىرىپ كەتتى. بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ مەپىنىڭ ئىچىدىن ئاي يۈزلۈك، كۈمۈش بەدەنلىك شۇنداق چىرايلىق بىر ئايال چىقتى. مەن ئۆمرۈمدە ئۇنداق چىرايلىق ئايالنى كۆرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئاڭلاپمۇ باقمىغان ئىكەنمەن. مەن ئۇ گۈزەل ئايالغا مەپتۇن بولۇپ، دەرەختىن چۈشۈپ ئۇنىڭغا ئۆز كۆڭلۈمنى ئىزھار قىلدىم. ئۇ گۈزەل ئايال مەن بىلەن ئەيش - ئىشرەت قىلىشقا رازى بولدى. شۇنىڭ

نەخشەبى، ئەر كىشىدە غەيرەت بولۇر،
ئۇلۇغ ئىشتۇر ھىمايەت ئەر كىشىگە.
كۆچىنى باشقۇرمىغان دەييۈزدۇر،
يامان ئىشتۇر بۇ ئىللەت ھەر كىشىگە.

سىپاھىنىڭ ئايالى بۇنى ئاڭلاپ، مۇنداق دەپتۇ:

— سىزنىڭكى بۇ قانداق خىيال؟ نېمىدەپ بۇنداق بىھۇدە ئەندىشىلەرنى كۆڭلۈڭدە ساقلايسەن؟ ئاياللار تائىپىسىنى تەڭرىنىڭ پاك مۇھاپىزىتىدىن باشقا ھېچ نەرسە چەكلىيەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەرمىسە بىكار، پاسىق ئاياللىقى ھەرقانداق قابىل ئەرمۇ پاك ساقلىيالمايدۇ. ئەخلاقلىق ئاياللارنى بولسا، ھەرقانداق يامان ئەرلەرمۇ يولدىن چىقىرالمايدۇ. ئەرلەردە ھەر تۈرلۈك مۇھاپىزەتلەر قانچە كۆپ بولغانسېرى، ئاياللاردىمۇ پاسكىنا - بۇزۇق قىلمىشلار شۇنچە كۆپ بولىدۇ. سەن ياساۋۇل بىلەن ئۇنىڭ ئايالى ئارىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى ئاڭلىمىغانمۇ؟

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپتۇ سىپاھ.

— بۇرۇنقى زاماندا بىر ياساۋۇل بار ئىكەن، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ سىپاھىنىڭ خوتۇنى، — ئۇ ياساۋۇل ئىنتايىن باتۇر ھەم شىجائەتلىك ئىكەن. ئۇنىڭ ئايالىمۇ ناھايىتى گۈزەل ۋە زىبا ئىكەن. ئەمما ياساۋۇل ئايالىنى زادى كۆنلىمەيدىكەن. بىر كۈنى خوتۇنى ياساۋۇلنى قەستەن تېرىكتۈرۈش ئۈچۈن، يەنە بىر خوتۇننى ئەرەنچە ياساندۇرۇپ ئىككىسى كارۋاتتا تۇچاقلىشىپ يېتىپتۇ. ياساۋۇل ئۆيگە كىرىپ خوتۇنىنىڭ بىر ئەر كىشى بىلەن ياتقانلىقىنى كۆرۈپ بۇ ئىشقا خاپا بولماستىن، بەلكى ھېلىقى كىشىگە:

سىپاھىنىڭ ئايالى ھېكايىسىنى بۇ يەردە تاماملاپتۇ.

— ھەي ئەقىللىك خوتۇنۇم،— دەپتۇ سىپاھ،— ئۇنداق بولسا مەن قانداق قىلىمەن؟ ماڭا مەسلىھەت بەرگىن.

— سەن خاتىرجەم بولغىن. مېنى خۇداي-تائالاغا تاپشۇرۇپ بىر ئۇلۇغ كىشىنىڭ يېنىغا بارغىن. سەن ئۇ كىشىگە خىزمەت قىلىپ، ئاز-تولا ئوقەت قىلغىن. مەن ساڭا بىر دەستە گۈل بېرىمەن. ئۇ گۈل مېنىڭ ساڭا بولغان پاكلىقىمنىڭ نىشانىسى بولىدۇ. ئەگەر ئۇ گۈل تورزىمىسا، ئۇ چاغدا مېنىڭ گۇناھتىن خالىي، پاك ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەردە بۇ گۈل تورزۇپ كەتسە مېنىڭ نەپسىم غالىب كېلىپ يولدىن چىققانلىقىمنى بىلدۈرىدۇ،— سىپاھىنىڭ خوتۇنى شۇ سۆزلەرنى دېگەندىن كېيىن، بىر دەستە گۈلنى ئېرىگە بېرىپتۇ.

سىپاھ گۈلنى كۆتۈرۈپ، چۆل-باياۋانلارنى كېزىپ بىر شەھەرگە بېرىپتۇ. ئۇ شۇ شەھەردىكى بىر ئەمىرزادىگە چاكار بولۇپ ئىشلەپتۇ.

سىپاھ ئەمىرزادىنىڭ مەجلىسلىرىدە ۋە بەزمە-مەشرەپلىرىدە خوتۇنى بەرگەن گۈلنى بىللە ئېلىپ يۈرىدىكەن.

قىش پەسلى كېلىپ زېمىستان سوغۇق ئالەمنى قاپلىغان چاغدا، باغدىكى ھەممە گۈللەر سارغىيىپ غۇنچىلىرى تۆكۈلۈشكە باشلاپتۇ. ئەمما سىپاھىنىڭ بىر دەستە گۈلى ھېچ نەرسە بولماپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئەمىرزادە ئەتراپىدىكىلەرگە:

— بۇ كۈنلەردە باغدىكى ھەممە گۈللەر سارغىيىپ كەتكەن تۇرسا، بۇ غېرىب يىگىت ھەر كۈنى بىر دەستە يېڭى گۈلنى نەدىن تېپىپ كېلىدۇ؟— دەپتۇ.

ئەمىرزادىنىڭ ئەتراپىدىكىلەر:

— ئەي ئەمىرزادە، بىزمۇ بۇ ئىشقا ھەيران، بۇنىڭ سىرىنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن سوراپ كۆرەيلى،— دېيىشىپتۇ.

بىلەن ئىككىمىز كۆڭلىمىزنى ئېچىپ، نەپسىمىزلى قاندۇردۇق. بىر چاغدا ئۇ ئايال قويىنىدىن بىر تۈگۈلگەن تانىنى چىقىرىپ، ئۇنى يەنە بىر تۈگدى. مەن بۇ ئىشقا ھەيران قېلىپ، ئۇ ئايالدىن: «ئەي گۈزەل، بۇ نېمە تانا ۋە نېمە تۈگۈنلەر؟ بۇنىڭ سىرىنى ماڭا دەپ بېرىڭ» دەپ سورىدىم. ئۇ: «ئەي يىگىت، مېنىڭ ئېرىم بىر ياساۋۇلدۇر. ئۇ دۇنيادىكى ھەممە ھۈنەرنى بىلىدۇ. لېكىن، ئۇ مېنى ئىنتايىن قاتتىق كۈنلەيدۇ. شۇڭا ئۇ سېھرى - جادۇ ئارقىلىق پىل سۈرىتىگە كىرىسپ، مېنى دائىم ئۈزى كۆتۈرۈپ، ئادەم ئايىغى يەتمەيدىغان دەشت - باياۋاندا يۈرىدۇ. شەھەردە ھەرگىزمۇ تۇرمايدۇ. شۇنداقتىمۇ مۇشۇ باياۋان چۆللەردە يۈرۈش جەريانىدا مەن پۇرسەت تېپىپ توقسان توققۇز كىشى بىلەن ئەيش - ئىشرەت قىلىپ، ئۆز نەپسىمنى قاندۇرۇپ كەلدىم. ھەربىر كىشى بىلەن ئەيش - ئىشرەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ تانىنى بىر تۈگۈنچەك قىلىپ چەگدىم. مېنىڭ تانام تېخى ئۇزۇن. ئەگەر ئۆمرۈم بولسا، بۇ تانىنىڭ تۈگۈنچەكلىرىنى نەچچە كىشىگە يەشتۈرۈپ ۋە يەنە نەچچە كىشىگە قايتا چىگدۇرىمەن» دېدى. مەن ئۇ خوتۇندىن بۇنداق ھىيلە - مىكىرلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، ناھەرەم خوتۇنغا قاراشقا تەۋۋا قىلدىم، خوتۇنۇمنىمۇ كۈنلىمەستىن، تەگرىگە تاپشۇرىدىغان بولدۇم. بېيىت:

نەخشەبى، بارچىنى خۇدا ساقلار،
ھەر نېمە كەلسە تەڭرىدىن بىلگىن.
كۈنلىگەندىن بولۇر نېمە ھاسىل،
ھەممىنى بىر خۇداغا تاپشۇرغىن.

كەپتۇ. بىر بالىخانىنى ئىجارىگە ئېلىپ بىرنەچچە كۈن هاردۇق ئاپتۇ.

بىر كۈنى باقاۋۇل بىر دەللال خوتۇننى تېپىپ، ئۇنى سىپاھىنىڭ خوتۇنىنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىپتۇ. دەللال خوتۇن سىپاھىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ خوتۇنغا:

— بىر دۆلەتمەن كىشى بۇ شەھەرگە كەلگەنىكەن، ئۇ سىزنىڭ ھۆسن - جامالىڭىزغا ئاشىق ۋە مەپتۇن بولۇپتۇ، ئەگەر سىز ئۇ كىشىنى بىر كۈن خۇشال قىلسىڭىز نۇرغۇن مال - دۇنياغا ئىگە بولىسىز،— دەپتۇ.

سىپاھىنىڭ خوتۇنى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ دەللال خوتۇنغا:

— ئۇ دۆلەتمەن ئادەمنى مېنىڭ ئالدىمغا باشلاپ كەلگىن، ئەگەر ئۇ ئادەم ھەقىقەتەن ماڭا لايىق بولسا، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇشقا قوشۇلىمەن،— دەپتۇ.

دەللال خوتۇن، باقاۋۇلنى سىپاھىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كەپتۇ. سىپاھىنىڭ خوتۇنى دەللال خوتۇن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن:

— سىز بۇ مەككار خوتۇننى ئارىمىزدىن يىراق قىلىڭ. چۈنكى، ئۇ بىزنىڭ سىرىمىزنى باشقىلارغا ئاشكارىلاپ قويىدۇ. سىز ئۇ خوتۇنغا: «سىپاھىنىڭ خوتۇنى چىرايلىق ئەمەس ئىكەن، مەن ئۇنىڭدىن ناخۇش بولدۇم. شۇڭا باشقا خوتۇننى تېپىپ كەلگىن» دېسىڭىز، ئۇ بىز ئىككىمىزدىن نائۇمىد بولۇپ قايتىپ كەتسە، سىز ئاندىن مېنىڭ ئۆيۈمگە كېلىڭ. شۇنداق قىلساق ئىككىمىز ھەر كۈنى بىرگە بولالايمىز،— دەپتۇ.

باقاۋۇل بۇ سۆزنى ماقۇل كۆرۈپ، بالىخانىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، دەللال خوتۇننى ئارىدىن يىراق قىپتۇ.

سىپاھىنىڭ ھويلىسىدا بىر ئورا بار ئىكەن. خوتۇن ئۇ ئورىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلىتىپ، ئۇ ئورىنىڭ ئاغزىنى ناھايىتى

ئەمىرزادە سىپاھنى چاقىرتىپ گۈلنىڭ سىرىنى سو-
راپتۇ. سىپاھ:

— بۇ بىر دەستە گۈل ئايالىمنىڭ پاكلىقىنىڭ نىشانىسى.
ئايالىم ماڭا: «بۇ گۈللەر توزۇپ كەتسە، مەن ساڭا خىيانەت
قىلغان بولىمەن، ئەگەر گۈللەر توزىمىسا، ئۇ چاغدا مەن ساڭا
سادىق بولغان بولىمەن.» دەپ بۇ گۈلنى بەرگەن، — دەپتۇ.

ئەمىرزادە سىپاھتىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ھەي يىگىت، خوتۇنىڭىز چوقۇم بىر جادۇگەر ئىكەن.
ئەگەر بىر جادۇگەر بولمىسا، بۇ گۈللەر مۇشۇ زىمىستان نو-
غۇقتا قانداقمۇ ساپساق تۇرىدۇ. خوتۇنىڭىز ھىيلە - مىكىرلەر
بىلەن سىزگە بۇ بىر دەستە گۈلنى بېرىپ كۆڭلىڭىزنى خا-
تىرجەم قىپتۇ. كىم بىلىدۇ، مۇشۇ كۈنلەردە خوتۇنىڭىز
كىملەر بىلەن ئەيش - ئىشرەت قىلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

لېكىن، سىپاھ خوتۇنىنىڭ پاكلىقىدىن ھەرگىزمۇ گۇمان-
لانمايدىكەن ۋە خوتۇنىغا بولغان ئېتىقادىمۇ كۈچلۈك ئىكەن.
ئەمىرزادە بىلەن سىپاھ ئوتتۇرىسىدا تالاش - تارتىش ئۇزۇن-
غىچە داۋاملىشىپتۇ. لېكىن بىر - بىرىنى قايىل قىلالماپتۇ.

ئەمىرزادىنىڭ بىر باقاۋۇلى بولۇپ، ئۇ ناھايىتى ئەقىل-
لىك ۋە چىرايلىق ئىكەن. ئەمىرزادە باقاۋۇلغا نۇرغۇن
ماللارنى بېرىپ:

— سەن سىپاھنىڭ شەھىرىگە بېرىپ، ئۇنىڭ خوتۇنى
بىلەن ئەيش - ئىشرەت قىلماقچى بولغانلىقىڭنى ئېيتىپ، مال-
لىرىڭنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنىڭغا بەرگىن. مەن ئۇ خوتۇننىڭ
يولدىن چىققانلىقىنى بىر كۆرۈپ باقاي، — دەپ ئۇنى سى-
پاھنىڭ شەھىرىگە يولغاساپتۇ.

باقاۋۇل بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ، سىپاھنىڭ شەھىرىگە

ئۇلار ئەمىرزادىگە:

— بىزنىڭ مەسلىھەتىمىز شۇكى، سىز يەنە بىر ئادەمنى سىپاھىنىڭ شەھىرىگە ئەۋەتىڭ. ئۇ باقاۋۇلنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەلسۇن، — دەپتۇ.

ئەمىرزادە يەنە بىر ئادەمنى نۇرغۇن مال - دۇنيا بىلەن سىپاھىنىڭ شەھىرىگە يولغا سېلىپتۇ. بۇ ئادەممۇ ئىلگىرىكى ئادەمگە ئوخشاش سىپاھىنىڭ خوتۇنىنىڭ تورىغا چۈشۈپتۇ.

ئەمىرزادە يەتتە ئاي يولغا قاراپتۇ. لېكىن ئۇلاردىن خەۋەر بولماپتۇ. ئۇ: «مەن ئىككى ئادەمنى ئەۋەتتىم، بىرىمۇ قايتىپ كەلمىدى. بۇنىڭدا چوقۇم بىر سىر بار»، دەپ ئويلاپ، سىپاھىنىڭ شەھىرىگە ئۆزى بېرىشنى قارار قىپتۇ.

ئەمىرزادە يول تەييارلىقىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، سىپاھىنىمۇ بىللە ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار شەھەرگە كىرىپ بىر كاتتا بالىخانىغا چۈشۈپتۇ. ئەمىرزادە سىپاھىنىڭ ئۆز ئۆيىگە قايتىشىغا رۇخسەت قىپتۇ.

سىپاھ ئۆيىگە كىرىپ خوتۇنىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇش بولۇپتۇ. ئۇلار تىنچلىق - ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن ئەمىرزادە بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئەھۋاللارنى خوتۇنىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. خوتۇنى:

— سەن ئەمىرزادىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنى ئۆيىمىزگە مېھمانغا چاقىرغىن. ئەمىرزادە ئۆز ئادەملىرى بىلەن بىزنىڭ ئۆيگە قەدەم تەشرىپ قىلسۇن، — دەپتۇ.

سىپاھ ئەمىرزادە چۈشكەن بالىخانىغا بېرىپ ئۇنى ئۆيىگە تەكلىپ قىپتۇ. ئەمىرزادە تەكلىپنى قوبۇل قىپتۇ.

سىپاھ ئەمىرزادە بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. ئۇ خوتۇنىغا ھېلىقى بىر دەستە گۈلنى بېرىپ:

— مەن بۇ گۈلنى ھازىرغا قەدەر ساقلاپ كەلدىم، — دەپتۇ.

ئۈستىلىق بىلەن يېپىپ ئۈستىگە ئورۇن تەييارلاپتۇ، خوتۇن ئۇ يەرگە بىر ئورۇندۇقنى قويۇپ قويۇپتۇ.

كەچ بولغاندا باقاۋۇل سىپاھنىڭ ئۆيىگە كېلىپ خوتۇن بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. خوتۇن باقاۋۇلنى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىپتۇ. باقاۋۇل ئورۇندۇقتا شۇنداق ئولتۇرۇشىغا ئورا ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ بىچارە ئورا ئىچىدە ئاھ ـ پەرياد ئۇرۇشقا باشلاپتۇ، سىپاھىنىڭ خوتۇنى:

— غەۋغا قىلماي راستىڭنى ئېيتقىن. سەن نەدىن كەلدىڭ؟ سېنى بۇ يەرگە كىم ئەۋەتتى؟ بۇنىڭ ھەممىسىنى توۋلۇقى بىلەن سۆزلىگىن. بولمىسا بۇ يەردىن تىرىك چىقىپ كېتىمەن دەپ خام خىيال قىلما، — دەپتۇ.

باقاۋۇل راست گەپنى قىلىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ شەھەرگە نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىرمۇبىر بايان قىپتۇ ۋە بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

يارنىڭ شېرىن لېۋىنىڭ ئىشقىدا كۆڭلۈم قۇشى،
تەلمۈرۈپ قەپەستىكى بۇلبۇل كەبى كەتتى ھوشى.

سىپاھنىڭ خوتۇنى باقاۋۇلغا:

— سەن مېنى ناپاكلىق يولىغا باشلىماقچى بولغان ئىدىڭ، ئاللاتائالا مېنى چوڭقۇر زىندانىغا سالدى، — دەپ ئورىسىنىڭ ئاغزىنى يېپىپ قويۇپتۇ.

ئەلقىسسە، خېلى كۈنلەر ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن باقاۋۇل قايتىپ كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئەمىرزادە بىئارام بولۇپتۇ.

— مەن بىر ئادەمنى ھېلىقى يىگىتنىڭ شەھىرىگە ئەۋەتكەنىدىم. لېكىن، ھازىرغا قەدەر قايتىپ كەلمىدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ — دەپتۇ ئەمىرزادە ئۆز يېقىنلىرىغا.

زادە ئولتۇرغان سورۇنغا كىرگۈزۈپتۇ. ئەمىرزادە بۇ ئىككى «كېنىزەك» نى كۆرۈپ:

— بۇ كېنىزەكلەر نېمە گۇناھ قىلغىنى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ چاچلىرى ۋە قاش - كىرپىكىنى قىرقىپ تاشلىغان،— دەپ سوراپتۇ.

— بۇ كېنىزەكلەر ناھايىتى چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇلارنىڭ نېمە گۇناھ قىلغىنىنى ئۆزىدىن سوراڭ،— دەپتۇ سىپاھ.

بۇنى ئاڭلىغان ئەمىرزادە ئۇلارنىڭ چىرايىغا زەن سېلىپ قاراپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۆزى ئەۋەتكەن ئادەملەر ئىكەنلىكىنى تونۇپتۇ. ئۇ ئىككىسىمۇ ئەمىرزادىنى تونۇپ، ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، بولغان ئەھۋاللارنى بىرمۇبىر بايان قىلىشىپتۇ، ئۇلار:

— بۇ خوتۇن ناھايىتى ئىبادەتكۇي ئىكەن، ئۇ كېچىلىرى ئۇخلىماي «قۇرئان» ئوقۇيدىكەن، بۇ خوتۇننىڭ ھەر كۈنى خۇدانى ياد ئېتىشتىن باشقا ئىشى يوق ئىكەن،— دېيىشىپتۇ.

دەل شۇ چاغدا سىپاھنىڭ خوتۇنى تام كەينىدە تۇرۇپ:

— ئەي ئەمىرزادە، سەن مېنىڭ گۈل دەستەمنى كۆرۈپ مېنى جادۇگەر دەپسەن. سەن شۇنى بىلمەيسەنكى، خۇدايىتائالا ئۆزىنىڭ خاسىيەتلىك كالامىدا: «ئەي بەندىلىرىم، ئەگەر جەننەتكە كىرىشنى خالىساڭلار ۋە مېنىڭ رەھمىتىمنى تىلىسەڭلار سىلەرگە لازىم بولىدىغىنى شۇكى، يالغان سۆزلىمەڭلار، ئوغرىلىق قىلماڭلار، سېھرى - جۇدا قىلماڭلار، بىچارە مىسكىنلەرگە ئازار بەرمەڭلار، ئەدەبلىك بولۇڭلار: ھېچكىمنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتماڭلار، دائىم مېنى ئېسىڭلاردىن چىقارماڭلار، ھەرقانداق مۇشكۇل ئىشقا دۇچ كەلسەڭلار مەندىن مەدەت تىلەڭلار، مەن سىلەرنىڭ ھاجىتىڭلارنى ئاسانلىق بىلەن ھەل قىلىمەن»

— مەن ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ھېچقانداق گۇناھ ۋە ئاسىيلىق قىلمىدىم. شۇڭا مېنىڭ گۈل دەستەم توزۇپ كەتمەي ساق تۇرۇپتۇ، — دەپتۇ.

— راست ئېيتتىڭ، — دەپتۇ سىپاھ.

سىپاھنىڭ خوتۇنى ھېلىقى ئىككى ئادەمنىڭ ئىشلىرىنى ئېرىگە تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىپتۇ. سىپاھ بۇنى ئاڭلاپ ھەيران قاپتۇ.

ئەتىسى ئەمىرزادە سىپاھنىڭ ئۆيىگە كېلىپ مېھمان بوپتۇ. سىپاھنىڭ خوتۇنى ئورىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ:

— سىلەر ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، بۇ شوتىغا ئېسىلىپ سىرتقا چىقىڭلار، — دەپ بىر شوتىنى ئورىنىڭ ئىچىگە چۈشۈرۈپ بېرىپتۇ.

ھېلىقى ئىككى ئادەم ئورىدىن چىقىپتۇ. ئورا چوڭقۇر ھەم سېسىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ چاچ - ساقاللىرى، بۇرۇت - قاشلىرى ۋە كىرپىكلىرى پۈتۈنلەي چۈشۈپ كەتكەنىكەن. سىپاھنىڭ خوتۇنى ئۇلارغا:

— مەن بىر ئەمىرزادىنى مېھمانغا چاقىردىم. ئۇنى كۈتۈش ئۈچۈن خىلمۇخىل تاماقلارنى تەييارلىدىم. سىلەر ئۆيگە كىرىپ داستىخان سېلىپ، تاماقلارنى ئەكىرىڭلار. ئۇ مېھمان تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، سىلەرنى خۇدا يولىدا ئازاد قىلىمەن. مەن سىلەرنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن بۇنداق ئىشلارنى ھەرگىز قىلماڭلار، — دەپتۇ.

— ئەگەر خۇدانىڭ پەزىلىتى ۋە كەڭچىلىكى بىلەن ھاياتلا بولساق، بۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلمايمىز، — دەپتۇ ئىككىسى.

سىپاھنىڭ خوتۇنى ئۇلارغا كېنىزەكلەرنىڭ كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ، تاماق ئۇسۇلغان تاۋاقلارنى بېشىغا قويۇپ، ئەمىر-

نىڭ قېشىغا بېرىڭ،— دېدى.

خوجەستە يىگىتنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى. خوجەستە كېچىنى ھېكايە ئاڭلاش بىلەن ئۆتكۈزۈپ ئۇيقۇدىن قالدى. ئۇ يىگىتنىڭ يېنىغا كەچتە بېرىشنى ئويلاپ، ئۇخلاش ئۈچۈن خاس ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. بېيىت:

نەخشەبى، ئويلىغان بېرىپ بۇ كېچە،
ئەيش ـ ئىشرەت قىلىشقا چالغاي ساز.
ئۇنى سۈبھى يەنە توسۇپ قويدى،
ئاشقلار دۈشمىنىدۇر سۈبھى، خوراز.



دېگەن. مەن ھەر ۋاقىت «قۇرئان كەرىم» نى ئوقۇپ تۇرۇپ قانداقسىگە گۇناھلىق ۋە ئاسىيلىق ئىشلارنى قىلىمەن، سەن خۇدانىڭ بەندىلىرىنىڭ نەچچىسى ياخشى، نەچچىسى يامان؛ نەچچىسى ئاسىي؛ نەچچىسى پاك ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ شۇڭا سەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئوخشاش دېمىگىن. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق بولمىغۇر ئىشلارنى قىلىپ، پاك كىشىلەرنى يولدىن چىقىرىش خىيالىدا بولماي، تائەت ـ ئىبادەتتە بولغىن، بولمىسا سەنمۇ بۇ ئىككىسىگە ئوخشاش دوزاخ ئازابى تار-تىسەن، ـــ دەپتۇ.

ئەمىرزادە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى تەڭلىكتە قاپتۇ. ئۇ خىجىل بولغان ھالدا:

ـــ ئەي يىگىت، مەندىن چوڭ گۇناھ ئۆتتى. سىلەر ئەپۇ قىلىڭلار، ئىككىڭلار ئۆمرۈڭلارنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆيدە بولۇڭلار، بۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىمگە نۆكەر بولماي ئۆمرۈڭلارنى خۇ-شال ـ خورام ئۆتكۈزۈڭلار، ـــ دەپ نۇرغۇن مال ـ دۇنيانى سىپاھىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

ئەمىرزادە سىپاھىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ، ھېلىقى ئىككى ئادىمى بىلەن ئۆز شەھىرىگە راۋان بوپتۇ. بېيىت:

نەخشەبى، ياخشىنى يامان دېمىگىن،
تەگرىگە ھەممە ئىش ئايان، بىلگىن.

تۇتى ھېكايىسىنى تاماملىدى. ئاخىرىدا خوجەستىگە:

ـــ ئەي ئاغىچا خېنىم، سىپاھىنىڭ خوتۇنى ئۆزىنىڭ پاكلىقى بىلەن ئەمىرزادىنى شەرمەندە قىلدى. ئەگەر سىزنىڭ ئىشىڭىزنى ئېرىڭىز بىلىپ قالسا، سىزمۇ ئەمىرزادىگە ئوخشاش خىجىللىقتا قالىسىز. ئەمدى ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ يىگىتىڭىز-

ئۇنى ۋىسالىڭىزغا يەتكۈزۈڭ. ئەگەر ئۇ يىگىت سىزنىڭ ۋىسالىڭىزغا يېتەلمەي قالسا، ئۇ چاغدا خۇددى يەتتە ئاشىققا ئوخشاش مەشۇق ۋىسالىدىن مەھرۇم قالىسۇن، — دېدى.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

تۇتى خوجەستىنى ئۇمىدسىزلەندۈرمەسلىك ئۈچۈن ھېكايىسىنى باشلىدى:

بۇرۇنقى زاماندا بىر ياغاچچى، بىر ئالتۇنچى، بىر كېيىم تىككۈچى، بىر زاھىد بار ئىكەن. تۆتەيلەن بىر كۈنى بىر-بىرىگە ھەمراھ بولۇشۇپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇزاق يول يۈرۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار بىر سەھراغا كېلىپ چۈشۈپتۇ. بۇ سەھرا شۇنداق قورقۇنچلۇق ئىكەنكى، ئۇ يەردە ئادەم تۇرماق قۇشلارمۇ ياشىيالمايدىكەن. جانىۋارلار ھەتتا بۇ سەھرادىن ئۇچۇپمۇ ئۆتەلمەيدىكەن. تۆتەيلەن بۇ يەردە بىر كېچە قونۇشقا توغرا كېلىپتۇ. ئۇلار ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، تۈننى تۆتكە ئۇلاپ نۆۋەتچىلىك قىلماقچى بولۇپتۇ. بىرىنچى بولۇپ ياغاچچى نۆۋەتچىلىك قىپتۇ. ياغاچچى ئۇخلاپ قالماسلىق ئۈچۈن قولىغا پالتىسىنى ئېلىپ، ياغاچتىن بىر قىز ياساپتۇ. ئۇ قىز شۇنداق چىرايلىق ياسىلىپتۇكى، ئۇنى كۆرگەن ئادەم گوياكى تىرىك بىر پەرىنى كۆرگەندەك ھېسسىياتقا كېلىدىكەن. نۆۋەت ئالتۇنچىغا كېلىپتۇ. ياغاچچى ئالتۇنچىنى ئويغىتىپ، ئۆزى ئۇخلاپ قاپتۇ. ئالتۇنچى ئورنىدىن تۇرۇپ قارىغۇدەك بولسا، ئالدىدا بىر گۈزەل پەرى تۇرغۇدەك، ئالتۇنچى: بۇ «ساھىبجامالنى قايسى ئىنسان بۇ سەھراغا ئېلىپ كەلگەندۇ؟» دەپ ئويلاپ، قىزنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. ئۇ يېقىن بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، ياغاچتىن ياسالغان قىز ئىكەن. ئالتۇنچى: «بۇ ياغاچچىنىڭ قىلغان ئىشى، ئۇ ئۆز ھۈنىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بۇ قىزنى ياسىغان. مەنمۇ ئۆز ھۈنىرىمنى ئۇلارغا بىر

# ئالتىنچى داستان

**تۆت كىشىنىڭ ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتكەنلىكى، يەتتە يالەننىڭ بىر قىزغا ئاشىق بولۇپ، ئاخىر ھەممىسىنىڭ مەھرۇم قالغانلىقى**



ئالتىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش گوياكى ئالتۇنچىدەك مەغرىب كارخانىسىغا كىرىپ كەتتى. ئاي ماھىر ياغاچچىدەك ئايپالتىسىنى كۆتۈرۈپ مەشرىق دۇكىنىدىن چىقتى. خوجەستە ئورنىدىن تۇرۇپ سۇ تەلەپ قىلدى. كېنىزەكلىرى ئۇنىڭغا سۇ ئېلىپ كىردى. خوجەستە يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇپ چېچىنى تارىدى. كۆزىگە سۈرمە تارتتى، يۈزىگە قارامەڭ چېكىپ، قىممەت باھالىق كىيىملەرنى كىيىپ تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى. خوجەستە ئالتۇن كۇرسىدا ئولتۇرۇپ تۇتىدىن ئىجازەت سورىدى. تۇتى خوجەستىگە:

— سىز چىرايلىق بولغان بىلەن ئۇ يىگىتنىڭ ئىشق-مۇھەببىتىنى تولۇق چۈشەنمەيسىز. ئۇ سىزنىڭ ئىشق ئوتىڭىزدا سەرسان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا سىز ئۇنىڭ ئىشق-مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلىشىڭىز كېرەك. يىگىتنىڭ يېنىغا بېرىڭ،

مۇناجات قىپتۇ. خۇدا زاھىدنىڭ مۇناجىتىنى قوبۇل قىلىپ، ياغاچ قىزغا جان ئاتا قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ياغاچ قىز چىرايلىق بىر پەرىگە ئايلىنىپتۇ. تاڭ ئاتقاندا تۆتەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ قارىسا، ئۇلارنىڭ ئالدىدا يۈز - كۆزىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان چىرايلىق بىر قىز تۇرغۇدەك. ئۇلار بۇ گۈزەل پەرىنى كۆرۈش بىلەنلا ئاشىق - بىقارار بولۇشۇپتۇ ۋە پەرىنى ئۆزئارا تالىشىشقا باشلاپتۇ. ياغاچچى:

— بۇ قىزنى مەن ياسىغان، شۇڭا ئۇ ماڭا تەئەللۇق،— دەپتۇ.

ئالتۇنچى:

— بۇ قىز ماڭا تەئەللۇق، چۈنكى ئۇنىڭ ئالتۇن - جابدۇقلىرىنى مەن سوقۇپ بەرگەن، — دەپتۇ.

تىككۈچى:

— بۇ قىزنىڭ ئۇچىسىدىكى كىيىملەرنى مەن تىكىپ بەرگەن، شۇڭا ئۇ ماڭا تەئەللۇق،— دەپ جېدەل قىپتۇ.

زاھىد:

— بۇ قىز پەقەت ماڭىلا تەئەللۇق، چۈنكى مېنىڭ خۇداغا مۇناجات قىلىشىم بىلەن خۇدايىتائالا ئۇنىڭغا جان ئاتا قىلدى، — دەپتۇ. نەزمە:

گۈل گۈزەل كۆرۈنمىگەي يارنىڭ جامالى بولمىسا،
دىلغا خۇش ياقماس باھار، دىلبەر ۋىسالى بولمىسا.

ئەلقىسسە، بۇ تۆتەيلەن خېلى ئۇزۇنغىچە جېدەللىشىپتۇ. ئاخىرى ئۇلار: «بۇ قىزدا ھەممىمىزنىڭ ھەققى بار ئىكەن، شۇڭا ئۇنى ھاكىمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارايلى، ھاكىم بۇ قىزنى كىمگە بۇيرۇسا شۇنىڭغا تەۋە بولسۇن، بۇنىڭغا ھەممىمىز

كۆرسىتىپ قويمىسام بولمايدىغان ئوخشايدۇ» دەپ يانچۇقىدىن كىچىك بىر خالتىنى چىقىرىپتۇ. خالتا ئىچىدىن كۈمۈش ۋە ئالتۇنلارنى ئېلىپ، ئۈزۈك ۋە ھالقا ياساپ، ياغاچ قىزنىڭ قول ۋە قۇلاقلىرىغا سېلىپ قويۇپتۇ. نۆۋەت تىككۈچىگە كېلىپتۇ. ئالتۇنچى تىككۈچىنى ئويغىتىپ قويۇپ ئۆزى ئۇخلاپ قاپتۇ. تىككۈچى ئورنىدىن تۇرۇپ قارىغۇدەك بولسا، ئالدىدا چىرايلىق بىر قىز تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ھەيران بولۇپ: «بۇ يېرىم كېچىدە شۇنداق قىممەت باھالىق ئالتۇن - جاۋاھىرلار بىلەن ئۆزىنى بېزەپ تۇرغان بۇ پەرى قىز نەدىن پەيدا بولۇپ قالغاندۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ پەرى قىزنىڭ ئالدىغا بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، بۇ ياغاچتىن ياسالغان قىز ئىكەن. تىككۈچى بۇنىڭ ياغاچچى بىلەن ئالتۇنچىنىڭ قىلغان ئىشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، كۆڭلىدە: «ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھۈنەرلىرىنى كۆرسىتىپتۇ. مەنمۇ ھۈنىرىمنى ئۇلارغا كۆرسىتىپ قوياي» دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ياغاچ قىزغا كىيىم تىكمەك بولۇپ ئىشقا كىرىشىپتۇ. تىككۈچى كىيىمنى پۈتتۈرۈپ ياغاچ قىزغا كىيگۈزۈپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ياغاچ قىز تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىپتۇ. نۆۋەت زاھىدقا كەلگەندە تىككۈچى ئۇنى ئويغىتىپ قويۇپ ئۆزى ئۇخلاپ قاپتۇ. زاھىد ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئۇ ئىبادەتكە مەشغۇل بولماقچى بولۇپ، ئالدىغا قارىغانىكەن، شۇنداق چىرايلىق بىر قىز تۇرغۇدەك. زاھىد: «بۇ ساھىبجامال بۇ سەھراغا نەدىن كېلىپ قالغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. يېقىن بېرىپ قاراپ ئۇنىڭ ياغاچتىن ياسالغان قىز ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. زاھىد كۆڭلىدە: «بۇ ياغاچچى، ئالتۇنچى ۋە تىككۈچىنىڭ قىلغان ئىشى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھۈنەرلىرىنى كۆرسىتىپتۇ. مەنمۇ ئۆز ھۈنىرىمنى كۆرسەتمىسەم بولمىغۇدەك» دەپ ئويلاپ، ئۇ ياغاچ قىزغا جان كىرگۈزمەك ئۈچۈن خۇداغا

بۇ جېدەلنى شەھەر خەلقى ئاڭلاپ، بىر - بىرلەپ يىغى-
لىشقا باشلاپتۇ. خەلق ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن:

— ھەرقانداق ئادەم دەۋاسى بولسا ھاكىمغا ئەرز قىلار
ئىدى. ئەمدى بولسا ھاكىم ئۆزى تەمەخورلۇق قىلىپ، ئەرز
ئېيتقۇچىلارنىڭ خوتۇن ۋە ماللىرىنى ئېلىۋالسا، ئۇ چاغدا
خەلقنىڭ ھالى نېمە بولماقچى؟ ئۇلارنىڭ ھالىغا كىم يېتىپ،
دەۋاسىنى كىم ئايرىپ بېرەر؟ — دەپ غۇلغۇلا قىلىشىپتۇ.

خەلق ئارىسىدا بىر پەرى بار ئىكەن، ئۇ ناھايىتى تەجرى-
بىلىك ۋە ئەقىللىك ئىكەن. ئۇ پەرى خالايىققا:

— بۇلارنىڭ دەۋاسىنى ئادەم بالىسى ئايرىيالماس، چۈن-
كى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭكىنى راست دەيدۇ. بۇ شەھەرنىڭ سىرتىدا
بىر دەرەخ بار، كىشىلەر ئۇنى «ھېكمەت دەرىخى» دەپ ئاتايدۇ.
ئۇ دەرەخنىڭ شاخلىرى ئاسماننىڭ قەرىگە تۇتىشىدۇ. ئاسماندى-
كى ھامىل ئاتلىق قوي ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرىنى يەيدۇ. ئۇ دە-
رەخنىڭ يىلتىزى يەتتە قات يەرنىڭ ئاستىدىكى يەرنى كۆتۈرۈپ
تۇرىدىغان كالىنىڭ مۈڭگۈزى بىلەن بوي تالىشىپ تۇرىدۇ.
دىۋان بېگى بىلەن ۋەزىرلەر ئايرىيالمىغان ھەرقانداق جېدەلنى
ئۇ دەرەخنىڭ ئالدىغا بېرىپ بايان قىلسا، ئۇنىڭدىن ئاۋاز كې-
لىدۇ - دە، كىمنىڭ دەۋاسى راست، كىمنىڭ دەۋاسى يالغان
ئىكەنلىكىنى ئايرىپ بېرىدۇ، — دەپتۇ.

ئۇ پەرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان يەتتەيلەن قىزنى ئېلىپ،
ئۇ دەرەخنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. ئۇلار ئۆز ئەھۋاللىرىنى دەرەخكە
بايان قىلىپتۇ. شۇ چاغدا دەرەخ ئوتتۇرىسىدىن يېرىلىپ، ھېلى-
قى ياغاچ قىزنى ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ كېتىپتۇ. ئاندىن ئۇ
دەرەخ ئەسلىگە كېلىپتۇ. دەرەخنىڭ ھەربىر يوپۇرمىقىدىن ئاۋاز
كېلىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇپتۇ. بېيىت:

ئىنتىزار بولدۇم جانانىڭ لەۋلىرى ياقۇتىغا،
بىر كۆرۈپلا جانۇ دىلدىن باغلىنىپ قالدىم ئاڭا.

رازى بولايلى» دېيىشىپتۇ.

تۆتەيلەن قىزنى ئېلىپ ھاكىمنىڭ ئالدىغا كېلىپتۇ. ئۇلار ھاكىمغا ئەھۋالنى تولۇق بايان قىلىپتۇ. ھاكىم گۈزەل قىزنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. قىزغا ئاشىق بولۇپ قالغان ھاكىم ئۇنىڭغا ئېرىشىپ پەرياد ئۇرۇشقا باشلاپتۇ:

— بۇ ئەسلىدە مېنىڭ ئايالىم ئىدى، سىلەر ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ ئۇنى ئېلىپ قېچىپسىلەر. ئايالىمنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىڭلار، بولمىسا سىلەرنى ئوردا دىۋان بېگىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىمەن، — دەپ قورقۇتۇپتۇ.

ئەتىسى سەھەردە ھاكىم ئۇلارنى ئېلىپ دىۋان بېگىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. دىۋان بېگى ھاكىمدىن قىزنىڭ گۈزەللىك تەرىپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا غايىبانە ئاشىق بولۇپتۇ.

— ئۇ ئايال ئەسلىدە مېنىڭ بىر قېرىندىشىمنىڭ ئايالى ئىدى. قېرىندىشىم بۇ ئايالنى ئېلىپ باشقا بىر شەھەرگە سەپەر قىلغانىدى. يولدا ئۇلار قاراقچىلارغا ئۇچراپ قاپتۇ. قاراقچىلار قېرىندىشىمنى ئۆلتۈرۈپ، ئايالى بىلەن مال - دۇنياسىنى بۇلاپ كەتكەنىكەن. شۈبھىسىزكى، شۇ قاراقچىلار دەل سىلەر ئىكەنسىلەر. بۇ ئايالمۇ دەل قېرىندىشىمنىڭ ئايالىدۇر. سىلەر قېرىندىشىمنىڭ خۇنىنى تۆلىشىڭلار كېرەك! — دەپ ئۇلارنى ۋەزىرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ۋەزىرمۇ قىزنى كۆرۈش بىلەنلا ئاشىق بولۇپتۇ. ۋەزىر ئۇلارغا:

— سىلەر كىم بولىسىلەر؟ نەدىن كەلدىڭلار؟ بۇ قىز سىلەر بىلەن نېمە قىلىپ يۈرىدۇ؟ بۇ ئەسلى مېنىڭ كېنىزىكىم ئىدى. ئۇ ئاغىچىسى بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ، قېچىپ كەتكەن. بۇ كېنىزەكنىڭ بويىندا ۋە قولاقلىرىدا ئالتۇن ۋە ياسىداقلار بۇنىڭدىن كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ ئالتۇن - جابدۇقلىرىنىڭ تەگدىن تولىسى نەگە كەتتى؟ تېزدىن جاۋاب بېرىڭلار، — دەپتۇ.

## يەتتىنچى داستان

### رايىس رەيسىيانىڭ مەردانىلىك ۋە سېخىيلىق بىلەن دەرۋىشنى ۋە بەرھەمەننى مۇرادىغا يەتكۈزگەنلىكى



يەتتىنچى كېچىسى قۇياش يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامدەك مەغرىب زىندانىغا تاماملىدى. ئاي يۇنۇس ئەلەيھىسسالامدەك① بېلىق قورسىقىدىن چىقىپ، مەشرىق تەختىدە ئولتۇردى. خوجەستە گويا زىلەيخادەك ئىشق - مۇھەببىتىنى يۈزىگە ھۆنەر ۋە دائىملىق ھەۋەس قىلىپ، تۇتىنىڭ قېشىغا كەلدى.

— ھەي مۇبارەك جانىۋار، — دېدى خوجەستە، — سېنىڭ ماڭا قىلغان خەيرىخاھلىقىڭ ۋە ياخشىلىقلىرىڭ ئۈچۈن كۆپ مىننەتدارمەن. ھەر كېچىسى سېنى ئۇيقۇسىز قويۇۋاتىمەن. ھەر دائىم ساڭا باش ئاغرىقى بولىۋاتىمەن. بۇ ئىشىمدىن ناھايىتى

① يۇنۇس ئەلەيھىسسالام — رىۋايەتلەردىكى بىر پەيغەمبەر بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا بېلىقنىڭ قورسىقىدا ئۈچ كېچە - كۈندۈز ياتقاندىن كېيىن، يەنە ساق - سالامەت قايتىپ چىققان. («قۇرئان كەرىم» مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى 633 - بەتكە قاراڭ).

ــ شۇنىڭ بىلەن بۇ يەتتە ئاشىق ئۇ گۈزەل قىزدىن ئۈمىد ئۈزۈپتۇ. ئاخىر ھەممىسى كۆزلىرىنى ياشلاپ، باشلىرىنى قاشلاپ يۈرەكلىرى داغلانغان ھالدا قايتىپ كېتىشىپتۇ. ئۇلار قالغان ئۆمرىنى ھەسرەت بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ.

تۇتى ھېكايىسىنى تاماملىدى. ئۇ خوجەستىگە:

ــ ئەي ئاغىچام، ئەگەر ئېرىڭىز كەلسە سىزنى ھېلىقى دەرەخكە ئوخشاش ئۆز قوينىغا ئالىدۇ. ئۇ چاغدا ئاشىقىڭىزنىڭ تارتقان جەبىر ـ جاپاسى يەتتە ئاشىقنىڭ تەقدىرى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. شۇڭا ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇ يىگىتنىڭ قېشىغا بېرىڭ، ــ دېدى.

خوجەستە ئاشىقىنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى. ئۇنىڭ بېرىشى يەنە كەچقۇرۇنغا قالدى. بېيىت:

نەخشەبى، ئويلىغان بېرىپ بۇ كېچە،
يار ۋەسلىدە بىللە چالغاي ساز.
بىمەھەل توستى يولنى سۈبھى،
ئاشىقلار دۈشمىنىدۇر سۈبھى، خوراز.



ئۆتكەن زاماندا پىلىستان پادىشاھىنىڭ بىر قىزى بار ئىكەن. ئۇ قىز نەققاشلار تامغا ئويۇپ چىقارغان گۈزەل قىزلارنىڭ سۈرىتىدىنمۇ چىرايلىق ئىكەن. بۇ شەھەردە بىر دەرۋىش بولۇپ، ئۇ مەلىكىنى كۆرۈش بىلەنلا ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپتۇ. ئۇنىڭ ئەقىل - ھوشى يوقىلىپتۇ. كۆڭلى ئۇ قىزنىڭ چاچلىرىغا باغلىنىپ قاپتۇ. نەتىجىدە بىر پارچە نان غېمىدىكى بۇ بىچارە ئەمدى جان غېمىگە گىرىپتار بولۇپتۇ. ئۇ دەرۋىش كېچە - كۈندۈز پادىشاھنىڭ ئوردىسى ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرىدىكەن. دەرۋىش يارا - بارا كېچىلىرى ئۇخلىيالمايدىغان، كۈندۈزى كېلىدىن تاماق ئۆتمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ. ياساۋۇللار دەرۋىشنىڭ ھەر كۈنى دەرۋازا ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ مەلىكىگە ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىنى پەملەپتۇ.

— ئەي دەرۋىش، — دەپتۇ ئۇلار ئىچىدىكى دانىشمەنلەردىن بىرى نەچچىسى نەسىھەت قىلىپ، — سەندىكى بۇ قانداق بولمىغۇر ھەۋەس؟ قانداق پىشمىغان خىيال؟ بىر دەرۋىشنىڭ پادىشاھ قىزىغا ئاشىق بولۇپ قالغانلىقى ئەخمىقانە سەۋدادۇر. دەرۋىشنىڭ پادىشاھ بىلەن ھەمسۆھبەت، ھەمداستىخان بولۇشنى خىيال قىلغانلىقى ئەقىلدىن تولىمۇ يىراق. شۇڭا بۇنداق خىيالنى قىلمىغىنىڭ ياخشىراق.

دەرۋىش:

— ئىشق - مۇھەببەت يولىدا پادىشاھ بىلەن گاداي باراۋەردۇر. ئەسھابۇل كەھفمۇ قىتمىر ئاتلىق ئىتنى ئۆزىنىڭ سۆھبىتىدىن مەھرۇم قىلمىغان. ئۇ ھايۋان تۇرۇپ ئەۋلىيالار سۆھبىتىدىن مەھرۇم قىلىنمىغانىكەن، ئەجەبا مەن پادىشاھنىڭ قىزىغا ئاشىق بولسام بولمامدىكەن، — دەپتۇ. بېيىت:

خىجالەت بولسامۇ، ئەمما مەندە نېمە ئىلاج، پۈتۈن سەۋر-تاقىتىم قولۇمدىن كەتتى. دەرمانسىزلىق ئەقىل ۋە ھوشۇمنى نابۇت قىلدى. بۇ ئىشلىرىمغا سەل قارىمىغىن، مېنىڭ ھالىمنى چۈشەنگىن، شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، مەن بۇ كېچە يىگىتىمنىڭ ئالدىغا بارسام، قايسى تىلىم بىلەن ئۆزرە ئېيتىشنى ۋە قايسى يۈزۈم بىلەن ھال ئېيتىشنى بىلمەيمەن.

تۇتى بۇ نالە-زار بىلەن ئېيتىلغان ئۆتۈنۈشلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— مەن بۇ خانىدانىڭ ئاددىي بىر چاكىرىمەن. لېكىن سىزگە لايىق خىزمەت قىلالمىدىم ۋە مەقسىتىڭىزگە يەتكۈزەلمىدىم. بېيىت:

نەخشەبى، ياخشىلىق قىلىش ئەۋزەل،
ھەممىنىڭ كۆڭلىگە يېقىن بولغىن.
بارچىنىڭ خىزمىتىنى قىل، ئەمما،
ئۆز ئىگەڭگە زىيادىراق قىلغىن.

— ئەي ئاغىچا خېنىم، رايى رەييان ھىندىستانىنىڭ پادىشاھى ئىدى. بىر مىسكىن دەرۋىش پىلىستان پادىشاھىنىڭ قىزىغا ئاشىق ئىدى. رايى رەييان ئۇنى قىزىنىڭ ۋىسالىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن كۆپ جاپالارنى تارتتى. رايى رەييان دەرۋىش ئۈچۈن ھەتتا جېنىنى قۇربان قىلىشقىمۇ رازى ئىدى. مەن سىزنى ئاشىقىڭىزنىڭ ۋىسالىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئاشۇ رايى رەييانغا ئوخشاش جېنىمنى قۇربان قىلالمىسامۇ، كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە سىزگە ياردەم قىلىمەن.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن ؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

تۇتى ھېكايىسىنى باشلىدى:

ناھايىتى خۇرسەن بولۇپتۇ. ئۆي خەۋىرىنىڭ خۇشاللىقىدىن دەرۋىش ئالدىدا بۈرگە، ئۇسسۇلغا چۈشكەندەك، پاشا سۇناي چالغاندەك، سېغىزخان ناغرا چالغاندەك، قاغا كاناي تارتقاندەك، چۈمۈلە راۋاب چالغاندەك بولۇپتۇ. بىر پارچە ناننى مىڭ بىر مۇشەققەتتىمۇ تاپالمايدىغان بۇ دەرۋىش ئەمدىلىكتە ئۆي جابدۇقى ئۈچۈن بىر پىلنىڭ ئېغىرلىقىغا تەڭ قىزىل ئالتۇننىڭ غېمىدە چۈشۈپتۇ.

بىر كىشى دەرۋىشكە مۇنداق دەپ يول كۆرسىتىپتۇ:

— ھەي دەرۋىش، بۇنداق يۇقىرى تويلۇقنى نەدىن تاپىسەن؟ تاغنىڭ ئۈستىدىن يۇمىلاتقان تاشنى تۇتۇۋالىمەن دېگەن كىشىگە ئۆلۈمدىن ئۆزگىسى نېسىپ بولمايدۇ. ھەر ھالدا ئەگەر مەقسىتىڭگە يېتەي دېسەڭ ھىندى پادىشاھى رايى رەييانىنىڭ ھۇزۇرىغا بارغىن. تەلەپ قىلغان ئۆي جابدۇقىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ كەلگىن. ئاندىن مۇرادىڭ ھاسىل بولۇپ، مەھبۇبىڭنىڭ ۋەسلىگە يېتىسەن.

دەرۋىش بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال رايى رەييانىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭغا ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلىپتۇ. رايى رەييان شۇ ھامان كېرەكلىك ئالتۇننى پىلغا يۈكلەپ بېرىپتۇ. دەرۋىش رايى رەييانغا رەھمەتلەر ئېيتىپ، ئالتۇننى ئېلىپ، پىلىستان پادىشاھىنىڭ ئالدىغا كېلىپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ ۋەزىرگە:

— ئەي ۋەزىر، ئەمدى قانداق قىلماق كېرەك؟ — دەپتۇ.

— ئەي شاھىم، بۇ ئالتۇنلارنى دەرۋىشكە چوقۇم رايى رەييان بەرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا كىشىنىڭ قولىدىن بۇنداق ساخاۋەتلىك ئىش ھەرگىزمۇ كەلمەيدۇ. بىز دەرۋىشكە يەنە بىر شەرت قويايلى، ئۇ بۇ شەرتنى ئورۇندايمەن دەپ بىزنىڭ كۆزىمىزدىن يوقالسۇن، — دەپتۇ ۋەزىر.

ئەخشەبى، بارچىدىن ئىشق ياخشى،
مىلىڭ گۆزەللىك ئۇنىڭدادۇر پىنھان؛
شۇنچە چەكسىز، ئۇزۇن مۇھەببەت يولى،
بۇندا تەڭدۇر گاداي بىلەن سۇلتان.

ئەلقىسسە، بىر كۈنى ئۇ دەرۋىش پىلىستان پادىشاھىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

— ئەي پادىشاھىم، — دەپتۇ دەرۋىش، — مەن سىزنىڭ قىزىڭىزغا ئاشىق بولدۇم. قىزىڭىزنى ئەمرىمگە ئېلىشىمغا ئىجازەت قىلىڭ. گەرچە سىز پادىشاھ، مەن بىر گاداي بولساممۇ مۇھەببەت يولىدا ھەممىمىز باراۋەر.

پادىشاھ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھەيران قاپتۇ ۋە خاپا بولۇپ دەرۋىشكە ھەيۋە قىپتۇ. پادىشاھنىڭ ۋەزىرى بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ:

— ئەي شاھىم، بۇ بىر دەرۋىش ئىكەن. كىچىككىنە ئىش ئۈچۈن بۇنچىۋالا خاپا بولۇشىڭىزنىڭ ئورنى يوق. بىز ئۇ دەرۋىشكە ياخشى سۆزلەرنى قىلىپ قايتۇرايلى، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. پادىشاھ ماقۇل بولۇپتۇ.

ۋەزىر دەرۋىشكە:

— ئەي دەرۋىش، سەن پادىشاھنىڭ قىزىنى ھەقىقىي ئالماقچى بولساڭ، قىزنىڭ باھاسى بىر پىل بىلەن تەڭ كېلىدىغان ئالتۇندۇر. ئەگەر بىر پىلنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن باراۋەر كەلگۈدەك قىزىل ئالتۇن ئېلىپ كەلسەڭ ئاندىن پادىشاھنىڭ قىزىنى ساڭا نىكاھلىق قىلىپ بېرەيلى، — دەپتۇ.

دەرۋىش بىر ئال تېرىق چاغلىق نەرسە تاپقۇدەك قۇدرىتى بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ تويىنىڭ خۇش خەۋىرىنى ئاڭلاپ،

مىسام بولمايدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ئامالىنى مەن ياخشى بىلىمەن، — دەپتۇ.

دەرۋىش ماقۇل بولۇپ رايى رەيياننى باغلاپ پىلستان پادىشاھىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ رايى رەيياننىڭ ساخاۋىتىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپتۇ:

— بۇ دۇنيادا سىزدىن باشقا كىشى بۇنداق سېخىيلىقنى ئەسلا قىلالماس. باشقا بىر كىشىنىڭ بەختى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىش ھەم قولىدىن كەلمەس، — دەپ قىزىنى ئېلىپ كېلىپ، رايى رەيياننىڭ ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپتۇ، ئاندىن، — بۇ سىزنىڭ كېنىزىكىڭىز، ئۇنى كىمگە بېرىشنى خالىسىڭىز شۇنىڭغا بەرگەيسىز، بۇ ھەقتە ئۇنداق - مۇنداق دېيىش پېقىرنىڭ ھەددى ئەمەس، — دەپتۇ.

رايى رەييان مەلىكىنى دەرۋىشكە بېرىپتۇ. ئاشىق - مەشۇقنىڭ ۋىسالىغا يېتىپتۇ.

تۇتىنىڭ سۆزى بۇ يەرگە يەتكەندە يەنە رايى رەيياننىڭ بەرەھمەنگە خەيرىخاھلىق قىلىپ، خوتۇننى قايتۇرۇپ ئېلىپ بەرگەنلىكى ھەققىدىكى ھېكايىنى تىلغا ئالدى.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

تۇتى ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى:

— رايى رەيياننىڭ بەرەھمەن ئاتلىق بىر نۆكىرى بار بولۇپ، ئۇ دائىم قىمار ئوينايدىكەن. ئۇ قىمارنى تولا ئوينىغانلىقتىن كۆپ قەرزدار بولۇپتۇ. ئۇ رايى رەيياننىڭ ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ تاپا - تەنىلىرىدىن قورقۇپ، ئايالىنى ئېلىپ باشقا شەھەرگە راۋان بولۇپتۇ. ئۇلار بىر قانچە كۈن يول يۈرۈپ بىر شەھەرگە يېتىپ كېلىپتۇ. بەرەھمەن شەھەرگە كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، بىر دوقمۇشتا بىرقانچە قىمارۋاز قىمار ئويناپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ قىمارۋازلارنى كۆرۈش بىلەنلا كۆڭلى كېسىلى

پادىشاھ بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپتۇ. ۋەزىر دەرۋىشكە ئېيتىپتۇكى:

— ئەي دەرۋىش، پادىشاھنىڭ قىزىنى پىلدىن ئىبارەت بىر ھايۋانغا باراۋەر كەلگۈدەك ئالتۇنغا ئالالمايسەن. بۇ قىزنى ئەمرىڭگە ئالماقچى بولساڭ بۇنىڭ شەرتى شۇكى، سەن رايى رەييانىنىڭ بېشىنى ئېلىپ كەلسەڭ ئاندىن ساڭا كۆيئوغۇللۇق تاجىنى كيدۈرۈپ، سېنى كۆيئوغۇل قىلىمىز.

دەرۋىش بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن رايى رەييانىنىڭ يېنىغا كېلىپتۇ ـ دە:

— ئەي شاھ، مېنىڭ بېشىمغا يەنە كۈن چۈشتى، مەن يەنە سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە موھتاجمەن، — دەپ ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلىپتۇ.

رايى رەييان دەرۋىشكە:

— ئەي دەرۋىش، سەن ھېچقانداق ئەندىشە ۋە ساراسىمىدە بولمىغىن. مۇشۇ كۈنگە قەدەر ھېچقانداق بىر كىشى مېنىڭ كاللامنى ئالىمەن دېمىگەنىدى. بۈگۈنكى كۈندە مېنىڭ كاللامنى ئېلىش بىلەن سېنىڭ مۇراد ـ مەقسىتىڭگە يېتىش نېسىپ بولغان بولسا، كاللامنى سەندىن ئايىمايمەن. لېكىن مەن ساڭا شۇ مەسلىھەتنى بېرىمەنكى، سەن مېنى ئارغامچا بىلەن باغلاپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارغىن، ئاندىن ئۇلارغا: «سىز رايى رەييانىنىڭ بېشىنى ئېلىپ كەلگىن، دېگەنىدىڭىز، مەن سىز دېگەن باشنى تېنى بىلەن قوشۇپ ئېلىپ كەلدىم، ئەگەر خالىسىڭىز ئۇنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، سىزنىڭ ئالدىڭىزغا قوياي» دېگىن، ئەگەر ئۇلار قايىل بولۇپ قىزىنى بەرسە بېشىمنى شۇ ھامان كېسىپ بەرگىن. يەنە باشقا باھانىلەرنى كۆرسىتىپ شەرت قويسا، بېشىمنى ئالدىراپ كەسمىگىن. چۈنكى مەن يەنە سېنىڭ ئىشلىرىڭنىڭ چارە ـ ئامالىنى قىل

— ئەي بەرھەمەن، سەن نەلەردە يۈرىسەن؟ بۇ بىلەزۈكلەرنى نەدىن ئوغرىلىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

بەرھەمەن رايى رەييانىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، قۇدۇق ئىچىدە كۆرگەنلىرىنى بايان قىلىپتۇ. ئاندىن:

— ئەي شاھىم، مەن قىمار ئويناپ مال - دۇنيايىمنى ئۇتتۇرۇۋەتتىم. قىمارۋازلارغا كۆپ قەرزدار بولغانلىقىم ئۈچۈن، خوتۇنۇمنى ئۇلارغا گۆرۈگە قويغانىدىم. ماڭا بىرئاز پۇل بەرگەن بولسىڭىز، ئۇ پۇلنى قىمارۋازلارغا بېرىپ، خوتۇنۇمنى قايتۇرۇپ كەلگەن بولسام، ئاندىن كېيىن سىزنى قۇدۇق بېشىغا باشلاپ بېرىپ ھەممە ئەھۋاللارنى كۆرسىتەي، — دەپتۇ.

رايى رەييان بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بەرھەمەنگە قەرزىنى تۆلىگۈدەك پۇل بېرىپتۇ. بەرھەمەن پۇلنى ئېلىپ خوتۇنىنى قايتۇرۇپ كېلىپتۇ. ئىككىنچى كۈنى رايى رەييان بەرھەمەن بىلەن ھېلىقى قۇدۇقنىڭ بېشىغا كېلىپتۇ. رايى رەييان قۇدۇق ئىچىگە قارىغۇدەك بولسا ئەھۋال بەرھەمەننىڭ ئېيتقىنىدەك ئىكەن. نەزمە:

ئەي سەنەم، دەردۇ - غېمىڭ ئۆمرۈم ئارا دىنىم مېنىڭ،
بۇ مېنىڭ غەمكىن دىلىمنىڭ شادلىقىدۇر غەملىرىڭ.

رايى رەييان قۇدۇق ئىچىگە چۈشۈپتۇ ۋە قۇدۇق ئىچىدىكى ھېلىقى قىرى كىشى بىلەن ساھىبجامالدىن سوراپتۇ:

— سىلەر كىم بولىسىلەر؟ بۇ قۇدۇقنىڭ ئىچىدە نېمە ئۈچۈن تەخت قۇرۇپ ئولتۇرىسىلەر ۋە قازانغا نېمە ئۈچۈن ئوت قالايسىلەر؟

ساھىبجامال رايى رەييانغا جاۋاب بېرىپ:

— ئەي پادىشاھ، بىلگىن ۋە ئاگاھ بولغىنكى، مەن

يەنە قوزغىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قىمار ئويناشقا باشلاپتۇ. قىمارۋازلار ئۇنىڭدىن مال تەلەپ قىپتۇ. ئۇ مالىنى ئۇتتۇرۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، خوتۇنىنى گۆرۈگە قويۇپتۇ. ئەگەردە ئۇ تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭ مال ئېلىپ كەلسە، خوتۇنىنى قايتۇرۇپ بېرىدىغان، ئېلىپ كېلەلمىسە، خوتۇنىنى قىمارۋازلار خوتۇن قىلىدىغان بولۇپتۇ.

بەرەھمەن شەھەرگە كىرىپ تىلەمچىلىك قىلىشنى ئويلاپ كېتىۋاتسا، يول ئۈستىدە بىر قۇدۇق ئۇچراپتۇ. ئۇ قۇدۇق ئىچىگە قارىسا بىر ساھىبجامال قازانغا ئوت قالاپ ئولتۇرغۇدەك. قازاننىڭ ئالدىدا يەنە بىر قېرى كىشىمۇ بار ئىكەن. بەرەھمەن ئۇ قېرى كىشىنى كۆرگەندىن كېيىن قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىپتۇ. ئۇ قېرى كىشى بەرەھمەنگە بىر ئالتۇن بىلەزۈك بېرىپتۇ. ھېلىقى ساھىبجامال ئۇنى كۆرمىگەنگە سېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. بەرەھمەن ئۆمرىدە بۇنداق ئالتۇن بىلەزۈكنى كۆرۈپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن ھەيران بولۇپ ناھايىتى تەستە ئاپتۇ. ھېلىقى قېرى كىشى بۇ ھالنى كۆرۈپ كۆڭلىدە: «بەرگەنلىرىمنى ئاز كۆرۈۋاتقان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ ئۇنىڭغا يەنە بىر بىلەزۈكنى بېرىپتۇ. بەرەھمەن ئۇنىمۇ ئېلىپ جاۋاھىرپۇرۇشنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە ئالتۇن بىلەزۈكتىن بىرىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا كۆرسىتىپتۇ. جاۋاھىرپۇرۇش ئالتۇن بىلەزۈكنى كۆرۈش بىلەنلا بەرەھمەننىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ:

— ھەي گاداي، سەن بۇنى نەدىن ئالدىڭ؟ كىمنىڭ خەزىنىسىنى تەشتىڭ؟ — دەپ پەرياد كۆتۈرۈپ ئۇنى رايى رەييانىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.

رايى رەييان بەرەھمەننى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن:

رايى رەييان بۇ قىسسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يېنىدىن بىر ئۆردق ئابىھايات سۈيى ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن بەدىنىنى يۇيۇپتۇ، ئاندىن قازاندا قايناۋاتقان ماينىڭ ئىچىگە ئۆزىنى تاشلاپتۇ. رايى رەييان قازاندىن ساق - سالامەت چىقىپتۇ، بۇنى كۆرگەن پەرى، رايى رەييانىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ تۇرۇپ:

— ئەي شاھ، مەن نەچچە يىلدىن بۇيان بۇ يىگىتنىڭ سىزگە ئوخشاش قايناۋاتقان ماي ئىچىگە چۈشۈپ ساق - سالامەت چىقىشىنى كۈتكەنىدىم. ھالا بۈگۈن سىزنىڭ قولىڭىزدىن بۇ ئىش كەلدى. مەن سىزگە نېسىپ بولغان ئوخشايمەن، بۇنىڭغا نېمە چارە؟ سىز ھەرقانداق پەرمان چۈشۈرسىڭىز ئورۇنداشقا تەييارمەن، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان رايى رەييان ئۇنىڭغا:

— ئەي پەرى، سەن بۇنداق سۆزلەرنى قىلمىغىن، سەن خۇددى مېنىڭ قىزىمغا ئوخشايسەن، سەن تەگمەكچى بولغان بۇ قېرى كىشى نەچچە يىللاردىن بۇيان جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتتى. سەن ئۇنى قېرىپ كەتتى دەپ ئەنسىرىمىگىن، بۇنىڭ ئامالىنى ئۆزۈم قىلىمەن. مەن سىلەرنى مۇراد - مەقسىتىڭلارغا يەتكۈزگەيمەن، — دەپ يېنىدىن ئابىھايات سۈيىدىن ئېلىپ قېرى كىشىنىڭ يۈز - كۆزىگە سۈرتۈپتۇ، قېرى كىشى شۇ زامان ئۆزىنى قازاندا قايناۋاتقان ماينىڭ ئىچىگە تاشلاپتۇ. قېرى كىشى قازان ئىچىدىن چىققاندا گويا ئون سەككىز كۈنلۈك تولۇن ئايدەك، ئون سەككىز ياشلىق يىگىت بولۇپ قاپتۇ. رايى رەييانىنىڭ شاپائىتى بىلەن ئۇ ئىككىسى مۇراد - مەقسىتىگە يېتىپتۇ. رايى ردييان ئۇ ئىككىسىنى مۇراد - مەقسىتىگە يەتكۈزگەندىن كېيىن ئوردىغا قايتىپتۇ.

پادىشاھ رايى رەييانىنىڭ شۇنداق ئادىتى بار ئىكەنكى، ئۇ خەلقنىڭ ئېغىرچىلىقىنى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ غېمىنى يەي-

پەرىلەر پادىشاھىنىڭ قىزى بولىمەن. سەكسەن يىلدىن بۇيان
مەن بۇ يىگىتنىڭ ئىشق ـ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمەي ئۆلتۈ-
رىمەن، ــ دەپتۇ ھېلىقى قېرى كىشىنى كۆرسىتىپ، ــ مەن
مۇشۇ كۈنگە قەدەر بۇ يىگىت بىلەن بىرگە بولغىنىم يوق،
بىز پەرىلەر ساپ، نۇرانە كېلىمىز، بىزنىڭ ئادىتىمىزدە بىز
بىلەن نىكاھلانماقچى بولغان ئادەم بالىسى قازاندا قايناپ
تۇرغان ماينىڭ ئىچىدىن ساق ـ سالامەت چىقىشى كېرەك،
شۇنداق بولغاندىلا بىز ئۇنىڭغا جان ـ دىلىمىز بىلەن بويسۇ-
نىمىز ۋە ئۇنىڭ بىلەن نىكاھلىنىمىز. بۇ قازاندا قايناۋاتقان
مايدۇر. بۇ يىگىتنىڭ مۇشۇ قازاندىكى قايناۋاتقان ماي ئىچى-
گە چۈشمىكى لازىمدۇر. لېكىن بۇ ئادەم بالىسىنىڭ قولىدىن
كەلمەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن ھەزرىتى يۇنۇس ئەلەيھىسسالامغا
ئوخشاش مۇشۇ قۇدۇق ئاستىدا قالدىم. دۇنيا ئىشلىرىدىن
بىخەۋەر بولدۇم. مەن ئاتا ـ بوۋىلىرىمىنىڭ قائىدىسىنى ھەر-
گىزمۇ بۇزالمايمەن. ئەگەر بۇ يىگىت مۇشۇ شەرتنى ئورۇندى-
غان بولسا، نەچچە يىلدىن تارتىپ كېلىۋاتقان جاپا ـ مۇ-
شەققەتلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇغان بولاتتىم. لېكىن يىگىت-
نىڭ بۇنداق قىلىشقا تاقىتى يوق. شۇنداقتىمۇ بۇ يىگىتتىن
ئۈمىد ئۈزۈشكە كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ. چۈنكى بو كىشىنىڭ سەك-
سەن يىللىق رەنجى ـ مۇشەققىتىنى زايە قىلىشقا كۆڭلۈم
چىدىمايدۇ. بېيىت:

نەخشەبى، زايە قىلما ئەل ئىشىنى.
سەن راۋا كۆرمىگىن بۇنى كىشىگە.
كىشى ئەمگىكىنى زايە ئەتسە كىشى،
قىلغىنى ئاقىۋەت يانار ئۆزىگە.

ئۇنىڭ قېشىغا بارسىڭىزمۇ كېچىكمەيسىز، — دېدى.

خوجەستە مىڭلارچە خۇشاللىق بىلەن يىگىتنىڭ يېنىغا بارماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. بىراق يەنە كۈندۈز ئەلچىسى بولغان قۇياش يۈزىدىكى پەردىنى ئاچتى، تاڭ ئاتتى، خوجەستىنىڭ بارىدىغان ئىشى كېيىنگە قالدى. بېيىت:

نەخشەبى، ئۇيلىغان بېرىپ بۇ كېچە،
مەردلەر مەجلىسىدە چالغاي ساز.
سۇبھى توستى يەنە بېرىشتىن ئۇنى،
ئاشىقلار دۈشمىنىدۇر سۇبھى. خوراز.



دىكەن. ئاجىز پۇقرالارغا ياردەم قىلىدىكەن ۋە ئۇلارغا شاپائەت قىلىپ، دەرد - ئەھۋالىغا يېتىدىكەن.

ھەزرىتى خوجا فازىل ئاياز (تەگرى ئۇ ئەزىزنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلسۇن) مۇنداق دېگەنىكەن:

— مەن خۇدانىڭ ئالدىدا دۇئا قىلسام، دۇئايىم خۇدا تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدۇ، مەن دۇئانى ئۆزۈمنىڭ ھەققى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پادىشاھنىڭ ھەققى ئۈچۈن قىلىمەن.

يارەنلىرى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— نېمە ئۈچۈن دۇئانى ئۆزىڭىزگە قىلمايسىز؟

— ئەگەر مەن دۇئانى ئۆزۈمگە قىلسام، ئۇنىڭ قوبۇلى پەقەت ماڭىلا بولىدۇ. پادىشاھنىڭ ئادىل ۋە سېخىي بولۇشىغا دۇئا قىلسام، ئۇنىڭ پايدىسى پۈتۈن ئالەم خەلقىگە بولىدۇ، — دەپتۇ ھەزرىتى خوجا فازىل ئاياز. بېيىت:

تەخشەبى، شاھلارغا قىل ئىخلاس،
بارچىنىڭ شادلىقىغا شاھ ئولسۇن.
شاھ ئەگەر تۇتسا ياخشىلىق يولىنى،
بارچە جانلار ئاڭا پىدا بولسۇن.

تۇتى ھېكايىسىنى سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:

— ئەي ئاغىچام، رايى رەييانىدەك بىر پادىشاھ ئاشىقلارنى مۇراد - مەقسىتىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇلارغا كۆپ خىزمەت قىلدى. مەن بولسام بۇ بارگاھنىڭ چاكىرى ۋە بەندىسىدۇرمەن. مەن سىزگە خىزمەت قىلالمىدىم ۋە سىزنى مۇراد - مەقسىتىڭىزگە يەتكۈزەلمىدىم. ھازىر تاڭ ئېتىشقا خېلى ۋاقىت باردۇر، سىز ئاشىقىڭىزنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن ھازىرنىڭ ئۆزىدە

جامالى ئارقىلىق بۇ قاراڭغۇ كېچىنى روشەن قىلاي، — دېدى.

تۇتى ئۇنىڭغا مۇنداق سۆز باشلىدى:

— ئەي ئاغىچام، ئەگەر ھازىرنىڭ ئۆزىدە زىلەيخا بىلەن ئۇزرا بولغان بولسا، سىزنىڭ جامالىڭىزدىن خىجىل بولۇپ، ھەزرىتى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى ۋە ۋامۇقنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتمىغان بولاتتى. مەن سىزنىڭ ئاشىقىڭىزنىڭ يېنىغا بېرىشىڭىزغا قارشى ئەمەسمەن. سىز ئۇ يىگىتىڭىزنىڭ دەرگاھىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇڭ. ئەمما سىرىڭىزنى يوشۇرۇن تۇتۇڭ. سىرىڭىز ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ ئالدىدا ئاشكارا بولۇپ قالمىسۇن. ئەگەر سىرىڭىزنى ئاشكارىلاپ قويسىڭىز، ئۇ چاغدا سودىگەر بىلەن ۋەزىرزادىنىڭ كەچۈرمىشىگە ئوخشاش ئەھۋالغا قالىسىز.

— سودىگەر بىلەن ۋەزىرزادىنىڭ كەچۈرمىشى قانداق ئىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە تۇتىدىن.

تۇتى ھېكايىسىنى باشلىدى:

بۇرۇنقى زاماندا بىر سودىگەر بار بولۇپ، ئۇ ۋەزىرنىڭ ئوغلى بىلەن ناھايىتى يېقىن دوست ئىكەن. كۈنلەردە بىر كۈن سودىگەر سودا قىلىش ئۈچۈن باشقا بىر شەھەرگە يول ئاپتۇ. ئۇ سودا - سېتىق ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۆز شەھىرىگە يېنىش ۋاقتىدا، شۇ يەرلىك سودىگەرلەردىن:

— بۇ شەھەردە ئېسىل سوۋغاتلاردىن قانداق نەرسىلەر بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

يەرلىك سودىگەرلەر:

— بۇ شەھەردە بىر ياغاچچى بار. ئۇ ھۈنەردە ناھايىتى كامالەتكە يەتكەن. ھەر يىلى ھوسۇل يىغىدىغان چاغدا ئۇ ياغاچتىن تۇتى ياسايدۇ. ئۇنىڭ ياسىغان تۇتىسى ئادەمگە

# سەككىزىنچى داستان

ۋەزىر ئوغلىنىڭ سودىگەرنىڭ خوتۇنىغا ئاشىق بولغانلىقى،
سودىگەرنىڭ سەپەردىن بىر ياغاچ تۇتىنى ئېلىپ كېلىپ،
پۈتۈن مال - مۈلكىنى دوغا تىككەنلىكى، ۋەزىرنىڭ
كېلىنىگە مەھلىيا بولۇپ قالغان بىر راھىبنىڭ
سودىگەرگە ياردەم قىلىپ، ئۇنى
غەمدىن قۇتۇلدۇرغانلىقى



سەككىزىنچى كۈنى كەچتە قۇياش گويا قايناۋاتقان شارابنى سوۋۇتقاندەك مەغرىب مەيخانىسىغا كىرىپ كەتتى. ئاي خۇددى جامى جاھاننەمادەك مەشرىق بەزمىسىدە پەيدا بولدى. خوجەستە ئىشق-مۇھەببەت شارابى بىلەن مەست بولغان ھالدا تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ئەي تۇتى، ئىشق - مۇھەببەت ئوتىدا يۈرىكىم پارە-پارە بولدى. بۈگۈن كېچە ماڭا رۇخسەت بەرگىن. مەن ئۇ يىگىتنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولاي. ئۇنىڭ

ۋەزىرزادە ئەسلىدە سودىگەرنىڭ خوتۇنىغا ئاشىق بولۇپ يۈرگەنىكەن. سودىگەردىن بۇ سۆزنى ئىشتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلىگە جىن كىرىپتۇ. ئۇ بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي سودىگەرنىڭ خوتۇنىنى چاقىرىپ كېلىشكە بىر خىزمەتچىسىنى ئەۋەتىپتۇ. خىزمەتكار سودىگەرنىڭ خوتۇنىنى چاقىرىپ كېلىپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئۇ خوتۇنغا:

— ئېرىڭىزنى بۇ قېتىمقى سەپىرىدە بىر ياغاچ تۇتى ئېلىپ كېلىپتۇ دەپ ئاڭلىدىم. ئۇ تۇتى خۇددى ئادەمگە ئوخشاش سۆزلەرمىش، ئېرىڭىز ھازىر شاراب ئىچىپ ئولتۇرىدۇ. سىز ئۇ تۇتىنى ئېلىپ كېلىپ ماڭا بىر كۆرسەتكەن بولسىڭىز، — دەپتۇ.

سودىگەرنىڭ خوتۇنى ھېلىقى ياغاچ تۇتىنى ئېلىپ كېلىپ ۋەزىرزادىگە كۆرسىتىپتۇ. ئۇ قارىغۇدەك بولسا، بۇ تۇتى سودىگەرنىڭ دېگىنىدەك ئوخشاش ھەرخىل سۆزلەرنى سۆزلىيەلەيدىكەن.

بۇنى كۆرگەن ۋەزىرزادە شۇ ھامان باشقا بىر ياغاچچىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ھېلىقى تۇتىغا ئوپمۇ ئوخشاش يەنە بىر تۇتىنى ياسىتىپتۇ. ئۇ گەپ قىلالايدىغان تۇتىنى ئۆزى ئېلىپ قېلىپ، سۆزلىيەلمەيدىغان تۇتىنى سودىگەرنىڭ خوتۇنىغا قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. ئاندىن سودىگەرنىڭ يېنىغا كىرىپ شاراب ئىچىپتۇ. بىر چاغدا ۋەزىرزادە سودىگەردىن:

— ئەي دوستۇم، مەن ياغاچتىن ياسالغان تۇتىنىڭ ئادەمگە ئوخشاش سۆزلىيەلەيدىغانلىقىغا ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيمەن. ئەگەر گېپىڭ راست بولسا، مەن بىلەن قول باغلاشقىن، — دەپتۇ.

ئۇ زامانلاردا شۇنداق قائىدە - يوسۇن بار ئىكەنكى، ھەر قانداق بىر ئادەم قول باغلاشسا، ئۆيىدىكى بارلىق مال - مۈلكىنى ۋە خوتۇنىنى دوغا تىكىپ، ئىمانى بىلەن ۋەدە قىلىشىدىكەن.

ئوخشاش سۆزلەيدۇ. ھازىر بولسا ھوسۇل يىغىدىغان مەزگىل، سىز ياغاچچىغا بىر تۇتىنى ياستىپ، سوۋغات ئۈچۈن ئېلىپ كېتىڭ، — دەپ مەسلىھەت بېرىشىپتۇ.

سودىگەر كۆڭلىدە: «ۋەزىرنىڭ ئوغلىغا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق سوۋغات بولماس» دەپ ئويلاپ، ياغاچچىغا بىر ياغاچ تۇتى ياستىپتۇ. سودىگەر ياغاچچىغا خىراجەت ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل بېرىپ، تۇتىنى ۋەزىرنىڭ ئوغلىغا سوۋغات قىلىش ئۈچۈن ئۇز شەھىرىگە راۋان بوپتۇ.

سودىگەر قايتىپ كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئۇنى مېھمانغا چاقىرىپتۇ. ئۇلار زىياپەتتە شارابلاردىن راسا ئىچىشىپ، خۇش كەيپ بولۇشۇپتۇ. بىر چاغدا ۋەزىر-نىڭ ئوغلى سودىگەردىن:

— ئەي دوستۇم، سەن بۇ قېتىمقى سەپىرىڭدە ماڭا نېمە سوۋغات ئالغاچ كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن ساڭا شۇنداق بىر سوۋغات ئالغاچ كەلدىمكى، بۇنداق سوۋغاتنى ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان. — دەپتۇ سودىگەر.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى:

— ئۇ قانداق نەرسە؟ — دەپ سوراپتۇ.

سودىگەر:

— ئۇ بىر ياغاچ تۇتىدۇر. ئۇ خۇددى ئادەم بالىسىغا ئوخشاش سۆزلىيەلەيدۇ، — دەپتۇ.

ۋەزىرزادە ئۇنىڭغا:

— ئۇنداقتا ئادەم ئەۋەتكىن، تۇتىنى ئېلىپ كەلسۇن، — دەپتۇ.

— بۇگۈن بەك كەچ بولۇپ كەتتى. ئەتە ئېلىپ كېلىپ سىزگە كۆرستەي ۋە ھەدىيە قىلاي، — دەپتۇ سودىگەر.

بىچارە سودىگەر ئاخىرى تۇتىنىڭ سۆزلىيەلىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپتۇ.

بۇ شەھەردە بىر راھىب بار ئىكەن. شەھەر خەلقى ئۇنى ئەۋلىيادەك كۆرۈپ ئېتىقاد قىلىدىكەن. ھەرقانداق مۇشكۇل ئىشقا دۇچ كەلسە شۇ راھىبقا ئېيتىپ، مۇشكۇلىنى ئاسان قىلىدىكەن.

سودىگەر ياغاچ تۇتىنى ئېلىپ راھىبنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە بولغان ئەھۋاللارنى بىرمۇ بىر بايان قىپتۇ. راھىب سودىگەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي سودىگەر، بۈگۈن كېچە بۇ تۇتىنى ماڭا قالدۇرۇپ كەتكىن. بەلكىم مەن ئۇنىڭغا دۇئا قىلسام سۆزلىيەلەيدىغان بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس. ئەگەر بۇ تۇتى سۆزلىيەلەيدىغان بولسا، ئۇ چاغدا سەن ماڭا نېمە بېرىسەن؟

— نېمىنى تىلىسىڭىز شۇنى بېرەي، — دەپتۇ سودىگەر.

— ئەگەر، تۇتى سۆزلىيەلەيدىغانلا بولسا ۋەزىرزادىنىڭ پۈتۈن مال - مۈلكى ۋە خوتۇنى سېنىڭ بولىدۇ. مەن سەندىن باشقا نەرسە تەلەپ قىلمايمەن. پەقەت ۋەزىرزادىنىڭ خوتۇنىنىلا ماڭا بەرسەڭ بولدى، — دەپتۇ راھىب.

— ئەي راھىب، ماڭا بىر خوتۇن بولسىلا كۇپايە. يەنە بىر كىشىنىڭ خوتۇنىنىڭ لازىمى يوق. ئەگەر تۇتى سۆزلىسە ۋەزىرزادىنىڭ خوتۇنى سىزگە مەنسۇپ بولسۇن، — دەپ تۇتىنى راھىبنىڭ ئالدىغا قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ سودىگەر.

راھىب بىلەن ۋەزىرزادىنىڭ خوتۇنى ئىش - پەش تارتىشىپ يۈرگەنىكەن. سودىگەر كەتكەندىن كېيىن، راھىب بىر خىزمەتكارنى ۋەزىرزادىنىڭ خوتۇنىنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. خىزمەتكار ئۇ خوتۇننى چاقىرىپ كېلىپتۇ.

— ئاڭلىسام ئېرىڭىزدا بىر ياغاچ تۇتى بار ئىكەن، — دەپتۇ راھىب، — ئۇ تۇتى ئادەمگە ئوخشاش سۆزلىيەلەيدىكەن.

سودىگەر بىلەن ۋەزىرزادە قول باغلىشىپتۇ. سودىگەر:
— ئەتە تاڭ ئاتقاندا مەن تۇتىنى ئېلىپ كېلەي، ئەگەر تۇتى سۆزلىيەلمىسە مېنىڭ بارلىق مال - مۈلكۈم ۋە خوتۇنۇم ساڭا تەۋە بولسۇن. مۇبادا تۇتى راستىنلا سۆزلىيەلىسە، ئۇ چاغدا سەن نېمە دەيسەن؟ — دەپتۇ.
— راستىنلا شۇنداق بولىدىغان بولسا، مەنمۇ مال - مۈلكۈم بىلەن خوتۇنۇمنى تىكتىم، — دەپتۇ ۋەزىرزادە.
سودىگەر ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ياغاچ تۇتىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:
— ئەي تۇتى، مەن ساڭا ئىشىنىمەن. ئەتە سېنى ۋەزىرزادىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىمەن. سەن ئۇلارنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىسەن. ئەگەر سۆزلىيەلمىسەڭ مەن مال - مۈلكۈم ۋە خوتۇنۇمدىن ئايرىلىمەن، — دەپتۇ.
لېكىن تۇتىدىن ھېچقانداق ئاۋاز چىقماپتۇ. بۇنى كۆرگەن سودىگەر داد - پەرياد قىلىپ ياقىسىنى يىرتىپتۇ ۋە: «مەن بۇ ياغاچقا شۇنداق ئىشىنىپ كەتكەنىكەنمەن. ئەمدى قىلىشقان ۋەدەم بويىچە بارلىق مال - مۈلكۈم ۋە خوتۇنۇم بىكارغا كېتىدىغان بولدى. بۇ ياغاچ تۇتىنى ساتقۇچى ئەسلىدە جادۇگەر ئىكەن. ئۇ ياغاچ تۇتىنى سۆزلىتىپ ماڭا قىممەت باھادا سېتىپتۇ. مەن ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپتىمەن. ئەمدى ئۆزۈمنى ئۆزۈم ھالاك قىلىدىغان بولدۇم. مېنىڭ مۇشۇ تىلىم بولمىغان بولسىچۇ، كاشكى» دەپ نالە - پەرياد قىلىپتۇ. بېيىت:

نەخشەبى، تەجرىبە ئۇلۇغ ئىشتۇر،
تەجرىبە قىلماي قىلمىغىن ھېچ ئىش.
ھەممىنى ئىمتىھان قىلىپ كۆرگىن،
ھەممىگە ياخشىدۇر سىناپ ئىشىنىش.

ئىگە بولىدىغان ئوخشايدۇ.» دەپ پىچىرلاپتۇ ۋە ئۆيىگە كې-
رىپ، ئۆيدىكى تۇتىدىن گەپ سوراپتۇ. لېكىن تۇتىدىن ھېچ-
قانداق زۇۋان چىقماپتۇ. بۇنىڭدىن ۋەزىرزادە ئۆزىنىڭ ئۇتتۇ-
رۇپ قويۇشىدا بىر سىرنىڭ بارلىقىنى بىلىپتۇ.

قىلىشقان ۋەدە بويىچە ۋەزىرزادىنىڭ بارلىق مال - مۈل-
كى ۋە خوتۇن - كېنىزەكلىرى سودىگەرگە تەۋە بولۇپتۇ. سو-
دىگەر پۈتۈشكىنى بويىچە ۋەزىرزادىنىڭ خوتۇنىنى پۈتكۈل زې-
بۇ - زىننەتلىرى بىلەن قوشۇپ راھىبقا بېرىپتۇ. بۇ خۇددى
«كىشىگە ئورا كولىساڭ ئۆزۈڭ چۈشەرسەن» دېگەندەك ئىش
بولۇپتۇ.

ئەلقىسسە، سودىگەر تۇتىنى ئۆز ئۆيىگە قايتۇرۇپ كېلىپ
ئۇنىڭدىن:

— ئەي تۇتى، تونۇگۈن كەچ ساڭا نېمە بولغان؟ سەن
مېنىڭ سوئالىمغا بىر ئېغىزمۇ جاۋاپ بەرمىدىڭغۇ، بۇنىڭ
سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەي خوجا، ئاگاھ بولغىنكى، شۇ كۈنى خوتۇنۇڭ
مېنى ۋەزىرزادىگە ئاپىرىپ بەردى. ۋەزىرزادە ئەسلىدە خوتۇنۇڭ-
نىڭ پېيىدە يۈرگەنىكەن. ئۇ مۇشۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ،
سېنىڭ خوتۇنۇڭغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئۇستا بىر ياغاچچىنى
چاقىرىپ كەلدى - دە، ماڭا ئوخشاش يەنە بىر تۇتىنى ياسى-
تىپ ئۇنى ئايالىڭغا بەردى. مېنى ئۆزى ئېلىپ قالدى. سەن
ئۇ تۇتىنى راھىبنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردىڭ. راھىب ناھايىتى ئەقىللىك
بولغانلىقى ئۈچۈن سېنىڭ دېگەن گەپلىرىڭنى ئاڭلاپ ۋەزىرزادىدىن
گۇمانلاندى. ئۇ ئادەم ئەۋەتىپ ۋەزىرزادىنىڭ خوتۇنى ئارقىلىق مېنى
ئالدۇرۇپ كەلدى. ئاندىن سەن راھىبقا ئاپىرىپ بەرگەن ھېلىقى تۇتى-
نى ۋەزىر زادىنىڭ خوتۇنىغا قايتۇرۇپ بەردى. مانا بۇ مېنىڭ سۆزلى-

سىز ئۇ ياغاچ تۇتىنى ماڭا بىر كۆرسەتكەن بولسىڭىز، مەن ئۇنى كۆرۈۋالغاندىن كېيىن قايتۇرۇپ بەرگەن بولسام.

ۋەزىرزادىنىڭ خوتۇنى ئۆيىگە كېلىپ، ھېلىقى ياغاچ تۇتىنى راھىبقا ئەۋەتىپ بېرىپتۇ. راھىب سۆزلىيەلەيدىغان تۇتىنى ئېلىپ قېلىپ، سودىگەر بەرگەن تۇتىنى ۋەزىرزادىنىڭ خوتۇنىغا قايتۇرۇپ بېرىپتۇ.

ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ. باشقىلارنى ئەخمەق قىلىغان كىشى بەربىر پايدا تاپالمايدۇ.

ئەتىسى بامدات ۋاقتىدا سودىگەر غەم - ئەندىشىگە چۆككەن ھالدا راھىبنىڭ ئالدىغا كېلىپتۇ. سودىگەر:

— ئەھۋال قانداق بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مېنىڭ دۇئايىمنىڭ بەرىكىتىدىن تۇتى سۆزگە كەلدى، — دەپتۇ راھىب.

بۇنى ئاڭلىغان سودىگەر خۇشال بولۇپ، تۇتىنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام قىلىپتۇ. تۇتى سودىگەرنى كۆرۈپ:

— خۇش كەپسىز، — دەپ ئەھۋال سوراپتۇ.

سودىگەر راھىب بىلەن خوشلىشىپ، تۇتىنى قەپەسكە سېلىپ ۋەزىرزادىنىڭ ئۆيىگە كېلىپتۇ. ۋەزىرزادە شەھەرنىڭ چوڭلىرىنى ۋە مەشھۇر سىپاھلىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلارغا ئۆزلىرى قىلىشقان ۋەدىلىرىنى ئېيتىپتۇ. سودىگەر تۇتىنى قەپەستىن چىقىرىپ، خالايىققا:

— قەدىرلىك مېھمانلار، ھەر قانداق سورايدىغان سوئاللار بولسا بۇ تۇتىدىن سوراڭلار، — دەپتۇ.

تۇتى ۋەزىرزادىنى ماختاپ شېئىر ئوقۇپتۇ. ۋەزىرزادە بۇ ھالنى كۆرۈپ ئۆز - ئۆزىگە: «ۋاھ، بۇ ئاجايىپ ئىشقۇ، مەن ياساتقان بۇ تۇتىمۇ سۆزلىيەلەيدىغان بولۇپ قاپتىغۇ. تۇتى سودىگەرنىڭ ئۆيىگە بارسا، سۆزلىيەلەيدىغان خاسىيەتكە

نەخشەبى، ئۆيلىغان بىرىپ بۇ كىچە،
ياخشىلار مەشرىپىدە چالغاي ساز.
سۇبھى تۇستى يەنە ئۆزنىڭ يولىنى،
ئاشقلار دۇشمىنىدۇر سۇبھى، خوراز.



مەلىكىمنىڭ سەۋەبىدۇر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ياغاچ تۇتى.

سودىگەر تۇتىدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، خوتۇنىنىڭ ۋاپاسىزلىقىغا ھەيران بولۇپتۇ. ۋەزىرزادىنىڭ قىلمىشىغا قاتتىق غەزىپى كېلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ:

— ھەي نائىنساپ، سەن ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ مات قىلدىڭ. باشقىلارغا ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىمەن دەپ، ئاخىرى ئۆزۈڭنىڭ پۇتىغا ئۆزۈڭ پالتا چاپتىڭ، — دەپ تۇتىدىن ئاڭلىغانلىرىنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ۋەزىرزادە سودىگەردىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھەيران قاپتۇ ۋە قىلغانلىرىغا ئىقرار بولۇپتۇ. سودىگەر ۋەزىرزادىنى ئېلىپ راھىبنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. راھىبنىڭ قىلغان ھىيلە - مىكىرلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۇلارنى خەلقى ئالەم ئالدىدا شەرمەندە قىلىپتۇ.

سودىگەر بىلەن ۋەزىرزادە ئۆزىنىڭ بۇزۇق خوتۇنلىرىنى تاشلاپ، تەركىدۇنيا بولۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.

تۇتى ھېكايىسىنى سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:

— ئەي ئاغىچام، سودىگەر ۋەزىرزادىگە ياخشىلىق قىلىمەن دەپ كۆپ جاپالارنى تارتتى. لېكىن ۋەزىرزادە سودىگەرگە ھىيلە ئىشلىتىپ ئۇۋال قىلدى. شۇڭا سىرىڭىزنى باشقىلارغا ئاشكارا قىلىپ قويماڭ. ئەمدى ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ ئۇ يىگىتنىڭ قېشىغا بېرىڭ، — دېدى.

خوجەستە يىگىتنىڭ قېشىغا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى. خوجەستىنىڭ بارىدىغان ئىشى كېيىنگە قالدى. بېيىت:

— ئەي ئاغىچام، زىلەيخا ۋە ئۇزرالارنىڭ زامانىدا مەشۇق ئاشىقنىڭ ئالدىغا ئاشكارا چىقماسلىقى، ئۇلارنىڭ زېرەكلىكىدىن بولغان. ئاياللار ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادەملىرىنىڭ غېمىنى يەيدۇ. مەن ئىلگىرى سىزدىن بىتاقەتلىكنى كۆرەر ئىدىم، ئەمدى بولسا كۆرمەيدىغان بولدۇم. ئىلگىرى سىزدە ھاۋايى - ھەۋەس ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيتتى. ھازىر ئەقىل - پاراسىتىڭىز ئۈستۈنلۈككە تۇرۇۋاتقانلىقىنى سەزدىم. سىز ئۇ يىگىتكە ناھايىتى سادىق ئىكەنسىز. بىراق سىز ئۇنىڭ سىزگە سادىق ياكى سادىق ئەمەسلىكىنى تېخى بىلمەيسىز، — دېدى تۇتى.

— ئەي تۇتى، بۇنىڭدىن بۇرۇن مەن سېنى پاراسەت ئىگىسى دەپ ئويلايتتىم، سەن ئەسلىدە كارامەت ئىگىسى ئىكەنسەن. سەن مېنىڭ ھېلىقى يىگىتكە ئاشىق ئىكەنلىكىمنى ئوبدان بىلىسەن، شۇنداقلا ئۇ يىگىتنىڭمۇ مېنىڭ ئوتۇمدا كۆيۈپ پىشۋاتقانلىقىنى ياخشى بىلىسەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق سەن يەنە گۇمانلىنامسەن؟ — دېدى خوجەستە تۇتىغا خاپا بولۇپ.

— ئەي ئاغىچام، ھەقىقىي ئاشىقنىڭ ياخشى نام بىلەن نېمە كارى. ياخشى نام ئالدۇرماق ئەقىللىك كىشىلەرنىڭ ئىشىدۇر. ئەقىل دېمەك مەسلىھەتتۇر. ئىشق دېگەن پادىشاھدۇر، — دېدى تۇتى.

— ئۇنداقتا، سەن يىگىتنىڭ ماڭا سادىق ۋە سادىق ئەمەسلىكىنى نەدىن بىلىسەن؟ ئۇنى ماڭا سۆزلەپ بەرگىن، — دېدى خوجەستە.

— ئادەمنىڭ سىرىنى بىلىش ئانچە تەس ئىش ئەمەس، سىز ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، سىناپ بېقىڭ. بېيت:

## توققۇزىنچى داستان

**نامرات دېھقاننىڭ بىر قىممەت باھالىق گۆھەر تېپىۋالغانلىقى، دېھقانغا تۆت كىشى ھەمراھ بولۇپ گۆھەرنى ئوغرىلىغانلىقى. بۇ نامرات دېھقاننىڭ پادىشاھقا ئەرز قىلغانلىقى**



توققۇزىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش نۇرلۇق گۆھەردەك مەغرىب قۇتىسى ئىچىگە يوشۇرۇندى. ئاي كېچىنى يورۇتقۇچى پارلاق گۆھەردەك مەشرىق كانىدىن چىقتى. خوجەستە ئاپتاپتەك ئېچىلىپ، چىرايلىق ياسىنىپ رۇخسەت سوراش ئۈچۈن تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەي چىمەننىڭ بۇلبۇلى، — دېدى ئۇ تۇتىغا، — سېنىڭ ئەقلىڭ مېنىڭ ئىشقىمغا ئوخشاش تۈگىمەستۇر. مەن ۋاپادارلىقىم ۋە نىيىتىمنىڭ ساپلىقىدىن ھەر كۈنى كېچىسى سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىپ ئىجازەت سورايمەن. جۇدالىقنىڭ دەردى مېنىڭ جان - جىنىمغا پاتتى. مەن ئۇ يىگىت بىلەن بىرگە بولۇشقا ئىنتىزارمەن. سەن ماڭا ئىجازەت بەرگىن.

بولۇپتۇ. كەچ كىرگەندە ئۇلار بىر دەرەخنىڭ قېشىدا ئۇخلاپ قېلىشىپتۇ. بۇ چاغدا ھەمراھلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ گۆھىرىنى ئوغرىلىۋاپتۇ. كىشى ناچار ئادەملەر بىلەن ھەمراھ بولسا، ھامان ئۇنىڭ كاساپىتىگە ئۇچرايدۇ. غەپلەتتە قالغان كىشىلەر چوقۇم زىيان تارتىدۇ. بېيت:

نەخشەبى، قانچە ئۇخلىساڭ ئۇخلا،
لېكىن، ئۆزۈڭنى قاراقچىدىن ساقلا.
ئۇخلىغان ھەممىدىن قۇرۇق قالغاي،
ھېچقاچان ئوغرى كەلمەس ئويغاققا.

ئەلقىسسە، دېھقان ئويغىنىپ قارىغۇدەك بولسا گۆھەر يوق ئىكەن. تۆت ھەمراھى خورەك تارتىپ ئۇخلاۋېتىپتۇ. ئۇ گۆھەرنىڭ قايسىسى تەرىپىدىن ئوغرىلانغانلىقىنى بىلەلمەپتۇ. شۇ يەردىلا غوۋغا كۆتۈرمەكچى بولۇپتۇ، لېكىن ئۇنداق قىلسا ھېچ پايدىسى يوقلۇقىنى بىلىپ، ھەمراھلىرىغا ئۆزىنى ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۆرسىتىپتۇ. ئۇلار شەھەرگە يېتىپ كېلىپتۇ، دېھقان پادىشاھ ئوردىسىغا بېرىپ پادىشاھقا بولغان ۋەقەنى بايان قىلىپتۇ. پادىشاھ تۆت كىشىنى چاقىرتىپ كەپتۇ، ئۇلارغا ياخشى سۆزلەرنى قىلىپ گۆھەرنى سورىغان بولسىمۇ ھېچ قايسىسى ئىقرار قىلماپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئەقىل - پاراسەتتە تەڭدىشى يوق بىر قىزى بار ئىكەن، ئۇ قىز ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن كېنىزەكلىرىدىن بىرىنى چاقىرىپ:

— سەن بېرىپ ئاتامغا دېگىن، ئۇ تۆت كىشىنى مېنىڭ قېشىمغا كىرگۈزسۇن، مەن قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن ئۇلاردىن گۆھەرنى تېپىۋالايمەن، — دەپتۇ.

ئەخشەبى، قەدىردان كىشى ئازدۇر،
ئاز بولۇتمۇ قۇياش يۈزىنى تـوسار.
بەزىلەر نەغمىنى ياراتماستىن،
ئىشەك ھاڭرىشىنى ئەجـەب يـاقتۇرار.

پادىشاھ رايىنىڭ قىزىمۇ ئاجايىپ ئەقىللىـلەرنى ئىشلىتىپ، تۆت كىشىنىڭ سىرىنى بىلىۋالغان ئىكـەن، — دېـدى تۇتى.
— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى خـوجەستە تۇتىدىن.

تۇتى ھېكايىسىنى باشلىدى:
بۇرۇنقى زاماندا بىر كىشى بار ئىكەن، ئۇ دائىم يەر ئاغدۇرۇپ دېھقانچىلىق قىلىدىكەن. قومنى تاسقاپ، ئالتۇن ئايرىيدىكەن. باشقىلار رىسقىنى ئاسمـاندىن تىلىسـە، ئۇ يـەردىن تاپىدىكەن. ئۇنىڭ كۈنى تۇپراقنى تاسقاش بىلەن ئۆتىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ دېھـقـان تـۇپراقتـىن بىـر گۆھەرنى تېپىۋاپتۇ. ئۇ گـۆھـەر خـۇددى قـۇيـاشتـەك پـارقـىراپ تـۇرىدىكـەن. دېھقان گۆھەرنى تېپىۋالغىنىغا ئىنتايىن خۇشال بولۇپتۇ، قىممىتىنى بىلىش ئۈچۈن گۆھەر پۇرۇشنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. گۆھەرپۇرۇش ئىلگىرى بۇنداق گۆھەرنـى كـۆرۈپ باقمىغىنى ئۈچۈن قىممىتىنى بىلەلمەپتۇ:
— بۇ گۆھەر ئىنتايىن قىممەت باھالىق گۆھەر ئىكەن. باھاسىنى مەن بىرنەرسە دېيەلمىگۈدەكمەن، سەن بۇ گۆھەرنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارغىن، پادىشاھنىڭ ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭ قىممىتىنى بىلىشى مۇمكىن. پادىشاھ سېنىڭ گۆھىرىڭ ھەققىگە نۇرغۇن ئالتۇنلارنى بېرىپ، سېنى گادايلىقتىن قۇتۇلدۇرىدۇ، — دەپتۇ.
دېھقان گۆھەر پۇرۇشتىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا يول ئاپتۇ. يولدا ئۇنىڭغا تۆت كىشى ھەمراھ

چىسى بۇ باغقا كېلىسىز، ئۆز ۋەسلىڭىز بىلەن مېنى خۇرسەن قىلىسىز، ئاندىن توي قىلغان يىگىتىڭىز بىلەن بىرگە بولىسىز، — دەپتۇ باغۋەن.

سودىگەرنىڭ قىزى بۇ سۆزدىن ئەجەبلىنىپتۇ، قىز توي قىلغان كېچىسى باغقا كېلىپ گۈلنىڭ باھاسىنى تۆلەيدىغانلىغا ئەھدى قىلىپ، ئۇ گۈلنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ.

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن سودىگەرنىڭ قىزى شاھزادە بىلەن توي قىلىپتۇ. توي كېچىسى قىز شاھزادىگە:

— ئەي شاھزادە، بۈگۈن كېچە ماڭا رۇخسەت بەرگەيسىز، مەن باغۋەن يىگىت بىلەن ۋەدىلەشكەنىدىم، ئۆز گېپىدە تۇرماق ياخشىلارنىڭ ئىشىدۇر. كۆڭلىڭىزگە شەك كەلتۈرمەڭكى، مەن باغقا بېرىپ ۋەدەمنىڭ ھۆددىسىدىن چىقاي، — دەپتۇ.

شاھزادە قىزنىڭ بېرىشىغا رازى بولۇپتۇ ۋە بىرنەچچە كېنىزىكنى قوشۇپ بېرىپتۇ. سودىگەرنىڭ قىزى كېنىزەكلەرنى قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى يالغۇز باغقا يول ئاپتۇ. قىز بىرئاز يول يۈرگەندىن كېيىن بىر بۆرىنى ئۇچرىتىپتۇ. ئۇ بۆرە قىزغا خىرىس قىلىپتۇ. قىز بۆرىگە:

— ئەي بۆرە، مەن ۋەدىگە ۋاپا قىلغىلى كېتىۋاتىمەن، ئەگەر سەن مېنى يېسەڭ ۋەدەمگە ۋاپا قىلالمىغان بولىمەن. سەن مۇشۇ جايدا ساقلاپ تۇرغىن، مەن ۋەدەمنى ئورۇنداپ قايتىپ كەلگەندە يېسەڭمۇ كېچىكمەيسەن، — دەپتۇ.

بۆرە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئۆز پەيلىدىن يېنىپ كېتىپ قاپتۇ.

سودىگەرنىڭ قىزى يەنە بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن بىر ئوغرىغا يولۇقۇپتۇ. ئوغرى قىزنى ئۆلتۈرۈپ قىممەت باھالىق

پادىشاھ كېنىزەكتىن قىزىنىڭ ئىپتىقانلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇ ئۆت كىشىنى قىزىنىڭ قېشىغا كىرگۈزۈپتۇ. پادىشاھنىڭ قىزى ئۇلارغا تون ـ سەللىلەرنى كىيدۈرۈپ ئىنئاملارنى بېرىپتۇ. بىرنەچچە كۈن ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ مېھمان قىلىپتۇ. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ قورقۇنچلىرى ۋە غەم ـ ئەندىشىلىرى كۆڭۈللىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. پادىشاھنىڭ قىزى بىر كۈنى ئۇ تۆتىسىگە:

— مەن سىلەرنى ئاجايىپ دانىشمەن ۋە زېرەك كۆرىمەن، سىلەرنىڭ چېچەنلىكىڭلار تورقۇڭلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. نەچچە كۈندىن بۇيان مەن بىر قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلدىم، سىلەر چوقۇم ماڭا ياردەم قىلالايسىلەر، — دەپتۇ.

— قېنى، سىز دۇچ كەلگەن ئىشنى بىزگە سۆزلەپ بېرىڭ، بىز ئاڭلاپ باقايلى، — دەپتۇ تۆتىسى نەگلا.

— مازاندەران شەھىرىدە بىر سودىگەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنتايىن چىرايلىق بىر قىزى بار ئىكەن، ئۇ قىزنىڭ مىجەز ـ خۇلقىمۇ ناھايىتى ياخشى ئىكەن. باھار پەسلىنىڭ بىر كۈنى ئۇ قىز گۈللەرنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن بىر نەچچە قىزلار بىلەن بىر باغقا كىرىپتۇ، ئۇلار سەيلە ـ تاماشا قىلىپ كېتىۋېتىپ كۆزلىرى بىر گۈلگە چۈشۈپتۇ، ئۇ گۈل شۇنداق چىرايلىق ئىكەنكى، بۇ باغ ئىچىدە ئۇنداق گۈلدىن باشقىسى يوق ئىكەن. بۇنى كۆرگەن سودىگەرنىڭ قىزى باغۋەن يىگىتكە:

— بۇ گۈلنى ماڭا ئۈزۈپ بەرگىن، — دەپتۇ.

— بۇ گۈل ناھايىتى قىممەت باھالىق گۈلدۇر، باھاسىنى بەرمىگۈچە بۇ گۈلنى ھېچ كىشىگە ئۈزۈپ بەرمەيمەن، — دەپتۇ باغۋەن.

— ئەمىسە گۈلنىڭ باھاسى قانچە؟

— بۇ گۈلنىڭ باھاسى شۇدۇركى، سىز توي قىلغان كې

پادىشاھنىڭ قىزى ھېكايىسىنى تاماملاپ ھېلىقى تۆت كىشىگە شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي غېرىبلار، سىلەر ئېيتىپ بېقىڭلار، بۇ تۆت كىشىنىڭ قايسىسى ماختاشقا لايىق، قايسىسى لەنەت ياغدۇرۇشقا لايىق؟

ئۇ تۆت كىشىدىن بىرى پادىشاھنىڭ قىزىغا:

— مەنچە بولسا شاھزادىنىڭ ھىممىتى ۋە كۆيۈندەشلىكى يوق ئىكەن، ئەرلەر غەيرەتلىك ۋە ھىممەتلىك بولۇش كېرەك، شىجائەتسىزلىك نامەردنىڭ ئىشىدۇر، — دەپتۇ.

يەنە بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ پادىشاھنىڭ قىزىغا شۇنداق دەپتۇ:

— مەن بۆرىنىڭ ساخاۋىتىدىن ھەيران قالدىم، ئۇ بۆرىنىڭ چىشى ۋە تىرنىقى يوق بولسا كېرەك. ئەگەر ئۇ بۆرىنىڭ چىشى بىلەن تىرنىقى بولغان بولسا، بۇنداق لەززەتلىك تاماقنى تاشلىمىغان بولاتتى. چۈنكى بۆرىگە ئۇنداق ئېسىل گۆش داۋاملىق ئۇچراپ تۇرمايدۇ.

ئۈچىنچى بىرى پادىشاھنىڭ قىزىغا:

— مەنچە بولغاندا، ئۇ ئوغرىدا ئەقىل - پاراسەت يوق ئىكەن، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئۇ قىزنىڭ ۋەدىسى بىلەن نېمە كارى، ئوغرى قىزنىڭ ئالتۇن بۇيۇملىرىنى ئېلىپ، راھەت - پاراغەتتە ياشىشى كېرەك ئىدى، — دەپتۇ.

تۆتىنچىسى:

— باغۋەن ناھايىتى ئەخمەق ئىكەن، زاھىد بولدۇم دەپ شۇنداق چىرايلىق قىزنى قولدىن چىقىرىپ قويدى. ئەسلىدە ئۇ باغۋەن قىزدىن لەززەت ئېلىشى كېرەك ئىدى، — دەپتۇ.

پادىشاھنىڭ قىزى بۇ تۆتەيلەننىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان‐

ئالتۇن بۇيۇملىرىنى بۇلاپ كېتىش مەقسىتىدە قىلىچ كۆتۈرۈپ
كېلىپتۇ. سودىگەرنىڭ قىزى بۇ ھالنى كۆرۈپ ئوغرىغا:
— ماڭا قول تەگكۈزمىگىن، مەن بولسام شاھزادىنىڭ
خوتۇنى بولىمەن، مەن باغۋەن يىگىت بىلەن ۋەدىلەشكەن.
ئېرىم مېنىڭ ئۇ باغۋەننىڭ يېنىغا بېرىشىمغا قوشۇلدى، —
دەپ بۆرىنىڭ ئۆزىنى يېمىگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ۋەدىسىنى ئو-
رۇندىمىسا بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان
ئوغرى قىزنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىدىن يېنىپتۇ. قىز باغقا بېرىپ
باغۋەن يىگىت بىلەن كۆرۈشۈپتۇ ۋە يولدا بولغان ۋەقەلەرنى
يىگىتكە سۆزلەپ بېرىپتۇ:
— ئەي باغۋەن، مانا مەن ۋەدەمگە ۋاپا قىلىپ ئالدىڭغا
كەلدىم، كۆڭلۈك نېمىنى خالىسا شۇنى قىلغىن، مانا مەن ئال-
دىڭدا تۇرۇپتىمەن، — دەپتۇ.

— ئەي ساھىبجامال، سىز باغقا كېلىپ گۈلنى تاماشا
قىلغان چاغدا مەن تېخى ياش يىگىت ئىدىم. ئۇ چاغدا
مېنىڭ ھاۋايى - ھەۋىسىم غالىب كېلىپ سىزگە شۇنداق
تەلەپنى قويغانىدىم. ئەمدىلىكتە بولسا مەن تەرىقەت يولىنى
تۇتتۇم، قىلغان ئىشلىرىمغا توۋا قىلدىم. سىز ۋەدىڭىزگە ۋاپا
قىلىپ ساۋاب تاپتىڭىز، مەن بولسام توغرا يولغا كىرىپ بۇ
دۇنيانىڭ لەززىتىدىن ئۆزۈمنى تارتتىم. مەن بىر باغۋەن،
باغۋەن بولغان كىشى ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىقى كېرەك.
ئەگەردە مەن كىشىنىڭ دەرىخىدىن بىر ياپراقنى بىسوراق
ئالسام، باشقىلار مېنىڭ دەرىخىمنىڭ شېخىنى كېسىدۇ. سىز
ئۆز ئۆيىڭىزگە قايتىڭ، قىلغان گۇناھلىرىڭىزغا توۋا قىلىپ،
مىسكىن ئېرىڭىزنى ئارتۇقچە ئىنتىزار قىلماڭ، چۈنكى ھەر
قانداق يامان ئىشنىڭ جازاسى باردۇر، بۇ خۇددى بۈگۈننىڭ
ئەتىسى بولغىنىغا ئوخشاش، — دەپتۇ باغۋەن يىگىت.

## ئونىنچى داستان

### ئەخمەق سوداگەرنىڭ خوتۇنى شەھەرئارىنىڭ باشقا بىرئەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولغانلىقى



ئونىنچى كۈنى قۇياش گويا نۇر چېھرىلىك مەھبۇبەدەك مەغرىب ھۇجرىسىغا كىردى. ئاي بەئەينى گۈزەل خاتىپتەك مەشرىق مۇنبىرىگە چىقتى. خوجەستە غەمكىن ھالدا تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى. تۇتى ئۇنىڭغا:

— ئەي خوجەستە، بۈگۈن سىز باشقا كۈندىكىدىنمۇ سۇلغۇنراق كۆرۈنىسىزغۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دېدى.

— ئەي تۇتى، — دېدى خوجەستە، — ئالىملارنىڭ ئېيتىشىچە ھەزرىتى مۇئاۋىيە ھەر كىمگە سۆزلىسە ۋەزىردىن سورىماي سۆزلىمەيدىكەن، بىر كۈنى مۇئاۋىيە شۇ ئادىتى بويىچە ۋەزىردىن گەپ سوراپتۇ. بىراق ۋەزىر زادى سۆزلىمەپتۇ. مۇئاۋىيە دەپتۇكى: «ئەي ۋەزىر، نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟» ۋەزىر جاۋابەن ئۇنىڭغا: «سۆزلىمەسلىكىمنىڭ

دىن كېيىن، ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەھۋاللارنى بايان قىلىپتۇ ۋە:

— گۆھەرنى ئوغرىلىغان كىشى، مېنىڭ ھېكايەمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «ئۇ ئوغرى قىزنىڭ ئالتۇن بويۇملىرىنى ئېلىپ، راھەت - پاراغەتتە ياششى كېرەك ئىدى» دەپ جاۋاب بەرگەن كىشىنىڭ دەل ئۆزى، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئۇ تۆت غېرىبنى ئالدىغا چاقىرتىپ، بۆرىنى ئەيىبلىگەن كىشىگە كۆپ يېمەكلىكلەرنى بېرىپتۇ.

— ئەي غېرىب، — دەپتۇ پادىشاھ ئۇنىڭغا، — ئاچ قالغان ئادەم يېمەك - ئىچمەككە كۆپ بېرىلىدۇ. بىر قېتىم ئاچ قالغانغا ئادەم ئۆلۈپ قالمايدۇ، — دەپتۇ. ئاندىن «ئېرىنىڭ ھىممىتى ۋە كۆڭۈلدىشلىكى يوق ئىكەن» دېگەن غېرىبنى ئۆزىگە مەھرەم قىلىۋاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مەنسەپ بېرىپ ئوردىدا ئېلىپ قاپتۇ. «ياغۇن ئەخمەق ئىكەن» دېگەن غېرىبقا كېنىزەكلەردىن بىرنى ئەمرىگە ئېلىپ بېرىپتۇ. «ئوغرى ئەخمەق ئىكەن» دېگەن كىشىنى قاتتىق جازالاپ، ئوغرىلىغان گۆھەرنى قايتۇرۇۋاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا لەنەتلەر ياغدۇرۇپتۇ.

تۇتىنىڭ ھېكايىسى بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:

— ئەگەر خالىسىڭىز ئاشىقىڭىزنىڭ يېنىغا بېرىپ، پادىشاھنىڭ قىزىغا ئوخشاش، ئۇنىڭ سىرىنى بىلگەيسىز، — دېدى.

خوجەستە ئاشىقىنىڭ قېشىغا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا تاڭ سۈزۈلۈپ، خورازلار چىللاشقا باشلىدى. خوجەستىنىڭ بارىدىغان ئىشى كېيىنگە قالدى. بېيت:

نەخشەبى، ئويلىغان بېرىپ بۇ كېچە،
ئاقىللار مەشرىپىدە چالغاي ساز.
سۈبھى بېرىشتىن يەنە توستى ئۇنى،
ئاشىقلار دۈشمىنىدۇر سۈبھى، خوراز.

نادان ۋە ئەخمەق بولغانلىقى ئۈچۈن خوتۇنى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇشنى خالىمايدىكەن. چۈنكى ھەرقانداق بىر كىشى نادان كىشى بىلەن بىرگە بولۇشنى خالىمايدۇ.

شەھرىئاراي دانىشمەن بىر ۋەزىر يىگىتنى ئاشنا تۇتۇپ، ھەمىشە ئېرىدىن يوشۇرۇن ھالدا ئاشنىدارچىلىق ئوينايدىكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي سودىگەر خوتۇنىنىڭ بۇ سىرىنى سېزىپ قاپتۇ. ئۇ بۇ ئىشنىڭ راست - يالغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلانماقچى بولۇپتۇ - دە، خوتۇنىغا بىرنەچچە كۈنلۈك ئوزۇقلۇق تەييارلاشنى تاپىلاپتۇ. تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن خوتۇنى بىلەن خوشلىشىپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. سودىگەر شۇ كۈنى كېچىسى ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ئۆيىگە كىرىۋاپتۇ. بىر چاغدا خوتۇنى ئاشنىسى بىلەن ئۆيگە كىرىپ كارىۋات ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. شەھرىئاراي كارىۋاتنىڭ تېگىدە ئادەم بارلىقىنى بىلىپ قاپتۇ - دە: «بۇ چوقۇم ئېرىم، ئۇ گەرچە نادان ۋە ئەخمەق بولسىمۇ يەنىلا ئەر كىشى، ئەگەردە ئۇ نادانلىق قىلىپ، بىزنىڭ ئىشىمىزنى سىرتقا يېيىۋەتسە مەن رەسۋا بولىمەن، ئېرىمنىڭ كۆڭلى يۇمشاق، مەن نېمە دېسەم ئىشىنىدۇ. شۇڭا مەن بۇ ئىشقا بىر ئامال قىلىپ باقاي» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ ئاشنىسىغا كارىۋاتنىڭ ئاستىدا ئادەم بارلىقىنى ئىشارەت ئارقىلىق ئۇقتۇرۇپ شۇنداق دەپتۇ:

— ھەي قېرىندىشىم، سەن ھازىر مېنىڭ ئۆيۈمدە تۇرۇۋاتىسەن، لېكىن ماڭا ھەرگىزمۇ شەھۋانە كۆزۈڭ بىلەن قارىمىغىن. مەن سەندەك بىر يات كىشىنى ئۆيۈمگە چاقىرتىپ ئۆزۈمنىڭ پاك يېرىدە سېنى ئولتۇرغۇزدۇم، بۇنداق قىلىشىمدىكى مەقسىتىم شۇكى، بۈگۈن بىر چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە چىرايلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان بىر ئاقساقال ئادەم پەيدا بولدى، ئۇ ئاقساقال ئادەم ماڭا: «ئەي مەزلۇم، سەن مېنىڭ نېمە ئىش

سەۋەبى شۇكى، يالغان سۆزلىسەم تەڭرى كەچۈرمەيدۇ، راست گەپ قىلسام كۆڭلىڭىزگە ياقمايدۇ.» دەپتۇ. مەنمۇ خۇددى ئاشۇ ۋەزىردەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىم، چۈنكى، مەن سۆيگەن ئىنىمنىڭ كۆڭلىنى ئىزدىسەم ئېرىمنىڭ ئىنتىقام ئېلىش ئېھتىمالى بار. ئەگەر ئېرىمنىڭ كۆڭلىنى دېسەم ئۇ سۆيگەن يىگىتىم قولدىن چىقىپ كېتىشى مۇمكىن، سېنىڭچە مەن زادى قانداق قىلىشىم كېرەك؟

تۇتى ئېيتتىكى:

— سۆيگەن يىگىتىڭىزنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەڭ، ئەگەر ئېرىڭىز بىلىپ قالغۇدەك بولسا، مەن ئاجايىپ ھىيلە - مىكىر- لەرنى ئىشقا سېلىپ ئېرىڭىزنى يولغا سېلىۋېتىمەن. ئېرىڭىز سىزگە خۇددى ئەخمەق سودىگەرنىڭ خوتۇنىدىن كەچۈرۈم سورىغىنىدەك ناماقۇل بولىدۇ.

— سودىگەر قانداق ئەپۇ سورىغانىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

تۇتى ھېكايىسىنى باشلىدى:

— رىۋايەتچىلەر شۇنداق ئېيتىدۇكى، نىشاپۇر① شەھرىدە ناھايىتى باي بىر سودىگەر بار ئىكەن. ئۇ ھەددى - ھېسابسىز مال - دۇنياغا ئىگە كىشى بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى نادان ۋە دۆت ئىكەن.

سودىگەر ھۆكۈمادىن:

— بۇ دۇنيا دۆتمۇ ياكى ئەقىللىكمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەگەر دۇنياغا دۆتلەر ھۆكۈمرانلىق قىلسا، ئۇ چاغدا بۇ دۇنيا دۆت بولىدۇ، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ھۆكۈما.

سودىگەرنىڭ بىر ئايالى بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىسمى شەھرىئاراي بولۇپ، ناھايىتى گۈزەل ئىكەن. سودىگەر تولىمۇ

---

① نىشاپۇر — ئىراندىكى بىر شەھەرنىڭ ئىسمى.

ئۆيۈڭگە قايتقىن، — دەپتۇ.

ئۇ يىگىت ئەدەب - ئىكراملار بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، شەھرىساراي بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

شەھرىساراي يىگىتنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن كارۋاتقا چىقىپ ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋاپتۇ. سودىگەر كارىۋاتنىڭ ئاستىدا تۇرۇپ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئايالىنىڭ پاكلىقىدىن ۋە ئۆزىگە شۇ قەدەر سادىق ئىكەنلىكىدىن خۇش بولۇپ يايراپ كېتىپتۇ. ئەي مېھرىبان ئايالىم، سەن مېنىڭ ھاياتىم ئۈچۈن غەم - ئەندىشە قىلىپ، كۆپ جاپالارنى چېكىپسەن. مەن كۆڭلى قارىلىق قىلىپ، سەندىن بىھۇدە گۇمانلىنىپ يۈرۈپتىمەن. ئەگەردە مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ئۇ دۇنيا بۇ دۇنيا خىزمىتىڭدە بولۇپ، سېنى رازى قىلىمەن ھەمدە ئۆز ئىختىيارىڭغا قويۇۋېتىمەن» دەپتۇ سودىگەر ئۆز - ئۆزىگە. ئاندىن ئۇ كارىۋاتنىڭ ئاستىدىن چىقىپ يۈز مىڭ ئىززەت - ئىكراملار بىلەن خوتۇنىنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە سۆيۈپ، ئايىغىغا يىقىلىپتۇ. مەككار خوتۇن گوياكى قاتتىق ئۇيقۇدا ياتقاندەك، ھېچنېمىنى تۇيمىغانغا سېلىپ يېتىۋاپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن كۆزىنى ئېچىپ:

— ئەي غوجام، ئامانمۇ سىز؟ ھەر نېمە بولسا سالامەت قايتىپ كېلىپسىز، — دەپ شۈكرىلەر ئېيتىپتۇ.

— ئەي ۋاپادارىم، — دەپتۇ سودىگەر ئايالىدىن ئەپۇ سوراپ، — سەندىن بىھۇدە گۇمانلىنىپ يۈرۈپتىمەن، سېنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن، نامازشام ۋاقتى بىلەن ھۇجراڭغا كىرىپ، كارىۋاتنىڭ ئاستىغا مۆكۈۋالغانىدىم. كارىۋاتنىڭ ئاستىدا تۇرۇپ كۆرگەن چۈشۈڭنى ئاڭلىدىم. سەن ئەتە ئۇ يىگىتنى چاقىرىپ كەلگىن، مەن ئۇنى ئوبدان مېھمان قىلاي، ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز قېرىنداشلاردىن بولۇپ قالايلى.

بىلەن كەلگەنلىكىمنى بىلەمسەن؟ مەن سېنىڭ ئالدىڭغا شۇنداق بىر ئىش بىلەن كەلدىمكى، ئېرىڭنىڭ ئۆمرى ئاخىرلاشتى، پەقەت بىر نەچچە كۈنلا قالدى» دېدى. مەن بۇ يۈرەكنى قان قىلىدىغان سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاھ ئۇرۇپ ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن. ھوشۇمغا كېلىپ قارىسام، ئالدىمدا ھېلىقى ئاقساقال ئادەم تۇرغانىكەن. مەن ئۇ ئادەمدىن: «ئەي ئۇلۇغ ۋە كەرەملىك شەيخ، ئېرىمنىڭ يەنە بىرقانچە يىل ئۆمۈر كۆرۈشىگە ئامال يوقمۇ؟» دەپ سورىدىم. ئۇ ئاقساقال: «ئۇنىڭ ئامالى بار، ئۇ بولسىمۇ سەن بىر يات ئەرنى ئۆيۈڭگە چاقىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە ئولتۇرغىن ۋە ئۆزۈڭنىڭ پاكلىقىڭنى ئۇنىڭغا ئاشكارا قىلغىن. سېنىڭ پاكلىقىڭدىن ئېرىڭ يەنە قايتا ھاياتلىققا ئېرىشىدۇ» دېدى. مەن بۇنى ئاڭلاش بىلەنلا ئويغىنىپ كەتتىم. شۇنىڭ بىلەن ئېرىمنىڭ ھايات قېلىشىنى ئويلاپ، خىزمەتكارىمغا بىر يات كىشىنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتسەم، سېنى چاقىرىپ كېلىپتۇ. مېنىڭ سەن بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇشۇمدىكى مەقسىتىم ئەنە شۇدۇر. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، قايسى مەزھەپتە بىر ئايال كىشىنىڭ يات بىر ئەر كىشى بىلەن بىرگە ئولتۇرماقلىقى بار؟ سەن مېنىڭ ئۇ دۇنيا بۇ دۇنيالىق قېرىندىشىم. مېنى ئۆزۈڭنىڭ ئاچىسى قاتارىدا كۆرگىن. بۇ يەرگە كەلگىچە بەلكىم نۇرغۇن گۇمانلارنى قىلغان بولۇشۇڭ مۇمكىن، خاتىرجەم بولغىنكى، ئېرىم سەپەردىن قايتىپ كەلگەندە مەن بۇ ۋەقەلەرنى ئۇنىڭغا ئېيتسام، ئۇمۇ ساڭا ئۆز قېرىندىشىدەك مۇئامىلە قىلىدۇ ۋە ساڭا رەھمەتلەر ئېيتىدۇ. سېنىڭ مېنىڭ يېنىمغا داۋاملىق كېلىپ تۇرۇشۇڭنىمۇ رۇخسەت قىلىدۇ. سەن بۈگۈندىن كېيىن مېنىڭ ۋە ئېرىمنىڭ قېرىندىشى بولۇپ قالىسەن. سەن بىزنى دەپ كۆپ جاپالارنى تارتتىڭ، لېكىن كۆپ ساۋابىمۇ تاپتىڭ. ئەمدى سەن ئۆز

# ئون بىرىنچى داستان

**بىر بەرەھمەننىڭ خوتۇنى پادىشاھنىڭ تۇزىنى**
**ئۆلتۈرگەنلىكى، ئۇ ئىشنى يەنە بىر**
**خوتۇننىڭ پادىشاھقا ئېيتىپ**
**ئۆزى جازالانغانلىقى**



ئون بىرىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش خۇددى بىر جىلۋىدار تۇزدەك بېرىپ، غەرب تېغىنىڭ چوققىسىغا قوندى. ئاي بەئەينى بىر گۈزەل ئۆردەكتەك شەرق دولقۇنلىرىنىڭ قايىنمى ئىچىدىن چىقتى. خوجەستە گۈزەللىك چىمەنزارىدىكى تۇزدەك ياسىنىپ تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەي ھەمراھىم، — دېدى ئۇ تۇتىغا، — ھەر كۈنى كېچىسى يېنىڭغا كېلىپ ئۇخلاتمىدىم، سىرىمنى ساڭا دېمەي يەنە كىمگە دەيمەن. ياخشىلارنىڭ كۆڭلى بىپەرۋالارنىڭ خەزىنىسىگە ئوخشايدۇ. دانالار شۇنداق ئېيتقانىكى: «مەسلىھەتنى دۇنيادىن كۆڭۈل ئۈزگەن كىشىلەردىن سوراش لازىم. بۈگۈن

ئىككىنچى كۈنى شەھرىساراي ئۇ يىگىتنى چاقىرتىپ كېلىپ ئېرىگە تونۇشتۇرۇپ قويۇپتۇ. سودىگەر بارلىق خىزمەتچىلىرىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ: «ئۇ يىگىت كەلسە ھەرگىز توسماڭلار» دەپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شەھرىساراي بىلەن ئۇ يىگىت كۈندە ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان بولۇپتۇ.

تۇتىنىڭ ھېكايىسى بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:

— ئەي ئاغىچام، سىزمۇ كۆڭلىڭىزنى ئازادە تۇتۇپ، ئېرىڭىزدىن خاتىرجەم بولۇڭ. ئەمدى يىگىتىڭىزنىڭ يېنىغا تېزرەك بېرىڭ. ئەگەر ئېرىڭىز ئۇ يىگىت بىلەن بىر يەردە بولغانلىقىڭىزنى بىلىپ قالسا، سىزمۇ شەھرىسارايغا ئوخشاش ھىيلە بىلەن ئېرىڭىزنىڭ سىزگە بولغان ئېتىقادىنى كۈچەيتكەيسىز، — دېدى.

خوجەستە يولغا چىقىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا جاھان ئۆز يۈزىدىن قارا پەردىنى كۆتۈرۈشكە باشلىدى. خوجەستە قارىسا تاڭ ئېتىپ قاپتۇ، شۇڭا يىگىتنىڭ يېنىغا كېچە بىرىش نىيىتىگە كەلدى. بېيت:

نەخشەبى، ئويلىغان بېرىپ بۇ كېچە
مەشۇقى سۆھبىتىدە چالغاي ساز.
توستى سۇبھى يەنە بېرىشتىن ئۇنى،
ئاشىقلار دۈشمىنىدۇر سۇبھى، خوراز.

بالادىن قۇتۇلۇپ قالغىنىغا ئوخشاش ئىشتۇر، — دېدى.

— ئۇ قانداق ھىيلە ئىشلەتكەنىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

تۇتى ھېكايىسىنى باشلىدى:

ھىندىستان ئېلىدە بىر بەرەھمەن بار بولۇپ، بىرمۇ پەرزەنتى يوق ئىكەن. ئۇ پەرزەنت كۆرۈش ئۈچۈن ھەر خىل تەدبىرلەرنى قوللانغان بولسىمۇ، لېكىن مەقسىتى ھاسىل بولماپتۇ.

بىر كۈنى بەرەھمەن بىر راھىبدىن:

— ئەي راھىب، پەرزەنت بولسا تەڭرىنىڭ بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان رەھمىتىدۇر. مەن كۈندە نەچچە مىڭلىغان بالىلارنى كۆرىمەن. لېكىن ماڭا پەرزەنت نېسىپ بولمىدى. بۇ قانداق بولغىنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەي بەرەھمەن، سەن مۇنداق بىر ئىشنى ئاڭلىغانمىدىڭ. بۇرۇن بىرنەچچە دەرۋىش بىر باياۋاندا ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ناھايىتى ئۇسساپ كېتىپتۇ. ئۇلار باياۋان ئىچىدە سۇ يوقلۇقىنى كۆرۈپ پەرىشان ھالدا: «ئەي تەڭرىم، ئەگەر مۇشۇ باياۋاندا بىر ئېرىق سۇ بولغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولغان بولاتتى. ئۇ چاغدا ئۆتكەن - كەچكەنلەرمۇ سۇغا مۇنچە تەشنا بولمىغان بولاتتى.» دەپ ئاھ ئۇرۇشۇپتۇ. غايىبتىن ئۇلارغا «ھەي دەرۋىشلەر، تەڭرىنىڭ ھۆكمى باشقا، سىلەرنىڭ ئارزۇيىڭلار باشقىدۇر.» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. بۇنىڭدىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، ئۇلۇغ تەڭرى نېمىنى خالىسا شۇنداق ھۆكۈم قىلىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ راھىب.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بۇ شەھەرگە ناھايىتى بىلىملىك ۋە ئۇستا بىر تېۋىپ كېلىپتۇ. بەرەھمەنىنىڭ ئايالى ئۇ تېۋىپنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ تۇغماس ئىكەنلىكىنى

يۇرۇپ ئەتىنىڭ غېمىنى يەيدىغان ئادەملەردىن مەسلىھەت سوراش ياخشى ئەمەس. چۈنكى، ئۇنداق كىشىلەر ئۆزىنىڭلا غېمىنى يەيدۇ، ھەرگىزمۇ ياخشى مەسلىھەت بەرمەيدۇ»، — دېدى.

— ئەي ئاغىچام، سىزنى تۇرمۇش غەمگە سېلىپتۇ. ئىشق - مۇھەببەت ئوتى يۈرىكىڭىزنى ئۆرتەپتۇ. سىز شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، ئادەمنىڭ جاپا تارتمىقى ئادەم يارىتىلغاندىن تارتىپلا پەيدا بولغان. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بەدىنىگە روھنى كىرگۈزگەن كۈنىلا جاپانىمۇ بىللە كىرگۈزگەن. ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ تېنىگە جاپا كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا رازى بولدى. شۇ سەۋەبلىك ئۇ ئەرشكە چىقىپ ئۇلۇغلۇقنى كۆردى. كۇرسىغا چىقىپ ھەشەمەتنى كۆردى، بېھىشكە كىرىپ راھەت - پاراغەتنى كۆردى. دوزاخقا كىرىپ جاپا - مۇشەققەتنى كۆردى، پەرىشتىلەرنى كۆرۈپ تائەت - ئىبادەتنى كۆردى، ئادەمنى كۆرۈپ جاپا - مۇشەققەتنى كۆردى. مېھنەت ئادەمنى كۆرۈپ ئادەمنىڭ بەدىنىگە ئورۇنلاشتى. بىر كىشى مېھنەتتىن: «ئەي مېھنەت، سەن نېمە ئۈچۈن ئادەم ئىچىگە ئورۇنلاشتىڭ؟» دەپ سورىغانىدى. مېھنەت: «ئەي ئەزىز، ھەرقانداق نەرسە ئاخىرەتتە ئۆز ئەسلىگە قايتقۇسىدۇر، شۇڭا ئادەمنى مېھنەت ئۈچۈن ياراتقان» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن. ئەي ئاغىچام، مەن سىزگە شۇنى ۋەسىيەت قىلايكى، ئۆز سىرىڭىزنى ھېچقانداق بىر كىشىگە ئېيتماڭ. چۈنكى سىنالمىغان دوستقا سىرنى ئاشكارىلىغىلى بولماس. ئەگەر سىرىڭىز پاش بولۇپ قالسا، ياخشى بولمايدۇ. يەنە بىر ۋەسىيىتىم شۇكى، ئەگەر سىزنىڭ سۆيگىنىڭىز بىلەن بىرگە بولغىنىڭىزنى دۈشمىنىڭىز سېزىپ قالسا، ئۆزىڭىزنى ئۇ دۈشمەندىن يىراق قىلغايسىز. بۇ خۇددى بەرەھمەننىڭ ئايالى ئۆزىگە بالا كەلگەندە ھىيلە ئىشلىتىپ، ئۇ

كۆۋاھلىقتىن ئۆتسە ئاندىن سۆزۈڭگە ئىشىنىمەن، — دەپتۇ.
ئۇ مەزلۇم ئىككى كىشىنى ئۆيىگە باشلاپ كېلىپ بىر ساندۇق ئىچىگە ساپتۇ. ئىككى مەدىكارنى چاقىرىپ ئۇ ساندۇقنى بەرەھمەنىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپتۇ، ئۇ بەرەھمەنىنىڭ ئايالىغا:
— ئەي دوستۇم، سىڭلىم، مەن بىرنەچچە كۈنلۈك سەپەرگە چىقماقچى ئىدىم، بۇ ساندۇقنى سىزگە ئامانەتكە قويۇپ قويسام، سەپەردىن قايتىپ كېلىپلا ئېلىپ كېتىمەن. ئەي دوستۇم، تۈنۈگۈن سىز ماڭا پادىشاھنىڭ توزىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۆتى بىلەن دورىنى قوشۇپ يېيىشكە ئىلىكىڭىزنى دەپ بەرگەنىدىڭىز. توزنى قانداق قىلىپ ئۆلتۈرۈپ، ئۆتىنى نېمە ئۈچۈن يېيىشكە ئىلىكىڭىز مېنىڭ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ، بولسا ماڭا باشقىدىن دەپ بەرگەن بولسىڭىز، دەپتۇ.
بەرەھمەنىنىڭ ئايالى بۇ ئىشنى ئۇ ئايالغا ئاشكارا قىلىپ قويغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ تۇرغانىكەن، ئۇ ئايالنىڭ بىر يوغان ساندۇقنى ئېلىپ كەلگەنلىكىدىن گۇمان قىلىپ كۆڭلىدە بىر ئىشنى سەزگەندەك بولۇپتۇ - دە، ئۇ ئايالغا:
— ئەي ئىنگىچەم، مەن چۈشۈمدە پادىشاھنىڭ توزىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۆتىنى تېۋىپ بەرگەن دورا بىلەن قوشۇپ يەپتىمەن، پادىشاھنىڭ توزىغا چوقۇم بالا يەتتى دېگەنىدىم، — دەپتۇ.
— ھەي نېمە دەۋاتىسەن؟ سەن ماڭا «راست بولغان ئىش» دېگەن ئىدىڭغۇ. ئەمدى بۇ مېنىڭ چۈشۈم ئىدى دېگىنىڭ نېمىسى، سەن يالغان ئېيتىۋاتىسەن، — دەپتۇ ھېلىقى ئايال.
— تۈنۈگۈن مەن ساڭا چۈشۈمنى دەپ بەرگەنىدىم. مەن ئادەتتە چۈشىنى ئۆلتۈرۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان ئادەم تۇرسام، قانداق قىلىپ پادىشاھنىڭ توزىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ

ئېيتىپتۇ. تېۋىپ بەرەھمەننىڭ ئايالىغا دورا بېرىپ:

— بۇ دورىنى توزنىڭ ئۆتى بىلەن قوشۇپ يېسىڭىز پەرزەنت يۈزى كۆرىسىز، — دەپتۇ.

بەرەھمەننىڭ ئايالى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن توز ئىزدەشكە باشلاپتۇ.

ھىندى پادىشاھىنىڭ بىر توزى بار ئىكەن. ئۇ توزنى ھەر كۈنى سەھەردە باغچە ئىچىگە قويۇپ بېرىدىكەن. كەچ بولغاندا توز ئۆزى قايتىپ كېلىدىكەن. بەرەھمەننىڭ ئايالى بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ئەپلەك چارىدىن بىرنى تېپىپ توزنى قولغا چۈشۈرۈپتۇ. ئۇ ھېچكىمگە تۇيدۇرماي توزنى ئۆلتۈرۈپ، تېۋىپ بەرگەن دورا بىلەن توزنىڭ ئۆتىنى قوشۇپ يەپتۇ. بەرەھمەننىڭ ئايالى بۇ ئىشنى بىر قوشنىسىغا دەپ بېرىپتۇ. ئۇ شۇنداق مەخپىي تۇتىدىغان سىرنى ئاشكارىلاپ قويدى. ئەي ئاغىچام، سىرنى باشقا كىشىگە ئېيتقاندىن يامان ئىش يوقتۇر.

ئەلقىسسە، ئەتىسى پادىشاھ توزنىڭ يوقالغانلىقىنى ئاڭلاپ شەھەر خەلقىگە: «ھەرقانداق كىشى توزنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزسە، ئۇ كىشىنىڭ ئېتىكىنى ئالتۇن بىلەن توشقۇزىمەن ۋە ئون مىڭ دىنار بېرىمەن» دەپ ئېلان چىقىرىپتۇ.

بەرەھمەننىڭ ھېلىقى قوشنىسى ئېلاننى ئاڭلىغاندىن كېيىن پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ توزنى بەرەھمەننىڭ ئايالىنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ ناھايىتى ئادىل ۋە ئىنساپلىق ئىكەن. شۇڭا پادىشاھ ئۆز - ئۆزىگە: «بۇ خوتۇننىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ بىر كىشىنىڭ قېنىنى تۆكۈش ئادىللىق بولماس» دەپ ھېلىقى ئايالغا:

— ئەي مەزلۇم، ئەگەر سېنىڭ دېگەنلىرىڭ راست بولسا، مەن ئىككى ئادەمنى ئۇ خوتۇننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارغىن، ئۇ ساڭا توزنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى يەنە ئېيتسا، بۇ ئىككىيلەن

ئەگەردە سىرىڭىز ئاشكارا بولۇپ قالغۇدەك بولسا، سىزمۇ بەرەھ-مەننىڭ ئايالىغا ئوخشاش چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ئۆزىڭىزنى بالادىن ساقلاڭ، — دېدى.

خوجەستە ئاشنىسىنىڭ قېشىغا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى. خوجەستە كېچىنى ھېكايە ئاڭلاش بىلەن ئۆتكۈزۈپ ئۇيقۇدىن قالدى. ئۇ ئۇخلاش ئۈچۈن خاس ئۆيىگە كىرىپ يۇمشاق تەكيىگە باش قويدى. بېيىت:

نەخشەبى، ئويلىغان بېرىپ بۇ كېچە،
سۆيگىنى سۆھبىتىدە چالغاي ساز.
كاشىلا بولدى ئاڭا سۇبھى يەنە،
ئاشىقلار دۈشمىنىدۇر سۇبھى، خوراز.



ئۆتى بىلەن دورىنى قوشۇپ يېگەن بولاي، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بەرەھمەننىڭ ئايالى.

ھېلىقى چېقىمچى ئايال بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەيران قاپتۇ ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە: «بۇ ئىشلار نېمە بولۇپ كەتتى، مەن قاراپ تۇرۇپ پادىشاھقا يالغانچى بولۇپ قالىمەنمۇ» دەپ پەرياد ئۇرۇپتۇ.

ساندۇق ئىچىدىكى ھېلىقى ئىككى كىشى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ساندۇقتىن چىقىپتۇ. ئۇلار ھېلىقى چېقىمچى خوتۇننى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ ـ دە، بولغان ئەھۋاللارنى بايان قىلىپتۇ. پادىشاھ چېقىمچى ئايالنى جازا-لاپتۇ ۋە ئۇنى بۇنىڭدىن كېيىن ئوردىغا كىرگۈزمەسلىكنى جاكارلاپتۇ.

بەرەھمەننىڭ ئايالى ئەنە شۇنداق نەيرەڭ ئارقىلىق ھالا-كەتتىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ. بېيىت:

نەخشەبى، ھەممە ئىشقا باردۇر ھېساب،
بولمىغىن ئەمما يامان ئىشقا گۇۋاھ.
كىم يامان بولسا، شۇ جازاسىن تاپار،
ئىككى دۇنيادا بولغۇسى گۇمراھ.

تۇتى ھېكايىسىنى سۆزلەپ بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:

ــ ئەي ئاغىچام، بەرەھمەننىڭ ئايالىنىڭ ئۆزىنى ھالا-كەتتىن قانداق ساقلاپ قالغانلىقىنى ئاڭلىدىڭىز، ئۇنىڭ قوش-نىسى پۇلنى كۆزلەپ، باشقىلارنىڭ سىرىنى ئاشكارا قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆزى رەسۋا بولدى، سىز ئەمدى ئاشىقىڭىزنىڭ يېنىغا بېرىڭ، لېكىن ئۆز سىرىڭىزنى ھېچقانداق كىشىگە دېمەڭ.

نېمە ئادەم؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «مەن سەۋرى قىلغۇچىدۇرمەن» دېدى. مەن يەنە: «سەن نېمىگە سەۋرى قىلىسەن؟» دەپ سورىسام، ئۇ شۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ مەھبۇبى بىلەن خوشلىشىدىغان چاغدا بىر كۆزىدىن ياش چىقىپ، بىر كۆزىدىن ياش چىقماپتۇ. ئۇ ياش چىقمىغان كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ ئاتمىش يىلغىچە ئاچماپتۇ ۋە دائىم: «ئەي كۆز، سەن مەھبۇبىم بىلەن خوشلىشىدىغان چاغدا ھېچ ئىشقا يارىمىدىڭ. شۇنداق چاغدا ماڭا ئەسقاتمىغان كۆزنىڭ نېمە كېرىكى بار. ئەمدى سەندەك كۆزنى ھەرگىزمۇ ئاچمايمەن. سەن مەڭگۈ جاھاننىڭ يورۇقىنى كۆرەلمەيسەن» دەپتۇ. ئەي تۇتى، سەن ماڭا ياردەم قولۇڭنى سۇنمىساڭ ۋە ماڭا ئۇلپەتچىلىك قىلمىساڭ، مېنىڭ سەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنىڭ نېمە كېرىكى؟ ئەگەر سەن يەنىلا ئىشقا يارىمىساڭ بۇنىڭدىن كېيىن سېنىڭ يۈزۈڭگە ھەرگىزمۇ قارىمايمەن، — دېدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان تۇتى خوجىستىگە:

— ئەي ئاغچام، سىز مەندىن يامانلايسىز، سىزنىڭ سەۋر - تاقەتلىكىڭىزدىن مەنمۇ بىتاقەت بولمىغان بولسام غېمىڭىزنى يېمىگەن بولاتتىم، مەن سىزنىڭ ئىشىنى ئاشكارا قىلىپ قويۇشىڭىزدىن بەك ئەنسىرەيمەن، سىز ئاشىقنىڭ دەۋاسىنى قىلىسىز، ئەمما بۇ قىلغانلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى يالغان. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، نەچچە كۈندىن بېرى مەن سىزگە بۇ ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنىڭ نۇرغۇنلىغان قائىدە - يوسۇنلىرىنى ئۆگەتتىم. بىراق سىز ئۆزىڭىز بۇ ئىشتىن ئەندىشە قىلدىڭىز ۋە بۇ ئىشقا سۇسلۇق قىلدىڭىز. بۇنىڭ سەۋەبى، سىزنىڭ بۇ ئىشقا قارىتا مەيلىڭىزنىڭ يوقلۇقىدىن بولدى. بۇنىڭدىن سىزنىڭ ئېرىڭىزنىڭ مۇھەببىتى ئاشىقىڭىزنىڭ مۇھەببىتىدىن غالىپ كەلگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئەمدى زاھىدنىڭ قىزى ئۇچ

# ئون ئىككىنچى داستان

**بىر زاھىدنىڭ قىزىغا ئۈچ يىگىتنىڭ ئاشىق بولغانلىقى، قىز ئۆلگەندە ئۈچ يىگىت قىزنى گۆردىن ئېلىپ چىققانلىقى ۋە ئۇ قىزنى تىرىلدۈرگەنلىكى**



ئون ئىككىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش قەلبى نۇرلۇق زاھىدتەك مەغرىبنىڭ خىلۋەت ئىبادەتخانىسىغا كىردى. ئاي كۆڭلى سۇنۇق راھىبقا ئوخشاش مەشرىق مېھمانخانىسىدىن چىقتى. غەمكىن خوجەستە رۇخسەت سوراش ئۈچۈن تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەي، پىراق ئوتلىرىدىن خالاس قىلغۇچى، ئىشتىياق ئازابلىرىدىن ساقلىغۇچى ئەقىللىق قۇشۇم، ئۇلۇغلاردىن بىرى مۇنداق رىۋايەت قىلغانىكەن: مەن ھىندىستاندا ئاجايىپ بىر ئادەمنى كۆردۈم، ئۇنىڭ بىر كۆزى ئېچىلىپ بىر كۆزى يۇمۇلۇپ تۇرىدىكەن، مەن بۇ ئىشقا ھەيران قېلىپ ئۇنىڭدىن: «سەن

ياخشى، ئۇنى ئۆيگە بەند قىلىپ ساقلاۋەرمەڭلار، — دەپتۇ. بېيىت:

نەخشەبى، قىز، ئاياللار باشتىن - ئاياغ،
غەم بىلەن غۇسسىدۇر كىشىگە ھامان.
خەلق ئىچىدە بار بۇ مەسەل مەشھۇر،
ئىش تۈزۈلمىگىچە كۆڭۈل سەرسان.

ئەلقىسسە، زاھىد كەبىگە بېرىپ تاۋاپ قىلىپ سالامەت قايتىپ كېلىپتۇ. ئۇ قايتىپ كېلىش يولىدا ناھايىتى دىيانەتلىك ۋە تائەت - ئىبادەتلىك بىر يىگىتنى ئۇچرىتىپ، قىزىنى ئۇ يىگىتكە بېرىشنى ئويلاپ، ئۆزى بىلەن بىرگە ئۆيگە ئېلىپ كېلىپتۇ.

بىر كۈنى زاھىدنىڭ ئوغلى بىر شەھەرگە سودا قىلىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇ يولدا ئەقىللىق بىر يىگىت بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇپتۇ. زاھىدنىڭ ئوغلى دادىسىنىڭ ۋەسىيتى بويىچە سىڭلىسىنى ئۇ يىگىتكە بەرمەكچى بولۇپ، سودىسىنى تۈگىتىپ ئۆزى بىلەن بىرگە ئۆيگە ئېلىپ كېلىپتۇ.

بىر كۈنى زاھىدنىڭ ئايالى شەھەردە ناھايىتى چىرايلىق ۋە بەستلىك بىر يىگىتنى ئۇچرىتىپ، ئېرىنىڭ ۋەسىيتى بويىچە قىزىنى ئۇ يىگىتكە بەرمەكچى بولۇپ ئۆيگە ئېلىپ كېلىپتۇ. زاھىد ئۆيگە كىرىش بىلەنلا ئىككى يىگىتنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. ئۈچ يىگىت قىزنى مەن ئالىمەن دېسە، مەن ئالىمەن دەپ تالاش - تارتىش قىلىشقا باشلاپتۇ. بۇ تالاش - تارتىشتىن قوشنىلىرى خەۋەر تېپىپ زاھىدنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپتۇ. قىز بۇ ئىشتىن تولىمۇ خىجىللىق ھېس

يىگىتتىن يۈز ئۆرۈپ ئىبادەتكە مەشغۇل بولغىنىدەك سىزمۇ يىگىتىڭىزدىن يۈز ئۆرۈمەكچىمۇ؟ — دېدى.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

تۇتى ھېكايىسىنى باشلىدى:

بۇرۇنقى زاماندا بىر زاھىد بار ئىكەن، ئۇ تائەت - ئىبادەتتە شەيخ شىبلىدەك① مۇستەھكەم، مېھنەت - مۇشەققەتكە شەيخ - جۇنەيددەك ② سەۋرى - تاقەتلىك ئىكەن. ئۇ زاھىد كۆپ جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتىپ كامالەت ھاسىل قىلىپتۇ. ھەتتاكى ئالەمدىن يۈز ئۆرۈپ تەركىدۇنيا بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ زاھىدنىڭ بىر ئوغلى بىلەن بويىغا يەتكەن بىر قىزى بار ئىكەن.

بىر كۈنى زاھىدنىڭ كۆڭلىدە ھەج قىلىش ھەۋىسى پەيدا بولۇپتۇ. زاھىد خوتۇن - بالىلىرى بىلەن خوشلىشىپ تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن كەبىگە بارماقچى بولۇپتۇ. ئۇ يولغا چىقىش ئالدىدا خوتۇنى بىلەن ئوغلىغا:

— مەن كەبىگە تاۋاپ قىلغىلى بارىمەن. ئالدىمدا نۇرغۇنلىغان بالايىئاپەتلەر بار. قىزىم بويىغا يېتىپ قالدى. ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر لايىق چىقىپ قالسا تويىنى قىلىپ قويۇڭلار. چۈنكى قىز بالا بىرسىنىڭ ئەمرىدە بولغىنى

---

① شەيخ شىبلى— تولۇق ئىسمى دولەف ئىبنىي جەھدەر ئەبۇ بەكرى. ھىجرىيە 334 - (مىلادى 946 - ) يىلى تۇغۇلغان. تەسەۋۋۇپ ساھەسىدە كاتتا شۆھرەت قازانغان. ئۇ ئەسلى خۇراسانلىق بولۇپ باغدات شەھرىدە ۋاپات بولغان.

② شەيخ جۇنەيد — تولۇق ئىسمى ئەبۇلقاسىم زۇجاج قەۋارىرى. ھىجرىيە 297 - (مىلادى 910 - ) يىلى باغدادتا تۇغۇلغان. ئۇ دىنىي ئالىملاردىن فىقھى ۋە تەسەۋۋۇپ ئالىملىرىنى چوڭقۇر ئۆگەنگەن. تەقۋادارلىق ۋە زاھىدلىقتا كاتتا شۆھرەت قازانغان. ئۇ باغداتتىن پىيادە مېڭىپ ئوتتۇز قېتىم ھەج قىلغان.

توختاپ قالغان. شۇڭا بۇنىڭغا بىر ئامال قىلساق، ئۇ قىز قايتىدىن ھاياتلىققا كۆز ئاچىدۇ. بۇنىڭ ئامالى شۇكى، قىز-نىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، ئىنچىكە چىۋىق بىلەن بەدىنىگە راسا ساۋىساق ئاندىن ھوشىغا كېلىدۇ. ئەمما بۇنداق ئاجىز نازىنىننى چىۋىق بىلەن ساۋاشقا كىمنىڭ كۆڭلى چىدايدۇ، — دەپتۇ.

— بۇ ئىشنى مانا مەن قىلىمەن، — دەپتۇ ئۈچىنچى يىگىت بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، — بىزنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىمىز بىلەن بۇ قىز تىرىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

ئۇ يىگىت چىۋىق بىلەن ساۋاشقا باشلاپتۇ. خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قىز ھەرىكەتكە كېلىپ تىرىلىپتۇ.

ئەتىسى بامدات ۋاقتىدا قىزنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە قولۇم - قوشنىلىرى تۇپراق بېشىغا كېلىپتۇ. ئۇلار تۇپراق بېشىدا ئۈچ يىگىتنىڭ تالاش - تارتىش قىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. يىگىتلەردىن بىرى:

— بۇ قىزنى گۆر ئىچىدىن مەن چىقاردىم، شۇڭا ماڭا تەئەللۇق، — دېسە يەنە بىرى:

— بۇ قىز ماڭا تەئەللۇق. چۈنكى ئۇنىڭ تىرىك ئىكەنلىكىنى مەن بايقىغان، — دەپ جېدەل قىلىپتۇ.

ئۈچىنچى يىگىت:

— بۇ قىز مېنىڭ تىرىشچانلىقىم بىلەن تىرىلدى. شۇڭا ماڭا تەئەللۇق، — دەپ تالىشىپتۇ.

ئۇلارنىڭ جېدەل - ماجىرالىرى ئۇزۇنغىچە داۋام قىلىپتۇ. بۇنىڭدىن تولىمۇ خىجىل بولغان قىز: «ئەي ئۇلۇغ تەڭرىم، بۇلار قانداق ئادەملەردۇر. مەن بۇلاردىن ئۆلۈپمۇ، تىرىلىپمۇ قۇتۇلالمىدىم. ئەمدى بۇنىڭ ئامالى شۇكى، بۇلاردىن ئۈمىدىمنى ئۈزۈپ، ياراتقان ئىگەمنىڭ ئىبادىتى بىلەن بولاي» دەپ ئەسكى

قىلىپ، سەكتە ئاغرىقىغا دۇچار بولۇپتۇ. بۇ شەرمەندىچىلىك قىزنىڭ ئەمدىلا ئېچىلغان ھايات گۈلىنى ئەجەل شاماللىرى بىلەن توزىتىشقا باشلاپتۇ. قىزنىڭ نەپىسى توختاپ، گوياكى مۇردىغا ئوخشاپ قاپتۇ. خالايىق ئۇنى ئۆلدى دەپ ھۆكۈم قىلىشىپتۇ. شۇڭا قىزنى يۇيۇپ، كېپەنلەپ نامىزىنى چۈشۈرۈپتۇ. ئاخىرى گۆرىستانلىققا ئاپىرىپ دەپنە قىلىپتۇ.

زاھىد كۆرۈنۈشتە قىزىغا ماتەم تۇتقان بولسىمۇ ئەمما: «ئۈچ يىگىتنىڭ تالاش - تارتىشىدىن ۋە خەلقنىڭ غەۋغاسىدىن خالاس بولدۇم» دەپ ئويلاپ خۇشال بولۇپتۇ. بېيىت:

نەخشەبى، بولما غاپىل دۈشمەندىن،
بارچە ئىشلاردا قەستدۇر ئايان.
قولىدىن كەلگىنىگۇ چاغلىق ئىش،
تىلىدىن كەلگىنى يامانىدۇر، يامان.

ئۈچ يىگىت قىزنىڭ تۇپراق بېشىغا بېرىپ، ئاھ - پەريادلار ئۇرۇپ، نالە - زارلار قىلىشىپتۇ. بۇلار ئىچىدىن ئەڭ ئالدىدا كەلگەن يىگىت:

— مەن ئۇ قىزنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە تولىمۇ ئىنتىزار ئىدىم. شۇڭا قەبرىنى ئېچىپ قىزنى ئېلىپ چىقىمەن، — دەپ گۆرنى ئېچىپ قىزنى قەبرىدىن ئېلىپ چىقىپتۇ.

ئىككىنچى يىگىت قىزنى كۆرۈش بىلەنلا:

— بۇ قىز تىرىك ئىكەن. ئۇنىڭ ھەممە ئەزالىرىدىن تىرىكلىكنىڭ ئالامىتى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. كېسىپ ئېيتىمەنكى، بۇ قىز تىرىك. ئۇ ئەسلىدە سەكتە ئاغرىقىغا دۇچار بولۇپ دېمى سىقىلىپ ماغدۇرسىزلانغان ۋە تومۇرلىرى سوقۇشتىن

# ئون ئۈچىنچى داستان

## پادىشاھنىڭ كېنىزىكى بىلەن يەتتە ۋەزىرنىڭ ھېكايىسى



ئون ئۈچىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش ئۆزىنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرىنى مەغرىب گۈلىستانىنىڭ ئارقا تەرىپىگە يۆتكىدى. ئاي سەيلە قىلىش ئۈچۈن مەشرىق ئۆيىدىن چىقتى. خوجەستە يۈرىكى كاۋاپ، ھالى خاراب ھالدا كۆزلىرىدىن ياش ئاققۇزۇپ تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ئەي يېقىملىق ھېكايىلەرنى سۆزلىگۈچى ۋە خوش خەۋەرلەرنى كەلتۈرگۈچى سىردىشىم، — دېدى خوجەستە، — مۇشۇ كۆزلىرىمنى ئۆز قولۇم بىلەن ئويۇۋەتسەم دەيمەن. چۈنكى، شۇ يىگىتنى كۆرمىگەن بولسام بۇ بالاغىمۇ قالمىغان بولاتتىم. ئۇنىڭغا قانداق نەس باسقان كۈندە ئۇچرىغان بولغىيتىم. شۇنىڭدىن باشلاپ ماڭا قىلچە سەۋر-تاقەت ۋە تىنچ-ئامانلىق يوق. مېنىڭ بۇ بىقارارلىقىمغا بىر ئامال قىلغىن.

— ئەي ئاغىچام، ئاشىقتا ھەرقانداق بالايىئاپەت

پالاسلاردىن تونلارنى كىيىپ، چاچلىرىنى قىرقىپتۇ. ئاندىن ئاتىسىنىڭ سۇپىسىغا چىقىپ ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇپتۇ. ياخشى كىشىلەر ھېچقاچان بۇ دۇنيانى دەپ ئاخىرەتلىكىنى ساتمايدۇ. بۇ دۇنيانىڭ لەززىتى ئۈچۈن ئاخىرەت مەئىشەتلىرىنى قۇربان قىلمايدۇ.

ئەلقىسسە، ئۈچ يىگىت قىزنىڭ بۇ دۇنيانى تەرك قىلىپ ئىبادەتكە مەشغۇل بولغانلىقىنى كۆرۈپ قىزدىن ئۈمىدلىرىنى ئۈزۈشۈپتۇ.

تۇتى ھېكايىسىنى سۆزلەپ بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:

— ئەي ئاغىچام، سىزدە ئاشۇ قىزغا ئوخشاش ھىممەت بارمۇ؟ سىز ئاشۇ قىزغا ئوخشاش بۇ دۇنيانىڭ لەززىتىدىن كېچەلەمسىز؟ ئەگەر سىز بۇ دۇنيادا راھەت كۆرۈشنى ئويلىسىڭىز ئۇ يىگىتنىڭ قېشىغا بېرىڭ. ئۇنى يولىڭىزغا ئىنتىزار قىلماڭ، — دېدى.

خوجەستە ئۇ يىگىتنىڭ قېشىغا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا ئاللىقاچان تاڭ يورۇپ، كوندۇزنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى باشلانغانىدى. خوجەستە يەنە كەچقۇرۇن بېرىش نىيىتىگە كەلدى. بېيىت:

نەخشەبى، ئويلىغان بېرىپ بۇ كېچە،
سۆيگۈ - ئىشق بەزمىسىدە چالغاي ساز.
سۇبھى قويدى يەنە ئۇنى يولىدىن،
ئاشىقلار دۈشمىنىدۇر سۇبھى، خوراز.

ئۇچۇن قۇرئى كىتابلارنى ئېچىپ كۆرۈپ شۇنداق تەبىر بېرىشىپتۇ: «شاھزادە ئۇن ئۈچ ياشقا كىرگەندە چوڭ بىر خېيىم - خەتەرگە يولۇقىدۇ. لېكىن بۇ بالا - قازادىن ناھايىتى تېزلا خالاس بولىدۇ».

پادىشاھ ئوغلىغا ھەر تۈرلۈك بىلىملەرنى ئۆگىتىپ ئۆز تەختىگە ۋارىسلىق قىلدۇرماقچى بولۇپتۇ. ئەمما شاھزادە تۇغۇلغاندىلا سەل دۆت بولۇپ، ھۆكۈمالار ئۇن ئىككى يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ تەربىيىلىگەن بولسىمۇ، ھېچقانداق ئۈنۈمى بولماپتۇ. بۇ ئىشتىن پادىشاھنىڭ بېشى قېتىپ، ھۆكۈمالارنى چاقىرتىپتۇ. پادىشاھ ئۇلاردىن:

— بۇ بالا ئەقىلسىز بولۇپ قالدى. بۇنىڭغا قانداق ئامال قىلغۇلۇق؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەي شاھىم، بۈگۈنكى كۈنگىچە شاھزادىنىڭ سەلتەنەتلىك ۋە ئالىملىق يۇلتۇزى تۇغۇلمىغان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھۆكۈمالاردىن بىرى، — مەن شۇنى ئىلتىجا قىلىمەنكى، شاھزادىنى مېنىڭ تەربىيىلىشىمگە بەرسىلە. مەن ئالتە ئاي ئىچىدە ئۇنى دانىشمەن ئالىم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىمەن.

پادىشاھ ھۆكۈمانىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شاھزادىنى ئۇنىڭ تەربىيىلىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. ھۆكۈما شاھزادىنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپتۇ، ئاندىن بىر ئۆي سالغۇزۇپتۇ. ئۆينىڭ تام - تورۇسلىرىنى بولسا ئەينەكتەك پارقىرىتىپتۇ. ھۆكۈما بۇ ئۆينىڭ تام ۋە تورۇسلىرىغا ئاسمان ۋە يۇلتۇزلارنىڭ، ناماز ئوقۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ، پادىشاھلارنىڭ ئادىللىقى ۋە زالىملىقىنى ئىپادىلەيدىغان رەسىملەرنى سىزىپتۇ. بۇ ئۆيگە سىزىلغان رەسىملەردىن دۇنيادىكى ھەممە بىلىملەرنى ئۆگەنگىلى بولىدىكەن. ھۆكۈما شاھزادىنى بۇ ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ سىزىلغان

كۆزىدىن كېلىدۇ. ھۆكۈمالار: «كۆزنى كۆرۈشكە تېگىشلىك بولمىغان نەرسىدىن ساقلىغانىدىلا بالا - قازانى كۆرۈشتىنمۇ ساقلانغىلى بولىدۇ» دېگەن. بىر كۈنى ئاببىاسىلار خەلىپىلى-كىنىڭ ئورۇن باسارى خەلىپە مەئمۇن باغدادى ئۆز ئوغلىنىڭ يۈزىنى جاراھەتلەنگەن ھالدا كۆرۈپتۇ. خەلىپە ئوغلىدىن: «ئەي ئوغلۇم، يۈزۈڭگە نېمە بولدى؟» دەپ سورىغانىكەن. ئوغلى: «شاراب ئىچىپ ئاتقا مىنگەنىدىم، يىقىلىپ چۈشتۈم» دەپتۇ. خەلىپە ئوغلىغا: «ئەي ئوغلۇم، شارابنى كۆرمىگەن بولساڭ، يۈزۈڭمۇ جاراھەت بولماس ئىكەن» دەپتۇ. ئەي خوجەستە، سىزمۇ كۆزىڭىزنى يات كىشىدىن ساقلىغان بولسىڭىز، بۇنداق بالاغا يولۇقمىغان بولاتتىڭىز، — دېدى تۇتى.

— ئەي زامانىمىزنىڭ سوقراتى①، ئەگەر مەن ئۇ يىگىتنىڭ قېشىغا بارسام، قايسى يەرگە نەزەر سالسام بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى خوجەستە تۇتىدىن.

— ئەگەر ئۇ يىگىتنىڭ يېنىغا بارسىڭىز نەزەرىڭىزنى ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا سېلىشىڭىز كېرەك. مۇبادا ئۇنداق قىلماي باشقا كىشىگە نەزەر سالسىڭىز، ئۇ چاغدا پادىشاھنىڭ كېنىزىكى باشقىلارغا نەزەر سېلىپ قويۇپ، رەسۋا بولغىنىغا ئوخشاش جاپا - مۇشەققەتكە قالىسىز، — دېدى.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە تۇتىدىن.

تۇتى ھېكايىسىنى باشلىدى:

قەدىمكى زاماندا ھىندىستاندا بىر پادىشاھ بار ئىكەن، ئۇنىڭ مەملىكىتى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، لەشكەرلىرى سانسىز ئىكەن. ئۇ پادىشاھ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپتۇ. ھۆنەجىملەر شاھزادىنىڭ بەخت - تەلىيىنى بىلىش

① سوقرات — قەدىمكى يۇنان دانىشمەنى ۋە پەيلاسوپى.

خىجىللىق ھېس قىلىۋاتسا كېرەك، شۇڭا شاھزادىنى ھەرەم①
سارايىغا ئېلىپ كىرەيلى، — دېيىشىپتۇ.

ھەرەم سارايىدا پادىشاھنىڭ بىر كېنىزىكى بار ئىكەن. ئۇ كېنىزەك ئۇزۇندىن بۇيان شاھزادىگە ئاشىق بولۇپ يۈرگەنىكەن. كېنىزەك بۇ ئەھۋاللارنى ئۇققاندىن كېيىن پادىشاھقا:

— ئەي شاھىم، مەن شاھزادىنىڭ ئىنىكئانىسى. شاھزادىمۇ مەن بىلەن كۆپ سىرداشقان. ئەگەر پەرمان بولسا شاھزادىنى ئۆز ئۆيۈمگە ئېلىپ بېرىپ، سوئال سوراپ كۆرەي، — دەپتۇ.

پادىشاھ ماقۇل بولۇپتۇ.

كېنىزەك شاھزادىنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ بارغاندىن كېيىن:

— ئەي جېنىم شاھزادە، مېنىڭ كۆڭلۈم سېنىڭ ئىشق ئوتۇڭدا يارا بولدى، ئۇزۇندىن بۇيان ئىشق - مۇھەببىتىمنى ساڭا ئىزھار قىلىدىغان پۇرسەت تاپالماي كېلىۋاتىمەن. مانا بۈگۈن بەخت ماڭا يار بولدى. خۇدا ئىككىمىزنى بۇ خىلۋەتتە بىر قىلدى. سەن ئەمدى مېنى ئۆز ۋەسلىڭ بىلەن ۋىسالىڭغا يەتكۈزگىن، — دەپ شاھزادىگە ئۆزىنى تاشلاپتۇ. شاھزادە بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ خاپا بولغان ھالدا ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ ھالدىن كېنىزەك قورققىنىدىن: «دەرىخا، مەن نېمە ئۈچۈن بۇنداق غەلىتە ئىشنى قىلدىم، مەن شاھزادىنىڭ مىجەزىنى بىلمەي تۇرۇپلا ئۇنىڭغا ئۆز ھالىمنى ئېيتىپتىمەن، ئەمدى بۇ سىر ئاشكارىلانسا پادىشاھ مېنى زىندانغا تاشلايدۇ. شۇڭا سىر ئاشكارا بولغۇچە بىر ئامال قىلىپ، گۇناھنى شاھزادىگە ئارتىشىم كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ - دە، كىيىملىرىنى

① ھەرەم — خاس ئۆي، ئۆز ئەھلى بولمىغان كىشىلەر كىرگۈزۈلمەيدىغان جاي، ئىچكىرىكى ھويلا.

رەسىملەرنىڭ ۋەقەلىكىنى ۋە مەنىلىرىنى بايان قىلىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن شاھزادە ئالتە ئاي ئىچىدىلا نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگىنىپتۇ. ھۆكۈما شاھزادىگە:

— ئەي شاھزادە، ئەتە مەن سىزنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىمەن، پادىشاھ سىزنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن ۋە خىلمۇ خىل سوئاللارنى سورىشى مۇمكىن. سىز سوئاللارغا راستچىللىق بىلەن جاۋاب بەرگەيسىز. ئەمما مەن قۇرئى كىتابلارغا قاراپ باقاي، ئەتە سىزنىڭ تەلىيىڭىز ئوڭمۇ ياكى تەتۈرمۇ؟ — دەپتۇ.

ھۆكۈما قولىغا قۇرئى كىتابىنى ئېلىپ شاھزادىنىڭ تەلىيىنى سىناپ كۆرۈپتۇ ۋە دەرھاللا پەرياد قىلىپ، ئاھ ئۇرۇپ ياقىسىنى يىرتىپتۇ.

— ئەي شاھزادە، — دەپتۇ ھۆكۈما، — مەن سىزگە يۈزمىڭ مۇشەققەتلەر بىلەن ئىلىم ئۆگىتىپ، نادانلىقتىن دانا قىلدىم، ئەمما ئالدىڭىزدىكى يەتتە كۈن ئىچىدە سىزگە ناھايىتى خەتەرلىك بىر ئىش يۈزلىنىپتۇ. سىز بۇ يەتتە كۈن ئىچىدە خەۋپ - خەتەر ئىچىدە تۇرىسىز. بۇنىڭ ئامالى شۇكى، سىز يەتتە كۈن ھېچقانداق گەپ قىلمىغايسىز.

ئەتىسى ھۆكۈما شاھزادىنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ شاھزادىنىڭ ھېچقانداق گەپ قىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ:

— مەن ھۆكۈمانىڭ تەربىيىلىشىدە ئوغلۇم خېلى بىلىملىك بولۇپ قالغاندۇ دەپ ئويلىغانىدىم، ئەمما ھۆكۈما ئوغلۇمنى تېخىمۇ دۆت قىلىپ قويۇپتۇ، — دەپتۇ.

پادىشاھنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان ۋەزىر ۋە بەگلەر:

— ئەي پادىشاھى ئالىيلىرى، شاھزادە كىشىلەردىن

ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ دەپتۇكى:

— ئەي شاھىم، ئۆزلىرىگە مەلۇم بولغايكى، ئالدىراپ ھۆكۈم قىلىش ئادەمگە پۇشايمان ئېلىپ كېلىدۇ. بىر خوتۇننىڭ سۆزى بىلەن بۇنچىۋالا خاپا بولۇش ئورۇنسىزدۇر. خوتۇنلارنىڭ ھەربىر سۆزىدە بىر ھىيلە - مىكىر بار. ئۆزلىرى خوتۇنلارنىڭ ھىيلە - مىكرىسى توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى ئاڭلىمىغانمۇ؟

— ئەي ۋەزىر، سىز قايسى ھېكايىنى دېمەكچى؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— بۇرۇنقى زاماندا بىر بوياقچى بىلەن بىر خوتۇن ئاشىق - مەشۇق بولۇشۇپتۇ، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ ۋەزىر، — بەزىدە بوياقچى ئۇ خوتۇننىڭ يېنىغا بارسا، بەزىدە خوتۇن بوياقچىنىڭ يېنىغا كېلىدىكەن. ئۇ بوياقچىنىڭ ناھايىتى چىرايلىق بىر شاگىرتى بار ئىكەن. بىر كۈنى بوياقچى شاگىرتىنى ھېلىقى خوتۇننى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. ئۇ خوتۇن بوياقچىنىڭ شاگىرتىنى كۆرۈش بىلەنلا، ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ ۋە شاگىرتىنى ئىندەككە كەلتۈرۈپ شەيتانىي ھەۋىسىنى قاندۇرۇپتۇ. بوياقچى قارىسا شاگىرتى كەلمەپتۇ. بوياقچى خاپا بولغان ھالدا قىلىچىنى يالىڭاچلاپ خوتۇننىڭ ئۆيىگە كېلىپتۇ. خوتۇن بوياقچىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىپ قېلىپ، شاگىرتنى بىر بۇلۇڭغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. ئۆزى كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ سىرتقا چىقىپتۇ. بوياقچى بۇ خوتۇننى كۆرگەندىن كېيىن:

— مەن سېنى چاقىرىپ كېلىشكە شاگىرتىمنى ئەۋەتكەنىدىم، سەن ھازىرغىچە ئايىغىڭنىمۇ كىيمەستىن ئولتۇرۇپسەن،

يىرتىپ، يۈزلىرىنى تاتىلاپ پەرياد ئۇرغان ھالدا پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ:

— ئەي شاھىم، — دەپتۇ كېنىزەك داد-پەرياد كۆتۈرگەن ھالدا، — سىزنىڭ كارامەت ئوغلىڭىز بار ئىكەن، ئۇ ماڭا شەھۋانىي كۆزى بىلەن قاراپ قول ئۇزارتتى. مەن پەرمانىڭىز بويىچە ئوغلىڭىزنى ئۆز ئۆيۈمگە ئېلىپ، بېرىپ نېمە ئۈچۈن گەپ قىلمايدىغانلىقىنى سورىدىم، ئوغلىڭىز: «ئەي ئاي يۈزلۈك سەنەم، مەن بىر مەجنۇنمەن. سەن گويا ماڭا لەيلىدۇرسەن، مەن سېنىڭ ئىشقىڭدا بىھوش بولدۇم» دەپ ماڭا ئېسىلدى. مەن ئۇنىماي پەرياد قىلسام، ئوغلىڭىز مېنى مەجبۇرلاپ ئۆز نەپسىنى قاندۇردى. ھەزرىتى پادىشاھىم، مېنىڭ دەرد-ھالىمغا يەتكەيسىز، ئاسىي ئوغلىڭىزنى جازالاپ ئەنتىمنى ئېلىپ بەرگەيسىز!

پادىشاھ كېنىزەكتىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرغەزەپ بولۇپ:

— بۇ ئوغۇل مېنىڭ پەرزەنتىم، ئەمما پادىشاھلار ئادىل ئىش قىلىشى كېرەك. ئەي مەزلۇم، سەن خاتىرجەم بولغىن، مەن چوقۇم نوشىرۋان① ئادىلغا ئوخشاش بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىمەن، — دەپتۇ-دە، شاھزادىنى ئۆلتۈرۈشكە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

پادىشاھنىڭ يەتتە ۋەزىرى بار ئىكەن، ئۇلار شاھزادىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. بىرىنچى ۋەزىر جاللاتقا:

— سەن شاھزادىنى ئۆلتۈرمەي تۇرغىن، مەن پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ پادىشاھقا نەسىھەت قىلىپ، شاھزادىنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىدىن ياندۇراي، — دەپتۇ.

① نوشىرۋان — قەدىمكى ئىران شاھلىرىدىن بىرى، ئۇ ئادىللىق بىلەن داڭق چىقارغان.

ئۇزۇن ئۆتمەيلا بايىقى مەست كىشى قولىدا قىلىچىنى يالىڭاچلىغان ھالدا ھويلىغا كىرىپ كەلدى ۋە ھېلىقى گۆدەك بالىنى سۈرۈشتۈردى. مەن قانداق قىلىشىمنى بىلمەي تۇرغاندا سەن كىرىپ كەلدىڭ. ئۇ مەست سېنى كۆرۈپ چىقىپ كەتتى. مەنمۇ بۇ قورقۇنچتىن خالاس بولدۇم، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ئېرى خوتۇنىدىن:

— ئۇ بالا قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

خوتۇن بوياقچىنىڭ شاگىرتىنى يوشۇرۇپ قويغان يېرىنى دەپ بېرىپتۇ. ئېرى بوياقچىنىڭ شاگىرتىنى يوشۇرۇنغان يېرىدىن چاقىرىپ چىقىپ:

— ھەي ئوغلۇم، سەن بىر چوڭ بالا - قازادىن قۇتۇلدۇڭ، سەن ھازىرچە تالا - تۈزگە چىقمىغىن. مۇبادا ھېلىقى تەلۋە كىشى سېنى ساقلاپ تۇرغان بولسا يەنە بالاغا قالىسەن. بۇنىڭدىن كېيىن سەن بۇئۆيىنى ئۆز ئۆيۈڭدەك بىلگىن. كۆڭلۈڭ قانداق ۋاقىتتا خالىسا شۇ ۋاقىتتا كېلىۋەرگىن. بىز سېنىڭ جامالىڭنى كۆرۈپ تۇرايلى، — دەپتۇ.

بوياقچىنىڭ شاگىرتى بۇنداق ئىشلاردا تولىمۇ ئۇستا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ خوتۇننىڭ ئېرىنىڭ ئېتىكىگە سۆيگەندىن كېيىن، ئۆيىدىن ساق - سالامەت چىقىپ كېتىپتۇ.

— ئەي پادىشاھىم، مېنىڭ بۇ ھېكايىنى ئېيتىشىمدىكى سەۋەب ئۆزلىرىگە شۇنداق بىر ئىش مەلۇم بولسۇنكى، خوتۇنلارنىڭ ھەربىر ئىشىدا بىر ھىيلە - مىكىر باردۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ كېتىش ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس، — دەپتۇ ۋەزىر.

پادىشاھ ۋەزىرنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاچچىقى سەل يېنىپتۇ ۋە شاھزادىنى زىندانغا تاشلاشنى بۇيرۇپتۇ.

سېنىڭ مېنىڭ قېشىمغا بېرىشىڭغا رازىلىقىڭ يوقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ھېلىقى خوتۇن ناھايىتى مەككارلىق بىلەن ناز قىلىپ:

— مېنى چاقىرىپ كېلىشكە ئايال كىشىنى ئەۋەتمەي بىر ئەر كىشىنى ئەۋەتىپسەن. ئۇ سېنىڭ سالىمىڭنى ماڭا يەتكۈزدى. ئۇ يىگىت ناھايىتى پاك ۋە نومۇسچان ئىكەن، مەن ئۇنى ھەر قانچە تەكلىپ قىلغان بولساممۇ، ئۆيگە كىرمەي تاشقىرىدىن يېنىپ كەتتى. شۇڭا مەن يالغۇز يېنىڭغا بېرىشتىن قورقتۇم، — دەپتۇ.

بۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا خوتۇننىڭ ئېرى كېلىپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن بوياقچىنىڭ چىرايلىرى سارغىيىپ كېتىپتۇ.

— ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟ — دەپ خوتۇندىن سوراپتۇ بوياقچى.

— سەن، — دەپتۇ ئۇ مەككار خوتۇن بوياقچىغا ئىش ئۆگىتىپ، — قولۇڭدىكى يالىڭاچلانغان قىلىچنى ماڭا شىلتىپ مېنى تىللىغان ھالدا بۇ ھويلىدىن چىقىپ كەتكىن.

بوياقچى خوتۇننىڭ دېگىنى بويىچە قىلىپتۇ. بۇ ئىشتىن ھەيران قالغان خوتۇننىڭ ئېرى:

— ھەي خوتۇن، بۇ نېمە ئىش؟ چىقىپ كەتكەن ئەر كىم بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

مەككار خوتۇن ئېرىگە:

— ئەي مېھرىبان ئېرىم، مەن سەن ئۈچۈن جېنىمنى پىدا قىلىشقا تەييارمەن. سەن مېنى بىر بالادىن ساقلاپ قالدىڭ. ئۆيدە ئولتۇرسام بىر ئوغۇل يىغلاپ كىرىپ كەلدى. ئۇ ماڭا: «مېنى بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويۇڭ، ئارقامدىن بىر مەست كىشى قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ» دېگىنىچە ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا يوشۇرۇندى،

بىر سارايغا چۈشۈپتۇ. سودىگەر بىر دەللالنى چاقىرتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا:

— ئەي دەللال، مەن بىر يولۇچىدۇرمەن. بۇ شەھەردە بىرنەچچە كۈن تۇرماقچى ئىدىم. سەن ماڭا بىرنەچچە كۈنلۈك خوتۇن تېپىپ بەرگىن، — دەپ نۇقۇتچىلىك ئالتۇن بېرىپتۇ. دەللال ئالتۇننى ئېلىپ، سودىگەرنىڭ خوتۇنىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. ئۇنىڭغا ئالتۇندىن بىرئاز بېرىپ:

— ئەي ئاغىچام، بىر باي كىشى تۇزاقتا چۈشتى. ئۇ كىشى بىرنەچچە كۈن بۇ شەھەردە تۇرماقچى ئىكەن. ئۇنىڭغا بىر ھەمراھ لازىم ئىكەن. سەن دەرھال يېنىغا بېرىپ ئۇنى ئۆزۈڭگە قاراتقىن، — دەپتۇ.

سودىگەرنىڭ خوتۇنى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئايدەك ياسىنىپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. ئۇ خوتۇن ئۆيگە كىرىپ قارىغۇدەك بولسا ھېلىقى «باي» دېگەن كىشى ئۆزىنىڭ ئېرى ئىكەن. خوتۇن ئېرىنى كۆرۈش بىلەن تەڭ ھاڭ-تاڭ قېلىپ، دەرھاللا بىر ھىيلە ئويلاپ تېپىپتۇ-دە، ئېرىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ:

— ئەي مۇسۇلمانلار، خۇدا ھەققى، مېنىڭ ئاھ-زارىمغا يېتىڭلار، بۇ مېنىڭ ئېرىم بولىدۇ. ئۇ سەپەرگە چىقىپ كەتكىلى ئالتە ئاي بولغان. مەن ئۇنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ كۆزلىرىم تېشىلەي دەپ قالدى. لېكىن بۇ نائىنساپ قايتىپ كەلگىلى بىرنەچچە كۈن بولۇپ نالغان بولسىمۇ، ئۆيگە بارماي بۇ يەردە باشقا ئاياللار بىلەن كۆڭۈل ئېچىشىپ يۈرۈپتۇ. مەن ئۇنىڭغا لازىم بولمىسام، ئۇمۇ ماڭا لازىم ئەمەس. مەن بۈگۈن مۇشۇ يەردە ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭدىن جۇدا بولىمەن، — دەپ پەرياد كۆتۈرۈپتۇ. يىغىلغان ئادەملەر ئۇ خوتۇنغا سۈلھى قىلىشىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن خوتۇننىڭ سۆزى يوللۇق بولۇپتۇ.

ئەتىسى ھېلىقى كېنىزەك پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ، شاھزادىنى ئۆلتۈرۈپ، ئەنتىنى ئېلىپ بېرىشنى پادىشاھتىن تىلەپتۇ. پادىشاھ جاللاتلارغا شاھزادىنى زىنداندىن ئېلىپ چىقىپ ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئىككىنچى ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ، تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن:

— ئەي شاھىم، ئالدىراقسانلىق ئالىي مەرتىۋىلىك كىشىلەرگە ياراشماس. پادىشاھلارغا تېخىمۇ ياراشماس، خوتۇنلارنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ كېتىش توغرا ئەمەس. چۈنكى خوتۇنلارنىڭ ھەربىر قەدىمىدە كىشىلەرگە قۇرغان تۇزىقى باردۇر. ئۇلار ئۆز مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھەر خىل ھىيلىلەرنى ئىشلىتىدۇ. ئەي شاھىم، ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك قۇلاقلىرىغا سودىگەرنىڭ خوتۇنىنىڭ ھېكايىسى ئىشتىلمىگەنمىدى؟ — دەپتۇ.

— ئەي ۋەزىر، ئۇ ھېكايە قانداق ئىدى؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

بۇرۇنقى زاماندا بىر سودىگەر بولۇپ، ئۇنىڭ مال - دۇنياسى ناھايىتى كۆپ ئىكەن، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ ئىككىنچى ۋەزىر، — ئۇنىڭ بىر بۇزۇق خوتۇنى بارئىكەن. بىر كۈنى سودىگەر سودا قىلىش ئۈچۈن باشقا بىر شەھەرگە يول ئېلىپتۇ. سودىگەرنىڭ خوتۇنى ئېرىنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ يىراق - يېقىندىكى ئولتۇرۇشلارغا بارىدىغان بولۇپتۇ. ئولتۇرۇشتىكى ئەرلەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆڭلىنى ئاچمىغان بىرىمۇ قالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايالنىڭ نامى ناھايىتى تېزلا سىرتقا تارقىلىپتۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن سودىگەر سەپەردىن قايتىپ كېلىپتۇ. ئۇ شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن ئۆيىگە بارماي باشقا

ئۈچىنچى ۋەزىر، — بىر كۈنى دېھقان ئېتىز بېشىغا كېتىپتۇ. چۈش ۋاقتى بولغاندا ئۇ خوتۇن سېۋەتكە ناننى سېلىپ بېشىدا كۆتۈرگىنىچە ئېرىنىڭ قېشىغا مېڭىپتۇ. يولدا ئۇ خوتۇنغا بىر يىگىت ئۇچراپتۇ، يىگىت بۇ خوتۇنغا بىر ئاز ئالتۇن بېرىپ بىرگە بولۇشنى سوراپتۇ. ئۇ خوتۇن بۇنىڭغا رازى بولۇپتۇ. بۇ ئىش بىرقانچە كۈن داۋاملىشىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ يىگىت خېمىردىن بىر پىلنى ياساپ، دېھقاننىڭ خوتۇنىنىڭ سېۋىتىگە سېلىپ قويۇپتۇ. ئۇ خوتۇننىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى بولمىغاچقا سېۋەتنى بېشىدا كۆتۈرگىنىچە ئېرىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىپتۇ. دېھقان سېۋەتنىڭ ئىچىدىكى پىلنى كۆرۈپ، چىرايى تاتىرىپ خوتۇنىدىن:

— ئەي خوتۇن، سەن نېمە ئۈچۈن مېنى مەسخىرە قىلىسەن؟ — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان خوتۇن ئېرىگە:

— مەن تۈنۈگۈن كەچ بىر چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە بىر پىل مېنى قوغلاپ يۈرگۈدەك. بۈگۈن كۆرگەن چۈشۈمنى بىر ئۇلۇغ كىشىدىن سورىغانىدىم، ئۇ ئۇلۇغ كىشى: «سەن خېمىردىن بىر پىلنى ياساپ ئۇنى ئېرىڭگە يېگۈزگىن، بولمىسا ئېرىڭگە چوڭ بىر بالا - قازا كېلىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. سەن خېمىردىن ياسالغان پىلنى ئېرىڭگە يېگۈزسەڭ، بالا - قازا پىلغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئېرىڭنى بالا - قازادىن ساقلاپ قالىسەن» دېدى. شۇڭا بۇ پىلنى خېمىردىن ياساپ ساڭا ئېلىپ كەلدىم، بۇ پىلنى يېسەڭ بالا - قازادىن ساقلىنىپ قالىسەن، — دەپتۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان دېھقان خۇشاللىقىدىن خوتۇنىنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە سۆيۈپ، ئىززەت بىلەن ئۆيىگە ياندۇرۇپتۇ.

ۋەزىرنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ ئاچچىقى سەل پەسلەپ شاھزادىنى زىندانغا سېلىشقا بۇيرۇپتۇ.

خوتۇن سودىگەرنى خىجىل قىلغان ھالدا ئۆيىگە قايتۇرۇپ كېلىپتۇ. بېيىت:

نەخشەبى، خوتۇنلار ئىشى ھىيلە،
ھەر كىشىگە بولۇر ئۇ گۈل دەستە.
قىلما پەرۋا سۆزىگە سەن زىنھار،
ھىيلە ـ مىكىردىن بولمىغىن خەستە.

ۋەزىرنىڭ ھېكايىسى ئاخىرلاشقاندا پادىشاھنىڭ ئاچچىقى سەل پەسىيىپ، شاھزادىنى زىنداندا تاشلاشقا بۇيرۇپتۇ.

ئۇچىنچى كۈنى ھېلىقى كېنىزەك يەنە كېلىپ پادىشاھتىن شاھزادىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشنى تىلەپتۇ. پادىشاھ شاھزادىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئۈچىنچى ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن:

— ئەي شاھىم، ھەرقانداق ئىشتا ئالدىراقسانلىق قىلىشقا بولمايدۇ. ئالدىراڭغۇلۇق شەيتاننىڭ، سالماقلىق رەھمانىنىڭ ئىشىدۇر. ئالدىراقسانلىق باشتا تاتلىق بىلىنىسمۇ، لېكىن ئاخىرى ئاچچىقتۇر. سالماقلىق باشتا زەھەردەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئاخىرى شېكەردۇر. خوتۇنلارنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ كېتىش مەردلىكنىڭ ئىشى ئەمەس، خوتۇنلارنىڭ ھەربىر سۆزىدە نەشتەر باردۇر، ئۆزلىرى دېھقاننىڭ خوتۇنىنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىمىغانمۇ؟ — دەپتۇ.

— ئەي ۋەزىر، ئۇ قانداق ھېكايە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— بۇرۇنقى زاماندا بىر دېھقان بولۇپ، ئۇنىڭ ناھايىتى مەككار بىر خوتۇنى بار ئىكەن، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ

لىپتۇ. ئۆي ئىگىسى خوتۇنىغا:

— بۇ مېھماننى ئىززەتلەپ، ياخشىراق كۈتكىن، — دەپ قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۇ خوتۇن يىگىتنىڭ يېنىدىكى توم - توم كىتابلارنى كۆرۈپ:

— ئەي يىگىت، بۇ نېمە كىتابلار؟ — دەپ سوراپتۇ.

يىگىت:

— بۇ دەپتەرلەرگە خوتۇنلارنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرى يېزىلغان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— بۇنىڭدا خوتۇنلارنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرى تولۇق پۈتۈلگەنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ خوتۇن يىگىتتىن.

يىگىت:

— شۇنداق، بۇ دەپتەرلەردە خوتۇنلارنىڭ ھەممە ھىيلە - مىكىرلىرى بار، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان خوتۇن يىگىتنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ناز قىلىشقا باشلاپتۇ. ئاندىن يىگىتنى ئۆزىنىڭ خىلۋەت ھۇجرى-سىغا باشلاپ كىرىپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇلىرىنى قاندۇرۇش-قاندىن كېيىن ھېلىقى خوتۇن:

— ھەي قوشنىلار، ھەي ئاياللار، ھەي ئۆلىمالار، چاق-قان كېلىڭلار، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

بۇ خوتۇننىڭ قولۇم - قوشنىلىرى ۋە ئەتراپتىكى خا-لايىقلار بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ يىغىلىشقا باشلاپتۇ. يىگىت بۇ ۋە-قەنى كۆرۈپ قورققىنىدىن ھوشىدىن كېتىپتۇ. خالايىق خوتۇندىن:

— ھەي مەزلۇم، سىزگە نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئۇ خوتۇن خالايىققا:

— مېنىڭ ئېرىمنىڭ ھەر كۈنى بىر دەرۋىشنى ئېلىپ

تۆتىنچى كۈنى ھېلىقى كېنىزەك يەنە كېلىپ، پادىشاھ-
نىڭ شاھزادىسىنى ئۆلتۈرۈپ بېرىشىنى سوراپتۇ. پادىشاھ ئوغلىنى
ئۆلتۈرۈشكە ھۆكۈم قىلىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان تۆتىنچى ۋەزىر پا-
دىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپ تۇرۇپ:

— ئەي شاھىم، خوتۇنلارنىڭ سۆزىگە كىرىپ ئادەم ئۆل-
تۈرۈش نادانلىقتۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكرىسى ناھا-
يىتى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى يېزىپ خاتىرىلەشكە تىل
ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئۆزلىرى بىر يىگىتنىڭ خوتۇنلارنىڭ ھىيلە -
مىكرىسىنى بىر كىتاب قىلىپ يازماقچى بولغاندا، مەككار خو-
تۇنلارنىڭ ھىيلىسىنىڭ كۆپلۈكىدىن كىتابىنى يازالمىغانلىقى
توغرىسىدىكى ھېكايىنى ئاڭلىمىغان ئوخشايلا، — دەپتۇ.

— ئۇ قانداق ھېكايە ئىكەن؟ دەپ — سوراپتۇ پادىشاھ.

— بۇرۇنقى زاماندا دولان شەھرىدە بىر يىگىت بارئىكەن، —
دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ ۋەزىر، — يىگىتنىڭ كۆڭلىدە ئۆي-
لىنىش ھەۋىسى تۇغۇلۇپتۇ: «خوتۇنلارنىڭ ھىيلە - مىكرىسى
ناھايىتى تولا ئىمىش، — دەپتۇ يىگىت ئۆز - ئۆزىگە، —
شۇڭا مەن ئۆيلىنىشتىن بۇرۇن خوتۇنلارنىڭ ھىيلىسى ھەققى-
دىكى كىتابلارنى توپلاپ چىقاي، شۇنىڭدىن كېيىن ئۆيلەنسەم،
ئاياللارنىڭ ھىيلىسىدىن خاتىرجەم بولارمەن». ئۇ يىگىت شۇن-
داق خىيال ۋە غايىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، شەھەرمۇ شەھەر
يۈرۈپ جاپالىق ئىزدىنىپتۇ، نۇرغۇن مېھنەت - مۇشەققەتلەرنى
چېكىپ ھىيلە - مىكىرلەرنى دەپتەرلەرگە يېزىپ توپلاپتۇ. ئۇ
يىگىت كۆڭلىدە: «خوتۇنلارنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىنىڭ ھەممىسى
بۇ دەپتەرلەرگە پۈتۈلدى. ئەمدى قايتسام بولار» دەپ ئۆز
شەھىرىگە راۋان بولۇپتۇ. يىگىت بىرقانچە كۈن يول يۈرگەن-
دىن كېيىن بىر شەھەرگە يېتىپ كېلىپتۇ. شەھەرگە كىرىش
بىلەنلا بىر كىشى ئۇنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ، مېھمان قى-

بەشىنچى كۈنى ھېلىقى كېنىزەك يەنە پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ، پادىشاھنى ئىنساپلىق بولۇشنى ۋە شاھزادىنى ئۆلتۈرمەسلىككە ھۆكۈم قىلىشنى سوراپتۇ. پادىشاھ شاھزادىنى زىنداندىن ئېلىپ چىقىپ ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان بەشىنچى ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەرز قىلىپ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، ئۆزلىرىگە مەلۇم بولسۇنكى، خوتۇن كىشى بىر سائەت ئىچىدە قىلغان ھىيلە - مىكىرنى شەيتان نەچچە كۈندىمۇ قىلىپ بولالماس. خوتۇنلارنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، ئوغۇللارنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىش دانالارنىڭ ئىشى ئەمەس. ئۆزلىرى دېھقاننىڭ خوتۇنىنىڭ قىسسىسىنى ئاڭلىمىغانمۇ؟ — دەپتۇ.

— ئەي ۋەزىر ئۇ قانداق ۋەقە؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— بۇرۇنقى زاماندا بىر دېھقان بولۇپ، ئۇنىڭ بىر مەككار خوتۇنى بار ئىكەن، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ ۋەزىر، — بىر كۈنى دېھقاننىڭ خوتۇنى تام ئۈستىدە ئولتۇرۇپ بىر يىگىتنى كۆرۈپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. دېھقاننىڭ خوتۇنى تام ئۈستىدىن چۈشۈپ، ئۇ يىگىتنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ - دە، يىگىتنىڭ باش - كۆزلىرىنى سىلاپ قويۇپ، يەنە تامنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ يىگىت تولىمۇ گۆدەك بولغانلىقى ئۈچۈن خوتۇننىڭ مەقسىتىنى چۈشىنەلمەي باشقا بىر خوتۇننىڭ ئالدىغا بېرىپ، بۇنداق قىلىشنىڭ مەقسىتى نېمە ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ. قېرى خوتۇن يىگىتكە:

— بىر مەزلۇمنىڭ ئەر خەقنىڭ قۇلاق - باشلىرىنى سىلاشتىن مەقسىتى باردۇر. مەن بولسام خوتۇن كىشى، سەن مېنىڭ يېنىمغا بىر ئايال كىشىنى ئەۋەتسەڭ جاۋابىنى شۇ

كېلىپ مېھمان قىلىدىغان ئادىتى بار ئىدى. ئېرىم بۈگۈن بۇ دەرۋىشنى ئېلىپ كېلىپ ئۆزى ئىشقا چىقىپ كەتكەنىدى. مەن بۇ دەرۋىشنىڭ ئالدىغا تاماق كەلتۈردۈم، بۇ دەرۋىش تاماقنى بەك تېز يېگەنلىكى ئۈچۈن تاماق گېلىدا تۇرۇپ قېلىپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئاغزىدىن كۆپۈك كەلگىلى تۇردى. مەن بۇ ھالنى كۆرۈپ قورقتۇم. مەن ئايال كىشى بولغانلىقىم ئۈچۈن سىلەرنى چاقىردىم، سىلەر كېلىشتىن سەللا ئىلگىرى ئۇنىڭ گېلىدىن تاماق تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى. سىلەرنى ئاۋارە قىلدىم. ئەمدى قايتساڭلار بولىدۇ، — دەپتۇ.

خالايىق قايتىپ بىر ئازدىن كېيىن يىگىت ھوشىغا كەپتۇ.

— ھەي مەزلۇم، — دەپتۇ يىگىت ئۇ خوتۇنغا، — بۇ سېنىڭ نېمە قىلغىنىڭ؟ سەن ئۆزۈڭ ماڭا يېقىنچىلىق قىلسەن، مەن ئۇنىڭغا ماقۇل بولسام، مېنى رەسۋا قىلماقچى بولغىنىڭ نېمىسى؟ مەن قورققىنىمدىن ئۆلەي دېدىمغۇ؟!

ئۇ خوتۇن:

— ھەي يىگىت، سەن دەپتىرىڭگە قاراپ باققىن، مەن ساڭا قىلغان بۇ ھىيلە - مىكىر بارمىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

يىگىت خوتۇندىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خوتۇنلارنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىنى يېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ ۋە ئۆز - ئۆزىگە: «خوتۇنلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئاۋارە بولۇش، تازا ئەخمەقلىق ئىكەن» دەپ خوتۇنلارنىڭ ھىيلە - مىكىرىنى يازىمەن دېگەن خىيالدىن ۋاز كېچىپتۇ - دە، بارلىق كىتاب، دەپتەرلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىرنىڭ بۇ ھېكايىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئوغلىنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىدىن يېنىپ زىندانغا تاشلاشقا بۇيرۇپتۇ.

بىلەن ياتقان يەرگە ئېلىپ كېلىپتۇ. ئۇ ئىككىسى شۇ يەردە ئۇخلاپتۇ. بامدات ۋاقتى بىلەن خوتۇن ئېرىنى ئويغىتىپ:

— ھەي جېنىم، ھېلى ئاتىڭىز مېنىڭ ئىشتىنىمنى ئېلىپ كەتتى. مەن سىز بىلەن بىرگە ياتسام ئاتىڭىزنىڭ ئىشتىنىمنى ئېلىپ كەتكىنى نېمىسى، ئاتىڭىز نېمە ئۇچۇن گۇناھ قىلىشتىن قورقمايدۇ؟ — دەپتۇ.

دېھقان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئاتىسىغا ئاچچىقى كېلىپتۇ ۋە ئاتىسىدىن باشقىچە گۇماندا بولۇپتۇ. بامدات نامازدىن قايتىپ كەلگەن دېھقاننىڭ ئاتىسى ئوغلىغا ئاخشام كۆرگەن ئىشلارنى بايان قىلىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئوغلى پەرىشان ھالدا:

— ئەي ئاتا، ئاخشام ئۆي ئىچى بەك ئىسسىپ كەتكەنلىكتىن مەن ئايالىم بىلەن ئېتىز بېشىغا بېرىپ ياتقانىدىم. سەن بىر چاغدا كېلىپ ئايالىمنىڭ ئىشتىنىنى ئېلىپ كەتتىڭ. بۇنىڭ نېمە ئۇچۇن ئىكەنلىكىنى بىلمىدىم، — دەپتۇ.

ئاتىسى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئىشتاننى ئېلىپ كەتكەنلىكىدىن تولىمۇ خىجىل بولۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ مەككار خوتۇن ئېرىنىڭ مالامىتىدىن ۋە كىشىلەرنىڭ گەپ - سۆزىدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ.

پادىشاھ بۇ ھېكايىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئوغلىنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىدىن يېنىپ زىندانغا تاشلاشقا بۇيرۇپتۇ.

ئالتىنچى كۈنى ھېلىقى كېنىزەك يەنە كېلىپ پادىشاھتىن شاھزادىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپ ئەنتىنى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئالتىنچى ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن:

— ئەي شاھىم، ئۆزلىرىگە مەلۇم بولسۇنكى، خوتۇن كىشىدىن ھېچقانداق كىشىگە ۋاپا كەلمەيدۇ. خوتۇنلارنىڭ ھەممىسى ھىيلىگەر كېلىدۇ. ئۆزلىرى ئېرىنى يالغان سۆز

مەزلۇمدىن بىرەي، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان يىگىت قىرى خوتۇنىنىڭ ئالدىغا بىر ئايالنى ئەۋەتىپتۇ. قىرى خوتۇن ئۇ ئايالنى دېھقاننىڭ خوتۇنىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپتۇ. دېھقاننىڭ خوتۇنى ئۇ ئايالغا ئۆزىنىڭ ئىشق دەردىنى ئېيتىپ ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋاپتۇ. ئاندىن كېيىن ئۇ ئايالنىڭ يۈزىنى قارا بوياپ، يىگىتنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپتۇ. ئۇ ئايال يىگىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ بولغان ئەھۋالنى بايان قىلىپتۇ. يىگىت بۇنى ئاڭلاپ ھەيران قاپتۇ. ۋە «ئەگەر ئۇ خوتۇن ماڭا ئاشىق بولسا، بۇ ئايالنى شۇنچە كۈتۈپ، يۈزىنى قارىغا بويىغىنى نېمىسى؟» دەپ ئويلاپ، ھېلىقى قىرى خوتۇنىنىڭ ئالدىغا يەنە كېلىپ ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. قىرى خوتۇن:

— يۈزىنى قارا قىلغانلىقنىڭ مەنىسى كېچىگە ئىشارەتتۇر، سەن كەچ بولغاندا ئۇ خوتۇنىنىڭ يېنىغا بارغىن، — دەپتۇ.

يىگىت شۇ كېچىسى دېھقاننىڭ خوتۇنىنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا دېھقاننىڭ خوتۇنى ئۆيدىن چىقىپ يىگىت بىلەن ئېتىزلىقتا بىرگە بولۇپتۇ. دېھقان يىگىتنىڭ ئاتىسى شۇ كېچىسى زىرائەتلىرىگە قاراپ بېقىش ئۈچۈن ئېتىز بېشىغا چىقىپ كېلىنىنىڭ باشقا بىر يات كىشى بىلەن ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. دېھقاننىڭ ئاتىسى بۇ ئىشنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ ۋە كېلىنىنىڭ ئىشتىنىنى ئېلىپ قايتىپ كېتىپتۇ. مەككار خوتۇن بۇ ئىشنى سېزىپ قېلىپ، يىگىتنى دەرھال يولغا سېلىۋېتىپ، ئۆيگە قايتىپ كىرىپتۇ ۋە ئېرىنى ناز قىلىپ ئويغىتىپ:

— ئەي جېنىم ئېرىم، ئۆي بەك ئىسسىپ كەتتى، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، سىرتقا چىقىپ ئېتىز بېشىدا بىرئاز سالقىنداپ ئارام ئالايلى، — دەپ ئېرىنى ھېلىقى يىگىت

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئېرى خوتۇنىنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىگە سۆيۈپ كېتىپتۇ ۋە:

— ئەي سادىق ئايالىم، يارماق دېگەن قانچىلىك نېمە ئىدى. يەرگە چېچىلىپ كەتسە كېتىۋەرمەمدۇ. شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ ئالدىدا جاپا تارتىپ يەردىن قۇم ـ توپىنى ئالغىنىڭ نېمىسى، — دەپ خوتۇنىغا يۇمشاق سۆزلەرنى قىلىپ كۆڭلىنى خۇش قىلىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ بۇ مەككار خوتۇن ئېرىنى ئۆزىگە ئىشەندۈرۈپ، بىر بالادىن قۇتۇلۇپ قالغانىكەن.

پادىشاھ بۇ ھېكايىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئوغلىنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇنى زىندانغا سېلىشقا پەرمان قىلىپتۇ.

يەتتىنچى كۈنى ھېلىقى كېنىزەك قولىغا بىر شىشە نېفىتنى ئېلىپ داد ئېيتىش سۇپىسىغا يېتىپ كېلىپ:

— ئەي شاھىم، ئەگەر بۈگۈن شاھزادىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ ئىشنى تامامغا يەتكۈزمىسىڭىز، مەن ئۆزۈمگە مۇشۇ نېفىتنى چېچىپ ئوت قويىمەن. سىزدىن قىساسىمنى قىيامەت كۈنى ئالىمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئوغلىنى ئېلىپ كېلىشكە پەرمان قىلىپتۇ. جاللاتلار شاھزادىنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپتۇ. ئەسلىدە بۈگۈن شاھزادىنىڭ كۆڭۈلسىز كۈنلىرىنىڭ ئورنىغا خۇشال ـ خۇراملىق كۈنلىرى يېتىپ كەلگەنىكەن.

شاھزادە دادىسىنىڭ ئالدىدا دۇئا قىلغاندىن كېيىن، كېنىزەكنىڭ ئۆزىگە قەست قىلغان ۋەقەلىرىنى باشتىن ـ ئاياغ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ ئوغلىدىن:

— سەن نەچچە كۈندىن بۇيان نېمە ئۈچۈن بولغان

بىلەن ئۆزىگە ئىشەندۈرگەن بىر خوتۇننىڭ ھېكايىسىنى
ئاڭلىمىغانمۇ؟ — دەپتۇ.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— بۇرۇنقى زاماندا بىر كىشى خوتۇنىنى شېكەر
ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ
ۋەزىر، — ئۇ خوتۇن شېكەرنى ئالغاندىن كېيىن بىر باققال-
نىڭ دۇكىنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا سالام بېرىپتۇ. ئۇلار ئەسلىدە
پۇرسەت تاپسىلا بىر يەرگە كېلىپ كۆڭۈل ئېچىشىدىكەن.
باققال ئۇ خوتۇننى كۆرۈپ خۇشال بولغان ھالدا ئىچكىرىكى
ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ ئارزۇ - ھەۋىسىنى قاندۇرۇپتۇ. باققال-
نىڭ بىر شاگىرتى بار ئىكەن، باققالنىڭ شاگىرتى ئۇ ئىككىسى-
نىڭ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتكەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ،
خوتۇننىڭ خالتىسىدىكى شېكەرنى ئېلىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا
قۇم سېلىپ قويۇپتۇ. خوتۇن باققال بىلەن ئىشلىرىنى
تۈگەتكەندىن كېيىن ھېلىقى «شېكەر» قاچىلانغان خالتىنى
ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپتۇ. ئېرى خالتىنى ئېچىپ شېكەر
ئورنىدا قۇمنى كۆرۈپتۇ، ئۇ ھەيران بولۇپ:

— ئەي خوتۇن، بۇ خالتىدىكى نېمە؟ —
دەپ سوراپتۇ.

خوتۇن خالتا ئىچىدىكى قۇمنى كۆرۈپ:

— مەن شېكەر ئالىدىغان يەرگە بارسام ئادەملەر ناھايىتى
كۆپ ئىكەن. مەن قىستا - قىستاڭچىلىقتا ئايىغىم مۇدۈرۈلۈپ
كېتىپ كوچىغا يىقىلىپ چۈشتۈم. قولۇمدىكى يارماقلار يەرگە
چېچىلىپ كەتتى. مەن ناھايىتى خىجىل بولغانلىقىم ئۈچۈن
يارماق بىلەن قۇملارنى قوشۇپ خالتىغا سالدىم، خالتىدا
بەلكىم يارماقلارمۇ بولۇشى مۇمكىن، — دەپتۇ.

تۇتىنىڭ ھېكايىسى بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:

— ئەي ئاغىچام، سىز يىگىتىڭىزنىڭ يېنىغا بارغاندا نەزەر كۆزىڭىز ھەممىشە ئۇنىڭدا بولسۇن. ئۇنىڭدىن باشقا كىشىگە ھەرگىزمۇ قارىماڭ، بولمىسا ھېلىقى كېنىزەككە ئوخشاش ئاقىۋەتكە قالىسىز. ئەمدى ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ يىگىتىڭىزنىڭ يېنىغا بېرىڭ، — دېدى.

خوجەستە يىگىتىنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا سۇبھىنىڭ ئەلچىلىرى يۇزلىرىدىن پەردىنى ئاچقانىدى. خوجەستىنىڭ بېرىشى كېيىنگە قالدى. بېيىت:

نەخشەبى، ئويلىغان بېرىپ بۇ كېچە،
سۆيگۈ - ئىشرەت بېغىدا چالغاي ساز.
بارغىلى قويمىدى ئۇنى سۇبھى،
ئاشىقلار دۈشمىنىدۇر سۇبھى، خوراز.



ئىشىنىڭ راستىنى دېمەي، بىر ھەپتىگىچە زىنداندا چاپا ـ مۇشەققەتلەر تارتىسەن؟ — دەپتۇ.

— ئۇستازىم ماڭا بىر ھەپتىگىچە زىنداننىڭ ئازابىنى تارتىشىڭ كېرەك، بولمىسا ساڭا چوڭ بىر بالا ـ قازا يېتىدۇ دېگەنىدى. شۇڭا بۇ بىر ھەپتە ئىچىدە بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلماي كەلدىم، — دەپتۇ شاھزادە.

پادىشاھ ھۆكۈمانى چاقىرتىپ، ئۇنىڭدىن شاھزادىنى بىر ھەپتىگىچە سۆزلىمە دېگەنىنىڭ سىرىنى سوراپتۇ. ھۆكۈما:

— ئەي شاھىم، شاھزادە ئالتە ئايدىن بويان مەندىن تەلىم ئېلىپ، ئىلىم ـ ھېكمەتتە كامالەتكە يەتتى. مەن شاھزادىنى قايسى كۈنى ئالدىلىرىغا ئېلىپ بارسام ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ تەلىيىگە قۇرئى ئاچقانىدىم، يەتتە كۈن ئىچىدە شاھزادىگە بىر چوڭ بالا ـ قازانىڭ سايە تاشلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. بۇنىڭ ھېچقانداق ئىلاجى بولمىدى. ئاخىرى شاھزادىنىڭ يەتتە كۈنگىچە سۆز قىلماسلىقىنى مۇۋاپىق كۆردۈم. خۇداغا شۈكرىكىم، شاھزادە ئۇ كېلىشمەسلىكتىن ناھايىتى تېزلا قۇتۇلدى، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئوغلىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ئىلىم ـ ھېكمەتتە كامالەتكە يەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ناھايىتى خۇشال بولۇپتۇ. ھېلىقى كېنىزەكنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپتۇ. ھۆكۈماغا نۇرغۇن مال ـ دۇنيا سوۋغا قىلىپتۇ. پادىشاھ شاھزادىگە پادىشاھلىق لىباسىنى ۋە تاجىنى كىيدۈرۈپ، ئۇنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ئۆزى دۆلەت ئىشلىرىدىن قول ئۈزۈپ، تائەت ـ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇپتۇ. بېيىت:

نەخشەبى، ئۆلسۇن مىكرىلىك خاتۇن،
ئۆلگىنىگە كۆپ قايغۇرۇپ كەتمە.
ھىيلە ـ مىكىر بىلەن ئۆلار تۇغقان،
قۇتۇلۇشنى تولا خىيال ئەتمە.

ئىشقى ئەرلەرنىڭ ئىشقىدىن غالىپ كېلىدۇ» دەپ بىكار ئېيتمىغان. ئەي ئاغىچام. مېنىڭ كۈنلىرىمنىمۇ سىزنىڭ غەمگۈز-نى قىلىش بىلەن ئۆتتۈۋاتىدۇ. مېنىڭ ھەمىشە ئويلايدىغىنىم سىزنى پات ئارىدا مەقسىتىڭىزگە يەتكۈزۈشتۇر، — دېدى تۇتى خوجەستىگە.

— ئەگەر سەن ھەقىقەتەن ماڭا ياردەم قولۇڭنى سۇنۇپ، ئۆز ئېتىقادىڭنى بىلدۈرمەكچى بولساڭ مېنىڭ ئالدىمدا قەسەم ئىچكىن، — دېدى خوجەستە.

تۇتى كەپتەرنىڭ ئۇنلەشلىرى، كەكلىكنىڭ يۈرۈشلىرى، قارچىغىنىڭ شىجائىتى، خورازنىڭ چىللاشلىرى، بۇلبۇلنىڭ سايراشلىرى، توزنىڭ ئۇسسۇل ئوينىشى، ھۇدقۇشنىڭ تۈندە ئۇچۇشلىرى، شەپەرەڭنىڭ خىلۋەتتە ئولتۇرۇشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى شېپى كەلتۈرۈپ قەسەم ئىچتى. ئاندىن كېيىن خوجەستىگە:

— ئەگەردە مېنىڭ ئىچكەن قەسەملىرىم يالغان بولسا ئۇ ھالدا مېنىڭ ھالىممۇ خۇددى خوجا قاراقچىنىڭ ھالىغا ئوخشاش بولسۇن، — دېدى.

— خوجا قاراقچىنىڭ ۋەقەسى قانداق بولغانىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

بۇرۇنقى زاماندا مەنسۇر ئىسىملىك بىر سودىگەر بار ئىكەن، — دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى تۇتى، — ئۇنىڭ مال - دۇنياسى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، شەھەرمۇشەھەر يۈرۈپ سودا قىلىدىكەن. ئۇنىڭ ناھايىتى چىرايلىق بىر ئايالى بولۇپ، ئۇ زاھىدلىقتا كامالەتكە يەتكەنىكەن. ئەرلەرگە نىسبەتەن دۇنيادا ياخشى خوتۇندىن ئېسىل نەرسە بولمىسا كېرەك. ئۇ ئايالنىڭ چىرايلىقلىقى ۋە پاكلىقى شەھەرگە مەشھۇر بولۇپتۇ. بۇ شەھەردە بۇزۇقلۇقتا داڭق چىقارغان بىر

# ئون تۆتىنچى داستان

## خوجا مەنسۇرنىڭ پاك ئايالىغا خوجا قاراقچىنىڭ ئاشىق بولۇپ قالغانلىقى ۋە مەقسىتىگە يېتەلمەي رەسۋا بولغانلىقى



ئون تۆتىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش گويا غىلاپ ئىچىگە سېلىنغان ئالتۇن تىغدەك مەغرىب غىلىپى ئىچىگە يوشۇرۇندى. مەشرىقتىن ئاي ئەينىكىنى كۆتۈرۈپ پەيدا بولدى. خوجەستە يۈزلىرى ئايدەك سارغايغان، كۆڭۈللىرى تۈندەك پەرىشان ھالدا تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ئەي بېگانە سىردىشىم، پىراق سەۋداسى مېنى مەجنۇن قىلدى. ئىشق ئوتلىرى ۋۇجۇدۇمنى كۆيدۈرۈپ، بارلىقىمنى نابۇت قىلدى، — دېدى خوجەستە.

— ئەي خوجەستە، سىزنىڭ تاقەت قىلىپ تۇرالماسلىقىڭىزنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. ھۆكۈمالار: «مەزلۇملارنىڭ

ئوقۇساڭ ھاجىتىڭ راۋا بولىدۇ، — دەپ بىر ئىسمى ئەزەمنى ئۆگىتىپ قويۇپتۇ.

يىگىت راھىب بىلەن خوشلىشىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپتۇ. ئۇ قايتىپ كەلگەن چاغدا خوجا مەنسۇر سودا قىلىش ئۈچۈن باشقا شەھەرگە كەتكەنىكەن. يىگىت: «ھازىر خوجا مەنسۇر ئۆيدە يوق ئىكەن. شۇڭا مەن ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ خوجا مەنسۇرنىڭ قىياپىتىگە كىرەي - دە، ئۇنىڭ ئۆيىگە توسالغۇسىز كىرىپ، ئۇنىڭ ئايالىنى يولدىن چىقىراي. قېنى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ پاك ئايال بولغىنىنى كۆرۈپ باقاي!» دەپ ئويلاپتۇ. خوجا قاراقچى ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ خوجا مەنسۇرنىڭ قىياپىتىگە كىرىپتۇ. ئاندىن خوجا مەنسۇرنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. خوجا مەنسۇرنىڭ ئايالى ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا:

— ئەي خوجا، ساڭا نېمە بولدى؟ بۇگۈن بەك پەرىشان كۆرۈنىسەنغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئۇ يىگىت خوجا مەنسۇرنىڭ خوتۇنىغا:

— يولدا قاراقچىلارغا ئۇچراپ قالدىم، ئۇلار ماللىرىمنى بۇلاپ، قول ۋە كېنىزەكلىرىمنى ئەسىر قىلدى. مەن مىڭبىر جاپالار بىلەن ئۇلاردىن قۇتۇلدۇم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئەي خوجا، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلمىغىن، مالنىڭ غېمىنى يېگۈچە تىرىكچىلىكنىڭ غېمىنى قىلغىن، — دەپ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپتۇ.

كەچ بولغاندا ئۇ يىگىت ئايالنى ئۆزى بىلەن بىرگە يېتىشنى سوراپتۇ. مەنسۇرنىڭ ئايالى ناھايىتى زېرەك ئايال ئىكەن، ئۇ بۇ يىگىتنىڭ خۇي - پەيلى ئېرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى سېزىپ قېلىپ، تۆشەكتىن چاچراپ قوپۇپتۇ - دە، باشقا ئورۇندا يېتىۋاپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: «بۇ خوجا مەنسۇرغا زادى ئوخشىمايدۇ، خوجا مەنسۇرنىڭ مىجەزى ياخشى، سۆز-

يىگىت بار ئىكەن. كىشىلەر ئۇنى «خوجا قاراقچى» دەپ ئاتىشىدىكەن. ئۇ يىگىت خوجا مەنسۇرنىڭ خوتۇنىنىڭ چىرايلىقلىقىنى ئاڭلاپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن كۆڭلىنى ئاچماقچى بولۇپ، بىر مەككار خوتۇننى خوجا مەنسۇرنىڭ ئايالىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپتۇ. ئۇ خوتۇن خوجا مەنسۇرنىڭ ئايالىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئەھۋالنى بايان قىلىپتۇ. خوجا مەنسۇرنىڭ ئايالى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ئەي پاسكىنا، سەن نېمىدەپ جۆيلۈۋاتىسەن. سەن نېمە ئۈچۈن مېنى بۇنداق يامان يولغا باشلايسەن؟ مېنىڭ كۆڭلۈمدە پەقەت خۇدايتائالاغا بولغان ئىبادەتكە ئورۇن بار، لەنىتى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىگە ھەرگىزمۇ ئورۇن يوق. ئۇ نادان يىگىت نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولمىغۇر خىياللارنى قىلىدۇ؟ سەن بېرىپ دېگىن، ئۇ تەلۋە ماڭا ھەرگىزمۇ قوشۇلالمايدۇ، — دەپتۇ.

مەككار خوتۇن بولغان ئەھۋاللارنى يىگىتكە بىرمۇ بىر سۆزلەپ بېرىپتۇ. يىگىت بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ناھايىتى پەرىشان بولۇپ، باشقا بىر يول بىلەن مەنسۇرنىڭ ئايالىنى قولغا چۈشۈرمەكچى بولۇپتۇ؛ - دە، سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

ئەلقىسسە، ئۇ يىگىت بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ بىر راھىبنىڭ ئىبادەتخانىسىغا يېتىپ كەپتۇ. بىر مەزگىل راھىبنىڭ خىزمىتىدە بولۇپتۇ. راھىب بىر ياش يىگىتنىڭ ئۆزىنىڭ خىزمىتىدە بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلغۇسى كەپتۇ. بىر كۈنى راھىب يىگىتكە:

— ئەي بالام، مەن بىر نامرات دەرۋىشمەن، ساڭا بەرگۈدەك مال - مۈلكۈم يوق. ئەمما مەن ساڭا بىر ئىسمى ئەزەمنى ئۆگىتىپ قوياي، ھەرقانداق ۋاقىتتا بۇ ئىسمى ئەزەمنى

لۆپتۇ. خوجا مەنسۇر ئايالى بىلەن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈپتۇ. بېيت:

نەخشەبى، ياخشى ئاسرا پاكلىقنى،
كىمكى ناپاكتۇر كۆڭۈللىرى دىشۋار.
پاكلىق ئۆمرىمىزنىڭ شادلىقىدۇر،
پاكلىق ئىچىدە كۆپ ھالاۋەت بار.

تۇتى ھېكايىنى سۆزلەپ بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:

— ئەي ئاغىچام، مەن سىزگە ياردەمدە بولالمىسام مېنىڭ ئاقىۋىتىمۇ خوجا قاراقچىنىڭ ئاقىۋىتىدەك بولسۇن. ھازىر يىگىتىڭىزنىڭ يېنىغا بېرىشنىڭ ياخشى پەيتى. ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ يولغا چىقىڭ، — دېدى.

خوجەستە تۇتىنىڭ قەسەم ئىچكەنلىكىنى كۆرۈپ، يىگىتنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى. شۇڭا خوجەستە يىگىتنىڭ قېشىغا كەچتە بېرىش نىيىتىگە كەلدى. بېيت:

نەخشەبى، ئويلىغان بېرىپ بۇ كېچە،
پاكلىق بەزمىسىدە چالغاي ساز.
سۆبھى مەنئى قىلىپ يولىنى توستى،
ئاشىقلار دۈشمىنىدۇر سۆبھى، خوراز.

لىرى شېرىن ئىدى. بۇ كىشى خوجا مەنسۇر بولمىسا، ئۇ چاغدا زادى كىم؟ مەن بىرنەچچە كۈنگىچە كېسەل بولغان بولۇۋېلىپ، پەرهىز تۇتۇپ باقاي. يەنە نېمە ئىشلار ئاشكارا بولىدىكىن» دەپ ئويلاپتۇ.

ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندە خوجا مەنسۇر قايتىپ كېلىپتۇ، ئۇ كېلىپ ئايالى بىلەن ئۆزىگە ئوخشاش بىر كىشىنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپتۇ. ئۇلار «بۇ مېنىڭ ئۆيۈم، مېنىڭ خوتۇنۇم» دېيىشىپ، بىر هازاغىچە ياقا سىقىشىپتۇ. ئاندىن هەر ئىككىلىسى هاكىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەرز قىلىشىپتۇ. هاكىم بۇ ئىشنى كۆرۈپ هەيران قاپتۇ-دە، خوجا مەنسۇرنىڭ ئايالىنى چاقىرىپ بۇ ئىشنى بىرتەرەپ قىلماقچى بولۇپتۇ. هاكىم خوجا مەنسۇرنىڭ ئايالىنى چاقىرتىپ كېلىپ:

— بۇ ئىككى كىشى بىر-بىرىگە ئوخشاش ئىكەن، سىز ئېرىڭىزنىڭ مىجەز-خۇلقىنى ئوبدان بىلىسىز، بۇ ئىككى كىشىنىڭ ئىچىدە ئۆزىڭىزنىڭ كۈيۈگىڭىزنى تېپىپ چىقىڭ، — دەپتۇ.

ئايال خوجا مەنسۇرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بۇ كىشى مېنىڭ ئېرىم خوجا مەنسۇر بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— سەن كىم بولىسەن، راستىڭنى ئېيت؟ — دەپ سوراپتۇ هاكىم هېلىقى يىگىتتىن.

— مەن خوجا قاراقچى بولىمەن، — دەپ بولغان ئەهۋاللارنى بايان قىلىپتۇ يىگىت.

ئىشنىڭ هەقىقىتى ئايرىلغاندىن كېيىن خوجا مەنسۇر ئايالىنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. خوجا قاراقچى رەسۋا بو-

گە بولغان ئىخلاسىمنى بىلمەيۋاتىسىز. شام پادىشاھى بىر تۇتىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىخلاسىنى بىلمەي، ئۇنىڭ سوۋغا قىلغان مېۋىسىدىن گۇمانلاندى. ئەسلىدە تۇتى شام پادىشاھىغا ناھايىتى ئىخلاسمەن ئىدى، — دېدى تۇتى خوجەستىگە.

— بۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

تۇتى ھېكايىسىنى باشلىدى:

شام شەھرىدە بىر ئوۋچى بار ئىكەن. ئۇ ھەمىشە تۇزاق قۇرۇپ ئوۋچىلىق قىلىدىكەن. بىر كۈنى ئوۋچىنىڭ تۇزىقىغا بىر تۇتى چۈشۈپ قاپتۇ. تۇتى ئوۋچىغا:

— ئەي ئوۋچى، مەن ھېكايە ئېيتىشقا تولىمۇ ئۇستا. ئەگەر سەن مېنى بىر سېخىي كىشىگە ساتساڭ ناھايىتى كۆپ مالغا ئىگە بولىسەن، مەنمۇ كىشىلەر سۆھبىتىدىن بەھرىمەن بولىمەن، — دەپتۇ. بېيت:

نەخشەبى، يول يىراق يامان كىشىدىن،
ياخشىلار سۆھبىتى دۆلەت بىل.
بىر يامان بارچىنى قىلۇر بەدنام،
يىراق بولۇشنى سەن غەنىيمەت بىل.

ئوۋچى ماقۇل بولۇپ تۇتىنى شام پادىشاھىغا سېتىپتۇ. پادىشاھ تۇتىنى سېتىۋالغانىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى ئۇنى سىناپ باقماقچى بولۇپتۇ. چۈنكى شام پادىشاھى تۇتىنى سوقرات ھاكىمدەك دانا كۆرگەنىكەن. پادىشاھ تۇتىنى قەپەستىن چىقىرىپ ئازاد قىپتۇ:

— ئەي تۇتى، ئەگەر سەن بۇ يەرنى خالىساڭ تۇرغىن، خالىمىساڭ ئۆز ماكانىڭغا قايتساڭمۇ بولىدۇ، — دەپتۇ پادىشاھ تۇتىغا.

# ئون بەشىنچى داستان

## بىر تۇتىنىڭ شام پادىشاھىغا ئابىھايات مېۋىسىنى ئېلىپ كەلگەنلىكى



ئون بەشىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش گويا سىيستان① پادىشاھىدەك مەغرىب ھەرىمىگە كىردى. ئاي كېچە قاراۋۇلىدەك مەشرىق تەرەپتىن پەيدا بولدى. خوجەستە رۇخسەت سوراش ئۈچۈن تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەي سۆيگۈ كېسىلىگە شىپا، ئىشتىياق دەردىگە داۋا قىلغۇچى تېۋىپ، يارىنىڭ ئىشقى يۈرەك - باغرىمنى كاۋاپ قىلدى. جۇدالىق دەردى ھالىمنى خاراب قىلدى. مېنىڭ ئەمدى سەۋر قىلغۇچىلىقىم قالمىدى. بۈگۈن كېچە ئىجازەت بەرگىن، مەن يىگىتىمنىڭ قېشىغا باراي، — دېدى خوجەستە.

— ئەي ئاغىچام، مەنمۇ سىزنىڭ غېمىڭىزدىمەن، ھەمىشە يىگىتىڭىز بىلەن بىرگە بولۇشىڭىزنى ئويلايمەن. مېنىڭ سىز-

① سىيستان — ئىراندىكى بىر ۋىلايەت.

— ئەي تۇتى، سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ زامانىدا بىر قۇش ھەزرىتى سۇلايمانغا ئابىھايات سۈيىنى كەلتۈرگەنىكەن، سۇلايمان پەيغەمبەر ئابىھايات سۈيىنى ئىچىش - ئىچمەسلىكنى ئادەملەرگە مەسلىھەت سېلىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئادەملەر «ئالدى بىلەن ھايۋانلارغا ئىچكۈزۈپ بېقىڭ» دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. ھەزرىتى سۇلايمان بۇ مەسلىھەت بويىچە ئابىھايات سۈيىنى كىرپىگە ئىچكۈزۈپ كۆرۈش ئۈچۈن ئۇنى چاقىرىپ كېلىشكە ئاتنى ئەۋەتىپتۇ. ئات كىرپىگە خەۋەر قىلسا كېلىشكە ئۇنىماپتۇ. ھەزرىتى سۇلايمان ئىككىنچى قېتىم ئىتنى كىرپىنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. كىرپە ئىتنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەزرىتى سۇلايماننىڭ ئالدىغا كېلىپتۇ. ھەزرىتى سۇلايمان: «ئەي كىرپە، مەن ساڭا مەسلىھەت سېلىش ئۈچۈن سېنى چاقىرتقانىدىم. مەسلىھەتنى ئەسلىدە دانالار بىلەن قىلىش كېرەك ئىدى. مەن سېنىڭ بۇنداق نادان ئىكەنلىكىڭنى بىلمىگەنىكەنمەن. سېنىڭ ھالىڭ شۇنچىلىك تۇرسا، ساڭا قانداقمۇ مەسلىھەت سالغىلى بولسۇن» دەپتۇ. كىرپە: «مېنىڭ نادانلىقىمنى قانداق بىلدىڭىز؟» دەپ سوراپتۇ. ھەزرىتى سۇلايمان: «مەن سېنى چاقىرىپ كېلىشكە ئاتنى ئەۋەتسەم، كەلمىدىڭ. دۇنيادا ئاتتىن دانا ۋە ئۇلۇغ نەرسە يوقتۇر. ئىككىنچى قېتىم ئىتنى ئەۋەتسەم كەلدىڭ، ئىت دېگەن پاسكىنا نەرسىدۇر» دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان كىرپە: «مەن ئاتنىڭ چاقىرغىنىغا بارماسلىقىمدىكى سەۋەب، ئادەم بىلەن ئاتنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق ئاداۋەت يوق، ئات ھەقىقەتەنمۇ ئۇلۇغ ۋە دانادۇر. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئات مەندىن ئىنتىقام ئالمايدۇ. ئەمما ئىت بىلەن ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ زەئىپ پاسكىنا نەرسىدۇر. ئەگەر مەن ئىتنىڭ چاقىرغىنىغا ئۇنىمىسام، ئۇ چوقۇم مەندىن ئىنتىقام ئالىدۇ. بېيىت:

توتى بىر مەزگىل پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە بولغاندىن كېيىن ئۆز ماكانىغا قايتىپ كېتىپتۇ. توتى دوستلىرى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن شام پادىشاھنىڭ ياخشىلىقلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ:

— مەن ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا بۇنداق ياخشىلىق قىلىدىغان كىشى بار دەپ ئويلىمىغانىكەنمەن، — دەپتۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان توتىلار:

— ئادەم بالىسى ساڭا شۇنچىلىك ياخشىلىقلارنى قىلغان بولسا، سەن ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇرۇشۇڭ كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن سەن كوھىقاپقا بېرىپ، زۇلمەت ئىچىگە كىرگىن، ئۇ يەردە بىر دەرەخ بولۇپ، ئۇنىڭدا ئابىھاياتنىڭ مېۋىسى باردۇر. سەن ئۇ دەرەختىن بىر مېۋىنى، ئېلىپ شام پادىشاھىغا ئاپىرىپ بەرگىن، شۇنداق قىلساڭ ياخشىلىققا جاۋاب قايتۇرغان بولىسەن، — دەپتۇ.

توتى بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كوھىقاپقا بېرىپ قاراڭغۇلۇقتا كۆپ جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتىپ، ئابىھايات مېۋىسىدىن بىرنى ئېلىپ، شام پادىشاھىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ:

— مەن بىر ئاجىز قۇشمەن، گەرچە ئاجىز بولساممۇ سىزنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭىز ئۈچۈن سىزگە ئازراق بولسىمۇ خىزمەت قىلغۇم كەلدى. مەن كوھىقاپقا بېرىپ زۇلمەت ئىچىدىن سىزگە ئابىھاياتنىڭ مېۋىسىدىن بىرنى ئېلىپ كەلدىم، ئۇ مېۋىنىڭ خاسىيىتى شۇكى، بۇنى يېگەن ئادەم تاكى قىيامەتكىچە ئۆلمەس، — دەپتۇ.

پادىشاھ مېۋىنى قولىغا ئېلىپ يېيىشتىن سەل گۇمانلىنىپ قاپتۇ. توتى بۇنى سېزىپ قېلىپ پادىشاھتىن سەۋەبىنى سوراپتۇ. پادىشاھ بۇنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق چۈشەندۈرۈپتۇ:

قىيامەتكىچە ئۆمۈر كۆرسىڭىز ۋە ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىڭىزنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ جۇدالىق پىراقىدا تاقەت قىلالايمەن دېسىڭىز يالغۇز ئىچىڭ، مۇبادا قىلالمايمەن دېسىڭىز ياخشىسى ئىچمەڭ» دېگەنىكەن. بۇنى ئاڭلىغان ھەزرىتى سۇلايمان ئابىھايات سۈيىنى ئىچكەندىن ئىچمىگەننى ئەۋزەل كۆرۈپ، ئۇنى قايتۇرۇۋەتكەنىكەن. شۇ سە-ۋەبلىك مەن بۇ مېۋىنى يېيىشتىن ئەندىشە قىلدىم،— دەپتۇ.

تۇتى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ئەگەر سىز ھەزرىتى سۇلايمانغا ئوخشاش بۇ ئابىھايات مېۋىسىنى يېيىشتىن ئەندىشە قىلسىڭىز بۇنىڭ يولى ئاساندۇر. سىز بۇ مېۋىنى تېرىسىڭىز شۇ كۈنىلا دەرەخ بولۇپ ئۈنىدۇ، ئىككىنچى كۈنى مېۋە بېرىدۇ، ئۈچىنچى كۈنى پىشقاندا كۆڭلىڭىز خالىغان كىشىلەر بىلەن يېسىڭىز بولىدۇ،— دەپ يول كۆرسىتىپتۇ.

پادىشاھ مېۋىنى تېرىشقا پەرمان قىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا قاراشقا قاراۋۇل قويۇپتۇ. مېۋە بىرىنچى قېتىم پىشىپ يەرگە چۈشكەندە قاراۋۇل ئۇخلاپ قالغانىكەن. شۇ چاغدا بىر قارا يىلان ئۇ مېۋىگە زەھىرىنى سانجىپ قويۇپتۇ. بامدات ۋاقتى بىلەن قاراۋۇل مېۋىنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپتۇ. پادىشاھ مېۋىنى يېيىشتىن يەنە ئەندىشە قىلىپ: «مەن بۇ مېۋىنىڭ ئانداق ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. شۇڭا بۇنى باشقىلارغا يېگۈزۈپ سىناپ كۆرەي» دەپ ئويلاپ، ئۇ مېۋىنى باشقا بىر ئادەمگە يېگۈزۈپتۇ. ئۇ ئادەم مېۋىنى يېيىش بىلەن تەڭ جان ئۈزۈپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن پادىشاھ سارغىيىپ كېتىپتۇ. «بۇ مېۋىنى يېمىگىنىم ناھايىتى ياخشى بولۇپتۇ. ئەسلىدىمۇ ئۇنى يېيىشكە كۆڭلۈم تارتمىغانىدى. يېگەن بولسام بۇ جې-

نەخشەيى، دۈشمىنىڭگە يول قويغىن،
بۇ ئىشنىڭ ساڭا ساۋابى بولۇر.
ئاڭا يول قويمىساڭ ئەگەر سەل - پەل،
پەيتنى تاپقاندا ئىنتىقامىن ئالۇر.

— ئەي پەيغەمبەر، سىز ھەرقانداق نەرسىنىڭ سىرتىغا قاراپ باھا بېرىسىز. خۇداغا شۈكرىكىم، بىز ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا قاراپ باھا بېرىمىز. سىز ئاتنىڭ سىرتىغا قارىماي ئىچكى دۇنياسىغا قارىسىڭىز بىۋاپاراق كۆرۈنىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۈستىدىكى ئادەمنى يەرگە تاشلىۋېتىشنى ئويلايدۇ. ئەمما ئىت ئۇنداق قىلمايدۇ. ئۇ ھەرقانداق كىشىنىڭ داستىخىنىدىن ئاشقان بىر پارچە نان ياكى بىر پارچە سۆڭەكنى تېپىپ يېسە، ئۇ ئادەمنىڭ شۇ ياخشىلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى كۆرسە قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۇلارغا يېقىنلىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بەرىكىتىدىندۇر. «قۇرئان مەجىد» دا «ھەزرىتى ئەسھابۇل كەفنىڭ تەلئەسىدە ھەرقانداق نەرسىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ياخشى بولۇپ، ئىچكى دۇنياسى ناچار بولسا ئۇ يەنىلا ناچاردۇر، ئەگەردە سىرتى ناچار، ئىچكى دۇنياسى ياخشى بولسا ئۇ ئەلۋەتتە ياخشىدۇر، دەپ زىكىر قىلىنغانىكەن» دەپتۇ.

ھەزرىتى سۇلايمان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ناھايىتى خىجىل بولۇپتۇ ۋە تۇتى ئېلىپ كەلگەن ئابىھايات سۈيىنى ئىچىش - ئىچمەسلىك توغرىسىدا ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراپتۇ. كىرپە:
«ئەي پەيغەمبەر، ئۇ ئابىھايات سۈيىنى سىزنى يالغۇز ئىچسۇن دەپ پەرمان بولدىمۇ ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن ئىچسۇن دەپمۇ؟ ئەگەر سىز ئابىھايات سۈيىنى يالغۇز ئىچسە تاكى

يىگىدىن كۆرۈۋالسىڭىز بولىدۇكى، بۇگۈن كېچە مەن سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە كۆزەتچىلىك قىلاي. سىز كۆڭلىڭىزنى خاتىرجەم قىلىپ، سۆيگىنىڭىزنىڭ يېنىغا بېرىڭ، — دېدى.

خوجەستە ئۇ يىگىتنىڭ قېشىغا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا ئالللىقاچان تاڭ ئېتىپ، كوندۇز غۇۋغالىرى باشلانغانىدى. خوجەستىنىڭ بېرىشى كەچقۇرۇنغا قالدى. بېيت:

نەخشەبى، ئويلىغان بېرىپ بۇ كېچە،
سۆيگىنى بەزمىسىدە چالغاي ساز.
سۇبھى بارماقتا بەرمىدى ئىمكان،
ئاشىقلار دۈشمىنىدۇر سۇبھى، خوراز.



نىم بىلەن خوشلاشقان بولاركەنمەن» دەپتۇ پادىشاھ ئۆز-ئۆزىگە.

دېمىسىمۇ پادىشاھ دانا بولغانلىقى ئۈچۈنلا ھەممە خەلق ئۇنىڭ پەرمانىدا بولىدۇ. ئەگەر پادىشاھ دانا بولمىسا، ئۇ ئەلۋەتتە پادىشاھ بولالمايدۇ.

پادىشاھ تۇتىنى ئۆلتۈرۈشكە پەرمان قىپتۇ.

تۇتى بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇپ پادىشاھقا:

— ئەي شاھىم، مېنى كېچىكىپ ئۆلتۈرسىڭىزمۇ بولىدۇ. مېنىڭ بىر شەرتىم بار. مەن ئېلىپ كەلگەن ئابىھايات مېۋىسى ھەقىقەتەن ھاياتلىق بەخش ئەتكۈچى مېۋە ئىدى. سىز مېۋىنى ئۆز قولىڭىز بىلەن دەرەختىن ئۈزۈپ يەنە بىر ئادەمگە يېگۈزۈپ بېقىڭ. ئۇ ئادەممۇ ئالدىنقى كىشىگە ئوخشاش ئۆلسە، ئۇ چاغدا مېنى قانداق ئازابلاپ ئۆلتۈرسىڭىز مەن شۇنىڭغا رازى، — دەپتۇ.

پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مېۋە دەرىخىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن بىر مېۋىنى ئۈزۈپ ئېلىپ ياشانغان بىر كىشىگە يېگۈزۈپتۇ. ئۇ ياشانغان كىشى مېۋىنى يېگەندىن كېيىن ئون سەككىز ياشلىق يىگىتتەك ياشىرىپ كېتىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن تۇتى ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپتۇ.

دېمەك، بۇ دۇنيادا ياخشىلىق قىلغان كىشىنىڭ ياخشىلىقى ھېچقاچان زايە بولمايدۇ.

تۇتىنىڭ ھېكايىسى بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:

— ئەي ئاغىچام، پادىشاھ تۇتىنىڭ ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىقىدىن گۇمانلانغان بولسىمۇ، لېكىن تۇتىنىڭ ئۆزىگە سادىقلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن بىھۇدە گۇمانلانغانلىقىدىن خىجىل بولدى. مېنىڭمۇ سىزگە بولغان ئەقىدە - ئىخلاسىم ئوچۇق - ئاشكارىدۇر. مېنىڭ سىزگە بولغان ئىخلاسىمنى شۇ-

مەسلىھەت ئالغىنىڭىز ناھايىتى ياخشى ئىش. مەسلىھەتلىك ئىش كىشىنى ھەرقانداق بالادىن ساقلايدۇ. سىزنىڭ ماڭا سالغان مەسلىھەتىڭىزنىڭ ھېچقانداق زىيىنى يوق. بەرەھمەن-مۇ مەسلىھەتنىڭ خاسىيىتى تۈپەيلىدىن پادىشاھ رايىنىڭ ئۆلۈم-گە ھۆكۈم قىلىشىدىن قۇتۇلۇپ قالغانىكەن. سىزمۇ مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلسىڭىز بالا-قازادىن ساقلىنىپ قالىسىز.

— بەرەھمەن قانداق قۇتۇلۇپ قالغانىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ خوجەستە.

بۇرۇنقى زاماندا راي ئىسىملىك بىر پادىشاھ بار ئىكەن، — دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى تۇتى — ئۇ ناھايىتى دانا ۋە زېرەك ئىكەن. ئۇ شەھەردە بىر بەرەھمەن بار بولۇپ، ئۇ ناھايىتى تەقۋادار ھەم دانىشمەن كىشى ئىكەن. پادىشاھ ھارقانداق بىر مۈشكۈل ئىشنى بەرەھمەندىن مەسلىھەت ئېلىپ قىلىدىكەن.

بىر كۈنى راي پادىشاھنىڭ ئىچى پۇشۇپ بىر ئىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ بەرەھمەننى چاقىرتىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— ئەي بەرەھمەن، سەن دەرھال بېرىپ مېنىڭ توي قىلماقچى بولغانلىقىمنى دەرياغا خەۋەر قىلغىن. ئەگەر دەريا مېنىڭ تەكلىپىمنى قوبۇل قىلىپ، تويۇمغا كەلسە، مەن تولىمۇ خۇش بولغان بولاتتىم. شۇنداقلا مېنىڭ تويۇممۇ قىزىغان بولاتتى. مېنىڭ دەرياغا ئېلتىماسىم شۇكى، ئۇ دەريا-دىكى پۈتۈن جانلىقلارنى ئېلىپ تويۇمغا كەلسۇن. ئەي بەرەھ-مەن، سەن ئۈچ كۈنگىچە دەريانى ئۆزۈڭ بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگىن. ئەگەر ئېلىپ كېلەلمىسەڭ بېشىڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن، — دەپتۇ.

بەرەھمەن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ گوياكى ياپراقتەك تىترەپ كېتىپتۇ. بەرەھمەن ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، قوۋملىرىغا

# ئون ئالتىنچى داستان

## پادىشاھ رايىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن بەرەھمەنىڭ دەريانى مېھمانغا تەكلىپ قىلغانلىقى



ئون ئالتىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش گويا كى سۆيگۈ ئوتلىرىدا كۆيۈۋاتقان ئاشىقتەك مەغرىبنىڭ خىلۋەت ھۇجرىسىغا كىردى. ئاي خۇددى شوخ ۋە گۈزەل بىر مەشۇقتەك، ئۆزىگە يۇلتۇز بېزەكلىرىنى تاقاپ مەشرىق قەسرىدە جىلۋىلەندى. خوجەستە كۆزلىرىدىن دەريا-دەريا ياشلىرىنى ئاققۇزغان ھالدا، رۇخسەت سوراش ئۈچۈن تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەي سىردىشىم، ئىشق-مۇھەببەتنىڭ ئوتى مېنى بەند قىلدى. بۈگۈن سېنىڭ ئالدىڭغا شۇنداق بىر مەسلىھەت بىلەن كەلدىمكى، ماڭا رۇخسەت بەرگىن. بۈگۈن كېچە سۆيگىنىمنىڭ قېشىغا بېرىپ مۇرادىمغا يېتەي، — دېدى.

— ئەي ئاغىچام — دېدى تۇتى، — سىزنىڭ مەندىن

بارمىسام بەرھەمەننىڭ ھاياتى خەۋپ - خەتەر ئاستىدا قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مەنمۇ گۇناھكار بولۇپ قالىمەن. سەن ھازىرلا بەرھەمەننىڭ ئالدىغا بارغىن ۋە ئۇنىڭغا: «دەريا سېنىڭ تەك-لىپىڭنى قوبۇل قىلدى، سەن خاتىرجەم بولغىن. دەريا دېگەن مۆھلەت ئىچىدە يېتىپ كېلىدۇ» دېگىن، — دەپتۇ.

تەنىن لەمەك دەرياغا:

— ئەي شاھىم، پەرمانىڭىزنى بەجانىدىللىق بىلەن ئورۇن-دايمەن. لېكىن مەن ئاجايىپ قامەتلىك ۋە ھەيۋەتلىك ھايۋان. ھەر قانداق ئادەم مېنى كۆرسە قورققىنىدىن بىھوش بولىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئادەمگە قانداقمۇ يەتكۈزىمەن؟ — دەپتۇ.

دەريا بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ئەي تەنىن، سېنىڭ دېگىنىڭ ناھايىتى توغرا، سەن ئېيتىپ باققىن، بەرھەمەنگە خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن كىمنى ئەۋەتسەك لايىق بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بەرھەمەنگە بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈشكە ھۆد ئىسىملىك بېلىق ھەممىدىن مۇۋاپىق، چۈنكى ئۇ ياخشى مىجەزلىك ھەم چىرايلىق بېلىق، ئادەملەرمۇ ئۇنى تولا كۆرۈپ ئادەتلىنىپ كەتكەن، — دەپتۇ تەنىن.

— بېلىق بۇ ئىشقا لايىق ئەمەستۇر، چۈنكى ئۇ تىل-سىزدۇر. ئۇ بىرەر سائەت ئىچىدە بەرھەمەننىڭ يېنىغا يېتىپ بارالماس. مېنىڭچە بۇ ئىشقا پاقا لايىقتۇر. چۈنكى ئۇ سۇدا ۋە قۇرۇقلۇقتا يۈرەلەيدۇ، — دەپتۇ دەريا ۋە پاقىنى چاقىرتىپ كېلىپ ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. پاقا:

— مەن پەرمانىڭىزغا تەييارمەن، لېكىن بۇ ئىشقا لايىق ئەمەسمەن. چۈنكى مېنىڭ قەدىمىم ئاستا، بۇ يول تولىمۇ يىراق. مېنىڭچە بۇ ئىشقا پەنجى پاي لايىقتۇر. چۈنكى ئۇنىڭ پۇتلىرى تولا بولغاچقا تېز ماڭىدۇ، — دەپتۇ.

ئەھۋالنى بايان قىلىپ، ئۇلاردىن مەسلىھەت سوراپتۇ. قوۋەلىرى بەرەھمەنگە:

— پادىشاھنىڭ تەلىپى ناھايىتى يولسىز تەلەپتۇر. دەريا نەدىمۇ كىشىلەرنىڭ مېھمانىدارچىلىقىغا بارغان؟ سىز بېرىپ بۇ يولسىز تەلەپنى ئورۇندىيالمايدىغانلىقىڭىزنى دەپ، جېنىڭىزنى قۇتۇلدۇرغايسىز، — دېيىشىپتۇ.

— پادىشاھ راي مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن بۇ ئىشنى ئويلاپ تاپقاندۇر. سىلەر ئويلاپ بېقىڭلار، دەريا بىلەن بىزنىڭ بۇ يەر بىر ئايلىق يول تۇرسا، مەن ئۈچ كۈن ئىچىدە دەريانىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنى بۇ يەرگە قانداقمۇ ئېلىپ كېلەلەيمەن. مەن بىر ئاجىز بەندە، بۇ ئىشنى ھەرگىزمۇ ئورۇندىيالمايمەن. ئەگەر پادىشاھ مېنى بىگۇناھ ئۆلتۈرسە خۇنۇمنى ئاخىرەتتە ئۇنىڭدىن ئالۇرمەن، — دەپ ئۆزىنى ئۆلۈك كىشى قاتارىدا ھېسابلاپتۇ بەرەھمەن.

شامال دەريانىڭ خەۋەرچىسى ئىكەن. ئۇ بۇ ئەھۋالنى بىلىپ، بۇ خەۋەرنى دەرھال بېلىققا يەتكۈزۈپتۇ. بېلىق بۇ خەۋەرنى دەرياغا يەتكۈزۈپتۇ . دەريا بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆركەشلەپ ئاغزىغا كۆپۈك كېلىپتۇ ۋە:

— بۇ بىگۇناھ كىشى مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ قالسا، مەنمۇ گۇناھكار بولۇپ قالىمەن، — دەپتۇ.

دەريادىكى يەتتە يۈز جانىۋارنىڭ ھەر بىرى بىر خىل سۇ ھايۋىنىدىن ئىكەن. دەريا ئۇلارنى ئالدىغا چاقىرتىپتۇ. بۇ سۇ ھايۋانلىرىنىڭ سەردارى تەنسىن ئاتلىق لەھەڭ ئىكەن. دەريا ئۇنىڭغا:

— پادىشاھ راي مېنى چاقىرىپ كېلىشكە بەرەھمەننى بۇيرۇپتۇ. بەرەھمەن ئۈچ كۈنگىچە بۇ يەرگە كېلىشكە كۆزى يەتمەپتۇ. ئەگەر مەن ئۈچ كۈنگىچە پادىشاھ راينىڭ ئالدىغا

چاقىرىپ كېلىشنى ئېيتقانىكەنسىز، مەن بۇنى ئاڭلاپ تولىمۇ قورقۇپ كەتتىم، شۇ سەۋەبلىك سىزنىڭ ئالدىڭىزغا مۇددەتتىن بۇرۇن كەلدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دەريا.

— مېنىڭ بۇنىڭدىن مەقسىتىم، — دەپتۇ پادىشاھ، — سىزنى بىر كۈن بولسىمۇ تېزرەك كەلسۇن دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

— ئەي شاھىم، مەن ئالدىراشچىلىقتا قۇرۇق قول كېلىپ قالدىم، بۇنىڭدىن تولىمۇ خىجىلمەن. ئەگەر ماڭا رۇخسەت بەرسىڭىز، مەن قايتىپ بېرىپ سىزگە ئېسىل مارجان، ياقۇت، جاۋاھىرلاردىن ۋە دەريادىكى جانىۋارلاردىن ئېلىپ كېلەي، — دەپتۇ دەريا.

پادىشاھ ناھايىتى ھەممەتلىك ئىكەن، ئۇ:

— ئەي دەريا، سىزنىڭ مېھماندارچىلىقتا كەلگىنىڭىزنىڭ ئۆزىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ. سىز دېگەن نەرسىلەرگە مېنىڭ ھاجىتىم يوقتۇر، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان دەريا ناھايىتى پەرىشان بولۇپ پادىشاھقا:

— ئەي شاھىم، سىز ناھايىتى ھەممەتلىك ئىكەنسىز، شۇنداق بولسىمۇ مەن سىزگە تۆت نەرسىنى سوۋغا قىلاي، كۆڭلۈمنى قايتۇرمىغايسىز، — دەپتۇ-دە، بىر تىزىق ئالتۇن، بىر قۇتا جاۋاھىر، بىر ئات، بىر توننى پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈپتۇ.

پادىشاھ «دەريانىڭ كۆڭلى قالمىسۇن» دەپ بۇ تۆت نەرسىنى قوبۇل قىپتۇ ۋە بەرەھمەنگە:

— ئەي بەرەھمەن، بۇ تۆت نەرسىنىڭ بىرىنى سەن ئالغىن، — دەپتۇ.

— ئەي شاھىم، ماڭا رۇخسەت قىلسىڭىز، مەن ئۆيگە

— ئەي پەنجى پاي، بۇ ئىشقا سەن قانداق قارايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ دەريا.

— پاقىنىڭ ئېيتقىنى توغرا، — دەپتۇ پەنجى پاي، — ئەمما مەن شۇنىڭدىن قورقىمەنكى بۇ يولدا دەرەخلەر ناھايىتى كۆپتۇر. مەن بېشى يوق، ئاغزى دۈمبىسىدە تۇرىدىغان ھايۋان دۇرمەن. مېنىڭ سەككىز پۇتۇمنىڭ ھەممىسى ئەگرى، ھەمىشە يېنىم بىلەن يول يۈرىمەن. ئەگەر دەرەخلەر ماڭا كاشىلا بولسا قانداق قىلىمەن؟

ئەلقىسسە، دەريا ئۇلار بىلەن مەسلىھەت قىلغاندىن كېيىن:

— بۇ ئىش ئاخىرەتنىڭ ئىشىدۇر. ئاخىرەتتە ئىشنى يەنە بىر ئادەمنىڭ قەدىمى بىلەن قىلىپ بولماس، — دەپ دەرھاللا ئادەم سۈرىتىدە بولۇپ بەرەھمەننىڭ ئالدىغا كېلىپتۇ:

— ئەي بەرەھمەن، پادىشاھ راي سېنى چاقىرىشقا ئەۋەتكەن دەريا مانا مەن، — دەپتۇ.

بەرەھمەن، دەريانى تونۇپ، ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپتۇ ۋە پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ:

— ئەي بەرەھمەن، مەن سېنى دەريانى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتسەم، سەن تېخىچە يولغا چىقماي نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەي شاھىم. سىز سىرتقا بىر چىققان بولسىڭىز، — دەپتۇ بەرەھمەن.

پادىشاھ سىرتقا چىقىپ قارىسا دەريا تۇرغىدەك. پادىشاھ دەريا بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنى ئىززەتلەپتۇ:

— ئەي دەريا، سىز ناھايىتى تېزلا يېتىپ كېلىپسىز. بۇنىڭ سەۋەبى نېمىكىن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— ئەي شاھىم، سىز بەرەھمەنگە مېنى ئۈچ كۈن ئىچىدە

بولدى. سىزمۇ مېنىڭ مەسلىھەتىم بويىچە ئىش قىلسىڭىز، ئەلۋەتتە پايدىسىنى كۆرىسىز. ھازىر يىگىتمىزنىڭ يېنىغا بېرىشىنىڭ ياخشى پەيتى. سىز ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇڭ، — دېدى.

خوجەسە يىگىتنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى. ئۇنىڭ بارىدىغان ئىشى يەنە كەچقۇرۇنغا قالدى. بېيىت:

نەخشەبى، ئويلىغان بېرىپ بۇ كېچە،
قوشۇلۇپ سۆيگىنىگە چالغاي ساز.
سۈبھى بارماققا بەرمىدى يۇرسەت،
ئاشىقلار دۈشمىنىدۇر سۈبھى، خوراز.



بېرىپ خوتۇن ـ باللىرىم بىلەن مەسلىھەت قىلىپ باقاي، ــ دەپتۇ بەرەھمەن.

پادىشاھ بەرەھمەنگە رۇخسەت بېرىپتۇ.

بەرەھمەننىڭ تۆت ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ باللىرىغا بۇ ئىش توغرىسىدا مەسلىھەت سېلىپتۇ. ئوغۇللىرىدىن بىرى:

— ئەي ئاتا، مەنچە بولسا ئالتۇننى ئېلىشىڭ كېرەك، چۈنكى ئالتۇن بولغاندا ھەرقانداق ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ، ــ دېسە، يەنە بىرى:

— جاۋاھىرنى ئېلىش كېرەك، چۈنكى جاۋاھىر بولسا باشقا نەرسىلەرنى تاپقىلى بولىدۇ، ــ دەپتۇ. ئۈچىنچى ئوغلى:

— تۇننى ئېلىش كېرەك. چۈنكى ئۈچمىگەزدا ئېسىل تون بولسا شۇ تۇننىڭ ھۆرمىتىدىن ھەرقانداق نەرسىنى تېپىۋالالايسىز، — دەپتۇ. تۆتىنچى ئوغلى:

— مېنىڭچە ئاتنى ئالغان تۈزۈك، چۈنكى ئات ئەر كىشىنىڭ قانىتىدۇر، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

بەرەھمەن ئوغۇللىرىدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھەيران قاپتۇ ۋە پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئەي شاھىم، مېنىڭ تۆت ئوغلۇم بار. مەن ئۇلارغا مەسلىھەت سالسام چوڭ ئوغلۇم ئالتۇننى، ئىككىنچى ئوغلۇم جاۋاھىرنى، ئۈچىنچى ئوغلۇم تۇننى. تۆتىنچى ئوغلۇم ئاتنى ئېلىشنى لايىق كۆردى، — دەپتۇ.

پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە بۇ تۆت نەرسىنىڭ ھەممىسىنى بەرەھمەنگە بېرىپتۇ.

تۇتى ھېكايىسىنى سۆزلەپ بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:

— ئەي ئاغىچام، بەرەھمەن مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلغاندى، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ، نۇرغۇن مال ـ مۈلۈككە ئىگە

بەت ئارزۇسىغا قېنىش مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر سىز ئاشىق بولسىڭىز، قۇلىقىڭىز ساتارنىڭ قۇلىقىغا ئوخشاش كۆپ بولسمۇ ئىشق داستانىنى ئاڭلاپ تويغىلى بولمايدۇ. سىز ئاشىق بولغانلىقىڭىزدىن. — دېدى تۇتى.

خوجەستە:

— ئەي تۇتى، دېگەنلىرىڭ راست. مەن ئىشقنىڭ بېشىدا تۇرغان ئادەممەن، لېكىن مەن «ئى» بىلەن «ش» غا ئوخشاش باش ۋە ئوتتۇرىلىرىدىن ئورۇن ئالسام دەيمەن. «ق» غا ئوخشاش «ئىشق» نىڭ «ئىشق» نىڭ ئايىغىغا يىقىلسام دەپ ئارزۇ قىلىمەن. مېنىڭ كۆڭلۈم توغرا. سەن مېنى تولۇق چۈشەنمىگەچكە ئەندىشە قىلىسەن. سەن ماڭا ئۇ يىگىتنىڭ ئەسلى نەسلىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى دەپ بەرگەن بولساڭ ياخشى بولاتتى، — دېدى.

— ئەي ئاغىچام، ئادەم نەسلىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلىش ۋە ئۇنىڭ ئاقىل، دانىشمەنلىكىنى بىلىش ئانچە نەس ئەمەس. ئادەملەرنىڭ ئاقىل ۋە دانىشمەنلىكىنىڭ بىر ئالامىتى شۇكى، ئاقىل ۋە دانىشمەن كىشىلەر سازەندىلەرنىڭ سازىنى، ھاپىزلارنىڭ غەزەللىرىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئاللاتائالانى كۆڭلىدە ياد ئېتىدۇ. نادانلار بۇ ئىلىمدىن ھۇزۇر ئېلىشنى بىلمەيدۇ. ئۇلار سازنىڭ ئاۋازى بىلەن بۆرىنىڭ ئاۋازىنى پەرق ئېتەلمەيدۇ. بېيىت:

نەخشەبى، نەغمە زوقى ياخشى ئەجەب،
لەززىتىدىن كۆڭۈلنى قىل دەريا.
مەي ـ شارابتىن ئۆلۈپ يوقالغاي كۆڭۈل،
نەغمە ـ مۇزىكىدىن تىرىلەر قايتا.

بۇنداق ئادەملەردىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك. ئەي ئاغىچام، سىز بۇگۈن يىگىتىڭىزنىڭ يېنىغا بېرىپ بىر ئۇستا سازەندىگە

# ئون يەتتىنچى داستان

**ئىسپەھان پادىشاھىنىڭ سەكسەن ۋەزىرى جەم بولۇپ،**
**شاھزادىنىڭ ئەقىللىق ۋە دانىشمەنلىكىنى سىناپ**
**بېكىتكەنلىكى، ئاندىن كېيىن ئۇنى**
**پادىشاھلىققا كۆرسەتكەنلىكى**



ئون يەتتىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش گوياكى ئالتۇن راۋابتەك مەغرىب غىلىپىغا كىردى. ئاي ئاپئاق كۈمۈش داپنى چېلىپ، مەشرىق بەزمىسىدە ئاشكارا بولدى. خوجەستە ئىجازەت ئېلىش ئۈچۈن تۇتىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي ئىشق دەردىنىڭ داۋاسى، نەچچە كۈندىن بۇيان ئىشق خەنجىرى يۈرىكىمنى پارە - پارە قىلدى. بۈگۈن كېچە ماڭا ئىجازەت بەرگىن، — دېدى.

— ئەي ئاغىچام، ئاشىقلار ئىشق - مۇھەببەت جاپاسى ھەققىدە شىكايەت قىلماسلىقى كېرەك. چۈنكى ئىشق - مۇھەب-

ئۇلار ئوغۇلنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن سازەندىلەرنى چاقىرىپ تەييار قىلىپتۇ. ئوغۇلنىڭ بۆشۈكىنىڭ يېنىغا يەنە بىر قانچە ئوغۇل بالىنىڭ بۆشۈكىنى قويۇپتۇ. ئاندىن سازەندىلەرگە ساز چالدۇرۇپتۇ.

ۋەزىر، ئۆلىما ۋە ھۆكۈمالار:

— ئەگەر شاھزادە سازنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ خۇش بولۇپ زوقلانسا، ئۇ چاغدا شاھزادە ھەقىقەتەن زېرەك بولغان بولىدۇ. ئۇ ھالدا ئۇنى تەربىيىلەپ ئەقىللىق ۋە دانىشمەن قىلغىلى بولىدۇ. مۇبادا بۇنىڭ ئەكسىچە شاھزادە زوقلانماستىن جىم يېتىۋەرسە، بۇ ئوغۇلدىن ئۈمىدنى ئۈزۈش كېرەك، — دېيىشىپتۇ.

سازەندىلەر سازلىرىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەندە شاھزادە زوقلىنىپ، قول ۋە پۇتلىرىنى مىدىرلىتىپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن باشقا بۆشۈكتىكى بىرنەچچە ئوغۇلمۇ پۇت - قوللىرىنى مىدىرلىتىپتۇ. ئاز بىر قىسمى مىدىرلاپمۇ قويماپتۇ.

سەكسەن ھۆكۈما بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ:

— شەك - شۈبھىسىزكى، شاھزادە ناھايىتى ئەقىللىق ۋە دانىشمەن بولىدۇ. سازنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ زوقلانغان بىر قانچە بالا ۋەزىر ۋە خوجا بولىدۇ. قالغانلىرى دىتسىز ئادەم بولىدۇ. چوڭ بولغاندا يېيىش - ئىچىش، ئۇخلاشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ، — دېيىشىپتۇ.

تۇتى ھېكايىسىنى سۆزلەپ بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:

— ئەي ئاغىچام، سازغا ئاشىق بولغان كىشى سازنى ئاڭلاش بىلەنلا ئەس - ھوشىنى يوقىتىدۇ. ھەزرىتى شەيخ جۇنەيد باغدادى (تەڭرى ئۇ ئەزىز زاتنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي) ۋەز ئېيتقاندا دەرۋىشلەر بىتاقەت بولۇپ، نالە-پەريادلار قىلىشىپ، ھەزرىتى شەيخنى سۆزلىرىدىن ئازدۇرۇۋەتكەنىكەن.

ساز چالدۇرۇڭ، ئەگەر ئۇ يىگىت سازنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ كۆڭلى خۇش بولسا، ئۇ هالدا ئۇ ياخشى نەسەبلىك ئادەم بولغان بولىدۇ. ئۇ خۇددى ئىسپىهان شاهزادىسىنىڭ سازنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ قىسىرلاپ قويغىنىغا ئوخشاش ئىشتۇر، — دېدى تۇتى.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

ئىسپىهان شەهىرىدە بىر پادىشاه بار ئىكەن، — دەپ هېكايىسىنى باشلىدى تۇتى، — ئۇ پادىشاه ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپتۇ. ئۇ ئوغۇل پادىشاهنىڭ بىردىنبىر تەخت ۋارىسى ئىكەن. بۇ شەهەردىكى هەممە ۋەزىر، ئۆلىما ۋە هۆكۈمالاردىن بولۇپ سەكسەن كىشى پادىشاه ئوردىسىغا جەم بولۇپ، شاهزادە توغرىسىدا مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۇلار:

— بۇ ئوغۇل چوڭ بولسا ئاقىل، دانىشمەن كىشى بولامدۇ ياكى نادان، ئەقىلسىز كىشى بولامدۇ؟ بىز تېخى بىلمەيمىز. ئەگەر ئۇنىڭ زېرەكلىكى مەلۇم بولسا ئاندىن ياخشى تەربىيىلەپ، ئالىم ۋە دانىشمەن قىلىپ يېتىشتۈرەيلى، بۇنىڭ ئەكسىچە خەلقنىڭ غېمىنى يېمەيدىغان، ئۇلارنىڭ هالىدىن خەۋەر ئالمايدىغان ئادەم بولۇش ئېهتىمالى بولسا بۇنداق ئادەمنى كىچىك ۋاقتىدىلا يىلتىزىنى قۇرۇتۇش كېرەك. ئېلىمىزگە دانىشمەن، ئەقىللىك، سېخىي كىشىنى پادىشاه قىلىشىمىز لازىم. ئالەمنىڭ ئىگىسى بولغان بۈيۈك تەڭرى جاهاننى هامان پادىشاهسىز قويمايدۇ، — دەپ مەسلىهەت بېرىشىپتۇ. بېيىت:

نەخشەبى! مەملىكەت شاهسىز بولماس،
بولسا گەر شاهسىز، تېز بولۇر ۋەيران.
پادىشاهلار گوياكى چوپاندۇر،
قويچىسىز نەدە قوي بولۇپ باققان.

# ئون سەككىزىنچى داستان

## مۇزىكا ئىلمىنىڭ پەيدا بولغانلىقى



ئون سەككىزىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش گويا ھومايۇن قۇشتەك مەغرىب تۆۋىسىغا كىردى. ئايمۇ خۇددى گۈزەل بىر جانىۋاردەك مەشرىقتىن نامايان بولدى. خوجەستە مەست تۇزدەك ياسىنىپ، ئېتەكلىرىنى كۆتۈرگەن ھالدا تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەي قۇشلارنىڭ پادىشاھى، ھۆكۈمالار: «ئىككى نەرسە ئادەمنىڭ بېشىنى قايدۇرىدۇ. بۇنىڭ بىرى شاراب، يەنە بىرى نەغمىنىڭ ئاۋازى» دېگەنىكەن. تۈنۈگۈن سەن نەغمە توغرىسىدا كۆپ سۆزلىدىڭ. مەن نەغمىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىماي تۇرۇپلا بىھوش بولدۇم. ئەي تۇتى، نەغمە - شاز ئىلىمنى كىم ئىجاد قىلغان؟ بۇنى سۆزلەپ بەرگىن، — دېدى.

— مۇزىكا ئىلمى ناھايىتى چەكسىزدۇر. مەنمۇ بۇ ئىلىمنى قۇشلارنىڭ ئۇستىسىدىن ئاڭلىغانىدىم، — دېدى تۇتى.

ھەزرىتى شەيخ: «ئەي دەرۋىشلەر، ئۆزۈڭلارنى تۇتۇۋېلىڭلار. مەن ۋەز ئېيتقاندا بىئەدەبلىك قىلىپ سۆزۈمنى بۆلمەڭلار» دېگەنىكەن. بۇنى ئاڭلىغان بىچارە دەرۋىشلەر ئىشقىنىڭ غالىبلىقى سەۋر - تاقەتتىن ئۈستۈن تۇرسىمۇ، ھەزرىتى شەيختىن قورقۇپ پەرياد قىلىشالماي شۈك ئولتۇرۇشقانىكەن. بېيت:

نەخشەبى، ئىشق ئوتى يامان ئوتتۇر،
ئاشۇ ئوت بارلىقىمنى كۆيدۈردى.
ھەر نېمە بولسا بار بۇ ئالەمدە،
ئاشۇ ئوت ھەممىسىنى كۆيدۈردى.

ئەي ئاغىچام، سىزمۇ سۆيگىنىڭىزنىڭ ئەقىللىق ۋە نادان ئىكەنلىكىنى يۇقىرىقىغا ئوخشاش چارە - تەدبىرلەر ئارقىلىق سىناپ بېقىڭ، — دېدى.

خوجەستە بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇ يىگىتنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا سەھەرنىڭ ناغرا - سۇنايلىرى چېلىنىشقا باشلىدى. خوجەستىنىڭ بېرىشى كەچۇقۇرۇنغا قالدى. بېيت:

نەخشەبى، ئويلىغان بېرىپ بۇ كېچە،
سۆيگىنىڭ زوقى بىلەن چالغاي ساز.
سۇبھى بارماقتىن ئۇنى ياندۇردى،
ئاشىقلار دۈشمىنىدۇر سۇبھى خوراز.

بۇنى كۆرگەندىن كېيىن دەرەخكە ئېلىنىپ قالغان مايمۇننىڭ ئۈچىيىنى ئېلىپ چۈشۈپ، بىر ئەگرى ياغاچقا باغلاپتۇ. ھۆكۈما مايمۇننىڭ ئۈچىيىنى قولى بىلەن تارتىپ قويۇپ بەرگەنكەن، ئۇنىڭدىن ئاۋاز چىقىپتۇ. بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان ھۆكۈما ئۈچەينى بىر تال يىپ قىلىپ، ئاندىن بىر قاپاقنى ياغاچنىڭ ئۇچىغا باغلاپتۇ. ئۈچەيدىن ياسىغان يىپنى قاپاقنى باغلىغان ياغاچقا باغلاپ، قولى بىلەن يىپنى چېكىپ بېقىپتۇ. ئۇنىڭدىن ئىلگىـ رىكىگە ئوخشىمايدىغان يەنە بىر خىل ئاۋاز چىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ساز پەيدا بولۇپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھەركىم ئۆزىنىڭ ئەقىل - ئىدرىكىگە تايىنىپ چاڭ، بەرباپ قاتارلىق نۇرغۇن سازلارنى ئىجاد قىلىپتۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە سازلار- نىڭ كۆپىنچىسىنى لەنىتى شەيتان ئىجاد قىلغانىكەن، — دېدى تۇتى.

تۇتى يەنە ھېكايىسىنى باشلىدى:

يەنە بىر رىۋايەتتە ھىندىستاندا قەقنۇس ئىسىملىك بىر قۇش بولۇپ، ئۇنىڭ تۇمشۇقىدا يەتمىش تۆشۈكى بار ئىكەن. قەقنۇس ھەر يىلى باھار پەسلىدە خۇش ئاۋازدا سايرايدىكەن. قەقنۇس سايرىغاندا تۇمشۇقىنىڭ ھەر بىر تۆشۈكىدىن بىر خىل ئاۋاز چىقىدىكەن، ھۆكۈمالار قەقنۇسنىڭ تۇمشۇقىدىن چىققان ئاۋازلارغا قەيت قىلىپ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان سازلارنى ئىجاد قىلغانىكەن.

يەنە بىر رىۋايەتتە ھۆكۈمالار ئاسماننىڭ ئايلىنىشى، يۇلتۇزلارنىڭ سەجدى قىلغانلىقىغا قاراپ مۇزىكا ئىلمىنى ئىجاد قىلغانىكەن. ئۇلار ھەر بىر سائەتنىڭ ئالامەتلىرىگە قاراپ، ھەر بىر مۇقامغا بىردىن ئىسىم قويغانىكەن. يەنى سۇبھى ۋاقتىدا چىقىدىغان پەدىگە ھادى، ناماز پېشىن ۋاقـ تىدا چىقىدىغان پەدىگە ئۇششاق، ئىككى ناماز ئوتتۇرىدا چىـ

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ بۇنداق ئىلىمنى قۇشلار قانداق بىلىدۇ؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

— ئەي ئاغىچام، ئەگەر قۇشلارنىڭ تىلىنى ئۇققان بولسىڭىز ھەممە جانىۋارلارنى كۆرگەن بولاتتىڭىز. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تىللىرى ئارقىلىق پەرۋەردىگارنىڭ زىكرىگە مەشغۇل بولىدۇ. بۇيۇك تەڭرىگە ھەمدۇسانا ئېيتىشىدۇ. سىز ياقۇپ پەيغەمبەرگە بۆرىنىڭ سۆزلىگىنىنى. سۇلتان ئەسھابۇل كەھفنىڭ ئىتلىرىنىڭ قىسسىسىنى، ھەزرىتى پەيغەمبەر مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ پىراقلىرىدا مەسچىتنىڭ تۈۋرۈكلىرىنىڭ يىغلىغانلىقىنى ۋە تاغلار بىلەن سۆزلەشكەنلىكىنى ئاڭلىمىغانمۇ؟ — دېدى تۇتى.

— ئەي تۇتى، سەن ھەممە قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

— مەن ھەممە قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇلار ماڭا مۇزىكا ئىلمىنى سۆزلەپ بەرگەن. مۇزىكا ئىلمى شۇنداق بىر ئىلىمكى، ئۇ ناھايىتى نازۇك بولۇپ، ئۇنى ھەممە ئادەمنىڭ چۈشىنىپ كېتەلىشى ناتايىن. ئۇنى پەقەت چىن كۆڭلىدىن ياقتۇرغان كىشىلا چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ. مۇزىكا ئىلمى ئەڭ بۇرۇن شامدا پەيدا بولغان. بۇ توغرۇلۇق رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر كۈنى بىر ھۆكۈما يولدا كېتىۋېتىپ دەرەخ تۆپىدە بىر مايمۇننىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ھۆكۈما مايمۇننىڭ بىر شاختىن يەنە بىر شاخقا سەكرەپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى تاماشا قىلىپ قاراپ تۇرۇپتۇ. بىر چاغدا بىر شاخ سۇنۇپ كېتىپ، شاخنىڭ سۇنۇقى مايمۇننىڭ قورسىقىغا كىرىپ ئۈچەيلىرىنى چۇۋۇپ چىقىپتۇ. مايمۇننىڭ ئۈچىيى بىر شاختىن يەنە بىر شاخقا ئىلىنىپ قاپتۇ. مايمۇن ئاغرىققا چىدىماي ناھايىتى سەت چىرقىراپ ساپتۇ، ھۆكۈما

ئاللايدىغان بولسۇن. ئەي ئاغىچام، ئەگەر يىگىتىڭىز سىزدىن: «ئايال كىشى قانداق سىجەزلىك بولسا ياخشى بولىدۇ؟» دەپ سوراپ قالسا نېمە دەپ جاۋاپ بېرىسىز؟ — دەپ سورىدى تۇتى خوجەستىدىن.

— ئەي تۇتى، مەن بىلمەيمەن، سەن نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىمنى ماڭا دەپ بەرگىن، — دېدى خوجەستە.

— بىرىنچى، ئايال كىشى تولا كۈلمىسۇن. ئىككىنچى، تەلەتى سۈرلۈك بولمىسۇن. ئۈچىنچى، تولا بەك سېخىي بولمىسۇن. تۆتىنچى، تولا بېخىلمۇ بولمىسۇن. بەشىنچى. تولا ياسانچۇق بولمىسۇن. ئالتىنچى. ياسىنىشنى تاشلاپمۇ قويمىسۇن، چۈنكى بۇ سۈننەتتۇر. يەتتىنچى، تۇرمۇشتا چېچىلاڭغۇ ۋە بىسەرەمجان بولمىسۇن. سەككىزىنچى. دائىم ئۆزىنى پاك ۋە پاكىز تۇتسۇن دەپ جاۋاب بېرىڭ، — دېدى تۇتى. بېيىت:

نەخشەبى، دائىم پاكىز بولغىن،
پاكلارنىڭ ياماننىقى بولماس.
بۇ جاھان نازۇ - نېمەتى شۇنچە كۆپ،
ئەما پاكلىقچە نېمەتى بولماس.

خوجەستە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تولىمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ يىگىتىنى سىناپ بېقىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى. خوجەستىنىڭ بېرىشى يەنە كەچقۇرۇنغا قالدى. بېيىت:

نەخشەبى، ئويلىغان بېرىپ بۇ كېچە،
ياخشىلار بەزمىسىدە چالغاي ساز.
سۇبھى بارماققا بەرمىدى رۇخسەت،
ئاشىقلار دۈشمىنىدۇر سۇبھى، خوراز.

قىلىدىغان پەدىگە ھۇجازاد، دىگەر ۋاقتىدا چىقىدىغان پەدىگە ئىراق دەپ ئۇن ئىككى مۇقامغا ئۇن ئىككى ئىسىم قويۇپتۇ. ئەي ئاغىچام، سىزنىڭ سوئالىڭىزغا ناھايىتى ئېنىق جاۋاپ بەردىم، ئەمدى يىگىتىڭىزنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلىمىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى سىناپ بېقىڭ. شۇنداق قىلغاندىلا يىگىتىڭىزنىڭ ياخشى ياكى يامان نەسەبلىك ئىكەنلىكى سىزگە مەلۇم بولىدۇ، — دېدى توتى.

— ئۇ يەردە ساز بولمىسا، مەن ئۇ يىگىتنى قانداق سىناپ باقىمەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

— ئەگەر ئۇ يەردە ساز بولمىسا، مۇنداق ئۇسۇل بىلەن سىناپ باقسىڭىزمۇ بولىدۇ. يەنى يىگىتىڭىز چىرايلىق، ياخشى كۆرۈنۈشلۈك بولسۇن. ئىككىنچى، ياخشى مىجەزلىك بولسۇن. ئۈچىنچى، كاتىپ بولسۇن، ھەر قانداق سىرى بولسا خەت يېزىپ سىزگە بىلدۈرەلەيدىغان بولسۇن. تۆتىنچى، سۆز ئۈزەلەيدىغان بولسۇن، چۈنكى ئارىلىقتا سۆز بولسا كىمە ئىزدەشكە ھاجەتى چۈشمىسۇن، بۇ ئارقىلىق مەشۇقىنى ساقلاتمىسۇن. بەشىنچى، باتۇر ۋە شېرىن سۆزلۈك بولسۇن، يىگىتىڭىز سىز بىلەن سۆزلەشكەندە ھەرگىزمۇ خاپا بولمىسۇن. ئالتىنچى، سېخىي بولسۇن، ئەگەردە مەشۇقى ئۈچۈن جان بېرىش توغرا كەلسە ھەرگىز كەينىگە يانمىسۇن. يەتتىنچى، ھەر قانداق سۆزدە دانا بولسۇن، ئەگەر مەشۇقى بىر ئېغىز سۆز قىلسا، ئۇ ئۇن ئېغىز سۆز قىلىدىغان بولسۇن. سەككىزىنچى، مەينى ئازراق ئىچسۇن، مەشۇقىنىڭ ئالدىدا كۆپ ئىچىۋېلىپ مەست بولۇپ قالمىسۇن. توققۇزىنچى، مۇزىكا ئىلمىنى ياخشى بىلىدىغان بولسۇن، مەشۇقى ئۇنىڭ بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرغاندا خۇشال - خۇراملىق ھېس قىلىدىغان بولسۇن. ئونىنچى، ئالىم بولسۇن، مەشۇقىغا خىلىمۇ خىل ھېكايىلەرنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى

تېز - تېز نەپەس ئالاتتى. ئىنچىكە ئاۋازلىرى بىلەن ئاستا - ئاستا سۆزلەيتتى. تۇتىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرگەن خوجەستە:

— ئەي تۇتى، سەن نېمە ئۈچۈن پەرىشان ئولتۇرىسەن؟ — دېدى.

— ئەي ئاغىچام، مەن قانداق قىلسام سىزنى يىگىتىڭىزنىڭ ۋىسالىغا يەتكۈزەرمەن دېگەننىلا ئويلايمەن. سىز ھەر كۈنى مېنىڭ ھېكايىلىرىمنى ئاڭلاپ ياخشى پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويۇۋاتىسىز. ئاقىۋەت مىسكىن ئاشىقىڭىزنى داغدا قويۇپ پۇشايمانغا قالىسىز، مەن سىزنى چاشقانلارنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ پۇشايمانغا قالغان مۈشۈككە ئوخشاش ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىغىيدى دەپ ئويلاۋاتىمەن، — دېدى تۇتى.

بۇنى ئاڭلىغان خوجەستە ھەيران بولۇپ تۇتىدىن:

— بۇ ئاجايىپ ئىشقۇ، مۈشۈكنىڭ ئىشى چاشقانلارنى ئۆلتۈرۈش تۇرسا، يەنە نېمە ئۈچۈن پۇشايمان قىلىدۇ؟ — دېدى.

تۇتى ھېكايىسىنى باشلىدى:

چىن ۋىلايىتىدە بۆك - باراقسانلىق بىر ئورمانلىق بار ئىكەن. ئۇ يەرنى بىر شىر ماكان تۇتۇپتۇ. ئۇ شىر ناھايىتى ھەيۋەتلىك بولغىنى ئۈچۈن ئورمانلىقتىكى ھەممە جانىۋارلار ئۇنىڭ پەرمانى بويىچە ئىش قىلىدىكەن. ئارىدىن بىر قانچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن شىر قېرىپ، دەرمانسىز بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن داۋاملىق يىغلايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

ئەلقىسسە، شىر قېرىپ ھالىدىن كېتىپتۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئورمانلىقتىكى جانىۋارلار ئالدىدا ئادەتتىكى بىر مۈشۈكچىلىكمۇ ھەيۋىسى قالماپتۇ. قېرىلىقنىڭ ھۆرمىتى بار بولسىمۇ لەززىتى يوق. ياشلىق گەرچە خارلىقتا ئۆتسىمۇ، ئەمما لەززەتلىكتۇر. بېيىت:

# ئون توققۇزىنچى داستان

## شىر بىلەن مۈشۈكنىڭ ھېكايىسى، مۈشۈكنىڭ چاشقانلارنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ پۇشايمان قىلغانلىقى



ئون توققۇزىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش گوياكى ئالتۇن رەڭلىك كېپىنەكتەك مەغرىب تېغىغا ئولتۇردى. ئاي بەئەينى شوخ بۆكەندەك سەكرەپ مەشرىق تېغىدىن چىقتى. خوجەستە ئايدەك ياسىنىپ تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەي دەردمەنلەرنىڭ شەپقەتچىسى، — دېدى خوجەستە تۇتىغا، — سۆيگۈ ئىشتىياق ئوتلىرىنىڭ شىددىتى چېكىگە يەتتى. بۇ ئازاب ئىچىدە بەدەنلىرىمنىڭ قۇۋۋىتى كەتتى. مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن بۇ ھىجران كېچىسىنىڭ سۇبھىسىدىن زادى بىرەر نىشانە بارمۇ - يوق؟ بۇ جۇدالىق زىندانىنىڭ قۇلۇپىنى ئاچقىلى زادى ئاچقۇچ تېپىلارمۇ؟

تۇتى خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئاغرىقلاردەك ئىڭراپ

نىپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئىمام شافىي① (تەگرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي) بىر پادىشاھنىڭ مەجلىسىدە ئولتۇرغانىكەن. چىۋىنلەر پادىشاھنىڭ يۈزىگە قونۇۋېلىپ بىئارام قىلىشقا باشلاپتۇ. بۇنىڭدىن بىزار بولغان پادىشاھ:

— بۈيۈك ۋە قۇدرەتلىك تەگرى، چىۋىننى يارىتىشتا نېمىنى كۆزدە تۇتقان بولغىيتتى؟ — دەپ سوراپتۇ.

ھەزرىتى ئىمام شافىي:

— پۈتكۈل ئىلىم - ھېكمەتنىڭ ئىگىسى بولغان تەگرى چىۋىننى يارىتىشتا شۇنى كۆزدە تۇتقانىكى، چىۋىندە تەكەببۇرلۇق يوق، ئۇ كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلىق تەرەپلىرىنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ ۋە بىچارىلىكىنى ئۆز كۆزىگە كۆرسىتىدۇ، تەگرى چىۋىن ئارقىلىق كۈچ - قۇدرەت ئىگىلىرىگە ئۆزىنىڭ ئۇلاردىنمۇ قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئەلقىسسە، جانىۋارلارنىڭ پادىشاھى بولغان شىر بىر كۈنى ئۆز دەردى - ئەھۋالىنى بۆرىگە ئېيتىپ ئۇنىڭ مەسلىھەت بېرىشىنى سوراپتۇ. بۆرە ناھايىتى پىششىپ يېتىلگەن مەككار ئىكەن. ئۇ:

— ئەي شاھىم، ھەرقانداق دەردكە دەرمان باردۇر. بۇ ئىشقا كۈچ ئىشلەتمەي پەم ئىشلىتىش كېرەك. مۈشۈك سىزنىڭ قول ئاستىڭىزدىكى جانىۋار، بىز ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئوردىدىن كوتۇۋاللىقنى بېرەيلى. ئاندىن ئۇنىڭغا

---

① ئىمام شافىي — شافىي مەزھىپىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە ئىمامى. ئۇ ھىجرىيە 150 — 204 (مىلادى 767 — 820) يىلىغىچە ياشىغان. ئۇ كىشى غەززە (پەلەستىننىڭ جەنۇبىدىكى بىر شەھەر) دە تۇغۇلۇپ، مەككىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن. مەدىنىدە ئىمام مالىك بىننى ئەنەستىن ئىلىم ئالغان. قاھىرەدە ۋاپات بولۇپ، قاھىرە يېنىدىكى مۇقەتتەم تېغىغا دەپنە قىلىنغان.

نەخشەبى، قېرىلىق كىچىك بالىدۇر،
قول - پۇتى ئاجىزلىقىدىن تىترەر.
قېرىدى، خار بولدى باتۇر شىر،
قىلدى جانىۋارلار ئۇنى مەسخىرىلەر.

شىر ناھايىتى قېرىپ كەتكەنلىكتىن، چىشلىرى كاۋاك بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ يېگەن گۆشلىرى چىشلىرىنىڭ ئارىسىدا توختاپ قالىدىغان بولۇپتۇ. بۇ ئورمانلىقتا چاشقانلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن. شىر ئۇخلاپ قالسىلا چاشقانلار كېلىپ، ئۇنىڭ چىشلىرىنىڭ كاۋىكىغا كىرىپ قالغان گۆشلەرنى چىقىرىپ يەيدىكەن. چاشقانلار شىرنى تولا ئاۋارە قىلغانلىقى ئۈچۈن شىر ئۇلارنىڭ دەستىدىن ئارامخۇدا ئۇخلىيالماپتۇ. بىر چاغلاردا ھەممە ھايۋانلارغا باش بولغان شىر ئەمدىلىكتە چاشقانلارغا بوزەك بولىدىغان بولۇپتۇ. بىلمەك كېرەككى ھەر قانداق ئۇلۇغ ۋە كۈچلۈك نەرسە ۋاقتى كەلگەندە خار ۋە ئاجىزلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ ھالسىزلىنىدۇ. تاغ شۇنچە چىڭ ۋە ھەيۋەتلىك بولسىمۇ چاشقانلار ئۇ يەرنى ئۆزىگە ماكان قىلىدۇ. شىر تۇغسا ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ ئۆلۈمىگە چۈمۈلە سەۋەبچى بولىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا پۈتۈن ئالەمنى شىر قاپلاپ كەتكەن بولاتتى. چۈنكى شىر تۇغقان ھامان چۈمۈلىلەر شىرنىڭ ئاسلانلىرىغا يامىشىۋېلىپ ئۇنى ھالاك قىلىدۇ. ئەمما شىر بۇنى ئاشكارا كۆرۈپ تۇرسىمۇ چۈمۈلىنى ھېچ نەرسە قىلالمايدۇ. بۇ سۆزدىن مەقسەت شۇكى، ھەر قانداق قۇدرەتلىك بىر خەلق ئۆزىنىڭ ئاجىزلىق تەرىپىنى بىلىشى ۋە ئۆزىنىڭ قۇۋۋىتىگە تولا ئىشىـ

شىر بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپتۇ. مۈشۈك بالىسىنى قاندۇرۇپ ئۆزى بالىلىرىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن يولىغا راۋان بولۇپتۇ.

ئانىسىنىڭ ئېلىمىدىن خەۋىرى يوق ئاسلان بىر كېچىدىلا چاشقانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ بولۇپتۇ. ئەتىسى مۈشۈك بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ پەرىشان ھالدا ئۆز - ئۆزىگە: «مەن ئىشنىڭ بۇنداق بولۇشىنى ئويلىمىغانىكەنمەن، ئەمدى شىرنىڭ بىزگە ھاجىتى قالمىدى. بىزگە بولغان ئىلتىپاتىمۇ يوققا چىقتى، بۇ سەۋەنلىك مەندىن ئۆتتى» دەپتۇ.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن شىر: «مۈشۈكنى بۇ يەرگە چاقىرتىپ كېلىپ كۈتۈۋالغىنى بىرىشتىكى مەقسەت چاشقانلارنى يوقىتىش ئىدى. ھازىر چاشقانلار يوقالدى. ئەمدى مۈشۈككە ئۆزرە ئېيتىپ يولىغا سېلىشىم كېرەك، مۈشۈك تىرنىقى ئۆتكۈر. كۆرگەنلا نەرسىنى تاتىلايدىغان جانىۋار. ئۇ ئاجىز جانىۋارلارنى يېدى، مەن ئۇ چاشقانلارنىڭ خۇنىنى ئۆزۈمگە ئارتىۋالماسلىقىم كېرەك» دەپ ئويلاپ مۈشۈكنى كۈتۈۋاللىقتىن ئېلىپ تاشلاپتۇ.

مۈشۈك بالىسىغا:

— بۇ ئوتنى سەن تۇتاشتۇردۇڭ، ئەگەر چاشقانلارنى ئۆلتۈرمىگەن بولساڭ، بۇ ئىش يۈز بەرمىگەن بولاتتى. شىر قەدىمدىن بېرى بىزگە دۈشمەن ئىدى. بىر ئايدىن بېرى ئۇنىڭ بىزگە ئېھتىياجى چۈشكەچ بىزنى ئۆز ئوردىسىغا ئورۇنلاشتۇردى، شىر بۇ ئىشقا چاشقانلارنىڭ توپىلىدىن مەجبۇر بولغانىدى. مانا ئەمدى چاشقانلارنى پۈتۈنلەي يوقىتىۋىدىڭ، پۈتۈن مەرھەمەت ۋە ئىلتىپاتتىن قۇرۇق قالدۇق. ئىززەت - ئابرويىمىزدىن ۋە مەنسەپ - مەرتىۋىمىزدىن ئايرىلدۇق. يەنە تېخى جېنىمىزغا ئاپەت يېتىش ئېھتىمالىمۇ بار. ئۇلۇغ تەڭرى پۈتۈن مەۋجۇداتنى قەدىمدىن بىر - بىرىگە دۈشمەن قىلىپ

چاشقانلارنى بىر تەرەپ قىلىشنى تاپشۇرۇپ بەرسەڭ بۇ غەمدىن خالاس بولىسىز، — دەپتۇ.

بۇ سۆز شىرغا ماقۇل كېلىپتۇ. شىر مۈشۈكنى چاقىرتىپ كېلىپ، چاشقانلارنىڭ ئۆزىنى تولىمۇ بىئارام قىلغانلىقىنى بايان قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان مۈشۈك:

— ئەي شاھىم، چاشقانلارنىڭ ئاتا - بوۋىسىنى مېنىڭ ئاتا - بوۋام تولا ھالاك قىلغاندۇر. ئەگەر سىز ماڭا كوتۇۋاللىقنى بەرسىڭىز، مەن بۇ ئىشنى تامامىغا يەتكۈزگەن بولاتتىم، — دەپتۇ.

شىر كوتۇۋاللىقنى مۈشۈككە بېرىپتۇ. مۈشۈك چاشقانلارنى تۇتۇش بىلەن مەشغۇل بولۇپتۇ. مۈشۈكنى كۆرگەن چاشقانلار ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي پاراكەندە بولۇشۇپتۇ. شىر مۈشۈكنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا كۆپ ئىلتىپاتلارنى قىلىپ ئىززەتلەپتۇ. مۈشۈك گەرچە چاشقانلارنى قورقۇتۇپ پاراكەندە قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى ئۆلتۈرمەيدىكەن. مۈشۈك دائىم: «ئەگەر مەن چاشقانلارنى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىۋەتسەم، مېنىڭ شىرغا لازىمىم بولمايدۇ، شىرمۇ مېنى ئىززەتلىمەيدۇ، شۇڭا ھەركىم ئۆزىنىڭ غېمىنى ئۆزى قىلىشى كېرەك» دەپ ئويلايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۈشۈك بىر ئاسلاننى شىرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ:

— ئەي شاھىم، بۇ پەرزەنتىم چېچەن ۋە ياخشى مىجەزلىك چوڭ بولدى. ھەرقانداق ئىشقا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. ئۇ پادىشاھلار مەجلىسلىرىنىڭ ئەدەب - قائىدىلىرىنى ياخشى بىلىدۇ. ئەگەر سىزدىن پەرمان بولسا، بۈگۈن مېنىڭ ئورنۇمدا كوتۇۋاللىق قىلسا، مەن بالىلىرىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ كەلگەن بولسام، — دەپتۇ.

# يىگىرمىنچى داستان

## پارس پادىشاھى قىزىنىڭ بىر سازەندىگە ئاشىق بولغانلىقى ۋە بۆرىنىڭ يول كۆرسىتىشى ئارقىلىق قايتىپ كەلگەنلىكى



يىگىرمىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش گويا ئالتۇن تونلۇق شاھزادىدەك مەغرىب تەسىرىگە كىرىپ كەتتى. ئاي گوياكى شاھ خەزىنىسىدە يېتىپ تۇرغان مەشئەلدەك نۇرلانغان ھالدا مەشرىق ئۆيىدە نامايان بولدى. خوجەستە تۇتىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي پاك ھەمراھىم، ۋاپادار دوستۇم، ئىشىق لەشكىرى كۆڭلۈم مەملىكىتىنى ۋەيران قىلدى. ئىشتىياق قوشۇنى ئەقىل - ھوشۇمنى ئەسىر قىلدى. بۇ دىشۋارچىلىقتا دوستلۇقۇڭنى يەتكۈزمىسەڭ قاچان كارغا كېلىسەن؟ — دېدى. بېيىت:

نەخشەبى، ياخشى يار تېپىلغايمۇ،
غەم كۈنى كەلگىنىدە مەلۇم بولۇر.

ياردەمچى بولۇپ، ئۇلۇغلارنىڭ كىچىكلەرگە ئىلتىپاتى ۋە كىچىكلەرنىڭ ئۇلۇغلارغا خىزمىتى مۇشۇ ئېھتىياج تۈپەيلىدىن پەيدا بولۇپتۇ، — دەپ بالىسىنىڭ چاشقانلارنى يەپ قويغانلىقىغا تەنقىد ۋە تەربىيە بېرىپتۇ.

ئاسلان ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆز ئىشىغا ناھايىتى ئۆكۈنۈپتۇ ۋە كۆپتىن كۆپ پۇشايمان قىلىپتۇ. بېيىت:

نەخشەبى، بۇ پەلەك ئىشى شۇنداق،
گاھى قەنت، گاھى ئوغا تەقدىم قىلۇر.
ئاخشىمى ئىچسە بىر كىشى شەربەت،
ئەتىسى ئۇ كىشى زەھەرمۇ ئىچۇر.

تۇتىنىڭ ھېكايىسى بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:

— ئەي ئاغىچام، ئەمدى سىز ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ يىگىتىڭىزنىڭ يېنىغا بېرىڭ، سىز ئىشتىنىڭ ئوتىغا سەل قاراپ، سۆيگىنىڭىزنىڭ يېنىغا بېرىشقا سۇسلۇق قىلىۋاتىسىز. ئەگەر ئېرىڭىز قايتىپ كەلسە، سىزمۇ ھېلىقى مۇشۇككە ئوخشاش پۇشايماندا قالىسىز، — دېدى.

خوجەستە يىگىتىنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. بۇ سۆزنى كۆرمەي ئۆتۈك سالغاندەك ئىش بولدى. چۈنكى بۇ چاغدا ئاتلىقاچان تاڭ ئېتىپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ بارىدىغان ئىشى يەنە كەچقۇرۇنغا قالدى. بېيىت:

نەخشەبى، ئويلىغان بېرىپ بۇ كېچە،
مەشۇقى زوقى بىلەن چالغاي ساز.
سۈبھى توستى ئۇنىڭ يولىنى يەنە،
ئاشىقلار دۈشمىنىدۇر سۈبھى، خوراز.

يىگىتنى كۆرۈپتۇ. ئايال يىگىتكە،
— ئەي يىگىت، سەن مېنىڭ لايىقىم بولمىساڭمۇ مېنىڭ ساڭا ھاجىتىم چۈشتى. مەن بىر نادان ئەرگە تېگىپ قالدىم، سەن مېنى ئۇ نادانىدىن قۇتۇلدۇرغايسەن ۋە ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىلغايسەن. چۈنكى دانالار: «نادان ئەر بىلەن بىللە بولغاندىن، ئىت ۋە مايمۇن بىلەن بىللە بولغان ياخشى» دېگەن، — دەپتۇ. بېيىت:

نەخشەبى، ئەقىلسىزلىق، نادانلىق،
كاتتا ئاپەتتۇر بارچە ئادەمگە.
بارچە دەردلەردىن ئېغىردۇر بۇ دەرد،
بولمىغاي مۇندىن ئارتۇق ئادەمگە.

يىگىت ئۇ ئايالنىڭ سۆزىگە ماقۇل بولۇپتۇ. ئۇ ئىككىسى يېرىم كېچىدە يولغا چىقماقچى بولۇپ كېلىشىپتۇ. ئايال ئۆيگە قايتىپ كىرىپ قىممەت باھالىق كىيىملىرىنى ۋە ئالتۇن، جاۋاھىرلىرىنى بىر خالتىغا سېلىپ تەييار بولۇپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا ئايال ئۆيدىن چىقىپ، دېيىشكەن يەرگە كېلىپ يىگىت بىلەن ئۇچرىشىپتۇ. ئۇلار باشقا بىر شەھەرگە بارماقچى بولۇپ يولغا راۋان بولۇپتۇ. ئۇلار بىر مەزگىل ماڭغاندىن كېيىن ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا بويىغا كېلىپتۇ. يىگىت:
— مەن سۇ ئۈزۈشكە ناھايىتى ئۇستا، ئەگەر خالىسىڭىز باشتا مال ـ دۇنيانى دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئېلىپ ئۆتۈپ، ئاندىن سىزنى ئۆتكۈزسەم، — دەپتۇ.
ئايال ماقۇل بولۇپ خالتىدىكى ھەممە تونلارنى، ئالتۇن ـ جاۋاھىرلارنى يىگىتكە بېرىپتۇ. يىگىت ئۇ نەرسىلەرنى سۇدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ «مەن بولسام ناھايىتى سەت ۋە يوقسۇل كىشى،

ئەيش - ئىشرەت قىلۇردا ھەر كىشى دوست،
كەلسە مېھنەت بېشىڭغا كەم تېپىلۇر.

— ئەي ئاغىچام، ئىشق - مۇھەببەتنىڭ ئوتى جېنىڭىزغا يېتىپتۇ. بۇ غەم ئىكەنلىرى سىزنىڭ پۈتىڭىزغا سانجىلىپتۇ. مەن سىزنىڭ غېمىڭىزنى تولا قىلىمەن. سىز بۈگۈن يىگىتىڭىزنىڭ يېنىغا بېرىڭ. ئەگەردە بۇ سىر ئاشكارا بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا مەنمۇ خۇددى پادىشاھنىڭ قىزىغا يول كۆرسىتىپ، ئۇنى ئۆيىگە قايتۇرغان بۆرىگە ئوخشاش ئىشلىرىڭىزنى ئېپىگە كەلتۈرگەيمەن، — دېدى تۇتى.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

تۇتى ھېكايىسىنى مۇنداق باشلىدى:

رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىپتۇكى، پارس پادىشاھىنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ، ناھايىتى نادان ۋە يامان مىجەزلىك ئىكەن. ئۇنىڭ نادانلىقى شۇ دەرىجىدە ئىكەنكى، ھەسەلنىڭ تاتلىق ياكى ئاچچىق ئىكەنلىكىنى، تۆمۈرچى سەندىلىنىڭ ئاۋازى بىلەن سازنىڭ ئاۋازىنىڭ پەرقىنىمۇ ئۇقمايدىكەن. پادىشاھ ئوغلى بالاغەتكە يەتكەندە ھۆر - پەرىلەردەك چىرايلىق بىر قىزنى نىكاھىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۇ قىز چىرايلىقلىقتا تەڭدىشى يوق ئىكەن. ساز ئىلمى ۋە مۇقاملارنى ناھايىتى ياخشى بىلىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ قىز ھۇجرىسىدا ئولتۇرغانىكەن، ناھايىتى يېقىملىق بىر سازنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ. قىز ئۇ سازنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەنلا، خۇددى ئەپيۇن چېكىۋالغان كىشىدەك بىھوش بولۇپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاشىق - شەيدا بولۇپتۇ. قىز «بۇ سازنى چالغۇچى بىلەن چوقۇم كۆرۈشۈشۈم كېرەك» دەپ ئويلاپ، سىرتقا چىقىپ قارىسا ناھايىتى سەت ۋە خۇنۇك بىر

ئايال ئۆز ئەھۋالىنى بۆرىگە بايان قىلىپتۇ، بۇنى ئاڭلىغان بۆرە ئايالدىن:

— ئەي مەزلۇم، سېنىڭ ماڭا بۇنداق سۆزلەرنى قىلىشتىكى مەقسىتىڭ نېمە؟ سىلەر ئادەملەر نېمە ئۈچۈن ياخشى يول تۇرسا يامان يولغا ماڭىسىلەر؟ سەن مېنى ئەيىبلىدىڭ، مېنىڭ بۇ ئىشىممۇ خۇددى سېنىڭ قىلغان ئەخمىقانە ئىشىڭغا ئوخشاش ئەمەسمۇ؟! — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ئايال:

— ئەي بۆرە، مەن ئەسلى ئەقىللىك ئىدىم، لېكىن بۇ ئىشتا يېڭىلدىم، سەن ماڭا بىر يول كۆرسەتكىن. سەن كۆرسەتكەن يول ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ماڭا بولغان غەزىپىدىن ۋە دوست - بۇرادەرلەرنىڭ تىل - ئاھانىتىدىن قۇتۇلغايمەن، — دەپتۇ.

— بۇنىڭ ئامالى ناھايىتى ئاسان، سەن ئۆزۈڭنى دىۋانە قىياپىتىدە كۆرسىتىپ كىيىملىرىڭنى يىرتىپ، باش - ئايىغىڭنى يالىڭاچ قىلىپ تەلۋىلەرگە ئوخشاش ئۆيۈڭگە بارغىن. سېنى بۇ ھالدا كۆرگەنلەر «بۇ مەزلۇم مىسكىن دىۋانە بولۇپتۇ» دېگەن ئويغا كەلسۇن. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزۈڭنى ئاستا - ئەسلىگە قايتقان قىلىپ كۆرسەتكىن، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

ئايال بۆرىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىپ خەلقى ئالەمنىڭ ئۆزىنى ئەيىبلىشىدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ.

تۇتى ھېكايىسىنى سۆزلەپ بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:

— ئەي ئىشق ئوتىدا مەست بولغان ئاغىچام، يىگىتىڭىزنى يولىڭىزغا ئىنتىزار قىلماڭ. ئۇنىڭ قېشىغا تېزرەك بېرىڭ. ئەگەر بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچرىسىڭىز مەنمۇ

بۇ ئايال پادىشاھنىڭ كېلىنى ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھا-يىتى چىرايلىق ئىكەن. مەندەك بىر سەت كىشى قانداقمۇ ئۇنىڭ جۈپتى بولالايدۇ؟ يەنە كېلىپ بۇ ئايال بىر كىشىنىڭ ئەمرىدىكى ئايال تۇرسا، ماڭا قانداقمۇ ھالال خوتۇن بولسۇن؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ، مال - دۇنيانى ئېلىپ ئۆز يولىغا راۋان بولۇپتۇ.

ئۇ ئايال ئېرىگە خىيانەت قىلغانىدى، ئۆزىگە قايتتى.

بىلمەك كېرەككى ھەركىم ئۆز نېسىۋىسىنى ئۆزى ئالىدۇ.

ئايال تاڭ ئاتقىچە يىگىتنى ساقلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىۋاپا يىگىت كەلمەپتۇ. ئايال بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ ئەتراپقا قارىسا بىر ئىبلىس بۆرە بىر سۆڭەكنى چىشلىگەن ھالدا دەريا بويىغا كېلىپتۇ. بۆرە دەريادا بىر بېلىقنىڭ پىلتىڭلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنى يېمەكچى بولۇپ، ئاغ-زىدىكى سۆڭەكنى تاشلاپ، ئۆزىنى دەرياغا ئېتىپتۇ. بېلىق بۆرىنى كۆرۈپ سۇنىڭ تېگىگە شۇڭغۇپ كېتىپتۇ. بېلىقتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن بۆرە دەريادىن چىقىپ ئۇستىخاننى ئىزدىگەن بولسىمۇ تاپالماپتۇ. ئەسلىدە بۆرە بېلىقنى تۇتۇش ئۈچۈن دەرياغا سەكرىگەندە بىر ئىت كېلىپ ئۇستىخاننى ئېلىپ كەتكەنىكەن. بۆرە سۆڭەكتىنمۇ قۇرۇق قېلىپ قايتماقچى بولۇپتۇ. ئايال بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە:

— ھەي بۆرە، سەن نېمىدېگەن نادان، سەن قولۇڭدا تۇرغان سۆڭەكنى تاشلاپ نېسىۋىنىڭ كەينىدىن يۈگۈردۈڭ. نېسىۋىدىن ساڭا ھېچقانداق پايدا چىقمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىدىن قۇرۇق قالدىڭ، — دەپتۇ.

— ئەي مەزلۇم، سەن نېمە قىلىدىغان ئادەم؟ بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ بۆرە.

# يىگىرمە بىرىنچى داستان

### زابۇل شاھزادىسىنىڭ بەختىنى سىنىۋالغانلىقى، ئۇنىڭ يەنە پاقىنى بىر يىلاننىڭ ئاغزىدىن قۇتقۇلدۇرغانلىقى



يىگىرمە بىرىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش گويا ئالتۇن تاجلىق پادىشاھتەك مەغرىب ئارامگاھىدىن ئورۇن ئالدى. ئاي خۇددى سىماب رەڭ كۆلا كىيگەن سۇلتاندەك مەشرىق تەختىگە چىقتى. خوجەستە ئىجازەت ئېلىش ئۈچۈن تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ئەي دەۋرىمىزنىڭ سوقراتى ①، زامانىمىزنىڭ بوقراتى ②، — دېدى خوجەستە، — ھۆكۈمالار «ئىشق شامال بولسا، ئەقىل چىراغقا ئوخشايدۇ» دېيىشكەن. شامال بار يەردە چىراغ ھەرگىزمۇ يورۇق تۇرماس. مەن ئىشق شامىلىنىڭ

---

① ② — قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ ئىسىملىرى.

ھېلىقى بۆرىگە ئوخشاش ئۇ كېلىشمەسلىكتىن سىېزنى ئىساقلاپ قالىمەن، — دېدى.

خوجەستە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يىگىتنى ئىسزدەپ بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى. ئۇنىڭ بېرىشى يەنە كەچقۇرۇنغا قالدى. بېيىت:

نەخشەبى، ئويلىغان بېرىپ بۇ كېچە،
ئۇچرىشىش بەزمىسىدە چالغاي ساز.
سۇبھى بۇزدى ئۇنىڭ ئىشىنى يەنە،
ئاشىقلار دۈشمىنىدۇر سۇبھى، خوراز.



— بىرئاز يول يۈرسىڭىز بەخت ئۆزى ئالدىڭىزغا كېلىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

شاھزادە بىر مەزگىل يول يۈرگەندىن كېيىن بىر خۇش ئاۋازلىق ئايالنى يولۇقتۇرۇپتۇ، ئايال شاھزادىگە:

— مەن بىر خىزمەتكارمەن، مېنىڭ ئىسمىم ياخشى بەخت. مەن دائىم ئۇلۇغلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىمەن، ئەگەر خالىسىڭىز مېنى بۇ سەپىرىڭىزدە ھەمراھ قىلىسىڭىز، — دەپتۇ.

شاھزادە بۇ ئايالنىڭ ھېلىقى دەرۋىش دېگەن بەخت ئىكەنلىكىنى بىلىپ ماقۇل بولۇپتۇ.

شاھزادە بىلەن ئۇ ئايال يەنە بىر مەزگىل يول يۈرگەندىن كېيىن سۇ بويىدا بىر يىلاننىڭ بىر پاقىنى تۇتۇۋالغانلىقىنى، پاقىنىڭ بولسا پەرياد قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. شاھزادە ھېلىقى ئايالغا:

— بۇ بىچارە پاقا بىزدىن ئۆزىنى زالىمنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى تىلەۋاتىدۇ، — دەپتۇ - دە، يىلانغا قاتتىق ئاۋازدا ۋارقىراپتۇ. يىلان پاقىنى قويۇۋېتىپتۇ. پاقا يىلاننىڭ ئاغزىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن سۇغا سەكرەپ كىرىپ كېتىپتۇ. يىلان بولسا جايىدا تۇرۇپ قاپتۇ. شاھزادە: «مەن بىر بىچارىنى زالىمنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇردۇم، لېكىن يەنە بىرىنىڭ رىزقىنى بەرمەي يامان قىلدىم» دەپ ئويلاپ، ئۆزنىڭ بەدىنىدىن بىر پارچە گۆشنى كېسىۋېلىپ، يىلاننىڭ ئالدىغا تاشلاپتۇ. يىلان ئۇ گۆشنى ئاغزىدا چىشلىگىنىچە چىشى يىلانغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ. چىشى يىلان ئۇ گۆشنى يېگەندىن كېيىن ئەركەك يىلانغا:

— سەن ئەزەلدىن بۇنداق تاتلىق گۆشنى ئېلىپ كەلمىگەنىدىڭ، بۈگۈن بۇ گۆشنى نەدىن ئېلىپ كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەقلىم چىرىغىنى قانداق ئۆچۈرگەنلىكىنى بىلمەيمەن. مەن يەنە قاچانغىچە ئۇ ئوتتا كۆيىمەن؟ — دېدى.

— ئەي ئاغىچام، — دېدى توتى، — بۇ ئوتتىن قۇتۇلۇپ مۇرادىڭىزغا يېتىدىغان كۈنلەر يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرماقتا. سىز يىگىتكە شۇ دەرىجىدە كەمەر باغلاپسىزكى، بۇ خۇددى خالىس، مۇخلىس ۋە بەخت قاتارلىقلارنىڭ كىچىك شاھزادە خىزمىتىگە بەل باغلىغىنىغا ئوخشايدۇ.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

زابۇل شەھىرىدە بىر پادىشاھ بار ئىكەن، — دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى توتى، — پادىشاھ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن پادىشاھلىق چوڭ ئوغلىغا قاپتۇ. چوڭ ئوغۇل تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇكىسى بىلەن كارى بولماپتۇ. ئۇكىسى ئاكىسىنى تاشلاپ شەھەردىن چىقىپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى ئىنىسى بىر باياۋانغا كېلىپ چۈشۈپتۇ. ئۇ بۇ باياۋاندا بىر دەرۋىشنى ئۇچرىتىپتۇ. ئۇ دەرۋىش ساز بولمىسىمۇ ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىۋاتقانىكەن. بۇنى كۆرگەن كىچىك شاھزادە:

— ئەي دەرۋىش، بۇ شىر ۋە يولۋاسلارنىڭ ماكانىدا نېمە ئۈچۈن ئۇسسۇل ئويناپ يۈرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن ناھايىتى قىممەتلىك بەختنى كۆردۈم، شۇنىڭ خۇشاللىقىدا ئۇسسۇل ئويناۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دەرۋىش.

بۇنى ئاڭلىغان شاھزادە كۆزىگە گۆھەر قويۇلغان ئۈزۈكنى قولىدىن چىقىرىپ دەرۋىشنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— ئەي دەرۋىش، بۇ ئۈزۈكنىڭ باھاسىغا ئۇ بەختنى ماڭا سېتىپ بەرگىن، — دەپتۇ.

دەرۋىش ماقۇل بولۇپتۇ، ئۇ دەرۋىش شاھزادىگە

پەرىشتىلەر تاكى قىيامەتكىچە بېشىنى يۇقىرى قىلالماس، — دەپتۇ ئەركەك يىلان. بېيىت:

نەخشەبى، ياخشىلىق يامانلىقتىن،
ياخشى بولساڭ ئەگەر بىلىپ سۆزلە.
يۈز تۈمەن مۇشكۈل كەلسىمۇ باشقا،
سۆزنى سەن ياخشى ئويلىنىپ سۆزلە.

بۇنى ئاڭلىغان چىشى يىلان:
— ئەمدى ساڭا كېرەكلىكى شۇكى، سەن شاھزادىگە ياخشى بىر خىزمەت قىلغىن، — دەپتۇ.
ئەركەك يىلان بۇ سۆزنى ماقۇل كۆرۈپ بىر يىگىتنىڭ قىياپىتىگە كىرىپتۇ ـ دە، شاھزادىنىڭ ئالدىدا ھازىر بولۇپتۇ:
— ئەي شاھزادە، مېنىڭ ئىسمىم خالىستۇر. مەن سىزگە بىر مەزگىل خىزمەت قىلىشنى چىن كۆڭلۈمدىن خالايمەن، — دەپتۇ.
شاھزادە بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپتۇ.
ھېلىقى پاقا يىلاننىڭ ئاغزىدىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن باش ـ كۆزلىرى قانغا بويالغان ھالدا چىشى پاقىنىڭ ئالدىغا كېلىپ شاھزادىنىڭ ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىقىنى ئۇنىڭغا بايان قىلىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان چىشى پاقا ئۇنىڭغا شاھزادىگە خىزمەت قىلىش ئارقىلىق قىلغان ياخشىلىقىنى قايتۇرۇش لازىملىقىنى ئېيتىپتۇ. پاقا بۇ سۆزنى ماقۇل كۆرۈپ ئادەم قىياپىتىگە كىرىپ شاھزادىنىڭ ئالدىغا كېلىپتۇ ۋە:
— ئەي شاھزادە، مېنىڭ ئىسمىم مۇخلىستۇر. مەن بىر مەزگىل سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە بولۇشنى خالايمەن، — دەپتۇ.
شاھزادە بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپتۇ.

ئەركەك يىلان شاھزادىنىڭ سېخىيلىقىنى چىشى يىلانغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. چىشى يىلان بۇنىڭغا ھەيران قېلىپ:

— ئادەملەر دائىم باشقىلارنىڭ دىلىنى ئاغرىتاتتى، بۇ شاھزادە نېمىدېگەن ئاق كۆڭۈل، نېمىدېگەن ۋاپادار ھە؟! — دەپتۇ.

— جاھان ياخشى - ياماندىن خالى ئەمەس. بېيىت:

نەخشەبى، خەلق ئەمەستۇر بىر خىلدا،
بولمىغاي ئىككىدىن جاھان خالىي.
ياخشىلىقتىن نىجات تاپار ئادەم،
ياخشىلار ئورنى بولغۇسى ئالىي.

ھەق سۇبھانەۋەتائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتقاندا پەرىشتىلەر «ئادەملەر قان تۆككۈچى بولىدۇ» دەپ ئۇنىڭغا تىل ئۇزاتقانىكەن. شۇ چاغدا تەڭرىدىن: «ئەي پەرىشتىلەر، سىلەر شۇ نەرسىنى ئېتىراپ قىلىشىڭلار كېرەككى، ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى ئۆزى قولى بىلەن قان تۆكىدۇ. سىلەر ئۇنداقلارغا قارىماڭلار، يەنە بەزىلىرى ئىشق - مۇھەببەتتىن كۆزلىرىدىن قان ئاققۇزىدۇ» دەپ خىتاب كەپتۇ.

شۇ كۈنى كېچىسى ھەزرىتى رەسۇل ئەلەيھىسسالام مىراجغا چىقىپتۇ. بىرمۇنچە پەرىشتىلەر ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «يا رەسۇلىللا، بىزگە بىر نەسىھەت قىلسىڭىز» دېيىشىپتۇ. ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «سىلەرگە نەسىھەت شۇكى، ئىككىنچى قېتىم بىئەدەبلىك قىلماڭلار» دەپتۇ. پەرىشتىلەر خىجىل بولغانلىقىدىن باشلىرىنى تۆۋەن سېلىشىپتۇ. شۇ سەۋەبتىن

ئۆزىنى تاشلاپتۇ. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ دەرىيادىن ئۈزۈكنى ئېلىپ چىقىپ شاھزادىگە بېرىپتۇ.

ئەتىسى شاھزادە ئۈزۈكنى ئېلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. پادىشاھ شاھزادىنىڭ بۇ كارامىتىدىن خۇشال بولۇپ ئۇنى ئىززەت - ھۆرمەتلەپ، مەرتىۋىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى قىپتۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن پادىشاھنىڭ قىزىنى چايان چېقىۋاپتۇ. تېۋىپلار ھەر خىل ئاماللارنى قىلغان بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ ھېچ ئىلاجى بولماپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ شاھزادىنى چاقىرتىپ:

— بۇنىڭ ئامالىنى سەن قىلمىساڭ باشقىسى قىلالماس، — دەپتۇ.

شاھزادە يەنە ئويغا پېتىپ: «بۇ ئىشنى پادىشاھ ماڭا تاپشۇردى. ئەمدى ئۇنىڭ ئامالىنى قىلماقتىن باشقا چارە يوق» دەپ ھەمراھلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان خالىس:

— ئەي شاھزادە، بۇ ئىشنى مەن بەجا كەلتۈرگەيمەن. سىز مېنى پادىشاھنىڭ قىزىنىڭ يېنىغا بىللە ئېلىپ كىرىڭ. بىز مەلىكىنىڭ يېنىغا كىرگەندىن كېيىن ئۆينى خالى قىلىڭ، — دەپتۇ.

شاھزادە خالىسنىڭ دېگىنىنى بويىچە ئىش كۆرۈپتۇ. خالىس ئۆي خالى قالغاندىن كېيىن ئاغزىنى قىزنىڭ ئاغزىغا قويۇپ شوراشقا باشلاپتۇ. شۇ ئۇسۇل بىلەن زەھەرنىڭ ھەممىسىنى شوراپ چىقىرىپتۇ. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي مەلىكە ساقىيىپتۇ.

نەچچە كۈندىن كېيىن بەخت پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ شاھزادىنىڭ ئەسلى ۋە نەسەبىنى مەلۇم قىپتۇ. پادىشاھ

تۆتەيلەن بىرلىكتە يولغا چىقىپ بىر مەزگىل ماڭغاندىن كېيىن بىر شەھەرگە يېتىپ كېلىپتۇ.

بۇ شەھەردە ناھايىتى كاتتا بىر پادىشاھ بار ئىكەن. شاھزادە ئۇ پادىشاھقا خىزمەت قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

— ئەي شاھىم، — دەپتۇ شاھزادە، — مەن ناھايىتى باتۇر ئادەم. ئۆزۈم يالغۇز نۇرغۇن لەشكەرلەر بىلەن جەڭ قىلىپ ئۇلارنى يېڭەلەيمەن. ئەگەر ماڭا كۈنىگە مىڭ دىنار ئالتۇن بەرسىڭىز، سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قىلغان بولسام.

پادىشاھ شاھزادىنىڭ دېگىنى بويىچە ئۇنىڭغا كۈندە مىڭ دىنار ئالتۇن بېرىپتۇ. شاھزادە بۇ مىڭ دىنارنىڭ يۈز دىنارىنى ئۆزى، ئۈچ يۈز دىنارىنى ئۈچ ھەمراھىغا بېرىپ، قالغان قىسمىنى سەدىقە بېرىدىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھ كېمىگە ئولتۇرۇپ دەريا سەيلىسى قىلىپتۇ. پادىشاھنىڭ كۆڭلى بېلىق تۇتۇشقا مايىل بولۇپتۇ. پادىشاھ بېلىق تۇتۇشقا باشلاپتۇ. بىر چاغدا پادىشاھنىڭ ئۈزۈكى دەرياغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. غەۋۋاسلار دەرياغا چۈشۈپ ئۈزۈكنى ئىزدىگەن بولسىمۇ تاپالماپتۇ. پادىشاھ شاھزادىنى ئالدىغا چاقىرتىپ:

— سەن چوڭ خىزمەت كۆرسىتىش كويىدا يۈرەتتىڭ. ئەمدى دەرياغا چۈشۈپ كەتكەن ئۈزۈكنى ئېپىپ، ئەتە مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كەلگىن، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان شاھزادە ئۈچ بۇرادىرىگە مەسلىھەت سېلىش ئۈچۈن ئۆيىگە كېلىپ، بولغان ۋەقەنى ئۇلارغا بايان قىلىپتۇ. مۇخلىس ئەھۋالنى ئاڭلاپ:

— ئەي شاھزادە، خاتىرجەم بولۇڭ. بۇ ئىشنى ئۆزۈم بەجا كەلتۈرەي، — دەپتۇ — دە، دەريا بويىغا بېرىپ سۇغا

يىلاننىڭ سۆزى تۈگىمشى بىلەنلا ئۇ ئۇچەيلەن كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ.

تۈتىننىڭ ھېكايىسى بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:

— ئەي ئاغىچام، ئەمدى كۆڭلىڭىزنى خاتىرجەم قىلىپ سۆيگىنىڭىزنىڭ قېشىغا بېرىڭ ۋە ئۇنى ۋىسالىغا يەتكۈزۈڭ، — دېدى.

خوجەستە بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يىگىتىنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا تاڭ سۈزۈلۈپ، قۇياش نامايان بولغانىدى. شۇڭا خوجەستىنىڭ بېرىشى يەنە كەچقۇرۇنغا قالدى. بېيىت:

نەخشەبى، ئۆيلىگان بېرىپ بۇ كېچە،
شادىمانلىق بېغىدا چالغاي ساز.
سۇبھى يوق قىلدى بارچە ئۆيلىرىنى،
ئاشىقلار دۈشمىنىدۇر سۇبھى، خوراز.

شاھزادىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن توققۇز كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ قىزىنى شاھزادىگە بېرىپتۇ.

بىر كۈنى شاھزادىنىڭ ھېلىقى ئۈچ ھەمراھى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي شاھزادە، ئەگەر رۇخسەت قىلسىڭىز بىز ئۆز ئۆيلىرىمىزگە يانساق، — دەپ قايتىشقا رۇخسەت سوراپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان شاھزادە ئۇلارغا:

— سىلەر مەن بىلەن جاپا - مۇشەققەتلىك كۈنلەردە بىرگە بولدۇڭلار. ئەمدى راھەت - پاراغەتكە ئېرىشكەندە نېمە ئۈچۈن مەندىن ئايرىلماقچى بولىسىلەر؟ — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان بەخت:

— مېنى سىز بىر دەرۋىشتىن سېتىۋالغانىدىڭىز. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە بولدۇم. ئەمدى مۇراد - مەقسىتىڭىزگە يەتتىڭىز، سىزنىڭ ئەمدى ماڭا ھاجىتىڭىز قالمىدى، — دەپتۇ.

— مەن ھېلىقى پاقا بولىمەن، — دەپتۇ مۇخلىس. — سىز مېنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرغانىدىڭىز. مەن سىزنىڭ شۇ ياخشىلىقىڭىزنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ئادەم سىياقىغا كىرىپ، سىزگە ئاز - تولا خىزمەت قىلدىم. ئەمدى مېنىڭ قايتىشىمغا رۇخسەت قىلغايسىز.

— مەن پاقىنى تۇتۇۋالغان يىلان بولىمەن، — دەپتۇ خالىس. — سىز ماڭا ئۆزىڭىزنىڭ بەدىنىڭىزدىكى گۆشنى كېسىپ بەرگەنىدىڭىز. مەن سىزنىڭ شۇ ياخشىلىقىڭىزنى ياندۇرۇش ئۈچۈن يىگىت سىياقىغا كىرىپ سىزگە خىزمەت قىلدىم. بىز ئۈچەيلەن چامىمىزنىڭ يېتىشىچە سىزگە خىزمەت قىلدۇق. ئەمدى بىزنىڭ قايتىدىغان ۋاقتىمىز بولدى، بىزگە رۇخسەت قىلىڭ.

نەخشەبى، ھەر كىشىگە خىزمەت قىل،
ئاق كۆڭۈل بولغاي مەردۇ ـ مەردانە.
كەلمىگەي خۇش پۇراق دىلى خەستىن،
ئەرگە ئەر بولغاي ئوت ۋە پەرۋانە.

— ئەي ئاغىچام، ئەپلاتون① ھۆكۈمالارنىڭ سەرۋەرى ئىدى. ئۇ بىر كۈنى بىر زاھىدنى ئۇچرىتىپتۇ. ئۇ زاھىد: «ئىبارا خۇدايا، مېنى دوستلىرىمدىن ساقلىغايسەن» دەپ مۇناجات قىلىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئەپلاتون: «ئەي زاھىد، پەرھىزدە دۈشمەندىن ئېھتىيات قىلىش بار ئىش، لېكىن سەن نېمە ئۈچۈن دوستلاردىن ئېھتىيات قىلىسەن؟» دەپ سورىغانىكەن، زاھىد: «ئەي ئەپلاتون، دۈشمەنلەردىن پاناھلىنىش ئاسان. لېكىن دوستلاردىن ساقلىنىش تەس» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن. سىز يىگىتىڭىزنىڭ قېشىغا بارسىڭىز ئەلۋەتتە زاھىدلىق ۋە پاكلىق دەۋاسىنى قىلمىغايسىز. بولمىسا سىزمۇ كامجۇينىڭ يالغاندىن خىجىل بولۇپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغىنىغا ئوخشاش بالا ـ قازاغا قالىسىز، — دېدى تۇتى.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

تەبرىز شەھىرىدە بىر سودىگەر بار ئىكەن. ئۇنىڭ بويىغا يەتكەن بىر قىزى بولۇپ، ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن، — دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى تۇتى، — بىر كۈنى ئۇ سودىگەر بىر سەھرادا كېتىپ بارسا، يول بويىدا بىر ئادەم بېشىنىڭ سۆڭىكىنى كۆرۈپ قاپتۇ. سودىگەر باش سۆڭەككە يېقىن بېرىپ قارىسا، ئۇنىڭغا: «بۇ باش تىرىكلىكىدە سەكسەن كىشىنى ئۆلتۈرۈشكە سەۋەب بولغانىدى،

① ئەپلاتون — يۇنان پەيلاسوپلىرىدىن بىرى، پىلاتون.

# يىگىرمە ئىككىنچى داستان

پادىشاھ بىلەن ئايالى كامجۇي كۆلنى سەيلە قىلىۋاتقىنىدا
بىلىقلارنىڭ كۈلگەنلىكى، ئىبنۇلغەيب ناملىق بالىنىڭ
زىرەكلىك بىلەن بۇ ۋەقەگە تەبىر بەرگەنلىكى،
نەتىجىدە سەككەن كىشىنىڭ
قەتلىئام قىلىنغانلىقى



يىگىرمە ئىككىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش گوياكى لەھەڭگە ئوخشاش پەلەك دەرياسىنى كېزىپ، مەغرىب قايىنىمى ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئاي خۇددى شوخ بېلىقتەك مەشرىق بۇلىقىدىن چىقتى. خوجەستە سۇدىن ئايرىلغان بېلىقتەك بىتاقەت بولغان ھالدا رۇخسەت سوراش ئۈچۈن تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە:

— ئەي تۇتى، مېنىڭ تاقەت قىلغۇچىلىكىم قالمىدى. بۈگۈن ماڭا رۇخسەت قىلغىن، مەن يىگىتىمنىڭ قېشىغا باراي، — دېدى. بېيىت:

بىلەن سۈمۈرغىنىڭ ۋە ھەزرىتى ئەزرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر يىگىت بىلەن بولغان ۋەقەسىنى ئېسىگە كەلتۈرۈپتۇ.

بىرنەچچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن باشقا بىر شەھەردىن نۇرغۇن جاۋاھىرلارنى ئالغان سودىگەرلەر بۇ شەھەرگە كېلىپتۇ. قىزنىڭ ئاتىسى ئۇ سودىگەرلەردىن نۇرغۇن جاۋاھىرلارنى سېتىۋېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپتۇ. ئىبنۇلغەيب بۇ جاۋاھىرلارنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىچىدىن ئىككى گۆھەرنى ئېلىپ:

— بۇ ئىككى گۆھەرنىڭ باھاسى ئادەتتىكى شېشىنىڭ باھاسىدىنمۇ تۆۋەندۇر، — دەپتۇ.

سودىگەر ئۇ گۆھەرلەرنى ئېنىقلىغۇدەك بولسا ئىبنۇلغەيبنىڭ دېگىنىدەك بولۇپ چىقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن سودىگەر جاۋاھىر ساتقان سودىگەرلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئىبنۇلغەيبنىڭ سۆزلىرىنى ئۇلارغا ئېيتىپ پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىشنى سوراپتۇ. سودىگەرلەر جاۋاھىرلارنىڭ راست جاۋاھىر ئىكەنلىكىنى دەپ ئۆزىنىڭ گېپىدە چىڭ تۇرۇپتۇ. ئىبنۇلغەيب سودىگەرلەر بىلەن مۇنازىرىلىشىپ، ئۇلارنى قايىل قىلىپتۇ. سودىگەرلەر ئىبنۇلغەيبنىڭ يالغان جاۋاھىرلارنى بىلىۋالغانلىقىغا ھەيران قېلىپ، قىزنىڭ ئاتىسىغا:

— بىزگە ئوغۇلنى سېتىپ بەرگىن، — دەپتۇ.

قىزنىڭ ئاتىسى ئۇنىماپتۇ. ئىبنۇلغەيب:

— سىزگە مەسلىھەتىم شۇكى، مېنى ئۇلارغا سېتىڭ. مەن ئۇلارغا قوشۇلۇپ جاۋاھىرلارنىڭ راست - يالغانلىقىنى ئايرىپ بەرسەم، سىزمۇ خەلقنىڭ مالامىتىدىن قۇتۇلۇپ قالىسىز، — دەپتۇ.

قىزنىڭ ئاتىسى ماقۇل بولۇپتۇ. سودىگەرلەر ئىبنۇلغەيبنى سېتىۋېلىپ ئۆز شەھىرىگە ئېلىپ كېتىپتۇ. ئۇ

بۇنىڭ ئۆلۈكىمۇ سەكسەن كىشىنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولغۇسى» دەپ خەت پۈتۈلگەنىكەن. بۇنى كۆرگەن سودىگەر: «بۇ باش تىرىكلىكىدە سەكسەن ئادەمنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغان بولسا، ناھايىتى پالۋان كىشى بولۇشى مۇمكىن ياكى بولمىسا پادىشاھ بولۇشى مۇمكىن، بولمىسا ئادەتتىكى ئادەم سەكسەن كىشىنىڭ ئۆلۈمىگە قانداقمۇ سەۋەبچى بولالىسۇن؟ لېكىن بۇنىڭ ئۆلۈكىمۇ سەكسەن كىشىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولۇشى ئاجايىپ ئىشقۇ؟ مەن بۇ پىتنە - پاساتنىڭ سەۋەبىنى ھىيلە - تەدبىر بىلەن يوقاتقايمەن» دەپ ئۇ باشنى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى يانچىپ ئۇن قىلىپ بىر قۇتىغا سېلىپتۇ. ئاندىن ئۇ قۇتىنى بىر خالتىغا سېلىپ، ئېسىپ قويۇپتۇ. سودىگەر ئۆيىدىكىلەرگە:

— بۇ خالتىنى ھەرگىز ئاچماڭلار، — دەپ تاپىلاپتۇ.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن سودىگەر سودا قىلىش ئۈچۈن باشقا بىر شەھەرگە كېتىپتۇ. سودىگەر كېتىپ بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ قىزى ھېلىقى خالتىغا قىزىقىپ، خالتىنى ئېچىپ قارىسا، ئۇنىڭ ئىچىدە ئازراق «دورا» تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. قىز ئۇ «دورا» نى بىرئاز يېيىشىگە ھەزرىتى مەريەمگە ئوخشاش ئەرسىز ھالدا بويىدا قاپتۇ. سودىگەرنىڭ قىزىنىڭ ئاي كۈنى توشۇپ بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇ ئوغۇلنىڭ ئىسمىنى ئىبنۇاغەيىب قويۇپتۇ.

سودىگەر سەپەردىن قايتىپ كېلىپ ئۆيىدە بىر ئوغۇلنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ خوتۇنىدىن:

— ئەي خوتۇن، بۇ كىمنىڭ ئوغلى؟ — دەپ سوراپتۇ.

سودىگەرنىڭ خوتۇنى قىزىنىڭ قۇتىدىكى «دورا» نى يېگەندىن كېيىن بولغان ئىشلارنى بايان قىپتۇ. سودىگەر بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام

لىرىنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار ئىبنۇلغەيىبنى چاقىرىپ كەلگەندىن كېيىن پادىشاھ بېلىقلارنىڭ كۈلۈشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. ئىبنۇلغەيىب بېلىقلاردىن:

— ئەي بېلىقلار، سىلەر نېمە سەۋەبتىن كۈلدۈڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەي ئىبنۇلغەيىب، شامال بولسا دەريانىڭ خەۋەرچىسىدۇر. ئۇ دۇنيادىكى ھەرقانداق ئىشنى بىزگە يەتكۈزىدۇ. بىز بۇ پادىشاھنىڭ قىرىق خوتۇنى بار دەپ ئاڭلىغانىدۇق. ئۇنىڭ ھەربىر خوتۇنى بىردىن يىگىتكە كېنىزەكلەرنىڭ تونلىرىنى كىيدۈرۈپ خىزمىتىگە سالىدۇ. ئۇ خوتۇنلار پادىشاھ كەلمىگەن كۈنلىرى ھېلىقى يىگىتلەر بىلەن بىللە ياتىدۇ. كامچۇي بولسا ھەممە خوتۇنلارنىڭ سەرۋەرى، شۇنداقلا زىناكارلارنىڭ پېشىۋاسى. ئۇ شۇنداق زىناخور تۇرۇقلۇق ئۆزىنى پادىشاھنىڭ ئالدىدا پاك كۆرسەتتى. بىز ئۇلارنىڭ يەيدىغان تامىقىدۇرمىز. كامچۇي بىزنىڭ ئارىمىزدا ئەركەك بېلىقنى كۆرۈپ قالغانمىش، بىز شۇ ئىشقا كۈلدۇق. — دەپ جاۋاب بېرىشىپتۇ بېلىقلار.

ئىبنۇلغەيىب بېلىقلارنىڭ دېگەنلىرىنى پادىشاھقا دەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ ھەممە خوتۇنلىرىغا ھېلىقى يىگىتلەرنى تاپقۇزۇپتۇ. پادىشا ئۇلاردىن سورىغانىكەن، ئەھۋال بېلىقلارنىڭ دېگىنىدەك بولۇپ چىقىپتۇ. پادىشاھ بۇ ئىشتىن قاتتىق غەزەپكە كېلىپ قىرىق خوتۇنى بىلەن قىرىق يىگىتنى چالما كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈشكە پەرمان قىپتۇ. بېيىت:

سودىگەرلەرنىڭ شەھىرىدە بىر پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ قىرىق خوتۇنى بار ئىكەن. ئۇ قىرىق خوتۇنى ئىچىدە كامجۇي ئاتلىق بىر خوتۇنى بولۇپ، پادىشاھ ھەرقانداق ئىش قىلسا ئۇنىڭدىن مەسلىھەت ئالىدىكەن. پادىشاھ ئۇ خوتۇنىنى ھەممە خوتۇنلىرىدىن پاك دەپ بىلىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنىدە پادىشاھ كامجۇي بىلەن بىللە چاھارباغدىكى كۆل بويىغا سەيلىگە چىقىپتۇ. كۆلدە بېلىقلار پىلتىڭلاپ سەكرەپ ئويناۋاتقانىكەن. كامجۇي بېلىقلارنى كۆرۈشى ھامان تەتۈر قاراپ، يۈزىگە چۈمبەل ئارتىۋاپتۇ. پادىشاھ بۇ ئىشقا ھەيران قېلىپ:

— سەن نېمە ئۈچۈن بېلىقلارنى كۆرۈش بىلەن ئۆزۈڭنى چەتكە ئالىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەي شاھىم، بېلىقلارنىڭ ئارىسىدا ئەركەك بېلىق بولۇپ قېلىپ، مېنىڭ يۈزۈمنى كۆرۈپ قالسا نامەھرەم بولىدۇ. شۇڭا مەن گۇناھكار بولۇپ قېلىشىمدىن قورقىمەن، — دەپتۇ كامجۇي.

بېلىقلار بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. بۇ كۈلكىدىن كامجۇي ۋە پادىشاھ ھەيران قاپتۇ. پادىشاھ دەرھال ھۆكۈما ۋە ئۆلىمالارنى يىغىپ، بېلىقلارنىڭ كۈلۈشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. ھۆكۈمالار:

— ئەي شاھىم، شەھىرىمىزدە يېقىندىن بۇيان بىر بالا پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ ناھايىتى زېرەك ۋە ئالىم بولۇپ، ھەممە جانىۋارلارنىڭ ۋە دۇنيادىكى ھەممە ئادەملەرنىڭ تىلىنى بىلىدىكەن. ئۇ بالىنىڭ ئىسمى ئىبنۇلغەيب ئىكەن. بىز شۇ بالىنى چاقىرتىپ كېلىپ، بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى ئۇنىڭدىن سورىساق، — دەپ مەسلىھەت بېرىشىپتۇ.

پادىشاھ ئىبنۇلغەيبنى چاقىرىپ كېلىشكە خىزمەتكار-

تىنىڭ بېرىشى كەچقۇرۇنغا قالدى. بېيىت:

نەخشەبى. ئۇيلىغان بېرىپ بۇ كېچە،
توغرىلىق مەجلىسىدە چالغاي ساز.
سۇبھى ئۆزدى يەنە ئۇنىڭ يولىنى،
ئاشىقلار دۇشمىنىدۇر سۇبھى. خوراز.



نەخشەبى، ئەيىبنى ھالال بىلمە،
بۇ قىلىق كەلمەس لايىق ئىنسانغا.
ھەركىم ئۆز ئەيىبىنى ھالال بىلسە،
بارچە جانلار كۈلەر بۇ نۇقسانغا.

شۇنداق قىلىپ بىر كاللا ئاخىرى سەكسەن كىشىنىڭ كاللىسىدىن ھاياتلىق تومۇرلىرىنى ئەجەل خەنجىرى بىلەن ئۈزۈپ تاشلىدى. بۇنىڭغا مەخلۇقنىڭ قىلغان چارىسى ھېچ قانچە توسقۇن بولالمىدى. بېيىت:

نەخشەبى، قىلمىغىن قازاغا جېدەل،
كىم قازا تىغىنى توسۇپ قالغان.
بۇ قازا ئوقىغا ئامال يوقتۇر،
بولسىمۇ قولدا گەر پولات قالقان.

تۇتىنىڭ ھېكايىسى بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:
— ئەي ئاغىچام، سىز يىگىتىڭىزنىڭ قېشىغا بارغاندا يالغانلاردىن تەقۋادارلىق قىلمىغايسىز. ئۆزىڭىزدە بولمىغان نەرسىنى بار قىلىپ سۆزلىمەڭ. چۈنكى كامجۇيىمۇ ساختىلىق قىلغانىدى، بېلىقلارنىڭ كۈلكىسىگە قېلىپ، ئىش ئاشكارا بولۇپ قالدى. شۇڭا سىز ئۇنداق ئىشلارنى قىلىپ، خەلقى ئالەم ئالدىدا شەرمەندە بولماڭ. ئەمدى ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ يىگىتىڭىزنىڭ قېشىغا بېرىڭ، — دېدى.
خوجەستە يىگىتىنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى. شۇڭا خوجەس-

بېرىپ قالغىنىغا ئوخشاش ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىسىز، — دېدى توتى.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

توتى ھېكايىسىنى باشلىدى:

كەمجات شەھىرىدە بىر بەرەھمەن بار ئىكەن. ئۇ ناھايىتى باي ئىكەن. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بەخت - تەلىيى يانغان بەرەھمەنگە پەلەك ۋاپاسىزلىق قىلىپ ئۇنى ھەممە نەرسىدىن ئايرىپتۇ. بەرەھمەن يوقسۇل بولۇپ قاپتۇ. بېيىت:

نەخشەبى، بايلىق يار ئەمەس مەڭگۈ،
كەلمىگەي مالدىن ھېچ كىشىگە ۋاپا.
ھەر نېمە بەرسە ساڭا بۇ دەۋران،
قايتۇرۇپ ئالغاي سەندىن ئاخىر يانا.

بەرەھمەن: «ھەرىكەتتە بەرىكەت» دېگەن ماقال بويىچە باشقا بىر شەھەرگە يول ئېلىپتۇ.

بىر كۈنى بەرەھمەن بىر سەھراغا يېتىپ بېرىپ ھەيۋەتلىك بىر شىرنىڭ بۇلاق بويىدا ئولتۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ يېنىدا بىر كېيىك بىلەن بىر قوتازنىڭ ۋەزىر بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ شىرنى كۆرۈپ قورققىنىدىن بەرەھمەننىڭ كۆزلىرى چاچراپ چىقىپ كېتەي دەپتۇ. بەرەھمەن «كەينىمگە يانسام شىر مېنى قوغلايدۇ، ئالدىمغا ماڭسام ئۆز ئايىغىم بىلەن ئەجدىھانىڭ ئالدىغا بارغان بولىمەن» دەپ ئىككىلىنىپ تۇرغاندا، ئۇنى كېيىك بىلەن قوتاز كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇلار بىر - بىرىگە: «بۇ جېنىدىن تويغان ئادەم بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىدىغاندۇ؟ بىز قاراپ تۇرۇپ بىر ئادەمنىڭ بىگۇناھ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولمايلى. ئۇنى

# يىگىرمە ئۈچىنچى داستان

## بىر بەرەھمەنىنىڭ شىر ئالدىغا بارغانلىقى، شىرنىڭ تۆت ۋەزىرىنىڭ بايانى



يىگىرمە ئۈچىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش گويا بىر قاۋۇل شىردەك مەغرىب دەشتىدە غايىب بولدى. ئاي خۇددى ئىپار كېيىكىدەك مەشرىق يايلىقىدا پەيدا بولدى. خوجەستە تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە:

— ئەي تۇتى، سەن ئىشق ئازابىنى تارتمىغانلىقىڭ ئۈچۈن، مېنىڭ بۇ ھالىمدىن بىخەۋەرسەن، — دېدى.

— ئەي ئاغىچام، سىز نېمانچە خاپا بولىسىز؟ مېنىڭ نېمە غەمدە ئىكەنلىكىمنى سىز بىلمەيسىز. مەن دائىم سىزنىڭ غېمىڭىزنى قىلىمەن. سۆيگىنىڭىزنىڭ يېنىغا بارىدىغان پۇرسەت ناھايىتى كۆپ. بۇ ئىشقا بەك ھېرىسمەنلىك قىلماڭ. ئەگەردە بەك ھېرىسمەنلىك قىلسىڭىز سىزمۇ بەرەھمەنىنىڭ مال - دۇنياغا ھېرىسمەنلىك قىلىپ، ھالاكەت گىردابىغا

چەيتكىنىچە قاراپ تۇرۇپتۇ. بەرەھمەن شىرنىڭ ئەزەپكە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئەتراپقا قارىسا كېيىك بىلەن قوتاز كۆرۈنمەپتۇ. بەرەھمەن قورققىنىدىن بىر دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ. شىر ۋەزىرلىرىنىڭ سۆزى بىلەن دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىپ بەرەھمەننى ئۆلتۈرۈشنى قەست قىلىپتۇ. دەل شۇ چاغدا كېيىك بىلەن قوتاز يېتىپ كېلىپتۇ. ئۇلار بەرەھمەننىڭ ئەھۋالىنى كۆرگەندىن كېيىن بىر - بىرىگە: «سۇبھانالла، بۇ قانداق ئادەمدۇ؟ مال - دۇنيانى دوست تۇتۇش ئادەملەردىكى بىر خىل كېسەللىك. بۇ بەرەھمەننى بىر قېتىم قۇتۇلدۇرۇپ قويغانىدۇق. ئەمدى ئۇنىڭ ھالى قانداق بولار؟ بىز شىرنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ كۆرەيلى» دېيىشىپ شىرنىڭ ئالدىغا كېلىپتۇ:

— ئەي شاھىم، بۇ بەرەھمەن ياخشى نىيەتلىك ئادەم ئىكەن. ئۇ سىز بەرگەن مال - دۇنيا ۋە ساخاۋىتىڭىزنى پۈتۈن ئالەمگە يەتكۈزۈپتۇ. ئۇ ھازىر دەرەخنى ماكان قىلغان قۇشلارغا سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى يەتكۈزۈۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

شىر بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاچچىقىدىن يېنىپ ئۆز ماكانىغا قايتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن بەرەھمەن دەرەختىن چۈشۈپ قۇيرۇقىنى خادا قىلغىنىچە تىكىۋېتىپتۇ.

ئەي ئەزىزلەر، بۇ دۇنيادا بەرگەن نەرسىگە رازى بولۇپ، ئارتۇق نەرسىنى تەلەپ قىلماڭلار. ئۇلۇغ تەڭرى ھەربىر ئادەمگە ئۆز رىزقىنى بەرگەن. ھەرقانداق ئادەم مال - دۇنياغا بېرىلسە مۇقەررەر ھالاك بولىدۇ.

تۇتىنىڭ ھېكايىسى بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:

— ئەي ئاغىچام، بەرەھمەن مال - دۇنياغا ھېرىسمەنلىك قىلىپ جېنىدىن ئايرىلغىلى قىل قالدى. شۇڭا سىزمۇ بەك ھېرىسمەنلىك قىلماڭ. ھازىر سۆيگىنىڭىزنىڭ قېشىغا

شىر ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن بۇرۇن چىرايلىق سۆزلەرنى قىلىپ، ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالايلى. شۇنداق قىلساق بۇ بەندىنىڭ خۇنى بىزدە قالمايدۇ» دېيىشىپ، شىرنىڭ ئالدىغا كېلىپتۇ. ئۇلار شىرغا دۇئا قىلغاندىن كېيىن:

— ئەي شاھىم، سىزنىڭ ئادىل ۋە ساخاۋىتىڭىز ئالەمنىڭ تۆت ئەتراپىغا يېتىپتۇ. بۈگۈن بۇ يەرگە بىر بەرەھمەن قەدەم تەشرىپ قىلىپتۇ، لېكىن سىزدىن قورقۇپ يېنىڭىزغا يېقىن كېلەلمەيۋاتىدۇ. ئەگەر سىزدىن پەرمان بولسا بەرەھمەن كېلىپ سىزگە كۆرۈنۈش قىلىپ قويسا، — دەپتۇ.

— سىلەر ئۇنىڭغا ئېيتىڭلار، بۇ يەردە ئالتۇن-كۈمۈش، جاۋاھىرلار ئىنتايىن كۆپ، ئۇ كېلىپ خالىغانچە ئالسۇن، — دەپتۇ شىر.

كېيىك بىلەن قوتاز شىرنىڭ سۆزىنى بەرەھمەنگە بايان قىلىپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن مال-دۇنيانى بېرىپتۇ. بەرەھمەن ئۇ ئىككى ۋەزىرنىڭ ياخشىلىقىدىن نۇرغۇن مال-دۇنيا ئېلىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپتۇ.

بىرنەچچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بەرەھمەن شۇنچە كۆپ مال-دۇنياغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، يەنىلا مال-دۇنياغا ھېرىسمەنلىك قىلىپ شىرنىڭ ماكانىغا ئىككىنچى قېتىم بېرىپتۇ. ئۇ كۈنى شىرنىڭ خىزمىتىنى بۆرە بىلەن تۈلكە بېجىرىۋاتقانىكەن. ئۇلار بەرەھمەننى كۆرۈش بىلەنلا شىرنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئەي شاھىم، بۇ نېمىدېگەن قورقمايدىغان ئادەم. ئۇ ئەدەبسىزلىك قىلىپ سىزدەك ئۇلۇغ ھەيۋەتلىك پادىشاھنىڭ ئالدىغا قورقماي كېلىپتۇ. بۇنى ئەدەبلەپ قويۇش كېرەك. ئادەملەرگە ئارىلاشسا ئۇلاردىن ھەر بالا كېلىدۇ، — دەپتۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان شىر بەرەھمەنگە كۆزلىرىنى چەك-

# يىگىرمە تۆتىنچى داستان

**بەشىر بىلەن جەززانىڭ بىر ـ بىرىگە ئاشىق بولغانلىقى،**
**جەززانىڭ ئورنىدا بىر ئەرەبنىڭ تاياق يېگەنـ**
**لىكى ۋە جەززانىڭ سىڭلىسى بىلەن**
**بىرىگە بولغانلىقى**



يىگىرمە تۆتىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش شەمشىرى مەغرىب غىلىپىغا كىردى. ئاي مەشرىقتىن كۈمۈش ئەينىكىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. خوجەستە چىرايلىرى سارغايغان، كۆڭۈللىرى پەرىشان هالدا تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەي ئەزىز دوستۇم، مېھرىبان سىرداشىم، — دېدى ئۇ هال ـ مۇڭ ئېيتىپ، — رىۋايەتلەرگە قارىغاندا بەھرام گورنىڭ خىزمىتىدە پەرۋىز لەشكەرلىرىدىن بىر داغلىق پالۋان بار ئىكەن. بەھرام گور ھەر دائىم ئۇ پالۋانغا چوڭقۇر ھۆرمەت نەزىرى بىلەن چەكسىز غەمخورلۇق قىلىدىكەن. بىر كۈنى دىۋان بېگى بەھرام گورغا: «ئۇ داغلىق پالۋاندا خانلىقىمىزغا

بېرىشنىڭ ياخشى پەيتى. ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ قېشىغا بېرىڭ، — دېدى.

خوجەستە يىگىتنىڭ قېشىغا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى، بۇ چاغدا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى، ئۇنىڭ بېرىشى يەنە كېيىنگە قالدى. بېيىت:

نەخشەبى، ئويلىغان بېرىپ بۇ كېچە،
مەشۇقى بەزمىسىدە چالغاي ساز.
سۈبھى توسقۇنلۇق قىلدى بۇ يولدا،
ئاشىقلار دۈشمىنىدۇر سۈبھى، خوراز.



ئىشق تېخى ئۆز جامالىنى كۆرسەتمىگەن چاغدىلا ئاندىن ئەقىلنىڭ بۇيرۇقى ئاقىدۇ، قاچانكى ئىشق سۇلتانى كۆڭۈل مەملىكىتىنى ئىشغال قىلىدىكەن، شۇنىڭدىن باشلاپ ئەقىل پەرمانلىرىنىڭ ئەيىنىكىنى كىر قاپلايدۇ. بېيىت:

نەخشەبى، ئەقىل ـ ئىشق ئالدىدا،
ئىشق سۇمۇرغدۇر، ئەقىل بىر چۈمۈلە.
ئەقىل زورى گەر بولسىمۇ غالىب،
ئىشق ئالدىدا تاپمىغاي چارە.

ئەي خوجەستە، ئەقىلنىڭ سۆزىگە كىرمەيەك. ئەقىل سىزگە دائىم: «مەھبۇبەڭنىڭ يۈزىنى ھەرگىز كۆرەلمەيسەن» دەيدۇ. لېكىن سىز ئۈمىدۋار بولۇشىڭىز كېرەك. ئۈمىد ئادەمنى مۇرادىغا يەتكۈزىدۇ. دانىشمەنلەر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

زامانىنىڭ بىر قىزى بار ئىكەن. تېرىكچىلىك ئۇنىڭ ئاتىسى ئىكەن. ئۇ قىزغا ئەقىل، بەخت ـ سائادەت ۋە ئۈمىد قاتارلىق ئۈچ دۆلەتتىن ئۈچ ئەلچى تەلەپكار بولۇپ كېلىپتۇ. ئاتىسى قىزىدىن:

— بۇ ئۈچ كىشىدىن قايسىسىنى خالايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

قىز ئېيتىپتۇكى:

— ئەقىل ھەممىدىن ياخشىدۇر. ئادەمنىڭ شان ـ شەرىپى ئەقىل بىلەندۇر. بارلىق ئىلىم ـ ھېكمەتلەر ئەقىلغا تەئەللۇقتۇر. بىراق ئەقىلنىڭ بىر ئەيىبى باركى، ئۇ غەم ۋە ئەندىشە بىلەن بىر تۇغقاندۇر. شۇڭا ئەقىل دائىم غەمدىن خالى بولالمايدۇ.

— ئۇنداقتا سەن بەخت ـ سائادەتنى قوبۇل قىلامسەن؟ ـ

ئاسىلىق قىلىش ئالامەتلىرى كۆرۈلدى» دەپ مەلۇم قىلىپتۇ. بەھرام گور بۇ مەلۇماتلارنى ئاڭلاپ: «ئۇنى يىگىرمە قامچا ئۇرۇڭلار» دەپتۇ. بىراق كېيىن بەھرام گورنىڭ ئۇ پالۋانغا ئىچى ئاغرىپتۇ. ئەمما بۇيرۇقىدىن يانالماپتۇ. بەھرام شۇنىڭدىن كېيىن مۇلازىملىرىغا: «ئىككى شەمشەر ئېلىپ كېلىڭلار» دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. مۇلازىملار ئىككى دانە شەمشەرنى كەلتۈرۈپتۇ. بەھرام گور دىۋان بېگىگە: «بۇ ئىككى شەمشەرنى بىر غىلاپقا سالغىن» دەپ بۇيرۇپتۇ. دىۋان بېگى ھەيران بولغان ھالدا: «ئەي كەرەملىك پادىشاھىم، ئىككى تىغ بىر غىلاپقا سىغامدۇ؟» دەپتۇ. بەھرام گور بۇنى ئاڭلاپ: «ئۇنداقتا، بىر ئەلدە ئىككى ھۆكۈمرانىنىڭ بۇيرۇقى ئاقامدۇ؟ مەن ئۆز ھوقۇقۇم بويىچە سىلەرگە بىر خىل بۇيرۇق چۈشۈرسەم، كۆڭلۈممۇ ئۆز ھوقۇقى بويىچە ماڭا باشقا بىر خىل بۇيرۇق چۈشۈرۈۋاتىدۇ» دەپتۇ. بېيىت:

نەخشەبى، بىر دىياردا ئىككى ئەمىر،
بولسا، ئۇ مەملىكەت بولۇر ۋەيران.
بىر كىشى بۇيرۇقى بىلەن ئەل - يۇرت،
بولغۇسى ئاۋات باغ بىلەن بوستان.

— ئەي خوجەستە، — دېدى تۇتى، — بۇ ۋەقەلەرنى نەقىل كەلتۈرۈشتىن مەقسەت نېمە؟

خوجەستە جاۋاب بېرىپ:

— بۇنىڭدىن مەقسەت شۇكى، مەنمۇ دەل شۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلدىم. سېنىڭچە مەن ئەقلىنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىشىم كېرەكمۇ ياكى ئىشق پەرمانىغىمۇ؟ — دېدى.

— ھەي بىچارە، — دېدى تۇتى خوجەستىگە، —

جەززا ئاتلىق بىر گۈزەل ئايال بار ئىكەن. بەشىر بىلەن جەززا بىر-بىرىگە شۇنداق ئاشىق-مەشۇق ئىكەنكى، ئۇلارنىڭ ئىشق-مۇھەببىتى خۇددى ۋامۇق بىلەن ئۇزرانىڭ ئىشق-مۇھەببىتىگە ئوخشاش ئىكەن. بۇلارنىڭ ئاشىق-مەشۇقلۇقى ئالەمگە مەشھۇر بولۇپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان جەززانىڭ ئېرى ئايالىنى ئۆز قەبىلىسىگە ئېلىپ كېتىپتۇ. بەشىر جەززانىڭ ۋىسالىدىن مەھرۇم بوپتۇ.

بەشىرنىڭ بىر ئەرەب دوستى بار ئىكەن. ئۇ ئۆزى بىلەن جەززانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشق-مۇھەببەتنى دوستىغا بايان قىلىپ:

— مەن جەززانىڭ يېنىغا بارماقچى. ئەگەر سەن خالىساڭ مەن بىلەن بىللە بارغىن، — دەپتۇ.

ئەرەب ماقۇل بولۇپتۇ. بەشىر بىلەن ئەرەب جەززانىڭ قەبىلىسىگە بېرىپ، بىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە ئورۇنلىشىپتۇ. بەشىر ئەرەبتىن جەززاغا سالام يوللاپ ئەرەبنى ئۇنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپتۇ. ئەرەب بەشىرنىڭ سالىمىنى جەززاغا يەتكۈزۈپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان جەززا:

— سىلەر ئاشۇ دەرەخ ئاستىدا مېنى ساقلاپ تۇرۇڭلار، كەچ بولغاندا مەن ئۇ يەرگە يېتىپ بارىمەن، — دەپ ئەرەبنى يولغا سېلىپتۇ.

كەچ بولغاندا جەززا ھېلىقى دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىپ مەشۇقى بىلەن قوشۇلۇپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن جەززا ئۆيىگە قايتماقچى بولۇپ بەشىردىن رۇخسەت سوراپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان بەشىر:

— بۈگۈن كېچە مەن بىلەن بىرگە بولالمامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇنداق قىلغىلى بولماس، — دەپتۇ جەززا، — ئەگەردە

دەپ سوراپتۇ ئاتىسى.

— بەخت - سائادەتمۇ ھەممىدىن ياخشى نەرسىدۇر، — دەپتۇ قىز، — چۈنكى بەخت - سائادەت پۈتۈن دۇنيانىڭ ياخشى كۆرۈشىگە مۇيەسسەردۇر. ئەگەر كىشىگە بەخت - سائادەت ھەمراھ بولسا، ئۇ كىشى ھەممە مۇراد - مەقسىتىگە يېتىدۇ. ئەمما بەخت - سائادەتنىڭمۇ بىر چوڭ ئەيىبى باركى، ئۇ زادى بىر يەردە توختىمايدۇ. ياخشىلاردا قارار تاپماي، ناكەسلەرگە نېسىپ بولىدۇ. ئۇنىڭ پېشانىسىدىن بىۋاپالىق ۋە ئىككى يۈزلىمىلىك نىشانىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ئاتىسى قىزىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ئۇنداقتا سەن ئۈمىدنى قوبۇل قىلمىدىكەنسەن-دە؟ — دەپتۇ.

— شۇنداق، — دەپتۇ قىز، — مەن ئۈمىدنى خالايمەن. چۈنكى ئۈمىد ھەردائىم ئالىملار بىلەن ھەمسۆھبەت، غەمكىنلەرگە يول باشچىدۇر. ھەركىم ئۈمىد رىشتىسىنى قولىغا ئالسا ئاقىۋەت مۇرادىغا يېتىدۇ ۋە سۆيگىنىنىڭ ۋىسالىغا مۇشەررەپ بولىدۇ.

— ئەي خوجەستە، — دېدى تۇتى بۇ سۆزلەردىن كېيىن، — خاتىرىڭىزنى جەم قىلىڭ، ئۈمىدۋار بولۇڭ. ھاياتنىڭ مەنتىقىسى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ بىرىگە ئەتىگىنى جۇدالىق زەھىرىنى ئىچۈرسە، كەچتە ۋىسال ھەسىلى تەقدىم قىلىدۇ. بۇ خۇددى بىر ئەرەبنىڭ باشتا كۆپ جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتىپ كېيىن راھەت كۆرگىنىگە ئوخشاشتۇر.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

تۇتى ھېكايىسىنى مۇنداق باشلىدى:

تەمىم قەبىلىسىدە بەشىر ئاتلىق بىر يىگىت بار ئىكەن. ئۇ ناھايىتى دانىشمەن، ھەم چىرايلىق ئىكەن. يەنە شۇ قەبىلىدە

— ئەي قىزىم، قاچانغىچە رەسۋا بولۇپ يۈرىسەن؟ نېمە ئۈچۈن ئېرىڭنى دۈشمەن تۇتىسەن؟ ئۇنى رازى قىلساڭ بولماسمىدۇ؟ سەن بەشىر ئۈچۈن بۇنچىلىك جاپا چېكىپ يۈرگىنىڭ بىلەن ئەمدى ئۇنى كۆرۈشۈڭ مۇمكىن ئەمەس، — دەپ بىرمۇنچە نەسىھەتلەرنى قىلىپتۇ.

ئاندىن كېيىن ئانىسى جەززاننىڭ سىڭلىسىنى چاقىرىپ:

— سەن ئاچاڭنىڭ يېنىغا بېرىپ ياخشى سۆزلەرنى قىلىپ كۆڭلىنى ياسىغىن. مەن ئۇنىڭغا چوڭ بولغىچە قول تەگكۈزۈپ باقمىغانىدىم. ئەمدى مەن ئېرىنىڭ ئۇنى قامچا بىلەن ئۇرغىنىغا چىداپ تۇرالمايمەن، — دەپتۇ.

سىڭلىسى ئۆيگە كىرىپ «ئاچىسى» نىڭ باش - كۆزىنى يۆرەپ، تاياقنىڭ ئازابىدىن يىغلاپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. جەززاننىڭ سىڭلىسى تولىمۇ چىرايلىق قىز ئىكەن. ئەرەب ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا تاياقنىڭ ئازابىنى ئۇنتۇپ، شۇ زامانىلا قىزغا ئاشىق بولۇپتۇ. ئەرەب يۈزىدىكى چۈمبەلنى ئېلىپ تاشلاپ قىزنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ:

— ئەي گۈزەل، سېنىڭ ئىگىچىڭ بۈگۈن بەشىرنىڭ قوينىدا ياتىدۇ. مەن سېنىڭ ئىگىچىڭ جەززا ئۈچۈن نۇرغۇن تاياق يېدىم، سەنمۇ ئۇنىڭ سىرىنى ساقلىشىڭ كېرەك. ئەگەر سەن مېنىڭ سۆزۈمگە كىرمەي سىرنى ئاشكارىلاپ قويساڭ ھەر ئىككىڭلارلا رەسۋا بولۇسىلەر، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان جەززاننىڭ سىڭلىسى كۈلۈپ كېتىپ:

— سەن كىم بولىسەن؟ بۇ زادى قانداق ئىش؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەرەب جەززاننىڭ تونىنى كۆرسىتىپ بولغان ئەھۋالنى ئۇنىڭغا بايان قىلىپتۇ. ئاندىن ئۇ قىزغا ئىشق - مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ، بۇ كېچىدە بىرگە بولۇشنى تەلەپ قىلىپتۇ.

مېنى بۇ يەردە بىر كېچە ھەمراھ بولغىن دېسەڭ، بۇ دوستۇڭ بىر ئىشقا ماقۇل بولۇشى كېرەك، — دەپتۇ.

— مەن قىلىدىغان قانداق ئىش؟ مانا مەن تەييار، — دەپتۇ ئەرەب.

— سىز مېنىڭ تونۇمنى كىيىپ، ئۆيگە بېرىپ مېنىڭ ئورنۇمدا ئولتۇرىسىز. مېنىڭ ئېرىم ئۆيگە كەلگەندە بىر پىيالە سۈتنى ئېلىپ كېلىپ سىزگە تۇتۇپ: «بۇ سۈتنى ئىچىۋالغىن» دەيدۇ. سىز ئۇ سۈتنى ئالماڭ ۋە يۈزىڭىزنى ئاچماڭ، بولمىسا بىزنىڭ ئىشىمىز چىقىپ قالىدۇ، — دەپتۇ جەززا ئەرەبكە.

ئەرەب جەززانىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىپتۇ. بىر ۋاقىتتا دېگەندەك جەززانىڭ ئېرى ئۆيگە كىرىپ كېلىپتۇ. ئۇ بىر پىيالە سۈتنى ئېلىپ كېلىپ «جەززا» غا تۇتۇپتۇ. ئۇ پىيالىنى ئېلىشقا زادىلا ئۇنىماپتۇ. بۇ ئىشقا جەززانىڭ ئېرى قاتتىق غەزەپلىنىپ، قولىغا بىر قامچىنى ئېلىپتۇ ـ دە، «جەززا» نى ئۇرۇشقا باشلاپتۇ.

— سەن نېمە دەپ ياد بىر ئەر ئۈچۈن بۇنداق جاپا چېكىسەن؟ مەن سېنىڭ بۇ قىلىقىڭنى قاچانغىچە كۆتۈرۈپ يۈرىمەن؟ — دەپ ئۇنى ھوشىدىن كەتكىچە ئۇرۇپتۇ. بېيىت:

نەخشەبى، ساقىلسۇن ئۇلۇغ تەڭرىم،
بارچىنى بۇ ھاياتنىڭ پىتنىسىدىن.
قەھرىدىن بەرسە گەر كىشىگە زەھەر،
مېھرىدىن شەربەت بەرگەي ئارقىسىدىن.

— ئۇ بىچارە تارتقان ئەلەملىرىگە دەم يىغلىسا دەم كۈلۈپتۇ. جەززانىڭ ئېرى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئاپىسى ئۆيگە كىرىپ:

# يىگىرمە بەشىنچى داستان

**جاماس پادىشاھنىڭ ئىككى تۇتىسى ئەرلەر بىلەن خوتۇنلارنىڭ ياخشى ـ يامانلىقى توغرىسىدا مۇنازىرە قىلىشقانلىقى**



يىگىرمە بەشىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش گويا يۈزىگە چۈمپەردە تارتىۋالغان كېلىنچەكتەك مەغرىب ھۇجرىسىغا يوشۇرۇندى. ئاي خۇددى قوشۇن پادىشاھىدەك مەشرىق تەختىدە پەيدا بولدى. خوجەستە كۆڭلىدە غەم، كۆزلىرى نەم ھالدا تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى. تۇتى خوجەستىنى كۆرۈپ تەبەسسۇم قىلدى. خوجەستە:

— ئەي تۇتى، نېمە ئۈچۈن كۈلسەن؟ — دەپ سورىدى.

— بۈگۈن مېنىڭ قېشىمغا كونا دوستلىرىمدىن بىرى كەلدى، — دېدى تۇتى، — ئۇ ماڭا تۇتىلارنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى، مەن شۇنى ئېسىمگە ئېلىپ كۈلدۈم.

— ئۇ قانداق ھېكايە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

جەززانىڭ سىڭلىسى ماقۇل بولۇپتۇ ـ دە، ئەرەب بىلەن بىر تۆشەككە باش قويۇپتۇ.

تاڭ ئاتقاندا ئەرەب بەشىرنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىپ بولغان ئەھۋالنى بىرمۇ بىر بايان قىپتۇ. بەشىر ئەرەبنىڭ تاياق يېگەنلىكىنى ئاڭلاپ خىجىل بوپتۇ.

بەشىر بىلەن جەززا شۇ نەرسىنى چۈشىنىپ يەتمىدىكى، ئەرەب تاياق يېگىنى بىلەن جەززانىڭ سىڭلىسى بىلەن قوشۇلۇپ دەردىگە دەرمان تاپقانىدى.

بەشىر بىلەن ئەرەب جەززا بىلەن خوشلىشىپ ئۆز ئۆيلىرىگە راۋان بوپتۇ. —

تۇتى ھېكايىسىنى سۆزلەپ بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:

— ئەي ئاغىچام، ئەگەر تەقدىر ئاخشامدا بىرىنىڭ كۆكسىنى يارا قىلسا، ئەتىسى مەلھەم ياقىدۇ. سىزمۇ بۈگۈن كېچە يىگىتىڭىزنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ جۇدالىق يارىسىغا مەلھەم يېقىڭ، — دېدى.

خوجەستە يىگىتىنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى. شۇڭا خوجەستە ئاشىقىنىڭ يېنىغا كەچقۇرۇن بېرىش نىيىتىگە كەلدى. بېيىت:

نەخشەبى، ئۇيلىغان بېرىپ بۇ كېچە،
سۆيگۈ ـ ئىشق زوقى بىلە چالغاي ساز.
سۇبھى ھېچ بەرمىدى ئاڭا پۇرسەت،
ئاشىقلار دۈشمىنىدۇر سۇبھى، خوراز.

بىلەن شاروكمۇ بىللە كەلگەنىدى، سىز ئۇنى ماڭا قوشۇپ مېنىمۇ مۇراد - مەقسىتىمگە يەتكۈزسىڭىز، — دەپتۇ.

پادىشاھ ماقۇل بولۇپ مەلىكىدىن شاروكنى سوراپ ئېلىپ توتىغا قوشۇپ قويۇپتۇ.

بىر كۈنى جاماس پادىشاھ بىلەن مەلىكە توتى بىلەن شاروكنىڭ مۇنازىرىسىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپتۇ. توتى ئەرلەرنىڭ ياخشىلىقىنى، خوتۇنلارنىڭ ئەسكىلىكىنى سۆزلىسە، شاروك خوتۇنلارنى ماختاپ، ئەرلەرنىڭ ئەسكىلىكىنى سۆزلەپتۇ. شاروك:

— مېنىڭ سۆزۈمنىڭ راستلىقىغا مۇختار بىلەن مەيمۇننىڭ ھېكايىسى ياخشى دەلىل بولالايدۇ، — دەپتۇ.

— مۇختار بىلەن مەيمۇننىڭ ھېكايىسى قانداق ھېكايە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ توتى.

بۇرۇنقى زاماندا ناھايىتى باي بىر سودىگەر بار بولۇپ، ئۇنىڭ مۇختار ئىسىملىك قىمارۋاز ئوغلى بار ئىكەن، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ شاروك، — ئاتىسى ئۇ قىمارۋاز ئوغلىغا باشقا بىر شەھەردىكى سودىگەرنىڭ مەيمۇنە ئىسىملىك بىر قىزىنى ئېلىپ بېرىپتۇ. مۇختار خوتۇنىنى ئېلىپ ھەممە مال - دۇنياسى بىلەن ئۆز شەھىرىگە قاراپ يول ئاپتۇ. يېرىم يولغا كەلگەندە مۇختار نىيىتىنى بۇزۇپ مەيمۇنە بەخىرامان تۇرغاندا ئۇنى بىر قۇدۇق ئىچىگە تاشلىۋېتىپ، مال - دۇنيانى ئېلىپ كېتىپتۇ.

مەيمۇنە بىگۇناھ بولغانلىقى ئۈچۈن خۇدايتائالانىڭ پەرمانى بىلەن قۇدۇقتىن قۇتۇلۇپ، نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتىپ ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كېلىپتۇ. مەيمۇنەنىڭ ئاتىسى قىزىنى كۆرۈپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ. مەيمۇنە:

— بىز يېرىم يولغا بارغاندا قاراقچىلارغا ئۇچراپ قال-

— چىن مەملىكىتىدە بىر پادىشاھ بار ئىكەن، — دەپ ھېكايىسىنى داشلىدى تۇتى، — ئۇنىڭ ئىسمى جاماس ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنىدە جاماس پادىشاھ ناھايىتى سۆزمەن بىر تۇتىنى سېتىۋاپتۇ.

— ئەي تۇتى، سەن نۇرغۇن پادىشاھلارنىڭ ئوردىسىدا تۇرغان. سەن شۇ پادىشاھلارنىڭ ئۆيىدە ماڭا لايىق كەلگۈدەك بىرەر قىزنى ئۇچراتتىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— ئەي شاھىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ تۇتى، — شام شەھىرىدە بىر پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ ناھايىتى چىرايلىق بىر قىزى بار ئىكەن. شۇ قىز سىزگە لايىقتۇر. ئۇ مەلىكىنىڭ شارۇك ئىسىملىك بىر مېكىيان تۇتىسى بار. ئۇ تۇتى ناھايىتى سۆزمەن بولۇپ، دۇنيادىكى ھەممە ئىشلارنى بىلىدۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن نەچچە يىللار بىر باغدا بولغان ھەم بىرگە ياتقان. پەلەك مېنى ئۇنىڭدىن ئايرىپ بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى. ئەگەردە شام پادىشاھىنىڭ قىزى بۇ بارگاھقا كەلسە، شارۇكمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېلىدۇ. ئۇ چاغدا سىزمۇ مۇراد - مەقسىتىڭىزگە يەتكەن، مەنمۇ كونا دوستۇم بىلەن قوشۇلغان بولاتتىم.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان پادىشاھ دەرھاللا بىر دانىشمەن ۋەزىرىنى نۇرغۇن سوۋغا - سالام بىلەن شام پادىشاھىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپتۇ. شام پادىشاھى جاماس پادىشاھىنىڭ ئۆزىگە كۈيئوغۇل بولىدىغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، مەلىكىنى نۇرغۇن خەزىنىلەر بىلەن ئۆزىگە لايىق شاھانە جابدۇتۇپ، جاماس پادىشاھىنىڭ ئەلچىسىگە قوشۇپ يولغا ساپتۇ.

پادىشاھ جاماس مەلىكىنىڭ جامالىنى كۆرگەندىن كېيىن تۇتىغا ئاپىرىن ئېيتىپتۇ. ئاردىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن تۇتى پادىشاھقا:

— ئەي شاھىم، سىز ئۆز مەقسىتىڭىزگە يەتتىڭىز. مەلىكە

شارۇك ھېكايىسىنى ئاخىرلاشتۇرغاندا تۇتى:

— ئەي شارۇك، مىنىڭ ئەر كىشى ئىچىدە بىرەرى سەن دىگەندىكىدەك بىۋاپا كېلىدۇ. ئاشۇ بىر ئەسكى مىنىڭ ياخشى ئەرنى قەدىرسىز قىلىدۇ. ئەمما مىنىڭ خوتۇنىنىڭ ئىچىدە توققۇز يۈز توقسان توققۇز خوتۇن ۋاپاسىز بولىدۇ، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ شارۇك، — سەن ئۇلارنىڭ ۋاپاسىزلىقى توغرىسىدا ئىسپاتىڭنى دەپ باققىن.

— سەرەندىپ شەھرىدە بىھزات ئىسىملىك بىر سودىگەر بولۇپ. ئۇنىڭ ھەمناز ئىسىملىك بىر ئايالى بار ئىكەن، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ تۇتى — بىر كۈنى بىھزات سودا ئىشى بىلەن سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە ھەمناز بىر يىگىتكە ئاشىق بولۇپ يۈرگەنىكەن. ئۇ ئېرىنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، يىگىتنىڭ يېنىغا بېرىپ نەپسىنى قاندۇرۇپتۇ. ئۇلار ھەر كۈنى كېچىسى بىرگە بولىدىكەن.

بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بىھزات سەپەردىن قايتىپ كېلىپتۇ. ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشى ھەمنازنىڭ سەپرايىنى ئۆرلىتىپتۇ. كەچ بولغاندا ھەمناز ئېرىگە مەجۇندىن ئىچۈرۈپ ئۇخلىتىپ قويۇپ، ئۆزى ھېلىقى يىگىتنىڭ قېشىغا يول ئېلىپتۇ. دەل شۇ چاغدا بىر ئوغرى بىھزاتنىڭ مېلىنى ئوغرىلاش ئۈچۈن كەلگەنىكەن. ئۇ ئوغرى ھەمنازنىڭ سىرتقا چىققانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپتۇ. ھەمناز بىر ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئوغرى ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ھەمنازنىڭ بىر يات يىگىت بىلەن قۇچاقلىشىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئوغرى بۇ ئەھۋالنى مىرشەپكە ئېيتىپتۇ. مىرشەپ كېلىپ ئۇ ئىككىسىنى تۇتۇپ شەھەرنىڭ قائىدىسى بويىچە يىگىتنى دارغا ئېسىپ، ھەمنازنى قويۇپ بېرىپتۇ. ھەمناز يىگىتنىڭ دارغا ئېسىلغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ كۆپ يىغلاپتۇ.

دۇق، ئۇلار مېنى قۇدۇققا تاشلاپ، ئېرىمنى مال ـ دۇنيالار بىلەن بىرگە ئېلىپ كەتتى. بىچارە ئېرىمنىڭ ھالى قاراقچىلارنىڭ قولىدا نېمە بولۇۋاتقاندۇ؟ — دەپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

سۇبھاناللا، ئەگەر ئەر كىشى جاپاكار بولسا، ئايال كىشىنىڭ بۇنداق ۋاپادار بولۇشى ئاجايىپ ئىشتۇر.

مۇختار ئالغان مال ـ دۇنيالىرىنى بىر نەچچە كۈننىڭ ئىچىدىلا قىمارۋازلارغا ئۇتتۇرۇۋېتىپ، يالىڭاچ ھالدا مەيمۇنەنىڭ شەھىرىگە كېلىپتۇ.

بۇ شەھەردە بىر مازار بار ئىكەن. مۇختار مازارنى ئايلىنىپ يۈرسە مەيمۇنە ئۇچراپ قاپتۇ. مۇختار ئەسلىدە مەيمۇنەنى ئۆلدى دەپ ئويلىغانىكەن. ئۇ مەيمۇنەنىڭ تىرىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، قىلغان ئىشلىرىغا توۋا قىلىپ مەيمۇنەگە ئۆزرە ئېيتىپتۇ. مەيمۇنە ناھايىتى كۆڭلى يۇمشاق ئايال بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئاتىسىنىڭ ئالدىغا باشلاپ بېرىپتۇ. مەيمۇنەنىڭ ئاتىسى مۇختارغا يەنە نۇرغۇن مال ـ دۇنيا بېرىپتۇ. مۇختار بۇ شەھەردە بىر نەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن، ئۆز شەھىرىگە قايتماقچى بولۇپتۇ ۋە مەيمۇنەگە ئۆز مەقسىتىنى ئېيتىپ بىللە قايتىشنى سوراپتۇ. كۆڭلى يۇمشاق مەيمۇنە بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ مۇختارنىڭ شەھىرىگە يول ئاپتۇ. ئۇلار ھېلىقى قۇدۇق بېشىغا كەلگەندە مۇختارنىڭ قورسىقىغا يەنە جىن كىرىپتۇ. ئۇ: «ئۇنى بۇ قېتىم چوقۇم ئۆلتۈرۈشۈم كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، قىلىچ بىلەن مەيمۇنەنىڭ بېشىنى كېسىپ قۇدۇق ئىچىگە تاشلىۋېتىپتۇ.

مۇختار مال ـ دۇنيا ئۈچۈن بىگۇناھ ئايالنى ئۆلتۈردى. بۇنىڭ سورىقى ئاخىرەتتە بولىدۇ. يامان نىيەتلىك ئادەملەر خۇددى ئىتنىڭ قۇيرۇقىغا ئوخشاش ئەگرى بولىدۇ، ئۇلار ھەرگىزمۇ تۈز بولمايدۇ.

سىتىشىڭ كېرەك، — دەپتۇ.

— بۇ مەزلۇمنىڭ كېسىلگەن بۇرنى ئېرىنىڭ يوتقىنى ئىچىدىن تېپىلسا، مېنىڭ دېگەنلىرىم يالغان بولسۇن، ئەگەر بۇ مەزلۇمنىڭ بۇرنى ھېلىقى ئۆلۈكنىڭ ئاغزىدىن چىقسا، دېگەنلىرىم راست بولسۇن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئوغرى.

ھاكىم بۇنى دەلىللەش ئۈچۈن دارغا ئېسىلغان يىگىتنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قارىسا، دېگەندەك ئايالنىڭ بۇرنى ئۆلۈكنىڭ ئاغزىدىن چىقىپتۇ. ھاكىم بۇنىڭغا ھەيران قاپتۇ. ھەمنازنىڭ دەۋا قىلغان تۇغقانلىرى شەرمەندە بولۇپتۇ.

خوجەستە تۇتىدىن بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ خاپا بولۇپ، تۇتىنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. بۇنى كۆرگەن تۇتى دەرھاللا سۆزىنى ئۆزگەرتىپ:

— ئەي ئاغىچام، ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ باشقىچە خىياللاردا بولماڭ. يات بىر كىشىگە شۇنچىلىك ۋاپادارلىق قىلىۋاتىسىز. بۇنىڭدىن ئېرىڭىزگە تېخىمۇ ۋاپادار ئىكەنلىكىڭىزنى بىلگىلى بولىدۇ. ئەمدى سىز ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ يىگىتىڭىزنىڭ قېشىغا بېرىڭ. ئۇ سىزنىڭ كېلىشىڭىزنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتسا كېرەك، — دېدى.

خوجەستە تۇتىدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ يىگىتىنىڭ قېشىغا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى. خوجەستە يەنە بارالمىدى. بېيىت:

نەچچە بى، ئۈيلىغان بېرىپ بۇ كېچە،
ۋەسلىنىڭ شادلىقىدا چالغاي ساز.
يەنە بارغۇزمىدى ئۇنى سۇبھى،
ئاشىقلار دۈشمىنىدۇر سۇبھى، خوراز.

— ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئىككىمىز لېۋىمىزنى لېۋىمىزگە يېقىپ سۆيۈشۈۋالايلى، — دەپ لېۋىنى يىگىتنىڭ لېۋىگە يېقىپتۇ. شۇ چاغدا يىگىت جان ئاچچىقىدا ھەمنازنىڭ بۇرنىنى چىشلەپ ئۈزۈۋاپتۇ - دە، جان ئۈزۈپتۇ. ھەمناز بۇرۇنسىز ئۆيىگە كېلىپتۇ. خوتۇنلار تۆھمەتخور كەلگەنلىكى ئۈچۈن ھەمنازمۇ ئېرىنىڭ تونلىرىنى قان بىلەن بوياپ، ئۆتكۈر بىر پىچاقنى ئېرىنىڭ يېنىغا قويۇپ قويۇپتۇ - دە، «ۋاي بۇرنۇم» دەپ ۋارقىراشقا باشلاپتۇ. ھەمنازنىڭ تۇغقانلىرى بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈشۈپ كېلىشىپتۇ. ئۇلار بېھزاتنى باغلاپ، تاڭ ئاتقاندا ھاكىمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ بۇرۇننىڭ داۋاسىنى قىپتۇ. ھاكىم بېھزاتتىن:

— بۇ قانداق ئىش؟ — دەپ سوراپتۇ.

بېھزات ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوقلۇقىنى ھاكىمغا بايان قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ھاكىم ھەمنازدىن:

— سىزنىڭ بۇرنىڭىز نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاخشام ئۇخلاپ قالغانىدىم، بىر چاغدا بۇرنۇم قاتتىق ئاغرىپ كەتتى، كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام ئېرىم بۇرنۇمنى كېسىۋېتىپتۇ. مەن ھاكىمدىن قانغا قان ئېلىپ بېرىشىنى سورايمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھەمناز.

ھاكىم ھەمنازنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بېھزاتنىڭ بۇرنىنى كېسىشكە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. ھېلىقى ئوغرى ھەمنازنىڭ كەينىدىن يۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئەينەن ئەھۋالنىڭ ھەممىسىنى بىلىدىكەن. ئۇ بىر بىگۇناھ ئادەمنىڭ بۇرنىنىڭ كېسىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ھاكىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ بولغان ئەھۋاللارنى بىرمۇ بىر بايان قىپتۇ. ھاكىم:

— سېنىڭ بۇ گۇۋاھلىقىڭ ئۈچۈن دەلىل - ئىسپات كۆر-

پېشۋاسى ئىدى. ئۇ كىشىلەرگە: «نەپسى يامان كىشىلەرنىڭ كۆڭلى دائىم ئاچلىقتا ئۆتىدۇ، ھېرىسمەن كىشىلەر ھېچ ۋاقىت بېيىمايدۇ، مەخلۇقتىن ياردەم سورىغان ئادەم مۇرادىغا يېتەلمەيدۇ» دېگەنىكەن.

— ئەي ئاغىچام، توغرا دەيسىز، — دېدى تۇتى، — لېكىن خاتىرجەم بولۇڭكى، مەن سىزنى چوقۇم يىگىتىڭىزنىڭ ۋىسالىغا يەتكۈزىمەن. دانالار: «ھەرقانداق ئىش قىلساڭ ئويلاپ قىل» دېگەن. شۇڭا سىزمۇ ئۇ ئىشقا ياخشىراق ئويلاپ قەدەم بېسىشىڭىز كېرەك. بولمىسا شاپۇرغا ئوخشاش پۇشايمانغا قالىسىز.

— شاپۇر دېگەن كىم؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن پۇشايمان قىلىدۇ؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

تۇتى ھېكايىسىنى باشلىدى:

ئەرەب مەملىكىتىدە ناھايىتى چوڭقۇر بىر قۇدۇق بار ئىكەن. ئۇ قۇدۇق خۇددى دىلبەرنىڭ زىناقلىرىدەك گۈزەل، سۈيى ئابىھاياتتەك لەززەتلىك ئىكەن. قۇدۇق ئىچىدە نۇرغۇن پاقىلار ياشايدىكەن. ئۇ پاقىلارغا شاپۇر ئىسىملىك بىر پاقا پادىشاھ ئىكەن. شاپۇر ناھايىتى تەكەببۇر ئىكەن. شۇڭا ئۇ پاقىلارغا ئازار بېرىشكە باشلاپتۇ. بۇ ئەلەمگە چىدىمىغان پاقىلار:

— شاپۇر بىزگە زۇلۇم سالدى، بىزنىڭ بۇ زۇلۇمغا چىدىغۇچىلىكىمىز قالمىدى. بىز ئارىمىزدىن بىرەيلەننى پادىشاھ قىلايلى، — دېيىشىپ ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىن بىر پاقىنى پادىشاھ قىپتۇ. بېيىت:

# يىگىرمە ئالتىنچى داستان

## پاقىلارنىڭ پادىشاھ شاپۇرنى تەختتىن چۈشۈرگەنلىكى، شاپۇرنىڭ يىلاندىن ياردەم تىلەپ پۇشايمان قىلغانلىقى



يىگىرمە ئالتىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش گوياكى ئالتۇن پاقىدەك ئۆمىلىگەن پېتى مەغرىب ئۇۋىسىغا كىرىپ كەتتى. ئاي مەشرىق تۆشۈكىدىن چىقتى. خوجەستە رۇخسەت سوراش ئۈچۈن تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ھەي قەدىرلىك دوستۇم، — دېدى خوجەستە، — مەن سېنى ئەقىللىق دەپ بىلگەنلىكىم ئۈچۈن ھەر كۈنى سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىپ مەسلىھەتلىرىڭنى ئاڭلايمەن. ئەمما سېنىڭ نەسىھەتلىرىڭدىن ماڭا ھېچقانداق پايدىسى يەتمىدى. بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر مېنىڭ ئۇ يىگىت بىلەن بىرگە بولۇش ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشمىدى. ياقۇپ ئەلەيھىسسالام كەنئانىنىڭ

— ئەي يىلانلارنىڭ شاھى، سىزنىڭ دېگىنىڭىز راستتۇر. مەن بىر ھاجەتمەن بىچارە، سىزنىڭ ئالدىڭىزغا ھاجىتىم بولغانلىقى ئۈچۈن كەلدىم. سىز مەندەك بىر بىچارە ھاجەتمەنگە ياردەم قولىڭىزنى سۇنمىسىڭىز يەنە كىمگە سۇنىسىز، — دەپ بىچارە قىياپەتتە تۇرۇپتۇ.

يىلان پاقىنىڭ بىچارە قىياپىتىگە قاراپ:

— سېنىڭ ماڭا نېمە ھاجىتىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن پاقىلارنىڭ پادىشاھى ئىدىم، قول ئاستىمدىكىلەر ماڭا دۈشمەن بولدى. ئۇلار يەنە بىر پاقىنى ئۆزلىرىگە پادىشاھ قىلىپ، مېنى ئۆز ماكانىمدىن قوغلىدى. ئەگەر سىز ماڭا ياردەم قىلىپ، ئۇ دۈشمەنلىرىمدىن ئىنتىقامىمنى ئېلىپ بەرسىڭىز، سىزدىن يۈز مىڭ مەرتىۋە رازى بولغان بولاتتىم.

— مەنچە بولسا سەن تەكەببۇرلۇق قىلىپ قول ئاستىڭدىكى پاقىلارغا ئازار بېرىپ زۇلۇم سالغان بولۇشۇڭ مۇمكىن، سەن شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، قول ئاستىدىكىلەرگە زۇلۇم سالغان پادىشاھ تەختتە ئۇزۇن ئولتۇرالمايدۇ. پاقىلار ساڭا تولىمۇ ھۆرمەتسىزلىك قىلىپتۇ. مەن ساڭا ياردەم قىلاي، — دەپ ئۇۋىسىدىن چىقىپ، پاقا بىلەن دوست بولۇشقا ئەھدى قىلىشىپتۇ.

— سەن مېنى ھېلىقى قۇدۇق بېشىغا باشلاپ بارغىن. ئاندىن كېيىن مېنىڭ پاقىلارنى ئۆلتۈرۈپ، قۇدۇقنى قانغا بويىغىنىمنى كۆرگىن، — دەپتۇ يىلان.

شاپۇر يىلاننى قۇدۇق بېشىغا باشلاپ بېرىپتۇ. يىلان قۇدۇق ئىچىگە چۈشۈشى بىلەن پاقىلار كۆركىرىشىپ قېچىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يىلان قۇدۇق ئىچىدە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ، شاپۇرنىڭ تائىپىدىن باشقا پاقىلارنىڭ ھەممىسىنى يەپ تۈگىتىپتۇ.

نەخشەبى، زۇلۇم قىلمىغىن ھەرگىز،
زۇلۇمدىن خەلق دىلى كاۋاپ بولغۇسى.
قاي كىشى زۇلۇمغا راۋاج بەرسە،
ئاقىۋەت شۇ كىشى خاراب بولغۇسى.

شاپۇر پادىشاھلىقتىن، خوتۇن - بالىلىرىدىن ئايرىلىپ ئىنتىقام ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ ئاخىرى يىلاندىن ياردەم سوراشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ: «يىلان بىزگە دۈشمەن، مەن شۇ دۈشمەندىن ياردەم سورۇشۇم كېرەك، بۇ دۈشمەن بىلەن دۈشمەننى يوقاتقىلى بولىدۇ» دەپتۇ شاپۇر كۆڭلىدە چوت سوقۇپ.

ئەلقىسسە، بىر كۈنى شاپۇر شۇنداق بىر يىلاننى كۆرۈپتۇكى، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئوتلار چاچراپ، تىلىدىن زەھەر تېمىپ تۇرىدىكەن. شاپۇر يىلاننىڭ ئۇۋىسىغا كىرىپ كەتكىچە قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۇ «مۇشۇ يىلاندىن ياردەم سوراپ باقاي» دەپ ئويلاپ، يىلان ئۇۋىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ بوش ئاۋازدا يىلاننى چاقىرىپتۇ. يىلان ئاۋازنى ئاڭلاپ بېشىنى ئۇۋىسىدىن چىقىرىپ بىر پاقىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. يىلان: «رىزقىم ئۆز ئايىغى بىلەن ئالدىمغا كېلىپتۇ» دەپ ئويلاپ:

— ئەي پاقا، سەن دېگەن بىزنىڭ ئوزۇقىمىز بولىسەن. شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، مېنىڭ ئالدىمغا كەلگەن ھەرقانداق جانلىق ئۆزىنى گۆردە كۆرىدۇ، سەنمۇ ھەم شۇنداق، — دەپ پاقىغا قاراپ ئېتىلماقچى بولۇپتۇ.

بۇنى كۆرگەن پاقا قورققىنىدىن تىترەپ كېتىپتۇ ۋە ئالدىراپ يىلانغا:

تامىقىغىمۇ توغرا كەلمەيدۇ، مەن بۇنىڭغا بىر ئامال قىلىشىم كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ.

— هەي ئاجىزلارنىڭ باش پاناھى، — دەپتۇ شاپۇر يىلانغا، — سىز مەندەك بىر بىچارە هاجەتمەنگە ياردەم قولىڭىزنى سۇندىڭىز. مەن سىزنىڭ بۇ ياخشىلىقىڭىزغا جاۋاب قايتۇرۇشۇم كېرەك. بۇ يەرگە يىراق بولمىغان يەردە ناھايىتى چوڭ بىر كۆل بار. ئۇ كۆلدە بېلىق، پاقا قاتارلىق چوڭ - كىچىك جانىۋارلار هەددى - هېسابسىز كۆپ. ئەگەر شۇ تەرەپكە قەدەم تەشرىپ قىلسىڭىز نازۇ نېمەتلىرىڭىز تېخىمۇ زىيادە بولىدۇ.

— ياخشى، — دەپتۇ يىلان، — ئۇنداق بولسا باشلاپ بارغىن.

شاپۇر يىلاننى ئەگەشتۈرۈپ كۆلگە باشلاپ بېرىپتۇ. يىلان قارىسا ئۇ يەردىكى بېلىق، پاقىلارنىڭ سانى يوق ئىكەن. خۇشاللىقتىن قىن - قىنىغا پاتمىغان يىلان هايت - هۇيت دېگىچە بۇ تەييار ئولجىغا ئۆزىنى تاشلاپتۇ. شاپۇر شۇ پەيتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپتۇ - دە، يار دىيارىدىن، ئۇرۇق تۇغقانلىرىدىن ئايرىلىپ باشقا ياقلارغا كېتىپتۇ. شاپۇر شۇنداق قىلىپ قالغان ئۆمرىنى قايغۇ - هەسرەت ۋە ئازاب - كۈلپەت ئىچىدە ئۆتكۈزۈپتۇ.

يىلان بۇ كۆلدىكى پاقىلارنىمۇ پاك - پاكىز قۇرۇتۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە شاپۇرنىڭ پېيىگە چۈشۈپتۇ. لېكىن قانچە ئىزدىگەن بولسىمۇ ئۇنى تاپالماي ئەپسۇسلانغان هالدا قايتىپ كېتىپتۇ.

تۇتىنىڭ هېكايىسى بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:

— ئەي ئاغىچام، هەرقانداق كىشى ئۆزى قىلماقچى بولغان ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىشى كېرەك. بولمىسا شاپۇرغا

بىر كۈنى يىلان شاپۇرغا:

ئەي ئەزىز، قۇدۇق ئىچىدە پاقا قالمىدى. مەن بۈگۈن ئاچ قالدىم، شۇڭا سەن تائىپەلىرىڭدىن بىرنەچچىنى بىر كۈنلۈك تاماق ئۈچۈن تەييار قىلىپ بەرگىن، — دەپتۇ.

شاپۇر يىلاندىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ياردەم تىلىگىنىدىن پۇشايمان قىلىپتۇ. ئۇ بىرئاز ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن:

— ئەي يىلان شاھى، سىز ماڭا ياردەم قىلىپ، دۈشمەنلىرىمنى يوقاتتىڭىز. بۇ تولىمۇ ساۋابلىق ئىشتۇر. ئەمدى سىز ئۆز ماكانىڭىزغا بېرىپ دوست - بۇرادەرلىرىڭىز بىلەن قوشۇلغايسىز، — دەپتۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان يىلان:

— هاي - هاي بۇنداق دېمە، مەن سەن بىلەن ئەهدى قىلىشقانمەن. سېنى ھەرگىزمۇ يالغۇز تاشلىمايمەن. قالغان ئۆمرۈمنى سەن بىلەن ئۆتكۈزىمەن، — دەپتۇ.

شاپۇر يىلاندىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئۆز كۆڭلىدە: «ھەر قانداق بەندە ئۆز دۈشمىنىدىن پاناھ تىلىسە ئاقىۋىتى يامان بولىدىكەن» دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ. ئۆزى تاپقان ئىشقا يۈز مىڭ پۇشايمان ئېيتىپتۇ. بېيىت:

نەخشەبى، ئىلتىجا قىلما دۈشمەنگە،
بولما مەغرۇر ئۇنىڭكى ھەيۋىسىگە.
تاپقۇچە پۇرسەت ئۇ ساڭا دوستتۇر،
ئاقىۋەت يانغاي ئۆز تەبىئىتىگە.

يىلان زەھەرلىك چىشلىرىنى قالغان پاقىلارغا ئۆزىتىشقا باشلاپتۇ. شاپۇر: «يىلان شۇنچە كۆپ پاقىنى بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا يەپ بولدى. مېنىڭ تائىپەلىرىم ئۇنىڭ بىر كۈنلۈك

# يىگىرمە يەتتىنچى داستان

**چەكمەنچىنىڭ بۆزچىگە ھەسەت قىلغانلىقى**
**ۋە مال - دۇنيا تېپىش ئۈچۈن ئۆز**
**ھۈنىرىنى مەخپىي تۇتقانلىقى**



يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش گويا كى ئالتۇن رەڭلىك پەلەك ئەتلىسىنى توقۇغۇچى ئۇستىدەك مەغرىب دۇكىنىدىن ئورۇن ئالدى. ئاي مەشرىق كارخانىسىدىن چىقتى. خوجەستە ئېسىل تونلىرىنى كىيىپ رۇخسەت سوراش ئۈچۈن تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ئەي جېنىم دوستۇم، يارىمنىڭ ۋىسالىغا يېتىش يولىدا ماڭا نۇرغۇن دوستلۇقلارنى كۆرسەتتىڭ. لېكىن مۇراد-مەقسىتىمگە يەتكۈزەلمىدىڭ، — دېدى.

— ئەي ئاغىچام، — دېدى تۇتى، — سىز مەندىن يامانلايسىز، مەن قۇدرىتىمنىڭ يېتىشىچە سىزگە ياردەم قولۇمنى سۇندۇم ۋە ئەمرىڭىزگە بويسۇندۇم. بەختىڭىز ئۆگدىن

ئوخشاش پۇشايماندا قالدۇ. سىز ئەمدى يىگىتىڭىزنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇڭ، — دېدى.

خوجەستە ئۇ يىگىتنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا تاڭ سۈزۈلۈپ، خوراز چىللاشقا باشلىغانىدى. خوجەستە يەنە كەچنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولدى. بېيىت:

نەخشەبى، ئويلىغان بېرىپ بۇ كېچە،
سۆيگىنىنى ھۇجرىسىدا چالغاي ساز.
سۈبھى يەتكۈزمىدى بۇ ئارزۇغا،
ئاشىقلار دۈشمىنىدۇر سۈبھى، خوراز.



بولدى؟ ھەرقانداق ئىش ھىيلە ۋە تەدبىر بىلەن بولىدۇ. پاراسەت ۋە بىلىم بىلەن بىر ئىش قىلغىلى بولمايدۇ. ئاللا دۇنيادىكى ھەرقانداق نەرسىنى ئىگىسى بىلەن ياراتقان. ئەگەر سەن ئۆز رىزقىڭنى ئالمايمەن دېسەڭمۇ ئۇ رىزقىڭ يەنىلا ساڭا تېگىدۇ. لېكىن باشقا بىرىنىڭ رىزقىنى ئالىمەن دەپ نىيەت قىلساڭمۇ ئۇ بەرىبىر ساڭا تەگمەيدۇ. ھەزرىتى سۇلتان ئىبراھىم ئەدھەم (تەڭرى ئۇ ئەزىزنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلسۇن) مۇنداق دېگەنىكەن: «بىر چاغدا مەن تاماق يەپ ئولتۇرسام، بىر سېرىق ھەرە كېلىپ يەۋاتقان تامىقىمدىن بىرئاز ئېلىپ كەتتى. مەن بۇ ئىشقا ھەيران قېلىپ ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدىم. ئۇ تاماقنى باياۋاندىكى بىر ئەسكى تامنىڭ كەينىدە تۇرغان بىر قارىغۇ قۇشقاچنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى. قۇشقاچ ھەرىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىپ ئاغزىنى ئاچتى. ھەرە ھېلىقى تاماقنى ئۇنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويدى». ئەي زەرىر، خۇداۋەندە كەرىم باياۋاندىكى ئەسكى تامنىڭ ئىچىدە تۇرغان قارىغۇ قۇشقاچنىمۇ رىزقسىز قويمىغان يەردە، ئاۋاتلىقتا يۈرگەن ئادەمنى نېمە ئۈچۈن رىزقسىز قويىدۇ؟ — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان زەرىر:

— ھەي خوتۇن، بۇ دېگىنىڭ راست. ئەمما بەرىكەت ھەرىكەتتىندۇر. ھەرىكەت قىلمىغۇچە بەرىكەتمۇ قولغا كەلمەيدۇ، — دەپتۇ.

زەرىر ئايالى بىلەن خوشلىشىپ نىشاپۇر شەھىرىگە يول ئېلىپتۇ. ئۇ نىشاپۇر شەھىرىگە بارغاندىن كېيىن بىرنەچچە ۋاقىت چەكمەنچىلىك ھۈنىرىنى قىلىپتۇ. ئۇنىڭ ھۈنىرى بازار تېپىپ، نۇرغۇن مال - دۇنياغا ئىگە بولۇپتۇ. زەرىر: «ئەمدى ئۆز شەھىرىمگە قايتىپ بېرىپ بۇ مال - دۇنيالىرىمنى

كەلمىسە مەندە نىمە گۇناھ؟ ئەي ئاغىچام، ئەگەر ئادەمنىڭ ئىرىشچانلىقىدىن بەختى كېلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا بىر چەكمەنچى كۆرسەتكەن ئىرىشچانلىقى ئۈچۈن نۇرغۇن مال ـ دۇنياغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، يەنىلا قۇرۇق قول، ئۈمىدسىز يانمىغان بولاتتى.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

تۇتى ھېكايىسىنى باشلىدى:

ئىراق مەملىكىتىدە زەرىر ئىسىملىك بىر چەكمەنچى بولۇپ، چەكمەن توقۇشتا كامالەتكە يەتكەنىكەن. ئۇ ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ كەچ كىرگىچە بىر سائەتمۇ ئارام ئالماي چەكمەن توقۇيدىكەن. ئەمما بىرنى ئىككى قىلالماي كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. زەرىرنىڭ بىر بۆزچى دوستى بار ئىكەن.

بىر كۈنى زەرىر بۆزچىنىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا بېرىپتۇ. ئۇ بۆزچىنىڭ ئۆيىگە نەزەر سالغۇدەك بولسا خۇددى چوڭ سودىگەرلەرنىڭ ئۆيىدەك زىننەتلىنىپتۇ. داستىخانىمۇ مول ۋە رەڭگارەڭ نازۇ نېمەتلەر تىزىلىپتۇ. زەرىر كۆڭلىدە: «ۋاھ، ئەجەبا مەن دائىم پادىشاھلارنىڭ لىباسىنى توقۇپ تۇرۇپ، بۆزچىدە بار نەرسىلەر مەندە يوققۇ؟ بۇ بۆزچى پۇقرالارنىڭ لىباسىنى توقۇپ بۇنچىۋالا مال ـ دۇنيانى نەدىن تاپقاندۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ.

زەرىر ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئايالىغا:

— بۇ شەھەردە مېنىڭ ھۈنىرىمنىڭ قەدرىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. بۇنداق كېتىۋەرسەم ئاچ قالغۇدەكمەن. مەن باشقا بىر شەھەرگە بېرىپ ھۈنىرىمنى ئىشلىتىپ كۆرەي، ئۇ شەھەردىكىلەر قەدرىمگە يەتسە ئەجەب ئەمەس، سېنىڭچە قانداق؟ — دەپتۇ.

— بۇ بىھۇدە خىيال سېنىڭ كۆڭلۈڭدە قانداق پەيدا

ئىچىدىلا يەنە نۇرغۇن مال - دۇنياغا ئىگە بولۇپتۇ. ئاندىن ئۆز شەھىرىگە راۋان بولۇپتۇ.

زەرىر بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ، ئالدىنقى نۆۋەت مال - دۇنياسىنى ئوغرىغا بەرگەن يەرگە يېتىپ كېلىپتۇ. كەچ كىرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئارام ئېلىپ، ئەتىسى يولنى داۋاملاشتۇرماقچى بولۇپ ئۇخلاپتۇ. ئۇ يەنە ئالدىنقى نۆۋەت كۆرگەن چۈشكە ئوخشاش چۈش كۆرۈپتۇ. ئۇ ئويغىنىپ قارىسا، مال - دۇنياسىنى يەنە ئوغرى ئېلىپتۇ. زەرىر: «گەرچە قۇرۇق قول ئۆيگە بارسام، دۈشمەنلىرىمنىڭ كۈلكىسىگە قالساممۇ، لېكىن تەگرى تائالانىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدىكەن، ئۇنىڭغا نېمە ئامال؟» دەپ ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا ئۆيگە قايتىپ كېلىپتۇ.

خوتۇنى زەرىرنىڭ بۇ ھالەتتە قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ:

— ئەي زەرىر، سېنىڭ بۇ ھالىڭنى كۆرۈپ، شۇنداق بىر ھېكايە ئېسىمگە كېلىپ قالدى: بىر چاغدا بىرىنىڭ ئىتى ئورۇقلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، سەھراغا قويۇۋېتىپتۇ. ئۇ ئىت شۇ دەرىجىدە ئورۇق ئىكەنكى، ئومۇرتقىلىرى ئۈزىراپ يەرگە چۈشۈپ قالاي دەپ قالغانىكەن. بۇ سەھرادا بىر بۆرە چاشقان مارap ئولتۇرغانىكەن. ئۇ ئىتنى كۆرۈش بىلەنلا چاشقاندىن ۋاز كېچىپ ئىتنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپتۇ. بۇنى كۆرگەن چىشى بۆرە ئەركەك بۆرىگە:

— سەن نېمە ئۈچۈن تەييار لوقمىنى تاشلاپ، نېسىنىڭ كەينىدىن ماڭىسەن؟ ئۇ نېسى ئولجىنى قولغا چۈشۈرىمەن دەپ تولا ئاۋارە بولمىغىن، — دەپتۇ.

ئەركەك بۆرە:

— كىچىككىنە نەرسىگە رازى بولۇش جاسارەتسىزلىك

دوستلىرىم بىلەن تەڭ خەجلەي» دەپ ئويلاپ ئۆز شەھىرىگە يول ئاپتۇ.

زەرىر بىرنەچچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، كېچىدە بىر يەرگە كېلىپ چۈشۈپتۇ ـ دە، ئۇخلاپ چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئىككى چىرايلىق ئادەم ئاسماندىن چۈشۈپتۇ. زەرىر ئۇلارنىڭ بىرىدىن:

— سەن كىم بولىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن چەكمەنچىنىڭ بەختى بولىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇ ئادەم.

— زەرىر يەنە بىرىگە:

— سەنچۇ؟ — دەپتۇ.

— مەن چەكمەنچىنىڭ ھۈنىرى، — دەپتۇ يەنە بىرى.

چەكمەنچىنىڭ بەختى شۇنداق دەپتۇكى:

— ئەي ھۈنەر، تەقدىردە چەكمەنچىنىڭ پۇل ـ مالسىز، يوقسۇل ئۆتۈشى بۇيرۇلغان تۇرسا، سەن بۇنچە كۆپ مالنى ئۇنىڭغا نەدىن تېپىپ بەردىڭ؟

— مېنىڭ ئادىتىم شۇكى، ئەگەر كىمكى مېنى ئۆگىنىپ ئىشلەتسە، مەن ئۇنىڭ ئەمگىكىنى ھەرگىز زايە قىلمايمەن. مەن ئۇنىڭ ئەمگىكى ئۈچۈن نۇرغۇن مال ـ دۇنيا يەتكۈزىمەن. ئەمما، ئەگەر سېنىڭ ئىلتىپاتىڭ بولمىسا مېنىڭ بەرگىنىمنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولماس، — دەپتۇ بەختكە.

ئاندىن ئۇ ئىككى كىشى غايىب بولۇپتۇ. بۇنىڭغا ھەيران قالغان زەرىر ئويغىنىپ قارىسا مال ـ دۇنياسىنى ئوغرى ئېلىپ كەتكەنىكەن. زەرىر بۇ ئىشنى كۆرۈپ، چۈشىنىڭ توغرا كېلىپ قالغانلىقىغا تېخىمۇ ھەيران قاپتۇ.

زەرىر يەنە نىشاپۇر شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ بىر مەزگىل چەكمەنچىلىك ھۈنىرىنى قىلىپتۇ. ئۇ قىسقا ۋاقىت

# يىگىرمە سەككىزىنچى داستان

## بىر كۈلالچىنىڭ قارا كىيىم كىيىپ پادىشاھقا خىزمەت قىلغانلىقى



يىگىرمە سەككىزىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش بەئەينى كۈلالچىنىڭ چۆرۈۋەتكەن كوزىسىدەك مەغرىب دەرياسىغا شۇڭغىدى. ئاي گوياكى پەلەكنىڭ كۈمۈش ئەينىكىدەك مەشرىق تەرەپتىن كۆتۈرۈلدى. خوجەستە رۇخسەت سوراش ئۈچۈن تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ھەي قېرىنداشىم، — دېدى ئۇ تۇتىغا، — بىر چاغلاردا مەئمۇن خەلىپىنىڭ ئالدىغا بىر كىشى كېلىپ: «مەن بىر تاغلىق ئەرەب ئوغلانىمەن» دەپتۇ. خەلىپە ئۇنىڭدىن: «نېمە تەلىپىڭ بار؟» دەپ سوراپتۇ. «ھەجگە بارماقچى ئىدىم» دەپتۇ ئەرەب. خەلىپە ئۇنىڭغا: «تولا ئوبدان بولۇپتۇ، يول بولسۇن» دەپتۇ. «بىراق، يول خىراجىتىم يوق» دەپتۇ ئەرەب. خەلىپە: «ئۇنداقتا ساڭا ھەج پەرز ئەمەس» دەپتىكەن، ئەرەب خاپا بولغان ھالدا: «ئەي شاھلارنىڭ شاھى،

ۋە ھورۇنلۇقتۇر. شىر ئەگەر قۇلۇنىنى كۆرسە ئەلۋەتتە توشقانىنى تاشلاپ ئۇنى قوغلايدۇ، — دەپتۇ - دە، ئىتنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېتىپ قاپتۇ.

ئەركەك بۆرە ئىتنىڭ كەينىدىن بىرنەچچە كۈن ئەگىشىپ ماڭغان بولسىمۇ، لېكىن ئىتنىڭ ئومۇرتقىلىرى چۈشۈپ قالماپتۇ. بۇنىڭ بىلەن بىچارە بۆرە ھەر ئىككىسىدىن قۇرۇق قېلىپ بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا قايتىپ كەتكەنىكەن.

تۇتى ھېكايىسىنى ئېيتىپ بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:

— ئەي ئاغىچام، ئادەملەرنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ھېچ نەرسە ھاسىل بولمايدۇ. ھەرقانداق نەرسە بەختنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئېچىلىدۇ. ئەگەر تىرىشچانلىق بىلەن بەخت ھاسىل بولىدىغان بولسا زەرىر ھەرگىزمۇ ئۇ ھالغا چۈشۈپ قالمىغان بولاتتى، بۆرىمۇ نائۇمىد كەتمىگەن بولاتتى. لېكىن سىزگە تەلەي دوست، بەخت يار بولماقتا. شۇڭا ئەمدى سىز سۆيگىنىڭىزنىڭ قېشىغا بېرىپ مۇراد - مەقسىتىڭىزگە يېتىڭ، — دېدى.

خوجەستە تۇتىدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يىگىتنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا كېچىنىڭ قارا كىيىملىك لەشكەرلىرى سۈبھى قوشۇنىغا تەسلىم بولۇپ ئاق بايراق چىقارغانىدى. شۇڭا خوجەستىنىڭ بېرىشى ئاخشامغا قالدى. بېيىت:

نەخشەبى، ئويلىغان بېرىپ بۇ كېچە،
بەخت - تەلەي بېغىدا چالغاي ساز.
سۈبھى ئولتۇردى بەختىگە بۇ قېتىم،
ئاشىقلار دۈشمەنىدۇر سۈبھى، خوراز.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، پادىشاھقا بىر زور دۈشمەن ھۇجۇم قىلىپ كېلىپتۇ. پادىشاھ كۈلالچىنى لەشكەر باشلىقى قىلىشنى ئويلاپ ئۇنىڭ ئەسلى نەسەبىنى سوراپتۇ. كۈلالچى ھەممە ئەھۋالنى راستلىقى بىلەن پادىشاھقا ئېيتىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ ئەسلى نەسەبىنى بىلگەندىن كېيىن كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە باشقا بىر پالۋاننى لەشكەر باشلىقى قىلىپتۇ. كۈلالچى راست سۆزلىگىنىگە پۇشايمان قىلىپتۇ ۋە ھەقىقىي ئەھۋالنىڭ ئاشكارىلانغانلىقىدىن شەرمەندە بولۇپتۇ.

— ئەي شاھىم، — دەپتۇ كۈلالچى پادىشاھقا، — بۇرۇن مەن ئادەتتىكى پۇقرا ئىدىم. بۇ بارگاھقا كەلگەندىن كېيىن ۋۇجۇدۇم كۈچ - قۇۋۋەتكە تولۇپ، مېنىڭ پالۋانلىقىم ئاشكارا بولدى. ئەگەر ئۇ ئەمەلنى بەرسىڭىز بۇنىڭ نېمىسى يامان؟

پادىشاھ كۈلالچىغا:

— سېنىڭ ئەسلى نەسەبىڭ ئاشكارا بولدى. ھەممە ئىشقا ئۆز لايىقىدا ئادەم كېرەك. لەشكىرىي ئەمەل ھەممە ئادەم قىلىۋېرىدىغان ئىش ئەمەس. بۇ خۇددى بۆرە كۈچۈكى بىلەن شىرنىڭ ئاسلىنى ئوتتۇرىسىدا سادىر بولغان ۋەقەگە ئوخشاش ئىشتۇر، — دەپتۇ.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ كۈلالچى.

— بىر چەكسىز كەتكەن يايلاق بولۇپ، خۇددى گۈلىستانلىق ھەرەمگە ئوخشاش گۈلزارلىق ئىكەن، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ پادىشاھ، — بىر كۈنى بىر شىر سەھرادا شىكار قىلىپ قايتىپ كېلىشىدە، بىر بۆرىنىڭ تۇغۇلغىنىغا بىرنەچچە كۈن بولغان كۈچۈكىنى كۆرۈپ قاپتۇ. شىر بۆرىنىڭ كۈچۈكىنى خۇددى ئاسلاننى ئاغزىغا سالغاندەك چىشلىگىنىچە چىشى شىرنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپتۇ.

مەن بۇ دەرگاھقا پەتىۋا سوراپ ئەمەس، خىراجەت سوراپ كەلدىم» دەپتۇ. ئەي تۇتى، مەنمۇ سەندىن ۋەز - نەسىھەت ئاڭلىغىلى ئەمەس، رۇخسەت تىلىگىلى كەلدىم.

ئەي خوجەستە، — دېدى تۇتى، — ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىغا كۆلۈش ئورۇنسىزدۇر. سىزنىڭ نەسەبىڭىزغۇ ياخشى. لېكىن سۆيگىنىڭىزنىڭ ئەسلى نەسەبى تېخى مەلۇم ئەمەس. شۇنداقتىمۇ سىز ئۇنىڭغا كۆڭۈل باغلاۋاتىسىز. بۇ خۇددى بىر كۇلالچىنىڭ پادىشاھ ئالدىدا ئەسلى نەسەبى ئاشكارا بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن پادىشاھنىڭ ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ ئىلتىپات كۆرسەتكىنىگە ئوخشاش ئىشتۇر، — دېدى.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

تۇتى ھېكايىسىنى باشلىدى:

بۇرۇنقى زاماندا بىر كۇلالچى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ ئۆز ھۈنىرىدە ناھايىتى كامالەتكە يەتكەنىكەن. ئۇ بىر كۈنى شاراب ئىچىپ مەست بولۇپ قېلىپ، ئۆزى ياسىغان كوزىلارنىڭ ئۈستىگە يىقىلىپ، يۈز - كۆزلىرىنى يارا قىلىۋاپتۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ جاراھەتلىرى ساقايغان بولسىمۇ، لېكىن چىرايىدا جاراھەت ئىزلىرى قاپتۇ. بىر نەچچە يىلغىچە كۇلالچىنىڭ شەھىرىدە يامغۇر ياغماي قەھەتچىلىك يۈز بېرىپتۇ. كۇلالچى ھۈنىرىنى ئاقتۇرالماي ئۆز شەھىرىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ باشقا بىر مەملەكەتكە يېتىپ بارغاندىن كېيىن سىپاھ قىياپىتىگە كىرىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ يۈزىدىكى تاتۇقلارنى كۆرۈپ: «بۇ چوقۇم پالۋان بولسا كېرەك، ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىدىكى تاتۇق قىلىچلارنىڭ ئىزى بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپتۇ - دە، ئۇنى پالۋانلار قاتارىغا قوشۇپ قويۇپتۇ.

بالىلىرى تۇغۇلۇشىدىنلا يۈرەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن چىشلىـ
رىنى بىلىشىپ پالىغا خىرىس قىلىپتۇ. بۆرە كۈچۈكى بولسا
قورققىنىدىن بەدەر قېچىپتۇ. شىرنىڭ بالىلىرى ئاكىسىنىڭ
قېچىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئۆيىگە
قايتىپ كېلىپ بولغان ئەھۋالنى ئانىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.
بۇنى ئاڭلىغان چىشى شىر:

ئەي بالىلىرىم، ئاكاڭلار بولسا شىكاردا قولغا چۈشكەن
بۆرىنىڭ نەسلىدۇر. شۇڭا ئۇنىڭ قولىدىن جەڭ ئىشى
كەلمەيدۇ. شىرلار قىلغان ئىشنى ئۇ ھەرگىزمۇ قىلالـ
مايدۇ، — دەپتۇ.

پادىشاھ ھېكايىسىنى تاماملىغاندىن كېيىن كۇلالچىغا:

— ئەي كۇلالچى، ھېلىقى بۆرە كۈچۈكىنىڭ قولىدىن
ھېچقانداق ئىش كەلمىگىنىگە ئوخشاش، سېنىڭ قولۇڭدىنمۇ بۇ
ئىش كەلمەيدۇ. لېكىن مەن سېنى كۇلالچىلىقتا قوبۇل قىلـ
مەن. سەن بۇ ئۆمرۈڭدە شۇ كەسپىڭ بىلەن ئۆتىسەن. مەن
سېنىڭ ھۈنىرىڭنى ھەرگىزمۇ نابۇت قىلمايمەن. چۈنكى بىر
ئادەمنى باشتا يۆقىرى كۆتۈرۈپ كېيىن يەرگە ئۇرۇش ۋاپادار-
لىقنىڭ قائىدىسىگە خىلاپتۇر، — دەپتۇ.

تۇتىنىڭ ھېكايىسى بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:

— ئەي ئاغىچام، بىر ئادەمنىڭ ياخشى ياكى يامان
نەسەبلىك ئىكەنلىكى ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىندۇر. ئۇنى
بىلىشنىڭ يولى ناھايىتى كۆپ. مەسىلە قانداق ئۇسۇل ئار-
قىلىق بىلىشتە. سىز ئەمدى يىگىتىڭىزنىڭ قېشىغا بېرىپ،
ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇڭ، — دېدى.

خوجەستە تۇتىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇ يىگىتىنىڭ يېنىغا
بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا تاڭ سۈزۈلۈپ،
قۇياش خۇددى ھەيۋەتلىك شىردەك شەرق ئورمانزارلىقىدىن

— مېنىڭ بوغۇنكى رىزقىم بىر پارچە گۆش بولدى. ئەمما ئۇنى يېيىشكە كۆڭلۈم ھېچ ئۇنىمايۋاتىدۇ. بوگۇن ئۇنى يېگىنىم بىلەن ئەتە بەربىر ئاچ قالىمەن. مەن نېمىلا بولمىسا ئاچلىققا چىدايمەن. لېكىن سەن چىدىمايسەن. شۇڭا بۇنى سەن يېگىن، — دەپتۇ ئەركەك شىر.

— سەن ئەركەك شىرسەن، — دەپتۇ چىشى شىر، — ئەرلەرنىڭ كۆڭلى قاتتىق بولىدۇ. رەھىمسىزلىك ساڭا يارىشىدۇ، سەن شۇنداق تورۇقلۇق ئۇنى يېيىشكە ئىچ ئاغرىتىۋاتامسەن؟ مەن بولسام چىشى شىرمەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىككى كىچىك بالام بار. بالىلارغا رەھىمدىللىك قىلىش مەندىكى ئالاھىدە بىر خۇسۇسىيەتتۇر. شۇنداق تۇرۇپ مەن ئۇنى قانداقمۇ يەيمەن؟ ئەگەر رۇخسەت قىلساڭ، مەن ئۇنى ئېلىپ قېلىپ خۇددى ئۆز بالامغا ئوخشاش باقاي.

ئەركەك شىر ماقۇل بولۇپتۇ. بېيىت:

نەخشەبى، رەھىم قىل كىچىكلەرگە،
بولساڭ ئاقىل بۇ سۆزنى ئوبدان بىل.
سەن ئاشۇ شىر كەبى رەھىمدىل بول،
ئاجىزۇ مىسكىنلەرگە شەپقەت قىل

چىشى شىر بۆرە كۈچۈكىنى ئوبدان پەرۋىش قىلىشقا باشلاپتۇ. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپتۇ. شىرنىڭ بالىلىرى: «بۇ بىزنىڭ چوڭ ئاغىمىز ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىشىپتۇ. بۆرىنىڭ بالىسىمۇ شىرنىڭ بالىلىرىنى: «بۇلار مېنىڭ ئىنىلىرىم ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ ئۇلار بىلەن بىللە ئوينىشىپ كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ ئوچىسىدىكە بىر پىل ئۇچراپتۇ. شىرنىڭ

# يىگىرمە توققۇزىنچى داستان

## مولۇننىڭ شىر ماكانىنى ئىگىلىۋالغانلىقى ۋە ھىيلە ئارقىلىق مايمۇن بىلەن شىرغا تاقابىل تۇرغانلىقى



يىگىرمە توققۇزىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش گويا كى ھەيۋەتلىك شىردەك مەغرىب ئورمانزارىغا كىرىپ كەتتى. ئاي خۇددى مولۇندەك شەرق جاڭگىلىدىن چىقتى. خوجەستە خاس ھۇجرىسىدىن چىقىپ تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ئەي شىرىن سۆزلۈك جانىۋار، — دېدى ئۇ تۇتىغا، — سەن ھالىمدىن خەۋەرسىز بولساڭ كېرەك. ئەگەردە مېنىڭ غېمىمنى يېگەن بولساڭ نېمە ئۈچۈن ماڭا ئىجازەت بەرمەيسەن؟

— ئەي ئاغىچام، چىچىڭىزنىڭ ئۇزۇنلۇقى، ياقىڭىزنىڭ ئەگرىلىكى، ھەرىكىتىڭىزنىڭ گۈزەللىكى ھەققى، قاپقارا كۆزلىرىڭىز، ئاپئاق بىلەكلىرىڭىز، ئىنچىكە بەللىرىڭىز ھۆرمىتىدىن

كۆتۈرۈلۈشكه باشلىدى. خوجەستەنىڭ بىرىشى يەنە كەچقۇرۇن-
غا قارار تاپتى. بېيت:

نەخشەبى، ئۆيلىغان بىرىپ بۇ كىچە،
يارىغا قوشۇلۇپ بىرگە چالغاي ساز.
بەرمىدى سۇبھى ئۆچرىشىش پۇرسىتى،
ئاشىقلار دۈشمىنىدۇر سۇبھى، خوراز.



بىر كۈنى چېشى مولۇن:

— ئەي ئىنىم، سەن بۇ جايدىن قايتىپ كەتكىن، بولمىسا شىرنىڭ قولىدا ھالاك بولىسەن، — دەپتۇ.

— ئەي خوتۇن، شىرنىڭ باشقا جايدا ماكانى بار، ئەگەر ئۇ قايتىپ كەلسە مەن ھىيلە ئىشلىتىپ ئۆزۈمنى سالاپ قالىمەن، — دەپتۇ ئەركەك مولۇن.

— ھەرقانداق ئىشنى ھىيلە-مىكىر بىلەن ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ، — دەپتۇ چېشى مولۇن — بىراق سەن ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىمەن دەپ، خۇددى ھېلىقى بۆرىنىڭ قىلغان ھىيلىسى ئاخىر ئۆزىگە زىيان بولغىنىغا ئوخشاش زىيان تارتىسەن.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئەركەك مولۇن.

چېشى مولۇن ھېكايىسىنى مۇنداق باشلاپتۇ:

— بىر كۈنى بىر بۆرە ئىتنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ بىر بۇلۇڭغا يوشۇرۇنۇپتۇ. ئىت ئۆي ئالدىغا كېلىپ باشقا بىرسىنىڭ ئاياغ ئىزىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: «ھازىر ئۆيگە كىرىشكە بولمايدۇ، ئەگەر بىرەر دۈشمەن ماراپ تۇرغان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا ئىشىم چاتاق بولىدۇ» دەپ ئويلاپتۇ-دە، ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ:

— ئەي ئۆيۈم، — دەپ ۋارقىراپتۇ. ئۆيدىن ھېچقانداق ئاۋاز چىقماپتۇ. ئىت يەنە:

— ئەي ئۆيۈم، ئىلگىرى سەن چاقىرغان ھامان جاۋاب بېرەتتىڭ. ئەگەر سەندىن جاۋاب بولمىسا مەن قايتىپ كېتەتتىم. بۈگۈن ساڭا نېمە بولدى؟ — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان بۆرە: «بۇ ئۆينىڭ خاسىيىتى شۇنداق بولسا كېرەك. ئەگەر ئۇ يەنە چاقىرسا مەن ئۇنىڭ ئۆيى

شۇنداق قەسەم قىلىمەنكى، مېنىڭ كىچە ـ كۈندۈز ئويلايدى-
غىنىم سىزنى قانداق قىلىپ پاتراق مۇرادىڭىزغا يەتكۈزۈش
ئىشىدۇر. سىزگە نەسىھەتىم شۇكى، ئەگەردە سىز يېگىتىڭىزنىڭ
قېشىغا بارغاندىن كېيىن بېشىڭىزغا بىرەر كېلىشمەسلىك
كەلسە، خۇددى مولۇننىڭ ئۆزىنى شىردىن قۇتۇلدۇرغىنىغا
ئوخشاش، ئۇ كېلىشمەسلىكتىن ئۆزىڭىزنى ئەپچىللىك بىلەن
قۇتۇلدۇرغايسىز، — دېدى تۇتى.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

تۇتى ھېكايىسىنى باشلىدى:

بۇرۇنقى زاماندا بىر شىر بار ئىكەن، ئۇنىڭ ناھايىتى
مەككار ۋە زېرەك بىر مايمۇن ياساۋۇلى بار ئىكەن. شىرنىڭ
ھەممە ئىشىنى شۇ مايمۇن قىلىدىكەن.

بىر كۈنى شىر باشقا بىر ياققا سەپەر قىلماقچى بولۇپ،
ئورمانزارلىقنى مايمۇنغا تاپشۇرۇپتۇ. شىر شۇنى چۈشىنىپ
يەتمىدىكى، قاغا ھەرگىزمۇ بۇركۈتنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ.

مولۇن شىرنىڭ باشقا بىر جايغا كەتكەنلىكىنى ئاڭلى-
غاندىن كېيىن ئورمانزارغا كېلىپتۇ ـ دە، خۇشاللىقتىن قىن ـ
قىنىغا سىغماي قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ مولۇن بۇ جايغا
ئورۇنلىشىۋاپتۇ. مايمۇن بۇ ئىشتىن غەزەپلىنىپ:

ئەي مولۇن، سېنىڭ يۈرىكىڭ نېمانچە چوڭ، بۇ جاي
ھەممە جانىۋارلارنىڭ پادىشاھى بولغان شىرنىڭ ماكانىدۇر،
ساڭا بۇ يەردە تۇرۇشقا كىم رۇخسەت قىلدى؟ — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان مولۇن:

— بۇ دېگەن ئۆزۈمنىڭ ماكانى. بۇ جاي ماڭا
ئاتا ـ بوۋامدىن مىراس قالغان. بۇ ھەقتە مېنىڭ قولۇمدا
تىلخەت ۋە دەستىكىم بار، — دەپتۇ.

مايمۇن بۇنىڭغا ھېچقانداق ئامال قىلالماپتۇ.

ھەددى ئەمەس، — دەپتۇ.

— ئەي شاھىم، بۇ دۇنيادا سىزدىنمۇ كۈچلۈك ھايۋان بارمىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ مايمۇن.

— جاھان بۇنداق ئىشلاردىن خالى ئەمەس. خۇدايتائالا ھەرقانداق كۈچلۈك بىرىنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر كۈچلۈك مەخلۇقنى ياراتقاندۇر. تاش ھەرقانچە قاتتىق بولسىمۇ ئۇنى بەربىر تۆمۈر يانجىپ تاشلايدۇ. تۆمۈر قاتتىق بولغىنى بىلەن ئوتتا ئېرىپ كېتىدۇ. ئوت ھەرقانچە يالقۇنجاپ كۆيگىنى بىلەن سۇ ئۆچۈرىدۇ. سۇ ھەرقانچە سۈزۈك بولغىنى بىلەن تۇپراق كۆمۈپ تاشلايدۇ. تۇپراقنى بولسا ئادەملەر ئاغدۇرۇپ تېرىقچىلىق قىلىدۇ، — دەپ بارلىق لەشكەرلىرىنى يىغىپ، مولۇن بىلەن ئۇرۇش قىلماقچى بولۇپتۇ.

ئەركەك مولۇن ئورمانزارلىقتا تاماشا قىلىشقا باشلاپتۇ. چىشى مولۇن:

— ئەي ئېرىم، بۈگۈن مېنىڭ ئەندىشە قىلغىنىمدەك ئىش بولىدىغان بولدى، — دەپتۇ.

— سەن خاتىرجەم بولغىن، ئەگەر شىر ئىشىك ئالدىغا كېلىپ قالسا سەن بالىلارنى يىغلاتقىن، شۇ چاغدا مەن: «بالىلار، نېمە ئۈچۈن يىغلايسىلەر؟» دەپ سەندىن سورىسام، سەن: «بالىلار شىرنىڭ گۆشىنى يەپ ئۆگىنىپ قالغانىكەن، شۇڭا ئۇلار باشقا گۆشنى يېيىشكە ئۇنىماي شىرنىڭ گۆشىنى يەيمىز دەپ يىغلاۋاتىدۇ» دېگىن، — دەپتۇ ئەركەك مولۇن.

بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندە شىر مولۇننىڭ ئۆيى ئالدىغا كېلىپتۇ. چىشى مولۇن شىرنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ بالىلىرىنى يىغلىتىپتۇ. بالىلىرىنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئەركەك مولۇن:

— ئەي خوتۇن، بالىلار نېمىگە يىغلايدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئورنىدا جاۋاب بېرەي، بولمىسا ئۇ قايتىپ كەتسە مېنىڭ ئويلىغان ھىيلە – مىكىرلىرىم بىكارغا كېتىدۇ» دەپ ئويلاپتۇ.

ئۇ ئۈچىنچى قېتىم:

— ئەي ئۆيۈم، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— لەببەي، دانىشمەنلەرنىڭ پۇشتى، — دەپ جاۋاب قايتۇرۇپتۇ بۆرە.

ئۇ بۇ ئاۋازدىن ئۆيگە بۆرىنىڭ كىرىۋالغانلىقىنى بىلىپتۇ.

يېقىن ئەتراپتا بىر قويچى بار ئىكەن. ئۇ قويچى بۆرىنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقانىكەن. ئۇ قويچىنىڭ يېنىغا بېرىپ بولغان ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. قويچى بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۆينىڭ ئىشىكىنى يوغان بىر تاش بىلەن تىرەپ قويۇپتۇ. بۆرە ئۆي ئىچىدىن چىقالماي بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۆلۈپ قاپتۇ.

بۇ ھېكايىنى ئاڭلىغان ئەركەك مولۇن:

— ئەي خوتۇن، بۇ بىر بۆرىنىڭ ھېكايىسى ئىكەن. بۆرىدە ئەقىل دېگەن نېمە قىلسۇن. ئەگەر ئۇنىڭ ئەقلى بولغان بولسا، ئۇ چاقىرغاندا ھەرگىز جاۋاب بەرمىگەن بولاتتى، — دەپتۇ.

بۇ ئىككىسى شۇ سۆزلەرنى قىلىشىپ تۇرغاندا شىرنىڭ ھۆركىرەپ كەلگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. مايمۇن بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، مولۇننىڭ ئىشلىرىنى ۋە ئۆزىنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان شىر:

— ھوي نېمە دەۋاتىسەن؟ بۇ مولۇننىڭ ماكانى ئەمەس. قارىغاندا ئۇ تولىمۇ يىرتقۇچ ھايۋان بولۇپ، مەندىن كۈچلۈك ۋە قامەتلىك بولسا كېرەك. بولمىسا بۇنداق قىلىش ئۇنىڭ

بۇنى ئاڭلىغان شىر مولۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ: «مايمۇن مېنى ھىيلە - مىكىر بىلەن ھالاك قىلماقچى بولغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ ئۇ يەردىن بەدەر قېچىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شىر بۇ تەرەپكە ھەرگىزمۇ قەدەم باسماپتۇ. مولۇن بولسا قالغان ئۆمرىنى ئورمانلىقتا خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈپتۇ.

تۇتىنىڭ ھېكايىسى بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:

— ئەي ئاغىچام، يىگىتىڭىزنىڭ يېنىغا بارغاندا، سىزمۇ شىرنىڭ مولۇندىن ھوشيار بولغىنىدەك ھوشيار بولۇڭ. ئەمدى ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ ئاشىقىڭىزنىڭ قېشىغا بېرىپ، كۆڭلىڭىزنى ئېچىڭ، — دېدى.

خوجەستە تۇتىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يىگىتنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى. خوجەستە يەنە كەچقۇرۇننى كۈتۈشكە مەجبۇر بولدى. بېيت:

نەخشەبى، ئويلىغان بېرىپ بۇ كېچە،
ئۈچرىشىپ يارى بىلەن چالغاي ساز.
بەرمىدى سۈبھى ئۈچرىشىش پەيتى،
ئاشىقلار دۈشمىنىدۇر سۈبھى، خوراز.



— سىنىڭ شىر ئۆلتۈرىدىغان چاكىرىڭىنىڭ دۆلىتىدە گۆشلەر تولا ئىدى. بۇ يەردە شىرنىڭ گۆشى كەم ئىكەن. شۇڭا باللار شىر گۆشى يەيمىز دەپ يىغلىشىۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بىرىپتۇ چىشى مولۇن.

— سەن ئۇلارنى بىرئاز ئالداپ تۇرغىن، بۇ ماكانىنىڭ ئىگىسى بولغان شىر باشقا بىر ياققا كىتىپ قاپتۇ. ئاڭلىسام بۈگۈن قايتىپ كىلىدىكەن، ئەگەر ئۇ شىر قايتىپ كەلسە مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئىچ - قارنىنى يىرىپ ئۇلارغا بىرىمەن، — دەپتۇ ئەركەك مولۇن.

شىر بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كىيىن قاچقان پىتى مايمۇننىڭ ئالدىغا كىلىپ:

— مەن ساڭا دىمىدىممۇ، مىنىڭ ئۆيۈمنى بىر كۈچلۈك دۈشمەن ئىگىلىۋاپتۇ، — دەپتۇ.

— ئەي شاھىم، سىز مولۇننىڭ گەپلىرىدىن قورقۇپ كىتىپسىز. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۆينىڭ ئىچىدىكى بىر ئاجىز جانىۋاردۇر. پىلنىڭ پاشىدىن قورقۇپ ئۆز ماكانىنى تاشلاپ بەرگىنى نەدە بار؟ — دەپتۇ مايمۇن.

شىر بۇنى ئاڭلىغاندىن كىيىن كۆڭلى بىرئاز ئورنىغا چۈشۈپ، يەنە مولۇننىڭ ئۆيىگە بىرىپتۇ. مولۇن بۇنى كۆرۈپ چىشى مولۇنغا:

— باللارنى يەنە يىغلاتقىن، — دەپتۇ.

چىشى مولۇن باللىرىنى يەنە يىغلىتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئەركەك مولۇن:

— ئەي خوتۇن، باللارنى بىرئاز ئالداپ تۇرغىن، شىر بۈگۈن چوقۇم قايتىپ كىلىدۇ. مىنىڭ ناھايىتى مەككار بىر مايمۇن دوستۇم بار، ئۇ ماڭا بۈگۈن قانداقلا بولمىسۇن بىر ئىلاج قىلىپ شىرنى باشلاپ كەلمەكچى، — دەپتۇ.

— ئەي ئاغىچام، ھەر قانداق كىشى تۆت خىل ئىللەتتىن ساقلانسا ئۇ كىشىگە ھېچقانداق يامانلىق كەلمەيدۇ. بۇ تۆت خىل ئىللەتنىڭ بىرىنچىسى ئاچچىقى يامانلىق، ئىككىنچىسى مەسخىرىۋازلىق، ئۈچىنچىسى ھورۇنلۇق، تۆتىنچىسى ئالدىراڭغۇلۇق. شۇڭا سىز بۇ ئىشتا سەۋر قىلىشىڭىز كېرەك. ئەگەردە بىردىر پېشكەللىككە ئۇچرىسىڭىز زىننە ئىسىملىك خوتۇن ئۆزىنى يولۋاستىن قۇتۇلدۇرغىنىغا ئوخشاش سىزمۇ بۇ پېشكەللىكتىن قۇتۇلغايسىز، — دېدى تۇتى.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

— بۇرۇنقى زاماندا بىر مەزلۇم بار ئىكەن، — دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى تۇتى، — ئۇ مەزلۇم ناھايىتى ئۇرۇشقاق بولۇپ، خۇيى ئىنتايىن يامانىكەن. ئۇنىڭ ئىسمى زىننە بولۇپ، ئېرى ئۇنىڭ تىل - ئاھانىتىنى ئىشتىسمۇ كۈنىنى سەۋر قىلىپ ئۆتكۈزىدىكەن.

بىر كۈنى زىننە ئېرىگە خۇيلىنىپ، تولىمۇ قوپال سۆزلەر بىلەن ئۇنى ھاقارەتلەپتۇ. بۇ ھاقارەتكە چىدىمىغان ئېرى ئۇنى تېپىپ - ئۇرۇپ ئەدىبىنى بېرىپتۇ. ئېرىنىڭ ئۇرغانلىقىدىن قاتتىق خاپا بولغان زىننە، ئىككى بالىسىنى ئېلىپ پۇتى تايغان، بېشى قايغان تەرەپكە قاراپ يول ئېلىپتۇ. ئۇلار شۇ مېڭىشىدا بىر باياۋانغا يېتىپ كېلىپتۇ. ئۇلار قارىغۇدەك بولسا، بۇ باياۋان ناھايىتى چەكسىز كەتكەن بولۇپ، ئۇ يەردىن ئۇچار قۇشلارمۇ ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدىكەن. ئۇلار يا ئالدىغا، يا كەينىگە مېڭىشنى بىلمەي تۇرغىنىدا ئالدى تەرەپتىن بىر يولۋاس زىننەنىڭ بالىلىرىنى يېمەكچى بولۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن زىننە: «ھەرقانداق ئايال ئۆز ئېرىنىڭ سۆزىگە كىرمىسە، ئۇنىڭ جازاسى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. ئەگەر مەن بۇ باياۋاندىن سالامەت كېتەلىسەم، ئېرىمنىڭ سۆزىدىن ھەرگىز چىقمايـ

# ئوتتوزىنچى داستان

**زىنە ئىسىملىك بىر خوتۇن ئىككى بالىسى بىلەن باياۋانغا بارغاندا بىر يولۇۋاسنىڭ ئۇلارغا خىرىس قىلغانلىقى، زىنەنىڭ ھىيلە ئىشلىتىپ يولۇۋاستىن قۇتۇلغانلىقى**



ئوتتوزىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش گوياكى يولۋاستەك ئايلىنىپ ساياھەت قىلىپ، ئاخىر مەغرىب دەرياسىغا شۇڭغىدى. ئاي ئويغىنىپ قوپۇپ، مەشرىق تەختىگە كېلىپ ئولتۇردى. خوجەستە ئىچى قايناپ، كايىغان ھالدا تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ھەي تۇتى، ساڭا مەلۇمكى، دۇنيادا قازا، ئېتىلغان ئوق، ئېيتقان سۆز، ئۆتكەن ئۆمۈردىن ئىبارەت بۇ تۆت نەرسە ھەرگىزمۇ قايتىپ كەلمەيدۇ. ھازىر مېنىڭ ئۆمرۈم غەم - قايغۇ بىلەن زايە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. شۇڭا سەن مېنى بىر قېتىم بولسىمۇ سۆيگىنىم بىلەن ئۇچراشتۇرغىن، — دېدى.

كېلىپ: «ئەي ۋەزىر، بۇ ئىشنى سەن قىلدىڭ. مەن بۇ زەھەرنىڭ تەسىرىدىن ئۆلمەن. سېنىڭ بۇ ئىشىڭ خەلق ئارىسىدا ئاشكارا بولدى. شۇڭا مەن سېنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشتىن ئىلگىرى بۇ شەھەردىن ئۆز جېنىڭنى ئېلىپ چىقىپ كەتكىن» دەپ ئۇ ۋەزىرىگە نۇرغۇن مال - دۇنيا بېرىپ يولغا سېلىپ قويغان. ئەي يولۋاس، سەنمۇ بىر بالام بىلەن مېنىڭ يېرىمىمنى يېگەندىن كېيىن بۇ يەردىن تېزلىك بىلەن كەتكىن، بۇ شىر ھەرگىزمۇ كىشىنىڭ ئاغزىدىن قالغان نەرسىنى يېمەيدۇ. ئەگەر ئۇ مېنىڭ يېرىمىمنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن يېيىلگەنلىكىنى كۆرسە سېنى يېۋېتىشى مۇمكىن، — دەپتۇ زىننە.

يولۋاس بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن زىننەنىڭ ئالدىدىن بەدەر قېچىپتۇ. ئۇ قېچىپ كېتىۋاتسا بىر تۈلكە ئۇچراپ قېپتۇ. تۈلكە يولۋاسنىڭ بىتاقەتلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ھال سوراپتۇ. يولۋاس بولغان ۋەقەنى ئۇنىڭغا بايان قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان تۈلكە:

— ئەي يولۋاس، سەندە يۈرەك بولغان بىلەن ئەقىل يوق ئىكەن. ئادەملەر ناھايىتى ھىيلىگەر كېلىدۇ. ئۇلار ھىيلە ئىشلىتىپ بىزلەرنى تۇتۇپ، تېرىمىزنى سويۇپ ئۇنىڭدىن جۇۋا، شىم قاتارلىق نەرسىلەر تىكىپ كىيىدۇ. ئۇ خوتۇن سەندەك پالۋاننى ھىيلە - مىكىر بىلەن ئازدۇرۇپتۇ. سەن ئۇنىڭ ھىيلىسىگە ئالدىنىپ، تەييار گۆشتىن قۇرۇق قالما. سەن مېنى ئۇ يەرگە بىللە ئېلىپ بارغىن، مەنمۇ «ئارپىنىڭ باھانىسىدە قارىمۇق سۇ ئىچىپتۇ» دېگەندەك سېنىڭ ئوۋلىغان ئوۋۇڭدىن بىرئاز نېسىۋە ھاسىل قىلاي، — دەپتۇ.

— ئەي تۈلكە، ھېلىقى خوتۇننىڭ دېگەنلىرى راست بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر شىر كېلىپ، مېنى ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن يوق قىلسا، سەن بىر چەتتە تۇرۇپ تاماشا كۆرسەن.

«مەن» دەپ ئويلاپ، قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلىپتۇ. زىننە بۇ
بالا - قازادىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىر ھىيلە تېپىپ چىقىپتۇ-دە،
يولۋاسقا قاتتىق ئاۋازدا:
— ھەي يولۋاس، مېنىڭ ئالدىمغا كەلگىن، مېنىڭ ساڭا
دەيدىغان گېپىم بار، — دەپتۇ.
بۇنى ئاڭلىغان يولۋاس ھەيران قېلىپ ئۆز - ئۆزىگە:
«خۇدايا توۋا، بۇ نېمىدېگەن يورەكلىك خوتۇن؟» دەپ ئويلاپتۇ.
— ماڭا دەيدىغان نېمە سۆزۈڭ بار؟ قېنى سۆزلە، —
دەپتۇ يولۋاس.
— ئەي پالۋان، — دەپتۇ زىننە، — بۇ باياۋاندا بىر شىر
بار. ئۇ شۇ قەدەر ھەيۋەتلىككى، بۇ ئالەمنى بىر تېپىك بىلەن
يانجىپ تاشلايدۇ. ھەر كۈنى بىر ئادەم ئۇنىڭ ئوزۇقلۇقى
ئۈچۈن قۇربان بولىدۇ. بۇنىڭغا ھەممە خالايىق رازى، بۈگۈن
نۆۋەت بىزگە كەلدى. مەن بىر مەزلۇم كىشى بولغانلىقىم
ئۈچۈن ھەرقانداق ھاجەتمەننى قۇرۇق قول قايتۇرغان ئەمەس-
مەن. ئەگەر سەن مېنى يېيىشكە قەست قىلغان بولساڭ، سەنمۇ
مەندىن مەھرۇم قالمىغىن. بىر بالام بىلەن مېنىڭ يېرىمىمنى
سەن يېگىن، يەنە بىر بالام بىلەن قالغان يېرىم تېنىمنى
شىرغا قويغىن. شۇنداق قىلغاندىلا سەنمۇ قۇرۇق قول قايت-
مايسەن. بىزمۇ شىرغا قىلغان ۋەدىمىزگە خىلاپلىق قىلغان
بولمايمىز.
يولۋاس بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تېخىمۇ ھەيران بولۇپ:
— ئەي مەزلۇم، مەن بۇ ئۆمرۈمدە سەندەك ئۆزىنى دۈش-
مەنگە قۇربان قىلىدىغان كىشىنى ئۇچراتمىغانىكەنمەن، — دەپتۇ.
— ئەي يولۋاس، بۇنداق ئىشلار ئەۋلىيالار بىلەن پادى-
شاھلار ئۈچۈن ھېچقانچە ئىش ئەمەس. بىر چاغلاردا ئۆمەر
ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئۆزىگە زەھەر بەرگەن ۋەزىرىنى چاقىرتىپ

— سېنىڭ ئەخمەقلىكىڭگە كۈلۈۋاتىمەن، — دەپتۇ تۈلكە، — سەن مېنى پۇتۇڭغا باغلىۋېلىپ ئۆزۈڭگە جاپا سېلىۋاتىسەن، ئەگەر ھېلىقى جادۇگەر خوتۇن مۇشۇ تاپتا كېلىپ سېنى يېمەكچى بولسا قانداق قىلىسەن؟

يولۋاس تۈلكىنىڭ بۇ سۆزىنى توغرا تېپىپ، تۈلكىنى پۇتىدىن يېشىۋېتىپتۇ. تۈلكە بوشانغاندىن كېيىن ئۆز ماكانىغا قايتىپ كېتىپتۇ. يولۋاس بولسا شۇ قاچقىنىچە ئىككىنچى ئادەمگە يېقىن يولىماپتۇ. زىنەئەنە شۇنداق ھىيلە بىلەن ئۆزىنى يولۋاستىن ساقلاپ قاپتۇ.

تۈتىنىڭ ھېكايىسى بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:

— ئەي ئاغىچام، ئەمدى سۆيگىنىڭىزنىڭ يېنىغا بېرىڭ. ئەگەر بىرەر پېشكەللىككە يولۇقسىڭىز زىنە ئۆزىنى يولۋاسنىڭ ئاغزىدىن قۇتۇلدۇرغىنىغا ئوخشاش، ئۇ پېشكەللىكتىن خالاس بولغايسىز، — دېدى.

خوجەستە يىگىتنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى. خوجەستە يەنە كېچىنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولدى. بېيىت:

نەخشەبى، ئويلىغان بېرىپ بۇ كېچە،
يارىنى تاپقاي، بىللە چالغاي ساز.
سۇبھى زادى ئۇنىڭغا تويمىدى يول،
ئاشىقلار دۈشمىنىدۇر سۇبھى، خوراز.

مەن ئۇ يەرگە ئەمدى بارمايمەن، — دەپتۇ يولۋاس.

— ئەي يولۋاس، مېنىڭ دېگەنلىرىمگە ئىشەنمىسەڭ، مېنى پۇتۇڭغا باغلىۋالغىن. ئەگەر شىر كېلىپ قالسا مېنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بەرگىن، دەپتۇ ھىيلىگەر تۈلكە.

يولۋاس تۈلكىنىڭ دېگىنىنى بويىچە ئۇنى ئۆزىنىڭ پۇتىغا باغلاپتۇ - دە، زىنەنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. زىنە بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن: «بۇ چوقۇم ھىيلىگەر تۈلكىنىڭ ئىشى. مەن يەنە بىر ھىيلە ئىشلىتىپ ئۇنىڭ ئەدىبىنى بېرىشىم كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ.

— ئەي يولۋاس، ياخشى كېلىپسەن، — دەپتۇ زىنە، — مەن بىر جادۇگەر خوتۇنمەن. مېنىڭ يەيدىغىنىم شىرنىڭ گۆشى، ئىچىدىغىنىم يولۋاس گۆشىنىڭ شورپىسى. ئۆتكەن قېتىم مەن ساڭا شىرنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بەرسەم خاپا بولۇپ كەتكەنىدىڭ. مەن ساڭا ئۇ ھېكايىنى ئېيتىپ بەرگىنىمگە تولىمۇ پۇشايمان قىلغانىدىم. بۈگۈن سەن ئۆز ئورنۇڭدا بىر تۈلكىنى ئېلىپ كېلىپسەن. ئۇ بىر پارچە گۆش ماڭا ناشتىلىقىمۇ بولمايدۇ. سەن ئۇ تۈلكىنىڭ ئورنىدا شىر ياكى پىل ياكى بولمىسا يەنە بىر يولۋاسنى كەلتۈرسەڭ بولماسمىدى؟ — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان تۈلكە يولۋاسقا:

— ئەي يولۋاس، بۇ مەزلۇم باياۋاننىڭ بالايىئاپىتى، ئاسماننىڭ ئىگىسى ئىكەن. شۇڭا ئۆز جېنىڭنى ئېلىپ قاچقىن، — دەپتۇ.

يولۋاس ئۇچقاندەك قېچىپتۇ. تۈلكىنىڭ بېشى تاشلارغا ئۇرۇلۇپ زەخىملىنىپتۇ. تۈلكە ئاغرىققا چىدىماي كۈلۈپ كېتىپتۇ. يولۋاس:

— ئەي تۈلكە، نېمىگە كۈلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەي ئاغىچام، سىز ئۇ يىگىتكە ئاشىق بولۇپسىز. ئەگەر ئۇ ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەۋلادى بولسا، مەقسىتىڭىزگە يەتكەن بولىسىز. مۇبادا ئۇ تېگى پەس كىشى بولسا، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇشىڭىز مۇۋاپىق بولمايدۇ، — دېدى.

— كىشىلەرنىڭ تېگى - پۇشتىنى قانداق بىلگىلى بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

— بۇنى بىلىش ناھايىتى ئاسان. ھەرقانداق كىشىنىڭ تېگى ئۇبدان بولسا، ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىن مەلۇم بولىدۇ. ئەگەر تېگى پەس بولسا، ئۇ كىشىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ھەرقانچە ئېسىل بولسىمۇ، ئاخىر ئاشكارا بولىدۇ. بۇ خۇددى بىر بۆرىنىڭ ئەسلى نەسلى ئاشكارىلىنىپ قېلىپ رەسۋا بولغىنىغا ئوخشاش ئىشتۇر، — دېدى تۇتى.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

تۇتى ھېكايىسىنى باشلىدى:

بۇرۇنقى زاماندا بىر بۆرە شەھەرگە كىرىشنى ئادەت قىلىۋالغانىكەن. ئۇ دائىم كاسىپ - ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئاياق - قوشۇق، قازان - قومۇچلىرىنى يالاپ ئۆگىنىپ قاپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئاشۇ ئادىتى بويىچە بىر بوياقچىنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ. بۇنى بوياقچى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، قوغلاپتۇ. بۆرە قاچقىنىچە بېرىپ بىر كۆپنىڭ ئىچىگە كىرىۋاپتۇ. بوياقچى بىر ھازا ئىزدىگەندىن كېيىن، تاپالماي ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە بۆرە يوشۇرۇنغان كۆپتە لىقمۇ لىق كۆك رەڭ بار ئىكەن. بۆرە ئۇنىڭ ئىچىدە شۇڭغۇپ يۈرۈپ رەڭگە بويىلىپ كېتىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن ناھايىتى تەستە كۆپنىڭ ئىچىدىن چىقىپتۇ - دە، سەھراغا قاراپ راۋان بولۇپتۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى پەلەك رەڭگىدەك كۆك، كۆرۈنۈشىمۇ پەلەكتەك ھەيۋەتلىك تۈسكە كىرىپتۇ. بۆرە بىر ئورمانلىققا يېتىپ بېرىپتۇ.

# ئوتتۇز بىرىنچى داستان

**بۆرىنىڭ بوياقچى قويۇپ قويغان رەڭ كۆپىگە چۆمۈلۈپ**
**چىقىپ، بارلىق هايۋانلارغا پادىشاه بولۇۋالغانلىقى،**
**ئاخىر ئۇنىڭ ئەسلى قىياپىتى ئاشكارا**
**بولۇپ رەسۋا بولغانلىقى**



ئوتتۇز بىرىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش خۇددى پىرئەۋندەك① نىل دەرياسىغا چۆكۈپ كەتتى. ئاي گويا كى ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالامدەك مەشرىق تىغىدىن نامايان بولدى. خوجەستە رۇخسەت سوراش ئۈچۈن تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى. تۇتى ئۇنىڭغا:

---

① پىرئەۋن — قەدىمكى مىسىر پادىشاھى ۋەلىد ئىبنى مۇسئەبنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى قوغلاپ نىل دەرياسىغا كىرگىنىدە، سۇغا غەرق بولۇپ ھالاك بولغان («قۇرئان كەرىم» مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى، 614 - بەتكە قاراڭ).

مەڭگۈ پادىشاھ بولۇپ ئۆتىدىغان بولىدۇم» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ بارا - بارا قول ئاستىدىكى جانۋارلاردىن نومۇس قىلىپ تەكەببۇرلۇق قىلىشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۆرىنىڭ جىنسىدىن بولغان ئاجىز جانۋارلار ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپتۇ. بۆرە تەپ تارتماستىن ئۆز ئالدىغا ۋارقىراپ - جارقىرايدىغان بولۇپتۇ. بېيت:

نەخشەبى، ياخشىدۇر يىراقنى كۆرۈش،
بۇ كۆزۈڭدە قاراپ كۆرگىنىڭ ئىش ئەمەس.
كۆزۈم ئۆتكۈر دەپ، بولما كۆپ مەغرۇر،
قىل ئەقىل كۆزلىرىنى روشەن، بەس.

بىر كۈنى بۆرە چالۋاقاپ قاتتىق ۋارقىراپتۇ. بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان شىر ۋە يولۋاسلار ئۇنىڭ بۆرە ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ كەم ئەقىللىق قىلغىنىغا پۇشايمان قىلىشىپتۇ. ئۇلار: «بۇ ئەبلەخنىڭ پەرمانىنى تۇتۇپ، ئىتائەت كەمىرىنى بېلىمىزگە باغلاپ يۈرۈپتىمىز. بۇ مەلئۇن بىزگە ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ پادىشاھ بولۇپ يۈرۈپتۇ. بۇ بىزگە نېمىدېگەن ھاقارەت، نېمىدېگەن نومۇس - ھە! بىز ئەمدى بۇنداق خارلىققا ھەرگىز چىداپ تۇرالمايمىز. شۇڭا ئۇنىڭ شاھانە كۆك لىباسىنى سالدۇرۇپ، ئورنىغا ئۆزىنىڭ قېنى ئارقىلىق قىزىل تون كىيدۈرسەك قانداق؟» دېيىشىپتۇ. بۆرە ئۆز سىرىنىڭ پاش بولۇپ قالغانلىقىنى ۋە قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ، بۇ يەردىن قېچىپ كېتىپتۇ ۋە يىراق بىر باياۋاندىكى بۆرىلەر بىلەن قوشۇلۇپتۇ. بۆرىلەر ئۇنىڭغا:

— بىز سېنى ھەممە ھايۋانلارغا پادىشاھ بولۇپتۇ دەپ

بۇ ئورمانلىقتىكى ھايۋانلار بۆرىنىڭ پادىشاھلارغا خاس كۆك رەڭلىك تون پەرىجەلىرىنى كۆرۈپ، قورقىنىدىن ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن شىر، يولۋاس، پىللارمۇ بۆرىنىڭ پەرمانىغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولۇپتۇ. كىشىلەر ماتەم مۇراسىمىدا كىيىدىغان بۇ كۆك رەڭلىك كىيىم بۆرىگە نىسبەتەن سۆر - ھەيۋە، بەلكى خۇشاللىق كىيىمى بولۇپتۇ. بۇ رەڭ بۆرىگە غەم - قايغۇ ئەمەس، بەلكى بەخت - دۆلەت ئېلىپ كېلىپتۇ. بېيىت:

نەخشەبى، بۇ پەلەك ئىشىدۇر ئويۇن،  
مىكىردىن بولمىغايسەن ھەرگىز ئەمىن.  
بىر كۈنى قىلسا ئۇ سېنى خۇش ھال،  
ئاقىۋەت قىلغۇسى يەنە غەمكىن.

بۆرە ئۆز سىرىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن پاش بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئاجىز جانىۋارلارنى يېنىغا تۇرغۇزۇپتۇ. بۆرە جانىۋارلارغا كۆرۈنۈش قىلماقچى بولغاندا ئالدىنىقى سەپكە مۈشۈك، چىلبۆرە ۋە تۈلكىلەرنى، ئىككىنچى سەپكە كېيىك، قوتاز ۋە قۇلانلارنى، ئۈچىنچى سەپكە بۇغا ۋە ئۆكۈزلەرنى، تۆتىنچى سەپكە يىلپىز ۋە يولۋاسلارنى، ئەڭ كەينىدىكى سەپكە شىر ۋە پىللارنى تۇرغۇزۇپتۇ. كاتتا ۋە كۈچلۈك ھايۋانلارنى يېنىغا يېقىن يولاتماپتۇ. بۆرە سۆز قىلسا ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان چىلبۆرىلەرمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ سۆزلەيدىكەن. شۇڭا ھېچقايسى جانىۋار بۇ «پادىشاھ» نىڭ بۆرە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەپتۇ.

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن بۆرە بۇ كۆك رەڭ بىلەن ئۆزىگە كەلگەن بەختتىن مەغرۇرلىنىپ، كۆڭلىدە: «مەن

كۆرگەن كىشىلەر «شىر ئىكەن» دەپ، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشىپتۇ. ئېشەك بارغانسېرى سەمرىپ سودىگەرنىڭ سۆزىنى ئېسىدىن چىقىرىپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ ئۆزى خالىغىنىچە سىرتقا چىقىپ، بىر دېھقاننىڭ ئېتىزلىقىغا كېلىپتۇ. دېھقان ئۇنى كۆرۈپ قورقىنىدىن دەرەخ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ. دېھقاننىڭ قورقۇپ كەتكەنلىكىدىن پەخىرلەنگەن ئېشەك كۆپكۆندۈزدىلا زىرائەتلەرنى چەيلەپ يېيىشكە باشلاپتۇ. دېھقان بۇ «شىر» نىڭ ئوت - چۆپ يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قاپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئېشەكنىڭ قورسىقى تويۇپ، ئۆزىچە «ناخشا ئېيتقۇسى كېلىپ قاپتۇ - دە، دېھقاننىڭ چىرايىغا قاراپ سەت ھاڭراشقا باشلاپتۇ. دېھقان بۇ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتىپ، دەرەختىن سەكرەپ چۈشۈپتۇ. ئېشەكنى تۇتۇپ كېلىپ راسا دۇمبالاپتۇ. ئېشەكنىڭ بىر مەزگىل كىشىلەرگە زىيان سېلىپ ھارامدىن سەمرىگىنى بۈگۈن بۇرنىدىن چىقىپتۇ. بېيىت:

نەخشەبى، ھەر ھۈنەر تىلىڭدا بولۇر،
ھەر بالا كەلسە ئۆز تىلىڭدىن بىل.
بىمەھەل سۆزدىن ئېھتىيات قىلغىن،
ھەر يامان - ياخشىنى ئۆزۈڭدىن بىل.

بۆرە شۇنداق دەپ ھېكايىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ.

تۈتىنىڭ ھېكايىسى بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:

— ئەي ئاغىچام، ھەر قانداق نەرسىنىڭ ياخشى - يامىنى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ. سىز ئۇ يىگىتنىڭ قېشىغا بارغاندىن كېيىن ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايسىز. ئەمدى ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ سۆيگىنىڭىزنىڭ قېشىغا بېرىڭ، — دېدى.

ئاڭلىغانىدۇق، بۇگۈن ئەجەب بۇ يەردە يۈرىسەنغۇ؟ — دەپ سورىشىپتۇ.

بۆرە بولغان ۋەقەلەرنى باشتىن - ئاياغ ئۇلارغا بايان قىلىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان بۆرىلەردىن بىرى:

— سەن ئۇ بەخت دۆلەتكە لايىق بولمىساڭمۇ، لېكىن ئۇ ساڭا نېسىپ بولۇپتۇ. سەن ئۇنىڭ قەدرىنى بىلمەي يەنە ئەسلىدىكى خۇيۇڭنى داۋاملاشتۇرۇپسەن. نەتىجىدە ئۆزۈڭنى رەسۋا قىپسەن. سېنىڭ بۇ ئەھۋالىڭ خۇددى سودىگەرنىڭ ئېشىكىنىڭ ھالىغا ئوخشاش ئىكەن، — دەپتۇ.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ بۆرە.

بىر زامانلاردا بىر سودىگەر بار ئىكەن. ئۇنىڭ بايلىق مەرتىۋىسى يۇقىرى پەللىگە يېتىپ يەنە كەينىگە يېنىپتۇ، بەخت - سائادىتى نەسلىك ۋە پالاكەتلىككە ئالمىشىپتۇ.

سودىگەرنىڭ بىر ئېشىكى بار ئىكەن. ئۇ ئېشەكمۇ ئۆز ئوقۇرىدا ھەپتە - ھەپتىلەپ سامان كۆرمەيدىغان بولۇپتۇ. سودىگەر ئېشەكنىڭ ئاچلىق دەردىدىن ئۆلۈشكە ئاز قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا بىر شىرنىڭ تۇلۇمچە سويۇلغان تېرىسىنى كىيدۈرۈپتۇ. ئاندىن ئېشەككە:

— ھەي جانىۋىرىم، ئەمدى كىشىلەرنىڭ باغ ۋە زىرائەتلىرىگە توسالغۇسىز كىرىپ، بىمالال يۈرەلەيسەن. چۈنكى سېنى ھەممە جانىۋارلار شىر دەپ ئويلاپ، يېنىڭغا يېقىن كېلەلمەيدۇ. لېكىن شۇنى بىلگىنكى، شىر ئوت - چۆپ يېمەيدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ سېنىڭ ئاۋازىڭغا ئوخشىمايدۇ. شۇڭا سەن كۈندۈزى زىنھار سىرتقا چىقماسلىقىڭ، كېچىسى سىرتقا ئوتلىغىلى چىققىنىڭدا ھەرگىز ھاڭرىماسلىقىڭ كېرەك، — دەپ قايتا - قايتا تاپىلاپتۇ.

ئېشەك سودىگەرنىڭ دېگىنىنى بويىچە ئىش قىپتۇ. ئۇنى

## ئوتتۇز ئىككىنچى داستان

**خۇرشىد ۋە ئاتارۇدنىڭ ۋەقەسى، ئۈچ يىگىتنىڭ خۇرشىدقا قەست قىلىپ جاپا سالغانلىقى، كېيىن ئۇ ئۈچەيلەن بالا - قازاغا دۇچار بولغاندا، خۇرشىدنىڭ دۇئاسى سەۋەبىدىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقى**



ئوتتۇز ئىككىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش گوياكى رۇم كېلىنىدەك زەڭگىبار① ۋىلايىتىگە باردى. ئاي خۇددى خوتەن گۈزىلىدەك مەشرىق دىيارىدىن چىقتى. خوجەستە ناھايىتى غەمكىن ھالدا ئىجازەت ئېلىش ئۈچۈن تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ھەي خوتەن زىبالىرىنىڭ سۇلتانى، شەرق سەنەملىرىنىڭ مېھرىبانى، — دېدى ئۇ تۇتىغا، — ھالىڭ نېچۈك

① زەڭگىبار — زەڭگىلەر دۆلىتى (ھەبەشىستان) ھازىرقى تانزانىيە.

خوجەستە يىگىتنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا تاڭ سۈزۈلۈپ، كۈندۈز ۋاڭ - چۇڭلىرى باشلانغانىدى. خوجەستە يەنە كەچقۇرۇننى كۈتۈشكە باشلىدى. بېيىت:

نەخشەبى، ئويلىغان بېرىپ بۇ كېچە،
دىلبىرى زوقى بىلەن چالغاي ساز،
سۈبھى ھېچ بەرمىدى ئاگا پۇرسەت،
ئاشىقلار دۈشمىنىدۇر سۈبھى، خوراز.



ئاڭلىغان خۇرشىد تىترەپ كېتىپتۇ:

— سەن بېرىپ كەيۋانغا ئېيتقىن، ئۇ يامان نىيىتىدىن يانسۇن. مېنىڭ پاك لىباسىمنى گۇناھ نىجاسەتلىرى بىلەن بۇلغىمىسۇن، پاكلىق جايىنامىزىغا قەدەم قويغان كىشى ئىپلاسلىق بېساتىدا قانداقمۇ ئولتۇردۇ؟ كەيۋان بۇنداق غەرەزنى نەپسىنىڭ قولىدا ئەسىر بولغانلارغا بېرىپ ئىلتىماس قىلسۇن، — دەپتۇ. بېيىت:

نەخشەبى، پاكلىقنى ئادەت قىل،
پاسقلار يەتمىگەي مۇرادىغا.
چىن دىلىڭدىن خۇداغا قىل تائەت،
بار ئىشىڭ يەتكۈسى كامالىغا.

كەيۋان خۇرشىدتىن بۇ سۆزنى ئىشتىپ ئۇنىڭدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپتۇ. ئۇ: «ئەگەر ئاغام ئاتا ۋە بۇ ئىشنى ئاڭلاپ قالسا مەن شەرمەندە بولىمەن. شۇڭا بىر ئامال قىلىپ بۇ سىرنى ئاشكارا قىلماسلىقىم كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ.

بۇ شەھەردە ناھايىتى زالىم بىر ھاكىم بار ئىكەن. كەيۋان ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ خۇرشىدقا تۆھمەت قىلىپ ئەرز قىپتۇ:

— ئۇ ئايال ئاكامنىڭ خوتۇنى ئىدى. ئاكامنىڭ يوق ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى بۇلغىدى، ئاكامنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈردى، — دەپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈپتۇ.

ھاكىم ئىشنى سۈرۈشتۈرمەيلا، خۇرشىدنى چالما - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈشكە ھۆكۈم قىپتۇ. خۇرشىد چالما - كېسەكنىڭ ئازابىدىن يېرىم جان بولۇپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. كەچ بولغاندا خۇرشىد ھوشىغا كېلىپ، مىڭ بىر جاپالار بىلەن

دەپ سوراپمۇ قويمايسەن. ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتلىرىمغا تولىمۇ پۇشايمان قىلىۋاتىمەن ۋە كېلىدىغان پۇرسەتنى قانداق چىڭ تۇتۇشنى ئويلىماقتىمەن.

— ھەي گۈزەللىكنىڭ سەردارى، گۈلشەنلەرنىڭ باھارى، — دېدى تۇتى، — گۈزەل ھۆسن - جامالىڭىز ئۆزىڭىزگە دۈشمەن بولماقتا. تۇزغىمۇ ئۆزىنىڭ قانات - پەيلىرى ۋە گۈزەل قامىتى دۈشمەن بولغان. سىز خۇرشىد بىلەن ئاتارۇدنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىمىغانمۇ؟

— ئۇ قانداق ھېكايە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

تۇتى سۆز ئۇنچىلىرىنى يىپقا مۇنداق تىزدى.

ئۆتكەن زاماندا ئاتارۇد ئىسىملىك بىر سودىگەر بار ئىكەن. ئۇنىڭ خۇرشىد ئىسىملىك بىر خوتۇنى بار ئىكەن. ئۇ ئايالنىڭ ھۆسن - جامالى گۈزەللىكتە قۇياشنىمۇ خىجىل قىلىدىكەن. خۇرشىد تولىمۇ پاك، ئەخلاقلىق ئايال ئىكەن. كۈنلىرىنى تائەت - ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن.

بىر كۈنى ئاتارۇد ھەج - تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن سەپەرگە چىقماقچى بولۇپتۇ. ئۇ ئۆيى ۋە ئايالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشنى كەيۋان ئىسىملىك بىر ئىنىسىگە تاپىلاپ قويۇپتۇ.

ھەج كارۋانلىرى يولغا چىقىپتۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن كەيۋان بىر دەللال خوتۇننى چاقىرىپ كېلىپ ئۇنىڭغا: «مەن خۇرشىدقا جان - دىلىم بىلەن ئاشىق بولدۇم. لېكىن بۇرادىرىم ئاتارۇدتىن خىجىل بولۇپ، خۇرشىدقا بۇ ئىش توغرۇلۇق ئېغىز ئاچالمىدىم. ھازىر ئاتارۇد ئۆيىدە يوق. سەن بېرىپ خۇرشىدقا دېگىن، مېنى مۇراد - مەقسىتىمگە يەتكۈزسۇن» دەپ خۇرشىدنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپتۇ. ئۇ دەللال كەيۋاننىڭ ئاشىق ئىكەنلىكىنى خۇرشىدقا بايان قىلىپتۇ. بۇنى

چەتكە ئېلىڭ، بۇ مەملىكەتتە تۇرماڭ.

شۇ سۆزدىن كېيىن بوۋاي خۇرشىدقا يىگىرمە تىللا بېرىپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

خۇرشىد ئۆيدىن چىقىپ باشقا بىر كەنتكە يېتىپ كېلىپتۇ. ئۇ يەردە بىرىنىڭ ياش بىر يىگىتنى قامچىلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. كىشىلەر خۇرشىدقا بۇ يىگىتنىڭ قامچا تۇتقان كىشىگە قەرزدار بولۇپ قالغانلىقىنى، قەرزىنى تۆلىيەلمىگەنلىكتىن تاياق يەۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان خۇرشىدنىڭ ئۇ يىگىتكە رەھمى كېلىپ، يىگىرمە تىللا پۇلنى، قۇلاق ۋە بويۇنلىرىدىكى ئالتۇن ھالقا، مارجانلىرىنى ئېلىپ ھېلىقى كىشىگە بېرىپ يىگىتنى قۇتۇلدۇرۇپتۇ. توپلاشقان ئادەملەر خۇرشىدنىڭ ئىلتىپاتىدىن ھەيران قېلىشىپتۇ.

يىگىتنىڭ ئىسمى شىرىپ بولۇپ، ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن. بۇ مەزلۇمنىڭ ماڭا كۆڭلى بار ئوخشايدۇ، بولمىسا ئۇنىڭ مەن بىلەن نېمە كارى دەپ خام خىيال قىلىپ، خۇرشىدنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىپتۇ.

خۇرشىد ھەج قىلىشنى نىيەت قىلىپ ھەجگە بارىدىغانلارنىڭ كېمىسىگە چۈشۈپتۇ. شىرىپمۇ خۇرشىد بىلەن بىللە كېمىگە چۈشۈپتۇ ۋە ئۆز كۆڭلىنى خۇرشىدقا ئىزھار قىلىپتۇ. خۇرشىد ئۇنى قوبۇل قىلماپتۇ. بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان شىرىپ شۇ ھامانلا «بۇ مېنىڭ كېنىزىكىم، قېنى كىم سېتىۋالىدۇ؟» دەپ غوۋغا قىلىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان بىر سودىگەر خۇرشىدنى سېتىۋالماقچى بولۇپتۇ. خۇرشىد:

— مەن كېنىزەك ئەمەس. بۇ كىشى مېنىڭ ھېچنېمەم بولمايدۇ، — دەپ سودىگەرگە يېلىنغان بولسىمۇ، سودىگەر شىرىپنىڭ دېگەن باھاسىنى بېرىپ ئۇنى ئۆز كېمىسىگە تارتىپ مېڭىپتۇ. خۇرشىد بۇ دەردكە چىدىماي ئاھ تارتقانىكەن،

بىر بوۋاينىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. بوۋاي خۇرشىدنى ئۆز قىزى ئورنىدا كۆرۈپ، ئەمما كىشىنى باققاندەك ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ كۈتۈپتۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن خۇرشىدنىڭ جاراھەتلىرى ساقىيىپ، گۈزەل ھۆسنى ئەسلىگە كېلىشكە باشلاپتۇ.

بوۋاينىڭ بىر ئوغلى بار بولۇپ، ئىسمى لەتىپ ئىكەن. ئۇ يىگىت خۇرشىدنىڭ جامالىنى كۆرۈش بىلەنلا ئۇنىڭغا ئاشىق-بىقارار بوپتۇ. كەيۋانىغا ئوخشاش ئۇمۇ خۇرشىدقا ئۆزىنىڭ ئاشىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. خۇرشىد پۇتىنى پاكلىق جاينامىزىدىن تارتماي، ئۇنىڭغىمۇ كەيۋانىغا بەرگەن جاۋابىنى بېرىپتۇ. لەتىپ مەقسىتىگە يېتەلمىگەندىن كېيىن خۇرشىدقا قەست قىلماقچى بولۇپتۇ.

لەتىپنىڭ بىر نارەسىدە ئىنىسى بار ئىكەن. ئۇ ھەر كېچىسى خۇرشىد بىلەن بىللە ياتىدىكەن.

بىر كۈنى كېچىسى لەتىپ قولىغا خەنجەرنى ئېلىپ، ئىنىسىنىڭ بېشىنى كېسىپ تاشلاپتۇ. ئاندىن خۇرشىدنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى قانغا بوياپ، قاتىللىق پىچاقنى ئۇنىڭ ياستۇقىنىڭ ئاستىغا قويۇپ قويۇپتۇ. لەتىپ بىر ئازدىن كېيىن: «قېرىندىشىمنى خۇرشىد ئۆلتۈرۈپتۇ» دەپ پەرياد قىلىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان لەتىپنىڭ ئاتىسى «خۇرشىد بۇنداق ئىشنى ھەرگىزمۇ قىلمايدۇ» دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمما خوتۇن-بالىلىرى ۋە تۇغقانلىرىنىڭ تاپا-تەنىسىدىن قورقۇپ خۇرشىدنى ئۆيدىن چىقىرىۋېتىشكە مەجبۇر بولۇپتۇ.

— قىزىم، — دەپتۇ بوۋاي خۇرشىدقا، — سىزنىڭ پاك ۋە گۇناھسىز ئىكەنلىكىڭىز ماڭا ئايان. بىراق، ئەمدى بۇ يەردە تۇرسىڭىز مۇۋاپىق بولمىغۇدەك. ئۆزىڭىزنى دەرھال

ئەلقىسە، بۇ ئۈچ يىگىت خۇرشىدنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ سۆمەئەسىگە كېلىپتۇ. ئاتارۇد ئۆز ئىنىسى كەيۋان بىلەن بىللە كەلگەنىكەن. ئۇلار سۆمەئەنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كېلىشىگە خۇرشىد ئۇلارنى تونۇپ، يۈزىگە چۈمبەل تارتىپ ئۇلارنى ئۆيىگە باشلاپتۇ. خۇرشىد:

— سىلەر چوڭ گۇناھ قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپسىلەر. سىلەر قىلغان گۇناھلىرىڭلارنى ماڭا راستلىقى بىلەن بايان قىلىڭلار. ئاندىن مەن سىلەرگە دۇئا قىلسام سىلەرنىڭ كېسىلىڭلار شىپا تاپىدۇ. شۇ چاغدا سىلەر ئۈچ يىگىتنىڭ تاغ ئۆڭكۈرىدىن دۇئا - تىلاۋەت ئارقىلىق ساق - سالامەت قۇتۇلۇپ چىققىنىغا ئوخشاش بۇ كېسەللىكتىن خالاس بولۇسىلەر، — دەپتۇ.

— ئۇ ئۈچ يىگىتنىڭ ۋەقەسى قانداق ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇلار.

خۇرشىد ھېكايىسىنى مۇنداق باشلاپتۇ:

بىر چاغلاردا ئۈچ يىگىت تاغ ئىچىدىكى بىر ئۆڭكۈرنى ماكان تۇتۇپتۇ. بىر كۈنى توساتتىن تاغ تۆپىسىدىن يوغان بىر تاش غۇلاپ چۈشۈپ ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىغا كەپلىشىپ قاپتۇ. ئۇلار قاراڭغۇ غار ئىچىدە نالە - زار قىلىشىپ ھاياتىدىن ئۈمىدلىرىنى ئۈزۈشۈپتۇ. شۇ چاغدا غايىبتىن: «سىلەر راست سۆزلىسەڭلار بۇ قاراڭغۇ گۆردىن قۇتۇلىسىلەر» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ ئۈچىسى بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ بىرى:

— مەن ئاكامنىڭ خوتۇنىغا ئاشىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشق ئوتىدا كۆيدۈم. بىزگە بىر بولۇش پۇرسىتىمۇ كەلدى. لېكىن مەن خۇدايىتائالادىن قورقۇپ، دىيانەتلىك قىلىپ ئۇ ئىشتىن قول تارتتىم، — دېگەنىكەن، غارنىڭ ئاغزىغا كەپلىشىپ قالغان تاش تەۋرىنىپ، غارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ئېچىلىپتۇ.

شۇ ھامان كۈچلۈك بوران كۆتۈرۈلۈپ دەريا دولقۇنلىنىپتۇ. بۇنى كۆرگەن سودىگەر خۇرشىدقا:

— ئەي گۈزەل، شۈبھىسىزكى بۇ بوران سېنىڭ ئاھىڭدىن چىقتى. دەريا سېنىڭ كۆز يېشىڭدىن دولقۇنلاندى. مەن ئەمدى سېنىڭ كېنىزەك ئەمەسلىكىڭگە ئىشەندىم. ئۇ يىگىت يالغان سۆزلەپتۇ. ئەگەر بوران توختاپ، دېڭىز دولقۇنلىرى پەسەيسە مەن سېنى ئازاد قىلىپ ئۆز سىڭلىم قاتارىدا كۆرەي، سەنمۇ مېنى ئۆز ئاكام دەپ بىلگىن، — دەپتۇ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان خۇرشىد قولىنى دۇئاغا كۆتۈرگەنىكەن، بوران توختاپ، دەريا دولقۇنلىرى پەسىيىپتۇ.

ئەلقىسسە، خۇرشىد سودىگەر بىلەن خوشلىشىپ كېمىدىن چۈشۈپتۇ. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە «مېنىڭ بۇنداق بالالارغا قېلىشىم مۇشۇ چىرايىمدىن بولدى» دەپ چېچىنى كېسىپ، ئەرەنچە تونىنى كىيىپ سۇمەئەگە كىرىپ تائەت - ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇپتۇ.

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن خۇرشىد شۇنداق كارامەت ھاسىل قىپتۇكى، ئەما كىشىلەرگە نەزەر سالسا، ئۇلارنىڭ كۆزى روشەن بولىدىغان، تېۋىپلار داۋالىيالمىغان كېسەللەرگە دۇئا قىلسا، ئۇ كېسەل شىپا تاپىدىغان بولۇپتۇ.

خۇرشىدنىڭ بۇ كارامىتى ئالەمگە مەشھۇر بولۇپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان كېسەل ئادەملەر تەرەپ - تەرەپتىن ئۇنىڭ سۇمەئەسىگە كېلىپ، دۇئا - دەمىدەلىرى بىلەن شىپا تېپىپتۇ. بارا - بارا خۇرشىدنىڭ مەرتىۋىسى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلاپتۇ. ئۇنىڭغا ياماتلىق قىلغانلارنىڭ ھالى يامانلىشىشقا باشلاپتۇ. كەيۋاننىڭ ئىككى كۆزى قارىغۇ بولۇپتۇ. لەتىپنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ قاپتۇ. شىرىپ خۇرشىدنى سودىگەرگە ساتقانلىقى ئۈچۈن پىسە ۋەماخاۋ كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپتۇ.

قېيەردىن ھالاك بولۇپتۇ، — دەپ ئۇنىڭغا ئېيتىلىپتۇ.

بۇ چاغدا خۇرشىد يۈزىدىكى چۈمبەلنى ئېلىپ تاشلاپ، ئاتارۇدنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپتۇ:

— مەن چالما - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن خوتۇنىڭىز خۇرشىد بولىمەن. بۇ ئۈچ كىشىنىڭ سەۋەبىدىن نۇرغۇن جاپالارنى تارتتىم. ئۇلار قىلغان گۇناھلىرى ئۈچۈن ئۆز جازاسىنى يېدى، ماڭا ئۇلۇغ تەڭرىم يەنىلا راھەت ئاتا قىلدى، — دەپ ئۇلارغا دۇئا قىلىپتۇ. خۇرشىدنىڭ دۇئاسىدىن ئۇلارنىڭ كېسەللىرى شىپالىق تېپىپتۇ. ئەمما ئۇلار نومۇس كۈچىدىن خىجىل بولۇپ باشلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرەلمەپتۇ. خۇرشىد ئۇلارغا:

— ئۆتكەن ئىش ئۆتتى. بۇنىڭدىن كېيىن قىلغان ئىشلىرىڭلارغا توۋا قىلىپ، بۇنداق يامان نىيەتلەردە بولماڭلار، — دەپتۇ. بېيىت:

نەخشەبى، بولمىغىن كىشىگە يامان،
كىم يامانلىقتىن يەتتى مەقسەتكە.
دېمىگىن كەتتى بارچە قىلمىشلىرىم،
قىلمىشىڭ قويغان سېنى نەپرەتكە.

تۇتىنىڭ ھېكايىسى بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:

— ئەي ئاغىچام، سىزنىڭمۇ بېشىڭىزغا بىرەر ئىش يۈزلەنسە، ئۇلاردىن ئىبرەت ئالغايسىز. ئەمدى سۆيگىنىڭىزنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنى مۇراد - مەقسىتىگە يەتكۈزۈڭ، — دېدى.

خوجەستە ئۇ يىگىتنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن

بۇ چاغدا ئىككىنچى بىرى:

مېنىڭ نەپس - شەيتانىم غالىب كېلىپ «سىڭلىم» دەپ سىڭىللىققا قوبۇل قىلغان بىر مەزلۇم بىلەن بىرگە بولۇش نىيىتىگە كەلدىم. ئۇلۇغ تەڭرىم كۆڭلۈمگە ئىنساپ بېرىپ، مېنى ئۇ ئىشتىن ساقلىدى، — دېگەنىكەن، غارنىڭ ئاغزىدىكى تاش تەۋرىنىپ غارنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى ئېچىلىپتۇ.

ئۈچىنچى بىرىمۇ:

بىر ۋاپادار مەزلۇم مېنى چوڭ بىر بالادىن قۇتۇلدۇرۇپ سېتىۋالغانىدى، مەن نىيىتىمنى بۇزۇپ ئۇ مەزلۇم بىلەن بىرگە بولۇشنى ئويلىغانىدىم. لېكىن خۇدايىتائالا بۇ بولمىغۇر خىيالدىن مېنى ياندۇردى، — دېگەنىكەن، تاش تەۋرىنىپ غارنىڭ ئاغزى تامام ئېچىلىپتۇ. ئەمدى سىلەرمۇ بولغان ئەھۋالنى راستلىقى بىلەن ماڭا بايان قىلىڭلار.

ئۇلار خۇرشىدنىڭ بۇ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ قورققىنىدىن تىترىشىپ كېتىپتۇ. كەۋان دەسلەپتە نۇرغۇن ھىيلە - نەيرەڭلەرنى ئىشلىتىپ، ئۆز قىلمىشىنى ياپماقچى بولۇپتۇ. ئەمما خۇرشىد زادى قوبۇل قىلماپتۇ.

— ھەرقايسىڭلارنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىڭلار ماڭا ئايان. بىراق ئۆزۈڭلار ئىقرار قىلساڭلار شىپا تاپىسىلەر، بولمىسا بىھۇدە ئازاب تارتىسىلەر، — دەپتۇ خۇرشىد ئۇلارغا.

بۇ ئۈچەيلەن ئۆز - ئۆزىگە: «بۇ ناھايىتى ساپ كۆڭۈل مەزلۇم ئىكەن. ئۇنىڭ ئېيتقان ھېكايىسى بىزنىڭ قىلغان ئىشلىرىمىز بىلەن ئوپمۇئوخشاش ئىكەن. ئەمدى بۇ مەزلۇمغا راست سۆزنى قىلماقتىن باشقا ئامال يوق» دېيىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ خۇرشىدقا قىلغان - ئەتكەنلىرىنى بىرمۇ بىر بايان قىلىشىپتۇ. ئاتارۇد كەۋانغا:

— ھەي بەدبەخ، بىچارە ئايالىم خۇرشىد سېنىڭ يامانلىـ

# ئوتتۇز ئۈچىنچى داستان

## پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ۋەزىرىنىڭ ھېكايىسى



ئوتتۇز ئۈچىنچى كۈنى كەچ بولدى. پەلەك مەشئىلى بولغان قۇياش مەغرىب دىيارىغا بېرىپ ئۆچتى. ئاي ئۆزىگە تۈرلۈك زىبۇزىننەتلەرنى تاقاپ مەشرىق ھاممامىدىن چىقتى. خوجەستە رۇخسەت سوراش ئۈچۈن تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ئەي مۇناپىق ھىيلىگەر، مەن سېنىڭ ئالدىڭغا رۇخسەت سوراش ئۈچۈن كەلسەم، سەن مېنى يالغان سۆزلەر بىلەن ئالداپ كۆڭلۈمنى بىكار ئۆتكۈزۈۋاتىسەن. سەندە زادى نېمە غەرەز بار؟ سەن نېمە ئۈچۈن مېنى سۆيگىنىمنىڭ يېنىغا ئەۋەتمەيسەن؟ مېنىڭ شارۇكنى ئۆلتۈرگەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ مەن ساڭا تا بۈگۈنكى كۈنگىچە زۇلۇم سالمىدىم. ئەمدى سەن مەندىن كۆرگۈلۈكنى كۆرىسەن، — دەپ تۇتىنى قەپەستىن تارتىپ چىقارماقچى بولدى. تۇتى خوجەستىنىڭ ناھايىتى خاپا

تۇردى. بۇ چاغدا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى. شۇڭا ئۇ يەنە كەچقۇرۇننى كۈتۈشكە مەجبۇر بولدى. بېيىت:

نەخشەبى، ئويلىغان بىرسپ بۇ كېچە،
پاكلىق بەزمىسىدە چالغاي ساز.
قىلدى سۈبھى يولۇمدا توسقۇنلۇق،
ئاشىقلار دۈشمىنىدۇر سۈبھى، خوراز.



قىزى ئۇنىڭغا قالغانىكەن. ۋەزىر ئەسقەر ئۆزىنىڭ بۇيان ۋەزىر ئەكبەرنىڭ قىزىغا ئاشىق بولۇپ يۈرگەنىكەن. شۇڭا ئۇ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئەي شاھىم، ئايالىم ئۆلۈپ كەتكىلى ئۇزۇن بولدى. مەن خېلى ۋاقىتتىن بېرى ۋەزىر ئەكبەرنىڭ قىزىغا ئاشىق بولۇپ يۈرمەكتىمەن. ئۆزلىرى ماڭا ئاتا بولۇپ ۋەزىر ئەكبەرنىڭ قىزىنى ئېلىپ بەرگەن بولسىلا، بىزنىڭ قول ۋە كېنىزەكلىرىمىزمۇ بىر يەرگە جەم بولسا، — دەپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىر ئەسقەردىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىر ياساۋۇلنى ۋەزىر ئەكبەرنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا: «ۋەزىر ئەكبەر قىزىنى ۋەزىر ئەسقەرگە بەرسۇن» دەپ بۇيرۇپتۇ. ۋەزىر ئەكبەر بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قىزىنى ئەسقەرگە بېرىش نىيىتى بولمىسىمۇ لېكىن «قىزىم بولسا پادىشاھنىڭ بەندىسى، شۇڭا پادىشاھ قانداق پەرمان قىلغان بولسا شۇنداق بولسۇن» دەپ قىزىنى ۋەزىر ئەسقەرگە بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئەلچىسىنى قايتۇرۇپتۇ.

ئاياز مەھمۇدنى ۋەزىر ئەسقەرگە بەرمەكچى بولغان خەۋەرنى ئاڭلاپ، پەريادلار ئۇرۇپتۇ ۋە «بۇ قانداق دېگەن بالا-قازا، ئاغزىمغا كەلگەن لوقمىنى باشقىلار تارتىۋالسا، بۇ زادى قانداق بولغىنى؟» دەپ ياقىلىرىنى يىرتىپتۇ.

ئايازنىڭ سالىم ئىسىملىك بىر بۇرادىرى بارئىكەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇ ئايازنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئەھۋال سوراپتۇ. ئاياز ئۆز دەرد-ئەھۋالىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپتۇ. سالىم:

— ئەي بۇرادەر، سېنىڭ دېگەنلىرىڭ راست بولسا، بىز بىر ئامال قىلىشىمىز كېرەك. بۇ شەھەرنىڭ توي قىلىش رەسمىيىتى بويىچە توي بولغان كۈنى قىزنى چىرايلىق ياساپ مازارغا ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا بىز ئىككىمىز شۇ كۈنى كېچىسى مازارغا

ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ:

— ئەي ئاغىچام، ئاچچىقلىنىشنى ھەرگىزمۇ ئۆزىڭىزگە ئادەت قىلىۋالماڭ. ئاچچىقلىنىش ئاخىرى كىشىنى پۇشايمانغا سالىدۇ. چۈنكى زىنانىڭ ئاقىۋىتى ئادەمنى رەسۋا قىلىدۇ. تەكەببۇرلۇقنىڭ ئاقىۋىتى كىشىنى دۈشمەنلىك قىلىدۇ. سىز مەندىن بىھۇدە رەنجىۋاتىسىز. مەن دائىم سىزنى بىر ئامال قىلىپ مۇراد - مەقسىتىڭىزگە يەتكۈزۈشنى ئويلايمەن. ئەگەر مەن سىزنى ئۇ يىگىتنىڭ ۋىسالىغا يەتكۈزەلىسەم بۇ خۇددى سەلىمەنى سالىمنىڭ ۋىسالىغا يەتكۈزگەندەك ئىش بولاتتى، — دېدى.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

تۇتى ھېكايىسىنى باشلىدى:

بۇرۇنقى زاماندا مۇئەززەم شاھ ئىسىملىك ناھايىتى ئادىل بىر پادىشاھ بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈچ ۋەزىرى بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى ئەكبەر، ئىككىنچىسىنىڭ ئەۋسەت، ئۈچىنچىسىنىڭ ئىسمى ئەسقەر ئىكەن. ئەسقەر نەسەب جەھەتتىن چوڭ ۋەزىرچىلىك ئەمەس ئىكەن. ئەمما ئۇ ئىلىمدە ھەر ئىككى ۋەزىردىن ئۈستۈن تۇرىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن ئەسقەر پادىشاھنىڭ ئالدىدا ھۆرمەتلىك ئورۇندا تۇرىدىكەن.

ۋەزىر ئەكبەرنىڭ مەھمۇدە ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىكەن. ۋەزىر ئەكبەر بۇ قىزنى ۋەزىر ئەۋسەتنىڭ ئوغلى ئايازغا بەرمەكچى بولۇپ پۈتۈشۈپ قويغانىكەن. مەھمۇدە بىلەن ئاياز بىر ئۇستازنىڭ قولىدا تەربىيە ئاپتۇ. ئۇ ئىككىسى خۇددى لەيلى - مەجنۇنغا ئوخشاش ئاشىق - مەشۇقلاردىن ئىكەن.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەر ئىككىسى بالاغەتكە يېتىپتۇ. ئىككى ۋەزىر بالىلىرىنىڭ تويلىرىنى قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشقا باشلاپتۇ.

ۋەزىر ئەسقەرنىڭ خوتۇنى ئۆلۈپ كېتىپ، سەلىمە ئىسىملىك

سالىم ئورۇق ۋە ئوتتۇرا بوي يىگىت بولغانلىقى ئۈچۈن مەھمۇدەنىڭ تونى ئۇنىڭغا تازا مۇۋاپىق كېلىپتۇ. ئۇ مەھمۇدەنىڭ كېنىزىكى بىلەن ئەسقەرنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ۋەزىر ئەسقەر «مەھمۇدە» گە قول ئۇزىتىپتۇ. سالىم ئۇنىڭغا ئۇنىماپتۇ. ۋەزىر ئەسقەر تولىمۇ بىتاقەت بولۇپ: «بۈگۈن ئۇ ئۆزىنى مەغرۇر تۇتۇۋاتىدۇ، قېنى ئەتە كېچە نېمە قىلىدىكىن» دەپ ئويلاپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ۋەزىرنىڭ قىزى سەلىمە ئەسلىدە سالىمنىڭ ئاشىقى ئىكەن. ۋەزىر ئەسقەر قىزىغا:

— ئەي سەلىمە، سەن بۈگۈن كېچە مەھمۇدەنىڭ يېنىغا كىرىپ ئۇنى ئوبدان كۆزەتكىن، — دەپتۇ.

سەلىمە ھۇجرىدىكى «مەھمۇدە» نىڭ يېنىغا كىرىپتۇ-دە، بىر ئورۇندا ئولتۇرۇپتۇ. يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە سالىم ئۆزىنى سەلىمەگە ئاشكارا قىلىپتۇ ۋە مەھمۇدە بىلەن ئايازنىڭ ئەھۋالىنى ئۇنىڭغا بايان قىلىپتۇ. سەلىمە بۇنى ئاڭلاپ ھەيران قاپتۇ:

— ئەي سالىم، نەچچە يىلدىن بۇيان سەن مېنىڭ ۋىسالىمغا يېتىشنى ئويلاپ يۈرەتتىڭ. بۈگۈن كېچە مەھمۇدەنىڭ تويى ئەمەس، سېنىڭ تويۇڭ بولۇپتۇ. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ بىزمۇ ئۇ مازارغا بېرىپ، ئۇلار بىلەن بىللە بۇ شەھەردىن باشقا بىر شەھەرگە كېتەيلى، — دەپتۇ.

سەلىمە ئۆيدىن ئاتىسىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان يىغقان مال-دۇنياسىنى ئېلىپ، سالىم بىلەن بىللە ھېلىقى مازارغا بېرىپتۇ. ئۇلار تۆتىسى تېپىشىپ، باشقا بىر شەھەرگە يول ئېلىپتۇ ۋە قالغان ئۆمرىنى خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزۈپتۇ.

توتى ھېكايىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن خوجەستىگە:

— ئەي ئاغىچام، مەھمۇدە ئايازدىن ئۈمىدىنى ئۈزمىگەنىكەن،

بىرىپ يوشۇرۇنۇپ تۇرايلى. ئېھتىمال بىز مەھمۇدەنى شۇ جايدا ئۇچرىتىشىمىز مۇمكىن. ئاندىن كېيىن بىز قانداق قىلىشىمىزنى مەسلىھەتلىشەيلى، — دەپتۇ.

ئاياز بۇ پىكىرنى ماقۇل كۆرۈپتۇ.

توي كېچىسى ئاياز بىلەن سالىم مازارغا بېرىپ، بىر يەرگە يوشۇرۇنۇپتۇ. ئاياز:

— ئەي سالىم، مەھمۇدەنىڭ يادىدا بىزنىڭ قىلىشقان ۋەدىلىرىمىز بارمىدۇ؟ ئۇ مېنى ئەسلەمدىغاندۇ ياكى ئۇنتۇغانمىدۇ؟— دەپ سوراپتۇ سالىمدىن.

— ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلىرى ۋاپادار، بەزىلىرى ۋاپاسىز كېلىدۇ، — دەپتۇ سالىم.

ئۇلار شۇنداق سۆزلەرنى قىلىشىپ تۇرغاندا مەھمۇدە بىر كېنىزىكى بىلەن مازارغا كېلىپتۇ. ئۇلار مازارنى تاۋاپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن مەھمۇدە:

— ئەي ئۇلۇغ مازار، ئەي مۇقەددەس شېھىتلارنىڭ روھى، سىلەرنىڭ پاك روھىڭلاردىن ھاجىتىم شۇكى، مېنى بۇ بالادىن قۇتۇلدۇرۇپ ئەسلى يارىم ئايازغا قوشقايسەن، — دەپ كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياش تۆكۈپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ئاياز: «مەھمۇدەنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتى ناھايىتى مۇستەھكەم ئىكەن» دەپ ئويلاپ، يوشۇرۇنغان يېرىدىن چىقىپ مەھمۇدەنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپتۇ.

— ئەي ئاياز، — دەپتۇ مەھمۇدە، — مۇھەببەتتە ھەممە كىشى باراۋەردۇر. سەن بولساڭ ئەر كىشى. سەن مېنى بۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇرمىساڭ ماڭا بۇ جاننىڭ نېمە كېرىكى.

— ئەي مەھمۇدە، مەن بىر ئامال ئويلاۋاتىمەن. سىز تونىڭىزنى ماڭا بېرىڭ، مەن سىزنىڭ ئورنىڭىزدا يېڭى ئۆيىڭىزگە باراي، بىز ئەتە بۇ جايدا كۆرۈشەيلى، — دەپتۇ سالىم.

## ئوتتۇز تۆتىنچى داستان

**بىر سودىگەرنىڭ قىزىغا ئۈچ يىگىتنىڭ خېرىدار بولغانلىقى،**
**ئۇلارنىڭ قىزنى ئاسماندىن ئېلىپ چۈشكەنلىكى،**
**شاھزادىنىڭ بىر مەلىكىگە ئاشىق بولۇپ**
**ئۆز بېشىنى ئۆزى**
**كەسكەنلىكى**



ئوتتۇز تۆتىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش گويا كى ئالتۇن تاجلىق خاقاندەك مەغرىب ۋىلايىتىگە يۈرۈش قىلدى. ئاي جاھانغا زىننەت بەرگۈچى پادىشاھتەك مەشرىق سەھنىسىدە نامايان بولدى. خوجەستە غەمكىن ۋە پەرىشان ھالدا تۇتىنىڭ ئالدىغا رۇخسەت سورىغىلى كەلدى.

— ئەي ئاغىچام، — دېدى تۇتى خوجەستىنىڭ غەمكىن ھالىنى كۆرۈپ — پۈتۈن جاھان سىزنىڭ غېمىڭىزنى يەۋاتسا، سىز يەنە كىمنىڭ غېمىنى يەۋاتىسىز؟

ئاخىر مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتتى. سەلىمە بولسا سالىمغا قوشۇلۇشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئاخىرى ئۇلارمۇ مەقسەتلىرىگە يەتتى. سىزمۇ يولىڭىزغا ئىنتىزار بولۇپ تۇرغان سۆيگىنىڭىز بىلەن چوقۇم قوشۇلىسىز. ئەمدى ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ سۆيگىنىڭىزنىڭ قېشىغا بېرىڭ. ئۇنىڭ بىلەن ۋىسال قۇچۇش ئارقىلىق مەھمۇدە بىلەن سەلىمەنىڭ روھىنى خۇش قىلىڭ، — دېدى.

خوجەستە سۆيگىنىنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا تاڭ قۇشلىرى سايراشقا باشلىغانىدى. ئۇ يەنە كەچ بولۇشنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولدى. بېيىت:

نەخشەبى، ئويلىغان بېرىپ بۇ كېچە،
سۆيگىنى بىلەن بىرگە چالغاي ساز.
سۇبھى توستى يەنە ۋىسال يولىنى،
ئاشىقلار دۈشمىنىدۇر سۇبھى، خوراز.



— مەن ياغاچتىن تىلسىم ئات ياسىيالايمەن. مەن ياسىغان ياغاچ ئات ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ تەختىگە ئوخشاش بىر ئايلىق يولنى بىر كۈندىلا باسالايدۇ، — دەپتۇ.

ئۈچىنچى يىگىت:

— مەن شۇنداق مەرگەندۇرمەنكى، ئاتقان ھەر قانداق ئوقۇم زايە كەتمەي نىشانغا تېگىدۇ، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان سودىگەر ئۇلارنىڭ كارامەتلىرىنى قىزىغا ئېيتىپتۇ. قىزى:

— بۈگۈن كەچ بولۇپ كەتتى. ئەتە ئۇلاردىن بىرىنى سىناپ كۆرەي، — دەپتۇ.

شۇ كۈنى قىزنى پەرىلەر ئېلىپ قېچىپتۇ. بامدات ۋاقتىدا قىزنىڭ غايىب بولغانلىقى مەلۇم بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھېچ يەردىن دېرىكى بولماپتۇ. سودىگەر ھېلىقى ئۈچ يىگىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ بولغان ئەھۋالنى بايان قىلىپتۇ ۋە ئالدىن بىلەر يىگىتكە:

— ئەي يىگىت، سەن ھەر قانداق ئىشنى ئالدىن بىلىمەن دېگەنىدىڭ. قېنى سەن دەپ باققىن، قىزىم نەگە كەتتى؟ — دەپتۇ.

— قىزىڭىزنى بىر پەرى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئادەم بالىسى ئۇ يەرگە ھەرگىزمۇ چىقالماس، — دەپتۇ يىگىت.

بۇنى ئاڭلىغان ياغاچچى يىگىت ياغاچتىن تىلسىم بىلەن بىر ئات ياساپتۇ. مەرگەن يىگىت تىلسىم ئاتقا مىنىپ ئاسمانغا چىقىپتۇ. يىگىت ئاسمانغا چىقىپ قارىسا قىز بىر ئۆيدە تۇرغىدەك. بىر قاراۋۇل ئىشىك ئالدىدا تۇرغانىكەن، يىگىت بىر ئوق ئۈزۈش بىلەن قاراۋۇلنى ئۆلتۈرۈپ قىزنى ياندۇرۇپ چۈشۈپتۇ. سودىگەر يىگىتنىڭ مەرگەنلىكىگە ھەيران قېلىپ

— ئەي دانىشمەن، — دېدى خوجەستە، — مەن سۆي-
گىنىمنىڭ دانا ياكى نادان ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. نادان
بىلەن بىرگە بولۇش كىشىنى ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار
قىلىدۇ.

— بۇنى بىلىش ئاسان، — دېدى تۇتى، — سىز ئۇ
يىگىتنىڭ يېنىغا بېرىپ، بىر سودىگەرنىڭ قىزىغا ئۈچ يىگىت-
نىڭ ئەلچى بولۇپ كەلگەن ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىسىز.
ئاندىن ئۇ يىگىتتىن: «ئۇ قىز ئۈچ يىگىتنىڭ قايسىسىنى
قوبۇل قىلىشى كېرەك؟» دەپ سوراڭ، ئەگەردە ئۇ توغرا جاۋاب
بەرسە، سۆيگىنىڭىز چوقۇم زېرەك ۋە ئەقىللىك بولغان بولىدۇ.

— ئۇ ئۈچ يىگىتنىڭ ۋەقەسى قانداق ئىكەن؟ — دەپ
سورىدى خوجەستە.

تۇتى ھېكايىسىنى باشلىدى:

كابۇل شەھرىدە ناھايىتى باي بىر سودىگەر بار ئىكەن.
ئۇنىڭ ئىنتايىن بىر چىرايلىق بىر قىزى بولۇپ، ئۇنىڭغا
نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئەلچىلىككە كېلىپتۇ. قىز:

— مېنى ئۆز ئەمرىگە ئالماقچى بولغان كىشى ئىلىمدە
تەڭداشسىز بولۇشى كېرەك، — دەپتۇ.

بۇ خەۋەر ھەممە شەھەرگە تارىلىپتۇ.

بەلخ شەھرىدە ناھايىتى زېرەك ۋە ئالىم ئۈچ يىگىت
بار ئىكەن. ئۇلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كابۇل شەھ-
رىگە كېلىشىپتۇ. ئۇلاردىن بىرى سودىگەرگە:

— بىز قىزىڭىزنى ھۈنەردە كامالەتكە يەتكەن ئادەمنى
ئۆزىگە قوبۇل كۆرىدىكەن دەپ ئاڭلىدۇق. ھەر ئۈچىلىمىز
ھۈنەردە كامالەتكە يەتكەنمىز. مەن ھەر قانداق ياخشى - يا-
مان ئىشلارنى ئالدىن بىلەلەيمەن، — دەپتۇ.

ئىككىنچىسى:

غان بولاتتىم، — دەپتۇ.
بىلمەك كېرەككى، ئاشىقلار ئۈچۈن جاندىن كېچىش ھېچ-
قانچە ئىش ئەمەستۇر.
ئەلقىسسە، شاھزادىنىڭ ئاتىسى بۇ مەلىكىنى ئۆزىگە كېلىن قىلىۋېلىش ئۈچۈن مەلىكىنىڭ ئاتىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. مەلىكىنىڭ ئاتىسى بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپتۇ. ئۆز رەسمىيىتى بويىچە نىكاھ ۋە توي مۇراسىملىرىنى كاتتا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ ۋە قىزىنى شاھزادىگە قوشۇپ بېرىپتۇ. شاھزادە بىلەن مەلىكە مۇراد - مەقسىتىگە يېتىپتۇ.
بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قىزىنىڭ ئاتىسى شاھزادە بىلەن مەلىكىنى شاھزادىنىڭ شەھىرىگە يولغا سېلىپتۇ. شاھزادىنىڭ بەرەھمەن ئىسىملىك بىر خادىمى بار ئىكەن. ئۇلار ئۈچىلىسى مەلىكىنىڭ شەھىرىدىن ئايرىلىپ يولغا راۋان بولۇپتۇ.
شاھزادە تۇنجى قېتىم مەلىكىنى ئۇچراتقان بۇتخانا ئالدىغا كەلگەندە ئۆزىنىڭ بۇتخانىدا قىلغان ۋەدىسى يادىغا كېلىپتۇ. شاھزادە ئۆز - ئۆزىگە: «ئۆز ئەھدىمگە ۋاپا قىلىش ياخشىلارنىڭ ئىشىدۇر» دەپ، بۇتخانىغا كىرىپ، ئۆز قولى بىلەن بېشىنى كېسىپتۇ. بەرەھمەن بىلەن مەلىكە خېلى ئۇزۇن ساقلىغان بولسىمۇ، شاھزادە بۇتخانىدىن قايتىپ چىقماپتۇ. بەرەھمەن مەلىكىنى قالدۇرۇپ قويۇپ، بۇتخانىغا كىرىپ قارى-غۇدەك بولسا شاھزادە ئۆلۈك ھالدا ياتقۇدەك. ئۇ: «ۋاي دەرىخ، ئەمدى بۇ جاننىڭ ماڭا نېمە كېرىكى، مەنمۇ شاھزادە بىلەن بىرگە ئۆلمىسەم خەلق مەندىن بۇ ئايالنى تەمە قىلىپ شاھ-زادىنى ئۆلتۈرۈپتۇ» دەپ گۇمان قىلىشى مۇمكىن دەپ ئۇمۇ ئۆز بېشىنى بۇتنىڭ ئالدىدا كېسىپ جان ئۈزۈپتۇ.
مەلىكە بۇ ئىككىسىنى خېلى ئۇزۇن ساقلىغان بولسىمۇ

ئاپىرىن ئوقۇپتۇ ۋە ئۇنى ئىززەت - ھۆرمەتلەپتۇ. يىگىت خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپتۇ.

ئەلقىسسە، ئۈچ يىگىت قىزنى «مەن ئالىمەن» دېيىشە «مەن ئالىمەن» دەپ جېدەللىشىشكە باشلاپتۇ.

قىزنىڭ ئىسمى زۆھرە ئىكەن. قىز بۇ ئۈچ يىگىتنىڭ قايسىسىغا ماقۇل دېيىشىنى بىلەلمەي تەگلىكتە قاپتۇ. چۈنكى بۇ ئۈچ يىگىت ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا خىزمەت كۆرسەتكەنىدى. بېيىت:

نەخشەبى، بىل ھۈنەر كارامىتىنى،
ھۈنەر ئەھلى جاھاندا بولغاي ئەزىز.
بىھۈنەرنى كىشى دېمەس ئاقىل،
بىھۈنەرلەر كۈنى ئۆتەر تەمىز.

— تۇتى ھېكايىسىنى سۆزلەپ بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:

— ئەي ئاغىچام. سىز بۇ ھېكايىنى سۆيگىنىڭىزگە سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن «زۆھرە بۇ ئۈچ يىگىتتىن قايسىسىغا ماقۇل بولۇشى كېرەك؟» دەپ سوراڭ. ئەگەر ئۇ يىگىت توغرا جاۋاب بەرسە، ئۇ چاغدا ئەقىللىك بولغان بولىدۇ. ئەگەردە سىزنى رازى قىلغۇدەك جاۋاب بېرەلمىسە، سىز يەنە مۇنۇ ھېكايىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىپ جاۋابىنى سوراڭ، — دېدى.

قەدىمدە بىر شاھزادە بۇتخانىدا بىر مەلىكىنى كۆرۈپ قاپتۇ. شاھزادە مەلىكىنى كۆرۈش بىلەنلا ئۇنىڭغا ئاشىق - بىقارار بولۇپتۇ. شاھزادە بىر بۇتنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ:

— ئەگەر ئۇ قىز ئۆزىنى ماڭا قوبۇل كۆرسە، مەن بېشىمنى ئۆز قولۇم بىلەن كېسىپ بۇتخانا ئۈچۈن پىدا قىل-

ھېكايىدىكى مەلىكە شاھزادىنىڭ بېشىغا مەنسۇپتۇر. چۈنكى باش بەدەننىڭ پادىشاھىدۇر. باش ئەقىل بىلەن جاننىڭ مەركىزىدۇر. باشسىز تەننىڭ ئېتىبارى يوقتۇر، — دەپ خوجەستىگە ھېكايىنىڭ جاۋابىنى ئېيتىپ بەردى. بېيىت:

نەخشەبى، ئەلگە باشچى بولماقلىق،
پەرقى باردۇر ئاراسىدا بىسيار.
باش - ئاياغنى شۇنىڭغا ئوخشاتقىن،
كەش ئاياغدادۇر، باشتادۇر دەستار.

خوجەستە تۇتىدىن بۇ جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سۆيگىنىنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا كېچە سۇبھىنىڭ دەستارىنى كىيدى. ئۇنىڭ بارىدىغان ئىشى يەنە كەچقۇرۇنغا قالدى. بېيىت:

نەخشەبى، ئۆيلىغان بېرىپ بۇ كېچە،
مەشۇقى مەشرىپىدە چالغاي ساز.
سۇبھى يەتكۈزمىدى بۇ مەقسەتكە،
ئاشىقلار دۈشمىنىدۇر سۇبھى، خوراز.



ئۇلار بۇتخانىدىن قايتىپ چىقماپتۇ. بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەن مەلىكە بۇتخانىغا كىرىپ ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۆلۈك ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. مەلىكە ئۆز - ئۆزىگە: «بۇ بالا - قازا نېمە ئۈچۈن ماڭا كېلىدىغاندۇ؟» دەپ بۇتخانا ئالدىغا ئوتۇن دۆۋىلەپ ئوت قويۇپتۇ - دە، ئۆزىنى ئوتنىڭ ئىچىگە تاشلىماقچى بولۇپتۇ. شۇ چاغدا غايىبتىن: «ئەي مەزلۇم، سەن بۇ كېسىلگەن باشلارنى تەنلىرىگە جۈپلىگىن» دېگەن ئاۋاز كېلىپتۇ. مەلىكە بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خۇشاللىقىدا شاھزادىنىڭ بېشىنى بەرھەمەننىڭ تېنىگە، بەرھەمەننىڭ بېشىنى شاھزادىنىڭ تېنىگە جۈپلەپ قويۇپتۇ - دە، خۇدايىتائالادىن ئۇلارنىڭ تىرىلىشىنى تىلەپ، يىغلاپ تۇرۇپ دۇئا قىپتۇ. قىزنىڭ دۇئاسىدىن ئۇ ئىككىسىگە جان كىرىپ، قايتىدىن تىرىلىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن شاھزادە بىلەن بەرھەمەننىڭ ئوتتۇرىسىدا تالاش - تارتىش باشلىنىپتۇ. باش «بۇ خوتۇن مېنىڭ» دېسە، تەن «بۇ خوتۇن مېنىڭ» دەپ جېدەللىشىپتۇ.

تۇتى ھېكايىسىنى ئېيتىپ بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:

— ئەي ئاغىچام، ئەمدى سىز يىگىتىڭىزنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن «بۇ مەلىكە زادى كىمگە مەنسۇپ؟» دەپ سوراڭ، — دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان خوجەستە تۇتىدىن:

— ئەي تۇتى، بۇ ئىككى ھېكايەتنىڭ جاۋابىنى ماڭا دەپ بەرگىن، — دېدى.

— ئەي ئاغىچام، — دېدى تۇتى، — ئالدىنقى ھېكايىدىكى زۆھرە، تىلسىم ئاتقا مىنىپ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرغان يىگىتكە مەنسۇپ. چۈنكى قالغان ئىككى يىگىت ئۆز ھۈنەرلىرىنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن مەرگەن يىگىت خېيىم - خەتەرگە قارىماي، ئۆز جېنىدىن كېچىپ زۆھرەنى قۇتۇلدۇردى. ئىككىنچى

تۆت نەرسىگە يەتكۈزىدۇ. يەنى زاھىدلىق پەرھىزكارلىققا، قانا-
ئەت بايلىققا، سەۋر - تاقەت مەھبۇبقا، تىرىشچانلىق ئارزۇ
قىلغان نەرسىگە يەتكۈزىدۇ. سىز ئۆز ئىشىڭىزغا تولىمۇ تىرىش-
چانلىق كۆرسىتىۋاتىسىز. بۇ تىرىشچانلىقىڭىز ئەلۋەتتە سىزنى
سۆيگىنىڭىزنىڭ ۋىسالىغا يەتكۈزىدۇ. لېكىن مېنىڭ سىزگە
ۋەسىيىتىم شۇكى، سىز ئۇ يىگىتنى قولغا كىرگۈزۈش بىلەن
بىرگە ئېرىڭىزنىمۇ قولدىن چىقىرىپ قويمايدىغان ئامالنى
قىلىڭ. شۇنداق بولغاندىلا خۇددى پادىشاھنىڭ قىزى ھەم
سۆيگىنىنىڭ ۋىسالىغا يېتىپ ھەم نۇرغۇن مال - دۇنياغا ئىگە
بولغىنىغا ئوخشاش ئىش بولىدۇ.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

تۇتى ھېكايىسىنى مۇنداق باشلىدى:

رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر زامانلاردا
ناھايىتى كېلىشكەن بىر دانا بەرەھمەن بابىل شەھىرىگە
بېرىپتۇ. ئۇنىڭ بۇ شەھەرگە كەلگەن ۋاقتى باھار پەسلى
ئىكەن.

بىر كۈنى بەرەھمەن بىر باغقا تاماشا قىلغىلى كىرگە-
نىكەن، شۇ كۈنى بابىل شاھىنىڭ قىزىمۇ شۇ باغقا تاماشا
قىلغىلى كىرىپ، بەرەھمەننى كۆرۈپ قاپتۇ. بەرەھمەن بىلەن
مەلىكە بىر - بىرىنى كۆرۈش بىلەنلا ئاشىق - بىقارار
بولۇشۇپتۇ.

قىز باغنى بىر ئاز ئايلىنىپ قايتىپ كەتكەن بولسىمۇ،
لېكىن بەرەھمەن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن زادىلا كەتمەپتۇ.

مەلىكە بەرەھمەننى ئىزدەپ تېپىپ، ئۆزىنىڭ ئاشىقلىق
دەردىنى ئۇنىڭغا ئېيتمىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنداق
قىلىشقا پېتىنالماپتۇ. بەرەھمەن ناھايىتى زېرەك، دانا يىگىت
بولغانلىقى ئۈچۈن بىر جادۇگەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ

# ئوتتۇز بەشىنچى داستان

## بەرەھمەننىڭ راي قىزىغا ئاشىق بولغانلىقى ۋە جادۇگەرنىڭ ياردىمى بىلەن مۇرادىغا يەتكەنلىكى



ئوتتۇزبەشىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش گوياكى بابىل① زىندانىغا چۈشكەن ھارۇت ۋە مارۇتتەك مەغرىب زىندانىغا چۈشتى. ئاي خۇددى پىرئەۋن سېھرىگەرلىرىدەك مەشرىق قەسرىدىن چىقتى. خوجەستە رۇخسەت سوراش ئۈچۈن تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەي يېقىملىق دوستۇم، سەن ھەمىشە ماڭا «سېنى چوقۇم مەقسىتىڭگە يەتكۈزىمەن» دەپ ۋەدە قىلىسەن. سەن قىلغان ۋەدەڭدە تۇرامسەن ياكى تۇرمامسەن؟ — دېدى.

— ئەي ئاغىچام، — دېدى تۇتى، — تۆت نەرسە كىشىنى

① بابىل — ئىراقتىكى فۇرات دەرياسى بويىغا جايلاشقان قەدىمكى شەھەر بولۇپ، بۇرۇنقى دەۋرلەردە شانلىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە ئىدى.

بۇ «كېلىن» گە ياخشى قاراشنى تاپىلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ كېسەل كىشى دورىخانىغا، خۇمارى تۇتقان كىشى شارابخانىغا چۈشكەندەك ئىش بولۇپتۇ. دانىشمەنلەر شۇنداق ئېيتقانكى، مۇشۇكنىڭ قېشىدىكى گۆشتىن، ئىتنىڭ ئالدىدىكى سۆڭەكتىن خاتىرجەم بولغىلى بولمايدۇ. بېيت:

نەخشەبى، ئىشنى قىل تېگىنى بىلىپ،
دوست ۋە دۈشمەنگە بولما شەرمەندە.
قىلساڭ ھەر ئىش كېڭەش بىلەن قىلغىن،
قالمىغايسەن كېيىن تولا غەمدە.

ئەلقىسسە، رايىنىڭ قىزى ئاتىسىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بۇ «ئايال» غا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، سۆھبەتداش بولۇپتۇ. بەرەھمەن مەلىكە بىلەن بىر مەزگىل بىللە بولغاندىن كېيىن، ئۇلار بىر - بىرىدىن تارتىنمايدىغان بولۇپتۇ.

بىر كۈنى بەرەھمەن مەلىكىگە:

— ئەي گۈزەل، مەن سىزنى ناھايىتى دەردمەن كۆرىمەن. سىزنىڭ بۇنداق دەردمەن بولۇشىڭىزدىكى سەۋەب نېمە؟— دەپ سوراپتۇ.

مەلىكە ئۆز سىرىنى يەنىلا ئۇنىڭدىن يوشۇرۇن تۇتۇش ئۈچۈن تىرىشىپ، ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەپتۇ.

بۇنى كۆرگەن بەرەھمەن يەنە:

— مەن شۇنداق گۇمان قىلىمەنكى، سىز چوقۇم بىرىنىڭ ئىشق ئوتىغا گىرىپتار بولۇپسىز. سىرىڭىزنى ماڭا ئېيتىڭ. مەن چوقۇم ئۇنىڭ ئامالىنى قىلىمەن، — دەپتۇ.

مەلىكە بۇ «ئايال» نىڭ ئۆزىگە تولىمۇ غەمخورلۇق قىلىۋاتـ قانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ بىر بەرەھمەنگە ئاشىق بولۇپ قالـ

خىزمىتىنى قىلىپتۇ. بەرەھمەن جادۇگەرگە ناھايىتى كۆپ خىزمەتلەرنى قىلغانلىقى ئۈچۈن جادۇگەر ئۇنىڭغا:

— سېنىڭ ماڭا ھەر قانداق تەلىپىڭ بولسا تارتىنماي دېۋەرگىن، — دەپتۇ.

بەرەھمەن جادۇگەرگە ئۆزىنىڭ باغقا بارغانلىقىنى، ئۇ يەردە پادىشاھنىڭ قىزىنى كۆرۈپ قېلىپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان جادۇگەر:

— مەن تېخى سېنى يا زۇمرەت، يا ئالتۇن تەلەپ قىلىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. ئادەمنى ئادەمگە قوشماق قانچىلىك ئىش ئىدى. سەن خاتىرجەم بولغىن، بۇ ئىشنى ئۆزۈم توغرىلايمەن، — دەپتۇ.

جادۇگەر تىلسىم بىلەن بىر مۇنچاق ياساپ بەرەھمەنگە:

— ئەگەر بۇ مۇنچاقنى ئەر كىشى ئاغزىغا سالسا ئايال كىشىگە ئايلىنىدۇ. ئايال كىشى ئاغزىغا سالسا ئەر كىشىگە ئايلىنىدۇ، — دەپتۇ.

ئەتىسى جادۇگەر ئۆزىنى بەرەھمەنىنىڭ قىياپىتىگە كىرگۈزۈپتۇ. جادۇگەر ھېلىقى مۇنچاقنى بەرەھمەنىنىڭ ئاغزىغا سالغانىكەن، بەرەھمەن دەرھاللا ئايال كىشىگە ئايلىنىپتۇ. جادۇگەر بەرەھمەننى ئېلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. جادۇگەر پادىشاھقا ئىززەت - ھۆرمەت بىلدۈرگەندىن كېيىن:

— ئەي شاھىم، مېنىڭ بىر ئوغلۇم بار ئىدى. ئۇ تۇيۇقسىزلا ئەقلىدىن ئېزىپ غايىب بولغىلى بىر نەچچە كۈن بولدى. بۇ مەزلۇم ئوغلۇمنىڭ ئايالى ئىدى. ئەگەر سىزدىن رۇخسەت بولسا، كېلىنىم سىزنىڭ ھەرەمخانىڭىزدا تۇرۇپ تۇرسا، مەن خاتىرجەم ئوغلۇمنى ئىزدىگەن بولاتتىم، — دەپتۇ.

پادىشاھ جادۇگەرگە نۇرغۇن مال - دۇنيا بېرىپ ئوغلىنى تېزرەك تېپىۋېلىش ئۈچۈن يولغا سېپتۇ. پادىشاھ رايى قىزىغا

ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. شاھزادە بەرەھمەننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆز ھالىنى ئۇنىڭغا بايان قىپتۇ ۋە بەرەھمەننى بۈگۈن كېچە بىرگە بولۇشنى ئېيتىپتۇ. بەرەھمەن شاھزادىگە:

— مېنىڭ ئېرىم بار، ئۇنداق ئىشنى قىلىش ماڭا ياراشماس، — دەپ شاھزادىنىڭ تەلىپىنى رەت قىپتۇ.

شاھزادە بۇ جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بەرەھمەننىڭ ئىشقىدا تېخىمۇ كۆيۈپ - پىشىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. شاھزادىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان پادىشاھ غەمگە پېتىپتۇ. پادىشاھ: «ئەگەر ئۇ مەزلۇمنى ئوغلۇمغا قوشسام ئامانەتكە خىيانەت قىلغان بولىمەن. ساداقەتلىك بىلەن ساقلاي دېسەم، ئوغلۇم ھالاك بولىدۇ» دەپ ئويلاپتۇ. ئاخىرى ئاتىلىق شەپقىتى غالىب كېلىپ قىز سۈرىتىدىكى بەرەھمەنگە:

— مېنىڭ يۈز - خاتىرەم ئۈچۈن بولسىمۇ ئۆزۈڭنى قوبۇل قىلغىن. ئوغلۇم ھازىر ئۆلۈم گىردابىغا كېلىپ قالدى. ھالاك بولمىسۇن، — دەپ ئادەم كىرگۈزۈپتۇ.

بەرەھمەن ئەلچىگە:

— شاھىم ماڭا بىرنەچچە كۈن مۆھلەت بەرسۇن. مەن ئېرىمنىڭ قارىلىقىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ ھەققىدە نەزىر ئۆتكۈزۈپ، ئاش - سۈيىنى بېرىدۇتەي. ئاندىن كېيىن شاھىمنىڭ قانداق پەرمانى بولسا بەجانىدىللىق بىلەن ئورۇندايمەن، — دەپتۇ.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان شاھزادە رازى بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىشنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى كېچىسى مەلىكە بىلەن بەرەھمەن ئەپلىك پۇرسەتنى تېپىپ ئوردىدىن قېچىپ چىقىپتۇ. ئۇلار شۇ قاچقىنىچە جادۇگەرنىڭ ئالدىغا كېلىپتۇ. جادۇگەر تىلسىم مونچاقنى بەرەھمەننىڭ ئاغزىدىن ئالغانىكەن، شۇ زامان ئەسلىگە كېلىپتۇ. جادۇگەر تىلسىم مونچاقنى مەلىكىنىڭ ئاغزىغا سالغانىكەن مەلىكە

غانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.
بەرەھمەن مەلىكىگە:
— مەن ھازىر ئۇ بەرەھمەننى ئالدىڭىزغا كەلتۈرسەم تو-نۇمسىز؟ — دەپتۇ.
— نېمىشقا تونۇمايدىكەنمەن؟ ئەلۋەتتە تونۇيمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ راينىڭ قىزى.
بەرەھمەن مەلىكىدىن ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن ئاغزىدىكى تىلسىم مونچاقنى ئالغانىكەن، شۇ زامانلا ئۆز ئەسلىگە كېلىپتۇ. مەلىكە بەرەھمەننى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ ۋە ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى سوراپتۇ. بەرەھمەن جادۇگەرنىڭ ئىشلەتكەن ھىيلىسىنى مەلىكىگە سۆزلەپ بېرىپتۇ.
بۇنى ئاڭلىغان مەلىكە جادۇگەرنىڭ ئۇستىلىقىغا، بەرەھ-مەننىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ.
— كىشىلەرنى ھەرنېمىگە ئايلاندۇرۇش ھېچقانداق ۋاقىتتا ھېچبىر ھۆكۈمانىڭ قولىدىن كەلگەن ئەمەس، — دەپتۇ مەلىكە.
بۇ ئىككى ئاشىق - مەشۇق بىر - بىرىگە قوشۇلۇپتۇ. ئۇلار ھەر كۈنى كېچىسى بىرگە ياتىدىغان بولۇپتۇ. لېكىن ئانچە ئۇزۇنغا بارماي ئۇلارغا كۆز تېگىپتۇ. بېيىت:

نەخشەبى، بۇ ھايات - پەلەك گەردىشى،
ھەر كۈنى خىلمۇ خىل تۈزاقلار قۇرار.
بەزىسى تەختۇ - تاج بىلەن مەمنۇن،
بەزىسى تۈزاق ئىچرە مەھرۇم قالار.

بىر كۈنى بەرەھمەن ئاغزىغا تىلسىم مونچاقنى سېلىپ، ئايال سۈرىتىگە كىرىپ چېچىنى تاراپ ئولتۇرغانىكەن، پادىشاھ راينىڭ ئوغلى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا جان - دىلى بىلەن

مەن سىلەرگە بىر ئامال قىلىپ بېرىمەن، — دەپتۇ.
تۇتىنىڭ ھېكايىسى بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:
— ئەي ئاغىچام، مەلىكە يىگىتكىمۇ، مالغىمۇ ئىگە بولدى. سىزمۇ سۆيگىنىڭىزنى قولغا كىرگۈزۈش بىلەن بىرگە ئېرىڭىزنىمۇ قولدىن چىقىرىپ قويماڭ. ئەمدى ئۇ يىگىتنىڭ قېشىغا بارىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى. ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي، مەقسىتىڭلارنى ھاسىل قىلىڭلار، — دېدى.
خوجەستە ئۇ يىگىتنىڭ قېشىغا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى. شۇڭا كەچتە بېرىش نىيىتىگە كەلدى. بېيىت:

نەخشەبى، ئويلىغان بېرىپ بۇ كېچە،
ئۈچرىشىش شادلىقىدا چالغاي ساز.
سۈبھى قىلدى بۇ خىيالىنى بەربات،
ئاشىقلار دۈشمىنىدۇر سۈبھى، خوراز.



ئەرگە ئايلىنىپتۇ. ئۇلار ئاخشىمى بىرگە بولۇپ، كۈندۈزى شەھەر ئايلىنىپتۇ. لېكىن شەھەر خەلقى ئۇلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەپتۇ.

پادىشاھ بەرەھمەننىڭ كېلىنى بىلەن قىزىنىڭ غايىب بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، تەرەپ - تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ ئىزدىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى تاپالماپتۇ. پادىشاھ: «ھەرقانداق ئادەم ساداقەتلىكنىڭ ئورنىغا خىيانەتلىك قىلسا، ئۇنىڭ جازاسى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ» دەپ ئويلاپتۇ.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن جادۇگەر بەرەھمەننى ئېلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپتۇ.

ئەي شاھىم، سىزنىڭ دۆلىتىڭىزدە مەن ئوغلۇمنى تاپتىم، مانا بۇ مېنىڭ ئوغلۇم، ئەمدى سىز ھەرەمخانىڭىزغا ئامانەتكە قويغان كېلىنىمنى ياندۇرۇپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ.

پادىشاھ بولغان ئەھۋالنى جادۇگەرگە سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان جادۇگەر پادىشاھقا تۆھمەت قىلىپ «سىز ئامانەتكە خىيانەت قىپسىز» دەپ بويىنىدىكى زۇننارنى ئۈزۈپ، ياقىلىرىنى يىرتىپتۇ ۋە يېنىدىكى خەنجەرنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ:

— مەن ئۆز كۆكسۈمنى يېرىپ ئۆچەي - قارنىمنى سىزنىڭ بويىنىڭىزغا ئاسىمەن، — دەپ غەلۋە قىپتۇ.

پادىشاھ ھۆكۈمالارنى چاقىرىپتۇ. ئۇلار جادۇگەرگە سۈلھى قىلىپ، ئۇنىڭغا بىر لەك① كۈمۈش - يارماق بېرىپتۇ. جادۇگەر ئىلاجسىز رازى بولغان بولۇپ، كۈمۈش يارماقنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپتۇ. جادۇگەر مەلىكىگە:

— بۇنىڭدىن كېيىن تىلسىم مونچاقنى كۈندۈزى ئاغزىڭىزغا سېلىپ، كېچىسى ئېلىۋېتىڭ. سىلەر ئۆمرۈڭلارنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈڭلار. بۇ بىر لەك پۇل تۈگەپ قالسا ماڭا دەڭلار،

---

① لەك — سان بىرلىكى. بىر لەك يۈز مىڭغا تەڭ.

قىلىمەن، — دېدى. بېيىت:

نەخشەبى، قىلمىغىن يامان ئىشنى،
يەتمەس ئىپارغا پىيازنىڭ ھىدى.
ئىككى دۇنيادا پادىشاھ شۇ بولۇر،
سۆزىدە تۇرسا تووۋا قىلغان كىشى.

تۇتى خوجەستىنىڭ پاكلىق توغرىسىدا سۆزلەۋاتسىمۇ، لېكىن يەنىلا ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئەي ئاغىچام، پاكلىق ۋە ساداقەتلىك ھەرقانداق چاغدا تەگرى ۋە بەندىنىڭ ئالدىدا ئاقىۋەتنى ياخشى ئىشلاردىندۇر. سىز پاك بولىمەن دەيسىز. قەدىمدە بابىل پادىشاھىمۇ پاكلىق ۋە ساداقەتنى ئۆزىگە ئادەت قىلىمەن دەپ ھالاك بولغانىكەن. سىزنىڭ ئاقىۋىتىڭىزمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپ قالمىغىيتى دەپ ئەنسىرەيمەن، — دېدى.

— بابىل پادىشاھى قانداق ھالاك بولۇپتىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

تۇتى ھېكايىسىنى مۇنداق باشلىدى:

بابىل شەھرىدە ناھايىتى باي بىر سودىگەر بار ئىكەن. ئۇنىڭ ھۆسن - جامالدا تەڭداشسىز چىرايلىق بىر قىزى بولۇپ، ئىسمى مەھرۇسە ئىكەن. نۇرغۇن يىگىتلەر ئۇ قىز بىلەن توي قىلىش ئۈچۈن سودىگەرنىڭ ئالدىغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن سودىگەر: «مەن قىزىمنى دىۋىگە ھەرگىزمۇ بەرمەيمەن. چاقناپ تۇرغان بۇ نۇرنى ھەرگىزمۇ زۇلمەتكە تاشلىمايمەن» دەپ ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىپتۇ.

بىر كۈنى سودىگەر قىزىنىڭ گۈزەللىكىنى تەرىپلەپ: «ئەگەر پادىشاھ قىزىمنى ئۆز ئەمرىگە ئالغان بولسا، ناھايىتى

# ئوتتۇز ئالتىنچى داستان

**بابىل پادىشاھىنىڭ مەھرۇسەنى ئالماقچى بولغىنىدا توت ۋەزىرنىڭ پادىشاھقا نەسىھەت قىلغانلىقى، ئاخىر پادىشاھىنىڭ ھالاك بولغانلىقى**



ئوتتۇز ئالتىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش گويا كى بىر كاتتا سودىگەردەك ھەر خىل رەڭدار ماتالىرىنى يىغىشتۇرۇپ، مەغرىب بازىرىغا كىرىپ كەتتى. ئاي خۇددى كۈمۈش رەڭ لىباسلارنى كىيگەن ياساۋۇلدەك مەشرىق ئىكىنزارىدىن چىقتى. خوجەستە ناھايىتى خىجىل بولغان ۋە پۇشايمان قىلغان ھالدا توتىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەي ۋاپادار دوستۇم، ھۆكۈمالار «توت نەرسە ھەممىدىن يامان، لېكىن توت خىل كىشىلەر ئۇنىڭدىنمۇ يامان. يەنى پادىشاھلارنىڭ يالغان سۆزلىشى، دانالارنىڭ ئالدىراڭغۇلۇق قىلىشى، ۋەزىرلەرنىڭ بېخىللىق قىلىشى ۋە ئاياللارنىڭ ئۇياتسىزلىقى ھەممىدىن يامان» دېگەنىكەن. مەن ئۆزۈمنى پاكلىق بىلەن ساقلايمەن. سەۋر - تاقەتنى ئۆزۈمگە ئادەت

ياخشى كۆرۈپ قالسا، ئۇ كىشىنىڭ ئەيىبى كۆزىگە كۆرۈنمەيدۇ.
بۇ خۇددى سۇلتان مەھمۇد غازى بىلەن ئاياز ۋە ھەبەشىنىڭ
قىسسىگە ئوخشاشتۇر. سودىگەرنىڭ قىزى ھەرقانچە چىراي-
لىق بولسىمۇ، شاھىمىزغا نىسبەتەن ھېچقانچە لايىقى يوقتۇر.
ئۇ قىز ھەرگىزمۇ مۇناسىپ ئەمەس. چۈنكى مولۇن شىرغا ھەر-
گىزمۇ تەڭ كېلەلمەس. قۇش قانىتى بىلەن ئۇچىدۇ، ئادەم
ھىممىتى بىلەن ياشايدۇ. ئۆزلىرى بۇ توغرىدىكى قىسسىنى
ئاڭلىمىغانمىدىلە؟ — دېيىشىپتۇ.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— بۇرۇن بىر جېسەكچى① پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ:
«ئەي شاھىم، ئۆزلىرىگە بىر سوۋغات كەلتۈردۈم، باھاسى بىرلەك
دەرەمدۇر» دېگەنىكەن. پادىشاھ: «ئۇ قانداق سوۋغات؟» دەپ
سوراپتۇ. جېسەكچى: «ئۇ تۆمۈر ھاسا بىلەن بىر چۆچەكتۇر»
دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ ناھايىتى ھەممەتلىك ئىكەن،
ئۇ جېسەكچىگە دەرھاللا بىرلەك دەرەم بېرىپ سوۋغىنى سېتى-
ۋاپتۇ. شۇ كۈنى كېچىسى پادىشاھ چۈش كۆرۈپتۇ. كېچىنىڭ
ئاۋۋالقى ھەسسىسىدە چۈشىدە ناھايىتى چىرايلىق بىر ئايالنى
كۆرۈپتۇ. پادىشاھ ئۇ ئايالدىن: «سەن كىم بولىسەن؟» دەپ
سورىغانىكەن، ئۇ ئايال: «مەن سىزنىڭ مال - دۇنيايىڭىز بولى-
مەن. سىز بىلەن خوشلاشقىلى كەلدىم» دەپتۇ. پادىشاھ: «سەن
نەگە بارماقچى؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇ ئايال: «مەن ئۇزۇندىن بۇ-
يان سىز بىلەن بىرگە بولدۇم، لېكىن سىز بەختسىزلىكنى
سېتىۋالدىڭىز. شۇڭا مەن سىز بىلەن خوشلاشماقچى» دەپتۇ.
بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ ئۇنىڭ كېتىشىگە رۇخسەت قىپتۇ.
كېچىنىڭ ئىككىنچى ھەسسىسىدە پادىشاھنىڭ چۈشىگە ناھايىتى
چىرايلىق بىر يىگىت كىرىپتۇ. پادىشاھ: «سەن كىم بولىسەن؟»

---

① جېسەكچى — چارلىغۇچى.

لايىق بولغان بولاتتى» دېگەن مەزمۇندا بىر مەكتۇپ يېزىپ، پادىشاھقا ئەۋەتىپتۇ. پادىشاھ مەكتۇپنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇش بولۇپتۇ.

پادىشاھنىڭ ناھايىتى ئەقىللىك ۋە دانىشمەن تۆت ۋەزىرى بولۇپ، مەملىكەتنىڭ ئىشلىرىنى ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قىلىدىكەن. شاھ ئۇلارنى چاقىرتىپ مەكتۇپنى كۆرسىتىپتۇ. ئاندىن كېيىن:

— ئەگەر سودىگەرنىڭ قىزى ھەقىقەتەن ماڭا لايىق كەلگۈدەك دەرىجىدە گۈزەل بولسا، ئۇنى ئوردىغا ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ ئۇلارنى سودىگەرنىڭ ئۆيىگە ئەلچىلىككە يولغا سېلىپتۇ.

تۆت ۋەزىر سودىگەرنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئۇلار مەھرۇسەنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە ھەيران قېلىشىپتۇ. بۇ تۆت ۋەزىر ئۆمرىدە بۇنداق چىرايلىق قىزنى ئەسلا كۆرمىگەنىكەن. ئۇلار: «ئەگەر بۇ گۈزەل پادىشاھنىڭ قوينىغا كىرسە، شاھىمىز ئۇنىڭغا مەجنۇن بولىدۇ - دە، ئۇنىڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ مەملىكەتنىڭ ئىشى بىلەن كارى بولمايدۇ. ئۇلۇغ تەڭرى پۇقرالارنى پادىشاھلارغا تاپشۇرغان. ئەگەر پادىشاھ پۇقرالار بىلەن كارى بولماي، بۇ گۈزەل قىز بىلەن بولۇپ كەتسە، پۇقرالارنىڭ ئەرزىنى ئاڭلىمىسا، ئۇ ھالدا مەملىكەت نېمە بولىدۇ؟» دېيىشىپ، سۆزلىرىنى بىر قىلىشىپتۇ. ئۇلار پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي شاھىم، ئۇ سودىگەرنىڭ قىزىدىن ئوردىدىكى كېنىزەكلىرىڭىز چىرايلىق ئىكەن. شۇڭا ئۇ قىز سىزگە لايىق ئەمەستۇر، — دېيىشىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا ئاتىسى قىزىنى نېمە ئۈچۈن ئۇنچىۋالا تەرىپلەپ ماڭا مەكتۇپ يازىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— ئەي شاھىم، ھەرقانداق بىر كىشى يەنە بىر كىشىنى

ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، قىزىنى شەھەرنىڭ ياساۋۇلىغا بېرىپتۇ. ياسا-
ۋۇلنىڭ ئۆيى پادىشاھنىڭ ئوردىسى بىلەن بىر يەردە ئىكەن.

مەھرۇسە كۆڭلىدە: «مەن شۇنداق چىرايلىق تۇرسام، پا-
دىشاھ نېمە ئۈچۈن مېنى ئۆز ئەمرىگە ئالمىدى؟ بۇ يەردە چو-
قۇم گەپ بار. مەن ئۆزۈمنىڭ جامالىنى پادىشاھقا بىر كۆر-
سىتىپ قويۇشۇم كېرەك. قېنى، شۇ چاغدا پادىشاھنىڭ ھالى
نېمە بولىدىكىن؟» دەپ ئويلاپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ ئوردا ئۈستىدە تۇرۇپ مەھرۇسەنىڭ
جامالىنى كۆرۈپ قاپتۇ. پادىشاھ مەھرۇسەنى كۆرۈش بىلەنلا
ئۇنىڭغا جان - دىلى بىلەن ئاشىق بولۇپتۇ. شۇنداق ھەيۋەتلىك
كاتتا بىر پادىشاھ ئىشق ئوتىغا ئەسىر بولۇپتۇ. پادىشاھ ئۆز
پەرىنىڭ سودىگەرنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن
«ۋەزىرلىرىم ماڭا خىيانەت قىلغانىكەن. بۇنداق چىرايلىق
ھۆسن - جامالنى ئاسماننىڭ پەردىسى بىلەنمۇ يېپىپ بولماس»
دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن «ۋەزىرلىرىم ‹ئەگەر شاھىم بىر
گۈزەل مەزلۇم بىلەن بولۇپ كەتسە، پۇقرالارنىڭ ھالىدىن
خەۋەر ئېلىشنى ئۇنتۇيدۇ› دەپ قارىغان چېغى» دەپ ئويلاپتۇ.

ئەلقىسسە، پادىشاھ ئىشقىنىڭ غالىبلىقىدىن ھەسرەتكە
چۆكۈپ، غىزادىن قېلىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. پادىشاھ-
نىڭ ئادەملىرى ھەر خىل پىتنە - پاسات ۋە يامان سۆزلەرنى
قىلىشىدىغان بولۇپتۇ. ئۇلار: «ياساۋۇلنى ئۆلتۈرۈپ، پادىشاھنى
مۇراد - مەقسىتىگە يەتكۈزۈش كېرەك» دەپ مەسلىھەت بېرىپ-
تۇ. لېكىن پادىشاھ ناھايىتى دىيانەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن
پاكلىققا ھەرگىزمۇ دەخلى يەتكۈزمەيدىكەن. شۇ سەۋەبتىن پا-
دىشاھ: «مەن بۇ ئىشق - مۇھەببەت ئوتىدا ئۆلۈشكە رازىكى،
پاكلىققا ھەرگىزمۇ دەخلى يەتكۈزمەيمەن» دەپتۇ. شۇنداق قى-
لىپ پادىشاھ ئاخىر ئىشق - مۇھەببەت ئوتىدا ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

دەپ سوراپتۇ. «مەن سىزنىڭ رىزقىڭىز بولىمەن، بەختسىزلىك
بار يەردە مەن ھەرگىزمۇ تۇرمايمەن. ماڭا رۇخسەت بېرىڭ»
دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يىگىت. پادىشاھ ئۇنىڭمۇ كېتىشىگە رۇخ-
سەت بېرىپتۇ. كېچىنىڭ ئۈچىنچى ھەسسىسىدە پادىشاھنىڭ
چۈشىگە بىر پەرى كىرىپتۇ. پادىشاھ پەرىدىن: «سەن كىم
بولىسەن؟» دەپ سورىغانىكەن، ئۇ پەرى: «مەن سىزنىڭ ئەقلى-
ڭىز بولىمەن، بەختسىزلىك بار يەردە مەن ھەرگىزمۇ تۇرماي-
مەن. ماڭا رۇخسەت قىلىڭ» دەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ كېتىشىگە-
مۇ رۇخسەت قىپتۇ. كېچىنىڭ تۆتىنچى ھەسسىسى پادىشاھنىڭ
چۈشىگە بىر پەرىشتە كىرىپتۇ. پادىشاھ پەرىشتىدىن: «سەن
كىم بولىسەن؟» دەپ سوراپتۇ. پەرىشتە: «مەن سىزنىڭ ھىممى-
تىڭىز بولىمەن، سىز بىلەن خۇشلاشقىلى كەلدىم» دېگەنىكەن،
پادىشاھ دەرھال پەرىشتىنىڭ ئېتىكىگە ئېسىلىپ: «مەن سېنىڭ
كۈچ - قۇۋۋىتىڭگە تايىنىپ تۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ قىلغان
ئىشلىرىدىن كەچتىم. مەن ساڭا تايىنىپ تۇرغۇن قىيىنچىلىق-
لارنى يەڭدىم. ئەگەر سەن مەندىن يۈز ئۆرۈسەڭ، مەن ھالاك
بولىمەن، سەن مەندىن ياردەم قولۇڭنى تارتساڭ بۇنىڭدىن كې-
يىن كىمگە تايىنىمەن؟» دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ھىممەت كۈلۈپ
كېتىپ: «سىز ماڭا چىن كۆڭلىڭىزدىن تايانماقچى بولسىڭىز،
مەنمۇ ئەلۋەتتە سىزدىن ياردەم قولۇمنى تارتمايمەن. قالغان
ئۆمرۈمنى سىز بىلەن ئۆتكۈزىمەن» دەپتۇ. تاڭ ئاتقاندا پادىشاھ
ئويغىنىپ قارىسا مال، رىزقى، ئەقىل ۋە ھىممەتلەر ئۆز ئورۇن-
لىرىدا تۇرغانىكەن. بۇنىڭدىكى ھېكمەت شۇكى، پادىشاھ قول-
نى ھىممەتنىڭ ئېتىكىگە سۇنغانىدى، دۆلەت ئۇنىڭ قولىدىن
چىقىپ كەتمىدى، — دەپ قىسسىنى تۈگەتتى ۋەزىرلەر.

پادىشاھ ۋەزىرلىرىدىن بۇ قىسسىنى ئاڭلاپ سودىگەرنىڭ
قىزىنى ئېلىش نىيىتىدىن يېنىپتۇ. سودىگەرمۇ پادىشاھتىن

## ئوتتۇز بەتتىنچى داستان

**سىيىستان شاھزادىسىنىڭ بىر يىلانغا خىزمەت قىلغانلىقى، يىلاننىڭ بىر ئاق پىلىنىڭ خارتۇمىغا كىرىۋېلىپ شاھزادىگە نۇرغۇن مال - دۇنيا تېپىپ بەرگەنلىكى**



ئوتتۇز يەتتىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش گوياكى ئالتۇن گەۋدىلىك ئەجدىھادەك مەغرىب غارىغا كىردى. ئاي خۇددى پادىشاھ مەھمۇدنىڭ پىللىرىدەك ئاپئاق بېزەلگەن ھالدا مەشرىق تەرەپتىن چىقتى. خوجەستە خۇددى يىلان چېقىۋالغان كىشىدەك تولغىنىپ رۇخسەت سوراش ئۈچۈن تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەي تۇتى، سەندىن مۇنا پىقلىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ھۆكۈمالار: «تۆت نەرسە تۆت نەرسىدىن پەيدا بولىدۇ. يەنى ئاداۋەت ھەسەتتىن، خارلىق بىھۇدە سۆزلەشتىن، جېدەل چاقچاقتىن، جۇدالىق يوقسۇزلۇقتىن تۇغۇلىدۇ» دەپ ئېيتقانىكەن.

بۇنى ئاڭلىغان مەھرۇسە:
— پادىشاھ مېنىڭ ئىشقىمدا جېنىدىن كەچتى. شۇڭا مەنمۇ ئۆز جېنىمنى ئۇنىڭغا پىدا قىلىپ، بېشىمنى ئۇنىڭ قەبرىسى ئالدىدا ئۆز قولۇم بىلەن چاپقايمەن، — دەپتۇ.

بىر كۈنى مەھرۇسە ئېرىدىگە: «مەن پادىشاھنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىپ كېلەي» دېگەننى باھانە قىلىپ پادىشاھنىڭ قەبرىسى ئالدىغا بېرىپتۇ. ئۇ يېنىدىن بىر خەنجەرنى ئېلىپ بېشىنى ئۆز قولى بىلەن كېسىپتۇ.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ياساۋۇلمۇ قەبرە بېشىغا بېرىپ بېشىنى ئۆز قولى بىلەن كېسىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۈچىسى ئىشق ئوتىدا شېھىد بولۇپتۇ. ئۇلارنىڭ مازىرى ئالەمدىكى ھاجەتمەنلەرنىڭ قىبلىسى بولۇپتۇ.

توتىنىڭ ھېكايىسى بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:
— ئەي ئاغىچام، پاك بولۇش ناھايىتى ياخشى ئىش. ئەمما سىزنىڭ تەقدىرىڭىز ھەرگىزمۇ پادىشاھنىڭ ئاقىۋىتىگە ئوخشاش بولۇپ قالمىسۇن. ئەمدى سىز سۆيگىنىڭىزنىڭ يېنىغا بېرىپ مەقسىتىڭىزنى ھاسىل قىلىڭ، — دېدى.

خوجەستە ئۆيىگىنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى. ئۇنىڭ بېرىشى يەنە كېيىنگە سۈرۈلدى. بېيت:

نەخشەبى، ئويلىغان بېرىپ بۇ كېچە،
جەم بولۇپ يارى بىلەن چالغاي ساز.
بەرمىدى سۈبھى جەم بولۇش پۇرسىتى،
ئاشىقلار دۈشمىنىدۇر سۈبھى، خوراز.

ئۇ چۈمۈلە بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىمەن» دەپ ئويلاپتۇ.

ئەتىسى شاھزادە ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىۋاتسا يولدا! ئۇنىڭغا ئۇۋىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ تۇرغان بىر قارا يىلان ئۇچراپتۇ. يىلان شاھزادىنى كۆرۈش بىلەنلا ئۇۋىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن شاھزادە: «مەن قىلغان ۋەدەمگە ۋاپا قىلىپ، بۇ يىلاننىڭ خىزمىتىنى قىلىشىم كېرەك» دەپ ئويلاپ يىلاننى چاقىرىپتۇ. يىلان: «بۇ ئۆز دۈشمىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆز ئۆلۈمىنى تىلەيدىغان قانداق كىشىدۇ؟» دەپ ھەيران قاپتۇ. يىلان ئۇۋىسىدىن بېشىنى چىقارماپتۇ. شاھزادە:

— ئەي ھاشاراتلارنىڭ پادىشاھى، بۇرۇن بىر ئەۋلىيا يىلاندىن: «ئەي يىلان، ھىيلىگەر ۋە مەككار كىشىلەر سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىپ، ئاستا - ئاستا بىر نېمىلەرنى دەپ سېنى چاقىرىدۇ. سەن نېمە ئۈچۈن ئۇۋاڭدىن چىقىپ ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ دۈشمەن قولىغا گىرىپتار قىلىسەن؟» دەپ سورىغانىكەن، يىلان: «مەن كىشىنى نائۈمىد ياندۇرۇشنى راۋا كۆرمەيمەن ۋە بۇ ئىش تىن خىجىل بولىمەن. ھاجەتمەننى ئۈمىدسىزلەندۇرۇش مەن ئۈچۈن ئەڭ زور ئەيىبتۇر. چۈنكى بارلىق غايىب خەزىنىلەر مېنىڭ قولۇمدىدۇر. شۇنداق تۇرۇپ كىشىنى نائۈمىد ياندۇرۇش تىن ماڭا ئۆلۈم ئەۋزەلدۇر. شۇڭا بىلىپ تۇرۇپ ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن. مەنغۇ ھىيلە - نەيرەڭ ئۈچۈن كەلمىدىم، پەقەت ساڭا ھاجەتمەن بولغانلىقىم ئۈچۈنلا سېنى چاقىرىۋاتىمەن. سەن ئۇۋاڭدىن چىق ساڭ مەن ئۆز قىسسەمنى ساڭا بايان قىلىمەن، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان يىلان ئۇۋىسىدىن چىقىپتۇ. يىلان شاھزادىدىن:

— سەن كىم بولىسەن، نەدىن كېلىشىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەچچە ۋاقىتتىن بۇيان مەن سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىپ مەسلىھەت ئالسام، ماڭا ياخشى مەسلىھەت بەرمەيۋاتىسەن. مېنى ھەممىشە نائۈمىد ياندۇرىسەن، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ئەمدى مەن بۇ دەردىمنى كىمگە ئېيتىمەن؟ — دېدى.

ئەي ئاغىچام، — دېدى تۇتى، — سىز مېنى ئەيىبلەيسىز. سىز ھەممە گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى تۇرسىڭىز كىممۇ سىزنى خار-لىيالايدۇ؟ مەن ھەرقانداق سۆزنى سىزنىڭ رايىڭىزغا قاراپ قىلىمەن. سىزنىڭ رايىڭىز ھۆكۈمالارنىڭ رايىدۇر. ھۆكۈمالار: «نەسىھەت ئاچچىق، مېۋىسى تاتلىق» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. ئەي ئاغىچام، سىز ئەمدى ئۇ يىگىتنىڭ يېنىغا بېرىشقا سۇسلۇق قىلماڭ. ئۇنىڭغا ياخشى خىزمەت قىلىڭ. چۈنكى سىيىستان شاھزادىسى بىر يىلانغا جان - دىلى بىلەن ياخشى خىزمەت قىلغانىدى، ئۇنىڭ يىلانغا قىلغان خىزمىتى زايە كەتمىدى. سىز بىر ئىنسانغا خىزمەت قىلىشنى خالىغان ئىكەنسىز، ئۇ چاغدا سىزنىڭ قىلغان خىزمىتىڭىز ھەرگىز زايە بولماي-دۇ، — دېدى.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

تۇتى ھېكايىسىنى مۇنداق سۆزلەر بىلەن باشلىدى:

سىيىستان شەھرىدە بىر پادىشاھ بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، چوڭ ئوغلىنى ئۆز تەختى ۋارىسى قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاكا - ئۇكا ئوتتۇرىسىدا ماجىرا پەيدا بولۇپتۇ. پادىشاھنىڭ كىچىك ئوغلى سىيىستاننى تاشلاپ، سەرگەردان بولۇپ ئالەم كېزىپتۇ. ئۇنىڭ دەردىگە يېتىپ، غېمىنى يەيدىغان بىرمۇ كىشى چىقماپتۇ. ئاخىرى ئۇ بىر شەھەرگە كېلىپ ئورۇنلىشىپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ كۈنى ناھايىتى تەسلىكتە ئۆتۈپتۇ.

بىر كۈنى كېچىسى ئۇ «ئەتە ئالدىمغا كىم ئۇچرىسا،

جىنىنى قىينايمەن. سەن شۇ چاغدا كېلىپ مېنى چاقىرساڭ، مەن پىلنىڭ خارتومىدىن چىقىمەن. شۇ چاغدا سەن پادىشاھتىن نېمىنى تەلەپ قىلساڭ تىلىگىنىڭنى بېرىدۇ، — دەپتۇ.

شاھزادە ئۇ شەھەرگە بېرىپتۇ. يىلانمۇ شاھزادىنىڭ كەينىدىن بۇ شەھەرگە يېتىپ كېلىپتۇ. يىلان ئەپلەك پۇرسەتنى تېپىپ پىلنىڭ خارتومىغا كىرىۋېلىپ، ئۇنىڭ جىنىنى قىيناشقا باشلاپتۇ. ئاق پىل بۇ ئازابقا چىدىماي نەرە تارتىپ، ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ بىتاقەت بولۇپتۇ. ئۇنىڭ بىچارىلەرچە ھالىنى كۆرگەن ھايۋانلارمۇ بىتاقەت بولۇشۇپتۇ.

پادىشاھ پىلنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھايۋانلارنىڭ كېسەللىنى داۋالايدىغان تېۋىپلارنى چاقىرىپ كېلىپ پىلنىڭ نېمە بولغانلىقىنى كۆرسىتىپتۇ. پېرىخۇنلارنى چاقىرتىپ كېلىپ ئوقۇتۇپتۇ. بولارنىڭ قىلغان داۋالىرىنىڭ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولماپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ خەلققە: «كىمكى بۇ پىلنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ، ئۇنى بۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇرسا، شۇ كىشىگە ئۆزى تەلەپ قىلغان مال ـ دۇنيادىن نەچچە ھەسسە زىيادە مال ـ دۇنيا ئىنئام قىلىمەن» دەپ پەرمان چىقىرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان شەھەر خەلقى غۇلغۇلا قىلىشىپ پىل ئۈچۈن غەم يېيىشىپتۇ.

يەتتىنچى كۈنى شاھزادە پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي شاھىم، بۇ پىلنىڭ كېسىلىنى مەن داۋالىيالايمەن. ئەمما بىر شەرتىم بار، بۇ پىل بۈگۈن كېچە مەن بىلەن بىللە بولۇشى كېرەك، — دەپتۇ.

پادىشاھ شاھزادىنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپتۇ.

شۇ كۈنى كېچىسى شاھزادە پىلنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ پېشانىسىنى سىلىغانىكەن، يىلان پىلنىڭ خارتومىدىن چىقىپتۇ. يىلان شاھزادىگە سالام بەرگەندىن كېيىن ئۆز يۇرتىغا يۈرۈپ

— مەن سىيىستان پادىشاھىنىڭ ئوغلى بولىمەن. مەن بۇ جاھاننىڭ بالاسىدىن، ئاغامنىڭ جاپاسىدىن بۇ كۈنگە قالدىم. شۇڭا مەن ساڭا ئوخشاش ئاق كۆڭۈل جانىۋارغا خىزمەت قىلىپ، كۈن ئۆتكۈزۈشنى لايىق كۆردۈم. سېنىڭ بېشىڭدا جاپا - مۇشەققەت بولسا، ئايىغىڭدا پۈتمەس-تۈگىمەس خەزىنە بار. سەن كېچە - كۈندۈز خىلۋەتتە ئولتۇرۇپ ئىبادەت قىلىغۇچىلاردىنمۇ ئېشىپ چۈشىسەن. چۈنكى سەن داۋاملىق غارنىڭ ئىچىدە تەنھا تۇرىسەن. ئەگەر مەن سېنىڭ پەرزەنتىڭ بولسام، ئۇ چاغدا باشقىلارنىڭ قىلىدىغان جاپا - مۇشەققەتلىرىدىن خالىي بولالايسەن. سېنىڭ نۇرغۇن ياخشى خىسلىتىڭ ۋە ياخشى ئىشلىرىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، مەن سېنىڭ خىزمىتىڭنى قىلىشنى ئىختىيار قىلدىم، — دەپتۇ شاھزادە.

يىلان شاھزادىنىڭ سۆزلىرىدىن خۇش بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆز خىزمىتىدە بولۇشىغا ماقۇل بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھزادە خۇددى چاكارلاردەك يىلاننىڭ خىزمىتىنى قىپتۇ.

بىر كۈنى يىلان شاھزادىنىڭ ئۆزىگە شۇ قەدەر خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئەي شاھزادە، مەن مۇشۇنچىلىك كۈننى كۆرگىنىمگە رازىمەن. مەن مال - دۇنيادىن ۋاز كەچكەنمەن. مەندە ساڭا بەرگۈدەك مال بولمىغانلىقى ئۈچۈن سېنىڭ ئالدىڭدا خىجىلمەن. شۇنداق بولسىمۇ سېنى قۇرۇق قول ياندۇرغىلى بولماس. سەن پالانى شەھەرگە بارغىن، مەن كەينىڭدىن بارىمەن. ئۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ زەنجىر بىلەن باغلاپ قويغان مىڭ پىلى بار. ئۇ پىللارنىڭ ئىچىدە بىر ئاق پىل بولۇپ، پادىشاھ ئۇ پىلنى باشقا پىللاردىن ياخشى كۆرىدۇ. پادىشاھ ئۇ پىلنى بىر دەم كۆرمىسە زادى ئولتۇرالمايدۇ. مەن ئاق پىلنىڭ سۇ ئىچكىلى كەلگەن ۋاقتىدا خارتومىغا كىرىۋالىمەن - دە، ئۇنىڭ

تۇغ چىقارغانىدى. خوجەستىنىدىكى يازىدىغان ئىشى يەنە كىچىك

تى. بېيىت:

نەخشەبى. ئويلىغان بىرىپ بۇ كېچە،
جاننى جانانغا قوشۇپ چالغاي ساز.
سۆيەي بۇ ئويغا بەرمىدى ئىمكان،
ئاشىقلار دۈشمەنىدۇر سۆيەي. خوراز.

كېتىپتۇ. پىل بۇ ئازابتىن قۇتۇلۇپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بامدات ۋاقتى بىلەن پىل كېسەل ئازابىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇپ ئۆز ئەسلىگە كېلىپتۇ.

پادىشاھ پىلنىڭ ساقايغانلىقىنى كۆرۈپ شاھزادىنىڭ ئۇستا تېۋىپلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. يۈزمىڭ ئىززەت - ئىكراملار بىلەن ھۆرمەتلەپتۇ. پادىشاھ شاھزادىنى بۇرادەرلىككە قوبۇل قىلىپ، پىلنىڭ بويى بىلەن تەڭ ئالتۇن بېرىپتۇ. شاھزادە نۇرغۇن جاپالارنى تارتقانىدى، ئاخىرى راھەت كۆردى.

بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن پادىشاھ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. شاھزادە پادىشاھ بولۇپتۇ. بۇ دۆلەت شاھزادىنىڭ جاپا - مۇشەققەتكە قارىماي يىلانغا خىزمەت قىلغانلىقىدىن بولغان. بېيت:

نەخشەبى، كىشىلەرگە خىزمەت قىل،
قىلغىنىڭ ھەرگىز كەتمىگەي بىكار.
كىشىلەر خىزمىتىنى قىلغانغا،
تەڭرى بولغاي بار ئىشتا مەدەتكار.

تۇتىنىڭ ھېكايىسى بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:

— ئەي ئاغىچام، شاھزادىنىڭ يىلانغا خىزمەت قىلغىنى ھەرگىزمۇ زايە كەتمىدى. ئادەم ھەممە مەخلۇقلاردىن ئۇلۇغ تۇرىدۇ. شۇڭا ئادەملەرنىڭ قىلغان خىزمىتى ۋە تارتقان جاپاسى ھەرگىزمۇ زايە كەتمەيدۇ. ئەمدى ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ سۆيگىنىڭىزنىڭ قېشىغا بېرىڭ. ھازىر مۇراد - مەقسىتىڭلارغا يېتىشنىڭ ياخشى پەيتى، — دېدى.

خوجەستە يىگىتنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا تاڭ سۈزۈلۈپ، قۇياش مەشرىق ئاسمىنىدا

قەپەس بىلەن ئوتقا سالسىڭىز، مېنىڭ بۇ يېشىل رەڭگىم ئۆزگەرگەن بولاتتى. لېكىن ئۇنداق قىلىدىغان ئادەم چىقمىدى. ئىككىمىز نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان بىرگە بولۇپ كۆڭلىمىزنى چۈشەنگەن بولساقمۇ، لېكىن ھېچقانداق ئىشىمىز ۋۇجۇدقا چىقمىدى. پاقا، تۆمۈر تۇمشۇق، سېرىق ھەرە ۋە سېرىق تۇمشۇق قاتارلىقلار ناھايىتى ئاجىز جانىۋارلاردىن ئىدى. ئۇلار بىرلىكتە كۈچ چىقىرىپ، ھەيۋەتلىك پىلنىمۇ مەغلۇپ قىلدى. لېكىن ئىككىمىز ھېچقانداق ئىش قىلالمىدۇق. بېيت:

نەخشەبى، ئىتتىپاقلىق ئۇلۇغ ئىشتۇر،
ئەقلىنىڭ كۈچى بارچىدىندۇر ئۇلۇغ.
بىر مەسەل باركى كوھىقاپ ئىچىدە،
بولغۇسى ئەقىل ھىيلە كۈچىدە بۇزۇق.

— بۇ جانىۋارلارنىڭ ۋەقەسى قانداق ئىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

تۇتى ھېكايە جاۋاھىرلىرىنى مۇنداق چاشتى:

بۇرۇنقى زاماندا ئۇلۇغ بىر شەھەردە خۇددى پادىشاھنىڭ چېدىرىغا ئوخشاش بىر دەرەخ بار ئىكەن. ئۇ دەرەختە ناھايىتى ئاجىز بىر سېرىق تۇمشۇق تۇخۇملاپتۇ. ئۇ ھەمىشە تۇخۇمنى بېسىپ ياتىدىكەن. تۇخۇمغا ھەرگىزمۇ شامال تەگكۈزمەيدىكەن.

بىر كۈنى ھەيۋەتلىك بىر پىل ئۇ دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، بەدىنىنى دەرەخكە سۈركەپتۇ. پىل ناھايىتى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن دەرەخ تىترەپ كېتىپتۇ ـ دە، سېرىق تۇمشۇقنىڭ بېسىپ ياتقان تۇخۇملىرى دەرەختىن چۈشۈپ سۇنۇپ كېتىپتۇ. بىچارە سېرىق تۇمشۇق پىلنىڭ ئۆزىگە كەلتۈرگەن

# ئوتتۇز سەككىزىنچى داستان

**سېرىق تۇمشۇق، تۆمۈر تۇمشۇق، سېرىق ھەرە،**
**پاقا قاتارلىقلارنىڭ بىرلىشىپ بىر**
**پىلنى ئۆلتۈرگەنلىكى**



ئوتتۇز سەككىزىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش گوياكى ئالتۇن قاناتلىق قۇشتەك، ئېچىلغان قاناتلىرىنى يىغىپ، مەشرىق مەنزىلگە قوندى. ئاي شۇڭقارى مەشرىق ئورمانزارلىقىدىن پەرۋاز قىلدى. خوجەستە بىتاقەتلىك بىلەن تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەي تۇتى، مېنىڭ ئېتىقادىم سېنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىڭدىن بولدى. سەن يېشىل تونىڭنى كىيىپ، قەپەسنى ئۆي قىلىپ ئالەمنى ئۆزۈڭگە تارتىۋالدىڭ. سەن ماڭا شاپائەت قىلىپ، پەرىشان كۆڭلۈمنى خاتىرجەم قىلغايسەن، — دېدى.

— ئەي ئاغىچام، — دېدى تۇتى، — مېنى بۇ ياغاچ

بېيىت:

نەخشەبى، بولسا ئىش كېيىن بىلەن،
بارچە ئىش ئۇنىڭغا تارتقۇسى چەكسىز.
مىكرى ـ ھىيلە ئەقىلنى ئىشلەتسە،
تۇتقۇسى پەرمان تاغۇ ـ دەريا، دېڭىز.

مەن بىر ھىيلە ئويلاۋاتىمەن. ئۇ بولسىمۇ سېرىق ھەرە پىلىنىڭ يېنىغا بېرىپ قۇلىقىغا ئاستا ئاۋاز بىلەن سايرىسۇن. پىل سايرىغان ئاۋازدىن مەست بولىدۇ. شۇ چاغدا تۆمۈر تۇمشۇق ئورغاققا ئوخشاش تۇمشۇقى بىلەن پىلنىڭ كۆزىنى چوقىسۇن، شۇ چاغدا يورۇق دۇنيا پىلنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇ كۆرۈنىدۇ. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ سۇغا تەشنا بولىدۇ. شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ كوركىرىسام، ئۇ مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلاپ: «پاقا سۇدا ياشايدۇ، شۇڭا ئۇ چوقۇم سۇ بار يەرگە بارىدۇ» دەپ ئويلاپ مېنىڭ كەينىمدىن ئەگىشىدۇ. مەن ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ چوڭقۇر بىر ئازگالغا چۈشۈرىمەن. پىل شۇ ئازگال ئىچىدە ھالاك بولىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. بېيىت:

نەخشەبى، نەغمە جانغا ئاپەتتۇر،
بەزىلەرگە قازايى جان بولدى.
نەغمە شۇكى گەر قىلسا جانغا ئەسەر،
شولىسى نۇرىدىن جاھان تولدى.

ئۇلار شۇ مەسلىھەت بويىچە پىلنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. سېرىق ھەرە پىلنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە خۇش ئاۋازدا سايراشقا

بۇ بالا - قازاسىدىن بىتاقەت بولۇپ، ئۇياتتىن بۇياققا ئۇچۇشقا باشلاپتۇ. ئۆزىنى ئۇ شاختىن بۇ شاخقا ئۇرۇپتۇ. سېرىق تۇمشۇق ئۆزىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىگە پۇشايمان قىلىپ «غالىب دۈشمەننى ھىيلىدىن باشقا نەرسە بىلەن، ئۆلتۈرگىلى بولماس» دەپ ئويلاپتۇ.

سېرىق تۇمشۇقنىڭ تۆمۈر تۇمشۇق ئىسىملىك بىر دوستى بار ئىكەن. ئۇ دوستىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— سەن بىر ھىيلە ئىشلىتىپ پىلدىن مېنىڭ ئىنتىقامىمنى ئېلىپ بەرگىن، — دەپ پىلنىڭ ئۆزىگە سالغان زۇلۇمىنى ئۇنىڭغا بايان قىپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان تۆمۈر تۇمشۇق:

— ئەي دوستۇم، پىلنى يېڭىش تولىمۇ مۈشكۈل ئىشتۇر. بىر قول بىلەن يارغۇنچاقنى تارتىپ بولماس. مېنىڭ سېرىق ھەرە ئىسىملىك ناھايىتى دانا ۋە زېرەك بىر دوستۇم بار. بىز بۇ ئىشنى ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرەيلى، — دەپتۇ.

ئۇلار سېرىق ھەرىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا بايان قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان سېرىق ھەرە ناھايىتى بىتاقەت بولۇپ:

— مېنىڭ پاقا ئىسىملىك ناھايىتى زېرەك بىر دوستۇم بار. ئۇ سۇ لەشكەرلىرىنىڭ سىپاھى. بۇ ئىشتا ئۇنىڭدىن مەسلىھەت ئالايلى، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ تۆمۈر تۇمشۇق، سېرىق تۇمشۇق ۋە سېرىق ھەرە قاتارلىقلار پاقىنىڭ ئالدىغا كېلىپتۇ. ئۇلار ئەھۋالنى پاقىغا ئېيتىپ، بۇ ئىشتا ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پاقا مۇنداق دەپتۇ:

— سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار، ھىيلە بىلەن تاغنى تالقان قىلغىلى، تەدبىر بىلەن دەريانىمۇ باغلىغىلى بولىدۇ.

## ئوتتۇز توققۇزىنچى داستان

**كىرمان پادىشاھىنىڭ نۆكىرى كۈلگىنىدە ئاغزىدىن گۈللەر
تۆكۈلگەنلىكى، پادىشاھ ئۇ گۈلنى ئايالىغا تەقدىم
قىلغىنىدا ئايالىنىڭ ئۆز جامالىنى يوشۇر-
غانلىقى، كاۋاپ قىلىنغان قۇشنىڭ
بۇ ئەھۋالغا كۈلگەنلىكى**



ئوتتۇز توققۇزىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش گوياكى بىر جاھانگىر پادىشاھ-دەك مەغرىب مەملىكىتىگە ياندى. ئاي خۇددى بىر كاتتا ساياھەتچىدەك مەشرىق تەرەپتىن چىقتى. خوجەستە قىزىلگۈلدەك ئېچىلىپ تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ئەي مېھرىبان يولباشچىم، ۋاپادار دوستۇم، — دېدى ئۇ تۇتىغا، — ئىلگىرى بىر كىشى بىر دەرۋىشتىن: «نېمە ئۈچۈن خەلق بىلەن ئارىلاشمايسەن؟» دەپ سورىسا، دەرۋىش

باشلاپتۇ. پىل بۇ مۇڭلۇق سايراشتىن مەست بولۇپتۇ. شۇ چاغدا تۆمۈر تۇمشۇق ئۆتكۈر تۇمشۇقى بىلەن پىلنىڭ ئىككى كۆزىنى چوقۇپتۇ. پىل تۇرغان جايىدا قېتىپلا قاپتۇ.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندە پىل ئۇسسۇزلۇقتا چىدىماي ھەر تەرەپكە ماڭغان بولسىمۇ، لېكىن سۇ بار يەرنى تاپالماپتۇ. شۇ چاغدا پاقا كېلىپ پىلنىڭ ئالدىدا كوركىراشقا باشلاپتۇ. پاقىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان پىل «بۇ ئەتراپتا چوقۇم كۆل بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ پاقىنىڭ ئاۋازى چىققان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. پاقا پىلنى خۇددى كارۋان تۆگە يېتىلىگەندەك، ئۇۋۇچى كېيىكنى تۇزاق قۇرغان تەرەپكە باشلىغاندەك پىلنى ئارقىغا ئەگەشتۈرۈپ مېڭىپتۇ. پاقا ئاخىرى پىلنى تار، چوڭقۇر ئازگالغا چۈشۈرۈپتۇ. پىل نەچچە پارچە بولۇپ كېتىپتۇ. سېرىق تۇمشۇقمۇ ئىنتىقامىنى ئېلىپتۇ.

تۆتىنىڭ ھېكايىسى بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:

— ئەي ئاغىچام، تۆت ئاجىز جانىۋار بىر يەكدىن كۈچ چىقارغاچقا شۇنداق كۈچلۈك دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كەلدى. لېكىن ئىككىمىز شۇنچە تىرىشقان بولساقمۇ مەقسىتىمىز ھاسىل بولمايۋاتىدۇ. ئەمدى سىز يىگىتىڭىزنىڭ يېنىغا بېرىڭ. بۇ ئىشقا ھەرگىز سۈسلۈق قىلماڭ، — دېدى.

خوجەستە ئۇ يىگىتىنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا تاڭ سۈزۈلۈپ، قۇياش كۆتۈرۈلگەنىدى. ئۇ يەنە كېچىنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولدى. بېيىت:

نەخشەبى، ئويلىغان بېرىپ بۇ كېچە،
ئىنتىپاقلىق بېغىدا چالغاي ساز.
سۈبھى بارغۇزمىدى توسۇپ يولنى،
ئاشىقلار دۈشمىنىدۇر سۈبھى، خوراز.

كېلىپ ئەلچى بىلەن كۆرۈشسۇن ۋە ئۇنىڭ بىلەن بەسلىشىپ
ھېكايە ئېيتسۇن. بۇ ئارقىلىق سەلتەنەتكە زىننەت بەرسۇن. رۇم
ئەلچىلىرىگە، ئۇلۇغلۇقىمنى ۋە ھەيۋەت - ھەشەمىتىمنى
كۆرسىتىپ قويسۇن» دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. نۆكەر بۇيرۇققا
بىنائەن يولغا چىقىپتۇ، يولدا ئۇنىڭغا ناھايىتى سەت بىر
زەڭگى ئۇچراپتۇ. ئۇ زەڭگىنىڭ ئۈستۈن كالپۇكى ماڭلىيىغا
چاپلىشىپ تۇرسا، ئاستىن كالپۇكى قورسىقىدا ساڭگىلاپ
تۇرىدىكەن. شۇنداق بەدبەشىر ئىكەنلىكى ئۇنى كۆرگەن دېۋىلەرمۇ
سەسكىنىپ كېتىدىكەن. ئۇ زەڭگى يالغۇز ھالدا ھېچبىر ساز
ۋە مۇزىكىسىزلا ئۇسسۇل ئويناپ، ئۆزىنىڭ ھېسابسىز خۇشال
ئىكەنلىكىنى نامايىش قىلىۋېتىپتۇ.

نۆكەر ئۇنىڭدىن:

— ھەي زەڭگى، ھېچبىر نەغمە - مۇزىكىسىزلا ئۇسسۇلغا
چۈشۈپ كېتىپسەن. نېمىگە بۇنچىۋالا خۇش بولۇپ كەتتىڭ؟—
دەپ سوراپتۇ.

زەڭگى نۆكەرنى تونۇمايدىكەن. شۇڭا ئۇ نۆكەرگە:

— بۈگۈن مەن بىر خۇش خەۋەر ئاڭلىدىم. شۇڭا ئىچ -
ئىچىمدىن سۆيۈنۈپ كېتىۋاتىمەن،— دەپتۇ.

— قانداق خۇش خەۋەر ئاڭلىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ
نۆكەر.

زەڭگى جاۋاب بېرىپ:

— مەن بىر نۆكەرنىڭ خوتۇنىغا كۆيۈپ قالغانىدىم.
لېكىن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشقا ھېچبىر پۇرسەت تاپالماي
يۈرەتتىم. ئاڭلىشىمچە بۈگۈن پادىشاھ ئۇ نۆكەرنى چاقىرىشقا
ئادەم ئەۋەتىپتۇ. نۆكەر بۈگۈن كېچە ئوردىدا رۇم ئەلچىلىرى
بىلەن بىللە ئالىي زىياپەتكە قاتنىشىدىكەن. ئۇ يەردە ئاجايىپ
ھېكايە ۋە غارايىپ ئەپسانىلەرنى سۆزلەپ تاڭ ئاتقۇزىدىكەن.

جاۋاب بېرىپ: «بۇ دۇنيا تۆت ـ بەش كۈنلۈك بىر دەۋردۇر. ئىنسان بۇ دەۋرگە كېلىدۇ ـ يۇ، يەنە كۆچۈپ كېتىدۇ، قىسقىغىنە ئۆمرۈمدە ئەگەر ياخشى دوست تاپالىسامغۇ تاپىتىم. ئەكسىچە دۈشمەن بىلەن ئارىلىشىپ قالىدىغان بولسام، بۇ مېنىڭ تۈگەشكىنىم ئەمەسمۇ؟» دېگەنىكەن. مەن سېنى دوست كۆرۈپ ئۇلپەتلىشىۋاتىمەن. سېنى ماڭا كۆيۈنىدۇ دەپ مەسلىھەت سوراۋاتىمەن.

— توغرا ئېيتتىڭىز، — دېدى تۇتى، — دوست بۇرادەرلەرسىز ھايات ئۆلۈمدۇر. ياق، بەلكى ئۆلۈمدىنمۇ قاتتىق ئازاب ۋە كۈلپەتتۇر. مۇھەببەت قائىدىسىدە ئەسلى تەكەللۇپ دېگەن نەرسە بولمىسىمۇ، بىراق ئەدەب ـ ئەخلاق مىزانىدا ئۇمۇ مۇھىمدۇر. شۇڭا سۆيگىنىڭىزنىڭ ۋىسالىغا مۇيەسسەر بولغىنىڭىزدا، ھۆسن ـ جامالىڭىزدىن بەك مەغرۇرلىنىپ كەتمەڭ. شۇنداقلا مۇھەببىتىڭىزنى بەك ئارتۇقچە ئىپادىلەپمۇ كەتمەڭ. چۈنكى كىرمان پادىشاھىنىڭ ئايالىمۇ مۇشۇ ئىش تۈپەيلى خىجالەتچىلىككە قالغان.

— ئۇ قانداق ۋەقە؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

تۇتى ھېكايىسىنى باشلىدى:

رىۋايەت قىلىنىشىچە كىرمان ۋىلايىتىدە بىر پادىشاھ بار ئىكەن. ئۇنىڭ مەنسەپ ـ مەرتىۋىسى پەلەكتەك يۈكسەك ئىكەن. ئايالىمۇ ناھايىتى گۈزەل ئىكەن. پادىشاھنىڭ يەنە ناھايىتى خۇش خۇي بىر نۆكىرى بار ئىكەن. نۆكەر ھەر قېتىم كۈلگىنىدە ئاغزىدىن دەستە ـ دەستە گۈللەر تۆكۈلىدىكەن.

بىر كۈنى رۇم پادىشاھىنىڭ ئەلچىسى كېلىپتۇ. پادىشاھ ئۇ ئەلچىنىڭ بارلىق ئىلىملەردە ماھىر، ھەممە ھۈنەرلەردە قابىل ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئۆز سەلتەنىتىنى نامايان قىلماقچى بولۇپتۇ. شۇڭا ئۇ نۆكىرىگە ئادەم ئەۋەتىپ: «دەرھال

بۇ جاي زىندانغا يېقىن بولغاچقا، نۆكەر بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ كۈلكىسى بىلەن تەڭ ئېغىزىدىن دەستە ـ دەستە گۈللەر تۆكۈلۈپتۇ. پەلباققۇچى بۇ گۈللەرنى ئېلىپ كىرىپ پادىشاھقا تەقدىم قىپتۇ. پادىشاھ گۈلنى كۆتۈرگەن ھالدا زىياپەتتىن قايتىپ چىقىپتۇ. شاھىنىڭ ئەتىگەنلىك غىزاسى ئۈچۈن باقاۋۇل داستىخان سېلىپ، كاۋاپ قىلىنغان بىر قۇشنى ئەكىرىپ قويۇپتۇ. پادىشاھ قولىدىكى گۈلنى خوتۇنىغا تەگلىگەن ئىكەن، خوتۇن دەرھال ياغلىقى بىلەن يۈزىنى يۆگەپتۇ.

پادىشاھ ھەيران بولۇپ:

— نېمىشقا گۈلنى ئالماي يۈزۈڭنى يۆگەيسەن؟— دەپ سوراپتۇ.

— بۇ نەركىس گۈلى ئىكەن،— دەپتۇ ئۇ خوتۇن يۈزىنىمۇ ئاچماستىن،— نەركىس گۈلىنىڭ خۇددى ئادەمزاتنىڭ كۆزىدەك كۆزى بار. پادىشاھنىڭ كۆزىدىن باشقا كۆزلەر ماڭا نامەھرەمدۇر. شۇڭا مەن ئۇ گۈلگە قارىمايمەن.

داستىخاندىكى كاۋاپ قىلىنغان قۇش بۇ سۆزنى ئاڭلاش بىلەنلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. پادىشاھنىڭ خوتۇنى بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن ئەلپازىنى بۇزۇپ، پادىشاھقا ئېسىلىپ:

— بۇ قۇش كاۋىپى نېمە ئۈچۈن كۈلىدۇ؟ بۇنى چاپسان ئېنىقلاپ بېرىڭ. بولمىسا ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالىمەن!— دەپتۇ.

پادىشاھ بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ھەيران بوپتۇ. ھەرقانچە ئويلانغان بولسىمۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەپتۇ. خوتۇن بۇ ئىشتا ئۆزىنىڭ رەسۋا بولۇشىنى بىلمەي، پادىشاھنى «جاۋاب بەر» دەپ بارغانسېرى ئەزۋەيلەپ كېتىپتۇ. پادىشاھ بارلىق ئۆلىما، ھۆكىما، ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرىنى يىغىپ مەسلىھەت

شۇڭا بۇ ئاخشام سۆيۈملۈكۈمنىڭ ئۆيى خىلۋەت قالىدىغان بوپتۇ. ماڭىمۇ ئەيش - ئىشرەت، راھەت - پاراغەتكە مەشغۇل بولىدىغان پۇرسەت چىقتى،— دەپتۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان نۆكەرنىڭ ھوشى بېشىدىن ئۇچۇپتۇ. ئۇ ئەقلىنى تاپقاندىن كېيىن ئۆيىگە قايتىش قارارىغا كەپتۇ. بىراق پادىشاھنىڭ پەرمانچى بېگى ئۇنى قايتقىلى قويماپتۇ. بىچارە نۆكەر ئىلاجسىز ئوردىغا كەپتۇ. پادىشاھ بۈگۈن بۇ خۇش خۇي نۆكىرىنى ئەلپازى شۇنچە بۇزۇلغان، كۆڭۈللىرى شۇ قەدەر پەرىشان، چىرايى گويا ئوتتا چۈشكەن تېرىدەك تۈرۈلگەن ھالدا كۆرۈپتۇ. نۆكەر شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئالدىدا تۇرغان كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سەزمەپتۇ. غەم - غۇسسىدىن گويا غەرق مەست ئادەمدەك ھوش كاللىسىنى يىغالماپتۇ. پادىشاھ ئۇنى خۇشاللىقتىن مەجلىس ئەھلى ئالدىدا گۈللەر چاچسۇن دەپ قانچە ئىززەت - ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن نۆكەرنىڭ لەۋلىرى مىتمۇ قىلماپتۇ. بۇ ئەھۋالدىن پادىشاھ قەھرى - غەزەپكە كېلىپ، ئۇنى زىندانغا تاشلاشقا بۇيرۇپتۇ. بۇ يورۇق جاھان نۆكەرنىڭ كۆزىگە گوياكى زەڭگىنىڭ يۈزىدىنمۇ بەتتەررەك قاراڭغۇ كۆرۈنۈپتۇ.

ئەلقىسسە، بۇ پادىشاھنىڭ خوتۇنى ئوردىنىڭ پىل باققۇچىسىغا ئاشىق ئىكەن. بۇ كېچە پىل باققۇچىمۇ ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ ئوردىنىڭ ئارقىسىغا يېتىپ كەپتۇ. شاھنىڭ خوتۇنى بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ئوردا ئۆگزىسى بىلەن ئوردا ئارقىسىغا يېتىپ كەپتۇ - دە، پىلنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ ئىككىسى نەپسىگە پايلىماستىن پىل ئۈستىدىلا ئىشرەتكە مەشغۇل بولۇپتۇ. بىر پەستىن كېيىن خوتۇن كەلگەن يولى بىلەن ئوردىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

ئىشنى قىلماسلىق كېرەك. چۈنكى ئەلنىڭ گۈلكىسىگە قېلىشتىن يامان ئىش يوقتۇر. ئەمدى تېزدىن يىگىتىمىز بىلەن ئۇچرىشىپ، مۇرادىڭىزغا يېتىڭ، — دېدى.

خوجەستە يىگىتنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا كېچىنىڭ زەڭگىسى يوقىلىپ، سۈبھىنىڭ كۈلكىسى ئاشكارا بولدى. خوجەستىنىڭ بېرىشى كېيىنگە قالدى. بېيت:

نەخشەبى، ئۆيلىغان بېرىپ بۇ كېچە،
خۇش خۇيلۇق بەزمىسىدە چالغاي ساز.
سۈبھى خۇش خۇيلۇقى ئۈنى توستى،
ئاشقلار دۈشمىنىدۇر سۈبھى، خوراز.



سوراپتۇ. بىراق ئۇلارمۇ بۇ ئىشقا جاۋاب بېرىشكە ئاجىز كەپتۇ. ئاخىرى ۋەزىرلىرىدىن بىرى:

— بۇ ئىشنىڭ سىرىنى ئاشۇ نۆكەر بىلىشى مۇمكىن. بولمىسا ئۇ نېمىشقا شاھنىڭ زىياپىتىدە كۈلمەي، زىنداندا كۈلىدۇ؟— دەپتۇ.

پادىشاھ ئادەم ئەۋەتىپ، نۆكەرنى زىنداندىن ئەكەلدۈرۈپتۇ - دە، ئۇنىڭدىن زىنداندا كۈلۈشىنىڭ سەۋەبىنى ۋە كاۋاپ قىلىنغان قۇشنىڭ كۈلۈش سەۋەبىنى سوراپتۇ.

— ئەي پادىشاھى ئالەم،— دەپتۇ نۆكەر،— ئەگەر رۇخسەت قىلسىڭىز، مەن كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىمنى سۆزلەپ باقاي.

— سۆزلە!— دەپتۇ پادىشاھ.

نۆكەر يولدا ئۇچرىغان زەڭگىنىڭ سۆزلىرىنى ۋە زىندان يېنىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى پادىشاھقا بىرمۇ بىر سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاخىرىدا:

— مېنىڭ زىنداندىكى كۈلۈشۈم بىلەن كاۋاپ قىلىنغان قۇشنىڭ داستىخاندىكى كۈلۈشىنىڭ سەۋەبى بىردۇر. مەن خوتۇنلىرىنىڭ يارىماس قىلىقىدىن كۈلدۈم. كاۋاپ قىلىنغان قۇش بولسا، ئۇنىڭ يالغاندىن پاك قىياپەتكە كىرىۋالغانلىقىغا كۈلگەندۇر،— دەپتۇ.

پادىشاھ ئېنىقلىسا بۇ ئەھۋاللار راست بولۇپ چىقىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۆزىنىڭ خوتۇنى بىلەن نۆكەرنىڭ خوتۇنىنى ۋە زەڭگى، پىل باققۇچى قاتارلىقلارنى پىلنىڭ ئايىغىغا تاشلاتقۇزۇپتۇ. پىل ئۇلارنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

تۇتىنىڭ ھېكايىسى بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:

— ئەي ئاغىچام خەقنىڭ تاپا - تەنىسىگە قالىدىغان

ئىشق جىنىمغا پاتتى. شۇڭا مەن ئۇنى تەرك قىلالماقچىمەن. مەن بۇنىڭدىن كېيىن ئىشقنى ھەرگىزمۇ تىلغا ئالمايمەن ۋە سۆيگىنىمنىمۇ ياد ئەتمەيمەن، — دېدى.

— ئەي ئاغىچام، — دېدى تۇتى، — ئىشققا بەرداشلىق بېرىش ئۈچۈن سەۋر - تاقەت كېرەكتۇر. بۇ دۇنيادا ئايال كىشى ئەرسىز ئۆمرىنى ئۆتكۈزەلمەس. ئەگەر ئايال كىشى ئەرسىز ئۆتۈشكە بولغان بولسا رۇم مەلىكىسى ئەرسىز ئۆتكەن بولاتتى. لېكىن رۇم مەلىكىسى ئۇزۇن يىللار ئەر كىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئاخىرى چىن خاقانىغا ياتلىق بولدى.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

تۇتى ھېكايىسىنى باشلىدى:

بىر زامانلاردا چىن خاقانى چۈشىدە ناھايىتى چىرايلىق بىر قىزنى كۆرۈپتۇ - دە، ئۇ قىزغا جان - دىلى بىلەن ئاشىق بولۇپتۇ. خاقان چۈشىنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتقاندا ۋەزىرى دۆلەت ئىشىدا مەسلىھەت سوراش ئۈچۈن كىرىپ ئۇنى ئويغىتىپتۇ. خاقان ئويغىنىش بىلەنلا ئاھ تارتىپ قولىغا قىلىچىنى ئېلىپ ۋەزىرىگە ئېتىلىپتۇ. ۋەزىر قاچقىنىچە سىرتقا چىقىپ بىر كىشىنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنۇپتۇ. خاقان ئاھ تارتقىنىچە ياقىلىرىنى يىرتىپ، خۇددى تەلۋىلەرگە ئوخشاش پەرياد - پىغانلار قىلىشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ خاقاننىڭ مەملىكەت ئىشى بىلەن ئەسلا كارى بولماپتۇ. خاقاننىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن ۋەزىرلەر ئۇنىڭدىن:

— ئەي شاھىم، ئۆزلىرىگە نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن چۈشۈمدە ناھايىتى ئېسىل بىر شەھەردە چىرايلىق بىر قىزنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. مەن ئۆمرۈمدە ئۇنداق

# قىرىقىنچى داستان

چىن خاقانىنىڭ چۈشىدە بىر قىزنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولغانلىقى، ۋەزىرىنىڭ ئىلىم - ھېكمەت بىلەن قىزنى تېپىپ كەلگەنلىكى، خاقانىنىڭ قىزنى نىكاھىغا ئېلىپ مۇرادىغا يەتكەنلىكى



قىرىقىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش بەئەينى رۇم مەلىكىسىدەك جىلۋىلىنىپ، مەغرىب ئايۋىنىدا ئورۇنلاشتى. ئاي خۇددى ھەبەش سۇلتانىدەك مەشرىق بوستانىغا چىقتى. خوجەستە خىيالغا پاتقان ھالدا تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەي سىرداشىم، بىرى تەرىقەت پىرلىرىدىن: «ئىشق دېگەن نېمە؟» دەپ سورىغانىكەن ئۇ: «ئىشق دېگەن پۇشايمانسىز جاپا - مۇشەققەتتۇر» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئەنە شۇ

تىلغا زادى ئالمايدۇ، — دەپتۇ.
بۇنى ئاڭلىغان ۋەزىر ئۇ كىشىدىن:
— سىز ئۇ قىزنىڭ ياتلىق بولماسلىقىدىكى سەۋەبىنى بىلەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.
— بىلىمەن. بىر كۈنى مەلىكە ئوردا ئۈستىدە يىراققا نەزەر سېلىپ ئولتۇرغانىكەن، ئوردىغا ئانچە يىراق بولمىغان يەردە بىر باغ بار ئىدى، ئۇ باغدىكى بىر دەرەخنىڭ ئۈستىدە بىر تۇز تۇخۇمىنى بېسىپ ياتقانىكەن. تۇيۇقسىز ئۇ باغقا ئوت كېتىپ ھېلىقى دەرەخكە تۇتىشىشقا باشلاپتۇ. ئوت تۇخۇم بېسىپ ياتقان تۇزغا يېقىنلاشقاندا ئەركەك تۇز تاقەت قىلالماي، شەپقەتسىزلىك قىلىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. چىشى تۇز تۇخۇملىرىنىڭ ئۈستىدىن قوپماستىن ئوتتا كۆيۈپ ئۆلۈپتۇ. مەلىكە ئەركەك تۇزنىڭ بىۋاپالىقىنى كۆرگەندىن كېيىن: «ئەركەك جىنس ئەنە شۇنداق بىۋاپا بولىدىغان بولسا، ھەرگىزمۇ ئەرگە تەگمەيمەن. ئەر كىشى دېگەن سۆزنى ئىككىنچى تىلىمغا ئالمايمەن» دەپ قەسەم قىلغان. مەلىكە نەچچە يىللاردىن بۇيان ئەنە شۇ قەسىمىگە ۋەدە قىلىپ كەلدى، — دېپتۇ يۇرت كېزەر كىشى.
ۋەزىر بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خاقانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:
— ئەي شاھىم، مەن ئۇ ساھىبجامالنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ چىققانىدىم، ئۇنى چوڭ يول بويىدىكى سۇمەئەگە ئېسىپ قويۇپ، يولدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەردىن ئېنىقلىدىم. بۈگۈن بىر يۇرت كېزەر كىشى كەلگەنىدى، مەن ئۇ كىشىدىن سۈرەتتىكى ساھىبجامالنى كۆرگەن - كۆرمىگەنلىكىنى سورىسام، ئۇ مۇساپىر سۈرەتنى كۆرۈپ چىقىپ، ئۇ گۈزەلنىڭ رۇم پادىشاھىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، — دەپتۇ.

چىرايلىق قىزنى كۆرۈش تۇرماق، ئاڭلاپمۇ باقمىغانىدىم. چۈشۈمدە مەن قىزنىڭ يۈزىگە سۆيسەم، ئۇ قىز مېنىڭ قولۇمغا سۆيەتتى. مەن شۇ خۇشاللىقتا قىزنىڭ ئېتىكىگە بېشىمنى قويۇپ ياتسام، ۋەزىرىم مېنى ئويغىتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇ قىزنىڭ ئايدەك جامالىنى كۆرۈشتىن مەھرۇم قالدىم. دىدار غەنىيمەتتۇر، ئايرىلماق ھەسرەتتۇر، — دەپتۇ خاقان.

ئەلقىسسە، خاقان چۈشىدە كۆرگەن قىزنى كېچە - كۈندۈز ياد ئېتىپتۇ، بارا - بارا تاماقتىن قېلىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ.

خاقانىنىڭ ۋەزىرى بىر يېگانە تالانت ئىگىسى بولۇپ، ئىلىم - ھېكمەت، نەققاشچىلىق، سۈرەتچىلىكتە تەڭدىشى يوق ئىكەن. خاقان چۈشىدە كۆرگەن قىزنى ۋەزىرگە ئەينەن ئېيتىپ بەرگەنىكەن، ۋەزىر دەرھاللا ئۇ قىزنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ، چوڭ يول ياقىسىدىكى بىر سۇمەئەگە ئېسىپ قويۇپتۇ. ۋەزىر يولدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەردىن ئۇ سۈرەتنى كۆرسىتىپ، سۈرەتتىكى قىزنى كۆرگەن - كۆرمىگەنلىكىنى سوراپتۇ. لېكىن سۈرەتتىكى گۈزەل پەرىنى كۆرگەن بىرمۇ ئادەم چىقماپتۇ.

خاقان چۈشىدە كۆرگەن قىزنىڭ ئىشقىدا سامانىدەك سارغىيىپ، بىرنەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ. دەل شۇ كۈنلەردە جاھاننى ئايلىنىپ يۈرگەن بىر كىشى ھېلىقى سۇمەئەگە كېلىپ قاپتۇ. ۋەزىر ئۇ كىشىگە سۈرەتنى كۆرسىتىپ، سۈرەتتىكى قىزنى كۆرگەن - كۆرمىگەنلىكىنى سوراپتۇ، ئۇ كىشى:

— مەن بۇ سۈرەتتىكى قىزنى ناھايىتى ياخشى تونۇيمەن. بۇ رۇم پادىشاھىنىڭ قىزىنىڭ سۈرىتى. بۇ دۇنيادا گۈزەللىكتە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان قىز تېخى يوق. لېكىن ئۇ ياتلىق بولۇشقا ھەرگىزمۇ ئۇنىمايدۇ. «ئەر كىشى» دېگەننى

تۆچار قۇشلار، كېپىكلەر ۋە بۇلبۇللار چىن خاقانىنىڭ مۈلكىدۇر. بىر كۈنى خاقان داۋان ئۈستىدە ئۇخلاپ چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە بىر كېپىك تۇغۇپتۇ، شۇ چاغدا سەل كېلىپ كېپىكنى بالىلىرىدىن جۇدا قىپتۇ، چىشى كېپىك قېچىپ كېتىپتۇ، ئەركەك كېپىك بالىلىرى بىلەن سۇغا غەرق بولۇپتۇ. ئەي مەلىكە فەغفۇر شاھ بۇ ئىشتىن چىشى كېپىكنىڭ بىۋاپالىقى ۋە شەپقەتسىزلىكىنى كۆرۈپ، دۇنيادىن بويتاق ئۆتۈپ كېتىش قارارىغا كەلدى. ئايالىلارنىڭ ۋاپاسىزلىقى، مەككارلىقى توغرىسىدا نۇرغۇن كىتابلارنى يىزىپ چىقتى. شۇنداقىلا خوتۇن كىشىنىڭ ئىسمىنى ئىككىنچى تىلغا ئالماسلىققا قەسەم قىلدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ۋەزىر.

مەلىكە بۇ ھېكايىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ كۆرگەن ئىشى بىلەن فەغفۇرنىڭ چۈشىنىڭ ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىپتۇ.

— ئەي نەققاش، — دەپتۇ مەلىكە ۋەزىرگە، — خاقاننىڭ ئەھۋالى مېنىڭ ئەھۋالىم بىلەن ئوخشاش ئىكەن. مەن ئەركەك تورنىڭ بىۋاپالىقىنى كۆرۈپ، ئەر كىشىنىڭ نامىنى تىلغا ئالماسلىققا ۋەدە قىلغان. خاقان بولسا چىشى كېپىكنىڭ بىۋاپالىقىنى كۆرۈپ خوتۇنلارنىڭ نامىنى تىلغا ئالماسلىققا ۋەدە قىپتۇ. ئەگەر ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا نىكاھ ئوقۇلۇپ ئەر - خوتۇن بولغان بولساق نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە!

شۇنداق قىلىپ مەلىكە خاقانغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزىنى جۈپلۈككە قوبۇل قىلغانلىقىنى بايان قىپتۇ. خاقان مەلىكىنىڭ تەلىپىنى بەجانىدىللىق بىلەن قوبۇل قىپتۇ. دانىشمەن ۋەزىرنىڭ تەدبىرى ئارقىلىق خاقان ئاسانلا مۇراد - مەقسىتىگە يېتىپتۇ. مەلىكە بىلەن ئۆمۈرلۈك ئەر - خوتۇنلاردىن بولۇپ ئۆتۈپتۇ.

خاقان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇش بولۇپ:
— بۈگۈنلا رۇم شەھىرىگە بىر ئەلچى ئەۋەتىپ مەلىكىنى سورىتايلى، — دەپتۇ.
— ئەي خاقانىم، مەلىكە: «مەن ھەرگىز ئەرگە تەگمەيمەن» دەپ قەسەم ئىچكەن ئىكەن، — دەپتۇ ۋەزىر.
— مەلىكىنىڭ ئۇنداق دېيىشىدىكى سەۋەب نېمە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ خاقان.
ۋەزىر ھېلىقى يۇرت كېزەر كىشىدىن ئاڭلىغانلىرىنى بىرمۇ-بىر بايان قىلىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان خاقان:
— مەلىكىنى ئېلىپ كېلىشتە نېمە ئامال بار؟ — دەپ سوراپتۇ.
— جانابلىرىدىن پەرمان بولسا ئەلچىلىككە مەن باراي. مەن مەلىكىگە ئۆزلىرىنىڭ ئاشىق ئىكەنلىكلىرىنى بايان قىلىمەن. مەلىكە مېنىڭ تەرىپ - تۆسۈپلىرىمنى ئاڭلاپ، ئۆزلىرىگە غايىبانە ئاشىق بولغۇسى، — دەپتۇ ۋەزىر.
خاقان ماقۇل بولۇپ ۋەزىرگە ئىجازەت بېرىپتۇ.
ۋەزىر رۇم شەھرىگە بېرىپ ئۆزىنىڭ نەققاشلىق ھۈنىرىنى نامايان قىلىپتۇ. مەلىكە ۋەزىرنىڭ داڭق - تۆسۈپىنى ئاڭلاپ:
— ئۇ نەققاشنى بۇ يەرگە چاقىرىڭلار، ئۇ مېنىڭ ئايۋىنىمغا سۈرەت سىزىپ بەرسۇن، — دەپ ۋەزىرنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتىپتۇ.
ۋەزىر مەلىكىنىڭ ئايۋىنىغا كېلىپ خاقانى چىننىڭ ۋە جانىۋارلارنىڭ سۈرىتىنى ئايۋانغا سىزىپتۇ. مەلىكە سۈرەتلەرنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ، ئۇ ۋەزىردىن:
— بۇ كىمنىڭ سۈرىتى؟ بۇ جانىۋارلار قايسى ۋىلايەتتە؟ — دەپ سوراپتۇ.
— بۇ خاقانى چىننىڭ سۈرىتىدۇر. بۇ ئايۋان سارايە

# قىرىق بىرىنچى داستان

**بىر ئىشەكنىڭ غەزەل ئوقۇپ بالاغا قالغانلىقى،**
**ئوتۇنچىنىڭ نادانلىق قىلىپ كوزىنى**
**سۇندۇرۇپ قويغانلىقى**



قىرىق بىرىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش گوياكى ئىچكۈلۈككە خۇمار بولۇپ كەتكەن خاراباتتەك مەغرىب مەيخانىسىغا كىرىپ كەتتى. ئاي خۇددى بىر تەقۋادار سوپىدەك مەشرىقنىڭ خىلۋەت ئىبادەتخانىسىدىن چىقتى. خوجەستە رۇخسەت سوراش ئۈچۈن تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەي ۋاپادارىم، — دېدى ئۇ تۇتىغا، — رىۋايەت قىلىنىشىچە ئۆمەر ئىبن ئابدۇلئەزىز (تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي) خەلىپىلىككە ئولتۇرغاندا كېچە - كۈندۈز ئۇخلىمىغانىكەن. بىرى ئۇنىڭدىن: «ئەي مۆمىنلەرنىڭ يولباشچىسى، سەن نېمە ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز ئۇخلىمايسەن؟» دەپ سوزى

تۇتىنىڭ ھېكايىسى بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:

— ئەي ئاغىچام، سىز «سۆيگىنىمنى تاشلايمەن» دېدىڭىز.
ئەر كىشىنى تىلغا ئالماسلىق بىلەن پۈتۈن رۇم خەلقىگە مەش-
ھۇر بولغان مەلىكىنىڭمۇ ئاخىرى چىن خاقانىغا نىكاھلانغان-
لىقىنى ئاڭلىدىڭىز. ئەمدى ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ يىگىتىڭىزنىڭ
قېشىغا بېرىڭ، — دېدى.

خوجەستە تۇتىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇ يىگىت-
نىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا تاڭ
سۈزۈلۈشكە باشلىغان، قۇياش گوياكى رۇم گۈزىلىدەك نۇرلانغان
ھالدا مەشرىق تەرەپتىن پەيدا بولغانىدى. خوجەستىنىڭ بېرى-
شى يەنە كېيىنگە سۈرۈلدى. بېيىت:

نەخشەبى، ئويلىغان بېرىپ بۇ كېچە،
مېھرى - شەپقەت بېغىدا چالغاي ساز.
سۈبھى بارغۇزمىدى ئۇنى چەكلەپ،
ئاشىقلار دۈشمىنىدۇر سۈبھى، خوراز.

خوراز ئاڭلاپ قالسا، ۋاقىتسىز چىللاپ ئادەملەرنى ئويغىتىۋېتىدۇ. باغۋەن كېلىپ باغنىڭ ئىشىكلىرىنى تاقايدۇ. ئۇ چاغدا سەن ئۆزۈڭگىمۇ ۋە ماڭىمۇ بالا تېرىيسەن. بۇرۇن بىرنەچچە ئوغرى بىر باينىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئوغرىلىق قىلماقچى بولۇپ بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپتۇ. بۇلۇڭدا قويۇپ قويغان بىر كوزا شاراب بار ئىكەن. ئوغرىلار شارابنى ئېلىپ راسا ئىچىشىپتۇ. ئۇلار مەست بولغان چاغدا غەزەل ئېيتىشقا باشلاپتۇ. ئۆي ئىگىسى ئۇلارنىڭ ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كېتىپ ئۆيگە ئوغرى كىرگەنلىكىنى بىلىپتۇ- دە، قىلىچىنى يالىڭاچلاپ ئوغرىلارنىڭ جازاسىنى بېرىپتۇ. سېنىڭ بۇ ئىشىڭ دەل ئۇلارنىڭ ئىشى بىلەن ئوخشاش ئىشتۇر.

بۇنى ئاڭلىغان ئېشەك:

— مەن دېگەن شەھەرلىك، سەن بولساڭ سەھرالىق. سەھرالىق غەزەلنىڭ قەدرىنى نەدىمۇ بىلسۇن؟ غەزەل جانغا راھەت بېغىشلايدۇ. شۇڭا مەن غەزەل ئوقۇسام سەن ئاڭلاپ كۆڭلۈڭنى خۇش قىلساڭ بولىدۇ، — دەپتۇ.

— ئەي ئېشەك، — دەپتۇ قۇلان، — ھەرقانداق كۆڭۈل چىرايلىق ئاۋازنى ئاڭلاشنى ياقتۇرىدۇ. سەن ئۆزۈڭنىڭ سەت ئاۋازىڭنى ناھايىتى چىرايلىق ۋە يېقىملىق دەپ ھېسابلايسەن، ئەگەر سېنىڭ ئاۋازىڭنى باشقىلار ئاڭلىسا، ئۇ چاغدا سەن خۇددى بىر ئوتۇنچىنىڭ پۇشايمانغا قالغىنىغا ئوخشاش پۇشايمانغا قالىسەن.

— ئوتۇنچى نېمە ئىشقا پۇشايمان قىلغانىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئېشەك.

قۇلان ھېكايىسىنى باشلاپتۇ:

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئوتۇنچى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئوتۇنچى سەھراغا ئوتۇن ئالغىلى بېرىپ تۆت پەرىنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى

غانىكەن. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز جاۋاب بېرىپ: «ئەگەر كېچىسى ئۇخلىسام ئۆزۈم ۋەيرانە بولىمەن، كۈندۈزى ئۇخلىسام پۇقرالىرىم ۋەيرانە بولىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئەي تۇتى، مەن سۆيگىنىم بىلەن بىللە بولسام ئېرىمدىن ئايرىلىپ قېلىش-تىن قورقىمەن. ئېرىمنى دېسەم سۆيگىنىمدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىمەن. شۇڭا ھەر ئىككىسىنىلا تاشلاپ پاكلىق يولىغا قەدەم قويۇشنى نىيەت قىلدىم، — دېدى.

— ئەي ئاغىچام، پاكلىق ۋە ياخشىلىق قىلىش ئۆز ۋاقتىدا لازىمدۇر. ھەرقايداق ئىشنىڭ ۋاقتى - سائىتى بولىدۇ. ھازىر سىزنىڭ پاكلىق ۋە ياخشىلىق يولىغا قەدەم قويۇشىڭىز خۇددى ئېشەكنىڭ غەزەل ئوقۇغىنىغا ئوخشاش ئىشتۇر، — دېدى.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

تۇتى ھېكايە ماتاللىرىنى مۇنداق يايدى:

بىر زامانلاردا بىر ئېشەك بىلەن بىر قۇلان ئۇلپەتلىشىپ بىر ئوتلاقتا ياتىدىكەن. ئۇلار باھار ۋاقتىدا ھەر كېچىسى باغدا بىللە ھاردۇق چىقىرىدىكەن. بىر كۈنى كېچىسى ئېشەكنىڭ ھەۋىسى قوزغىلىپ ياتالماپتۇ - دە، قۇلانغا:

— ئەي قۇلان، بۈگۈنكىدەك باھارنىڭ ياخشى كېچىلىرىدە باغدىن ئىپار ۋە ئەنبەرنىڭ بۇيى ھەممە يەرگە تارقىلىۋاتسا مەن نېمە ئۈچۈن كۆڭلۈمنى ئاچىدىغان ئىش قىلمايمەن؟ نېمە ئۈچۈن روھىمغا راھەت بېغىشلايدىغان غەزەللىرىمنى ئوقۇمايمەن؟ بۇنىڭسىز ئىشقىنىڭ ۋە تىرىكچىلىكىنىڭ نېمە لەززىتى بولسۇن؟ — دەپتۇ.

— ئەي ئېشەك، — دەپتۇ قۇلان، — ھۆكۈمالارنىڭ ئېيتىشىچە دۇنيادىكى ھەر قانداق سەت ئاۋازمۇ سېنىڭ ئاۋازىڭدەك سەت ئەمەس. ئېشەككە غەزەل ئوقۇش مۇناسىپ ئەمەستۇر. بىز بۇ باغقا ئوغرىلىققا كەلگەن، سېنىڭ ھاڭرىغان ئاۋازىڭنى

ئەرسە ئىككىنچى قولۇڭغا كەلمەيدۇ، — دەپتۇ پەرىلەر.

— مەن ئۇنى جېنىم ئورنىدا ساقلايمەن، — دەپتۇ ئوتۇنچى.

پەرىلەر كوزىنى ئوتۇنچىغا بېرىپتۇ. ئوتۇنچى كوزىنى ئېلىپ ئۆيىگە كېلىپتۇ. ئوتۇنچى كوزىنىڭ دۆلىتى بىلەن بىرنەچچە كۈننىڭ ئىچىدىلا نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش ۋە مال - دۇنياغا ئىگە بولۇپتۇ.

بىر كۈنى ئوتۇنچى ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنى ئۆيىگە چاقىرىپ، ئۇلارنى ناھايىتى كاتتا مېھمان قىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا كوزىدىن لازىملىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىپ، كەلگەنلەرنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. ئوتۇنچى خۇشاللىقىدا: «ئەي كوزا، سەن قۇرۇماس دەريامۇ ياكى تۈگىمەس خەزىنىلەرنىڭ مەنبەسىمۇ؟» دەپ كوزىنى مۈرىسىگە قويۇپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلاپتۇ. ئوتۇنچى ئۇسسۇل ئويناۋېتىپ قولىنى كوزىغا ئۇرغان ھالدا: «ئەي كوزا، سەن مېنىڭ بەخت - دۆلىتىمنىڭ دەسمايىسى. سەن مېنىڭ گادايلىقىمنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇپ دۆلەتكە مۇيەسسەر قىلدىڭ. مېنى بەختكە سەن يەتكۈزدىڭ، مۇرادىم سەندىن ھاسىل بولدى» دەپ سۆزلەپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندا تۇيۇقسىز تېيىلىپ كېتىپ كوزا مۈرىسىدىن يەرگە چۈشۈپتۇ - دە، چۇل - چۇل بولۇپ كېتىپتۇ. شۇ ھامانلا ئۆيىدىكى بارلىق مال - دۇنياسى غايىب بولۇپتۇ. ئوتۇنچىنىڭ خۇشاللىقى قايغۇغا ئايلىنىپتۇ.

قىزلان ھېكايىسىنى ئېيتىپ بۇ يەرگە كەلگەندە مۇنداق دەپتۇ:

— ئىت ئالتۇننىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ. ئېشەك ھالۋىنىڭ تەمىنى بىلمەيدۇ. شۇنداق ئېسىل بىر گۆھەر نادانىنىڭ قولىغا چۈشۈۋېدى، ئۇ گۆھەرنىڭ قەدرىنى بىلمىدى. ئەي ئۇزۇن قۇلاق،

كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇلار ئالدىغا بىر كوزىنى قويۇپ، ھەرقانداق
نەرسە لازىم بولسا كوزىدىن تەلەپ قىلىدىكەن. ئۇلار خۇشال-
خۇراملىق بىلەن ئولتۇرغاندا ئوتتۇنچىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى
ئۆزلىرىنىڭ يېنىغا چاقىرىپ كېلىپ بىللە ئولتۇرۇپتۇ. ئوتتۇنچى
ئۇلارنىڭ يېنىدا بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قاپتۇ. ئوتتۇنچى ئۇ
يەردە راھەت-پاراغەتتە بولۇپ، پەرزەنتلىرىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ.
بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئوتتۇنچى باللىرىنى ئېسىگە ئېلىپ
پەرىلەرگە:
— مەن بىر دەرۋىش كىشىمەن. ئوتتۇن سېتىپ
باللىرىمنى بېقىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزىمەن. بۇ يەردە بىرنەچچە
كۈن تۇرۇپ قالدىم. باللىرىمنىڭ ھال-ئەھۋالىنىڭ قانداق
بولغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئەگەر رۇخسەت بەرسەڭلار ئۆيۈمگە
يانسام، — دەپتۇ.
بۇنى ئاڭلىغان پەرىلەر ئوتتۇنچىنىڭ قايتىشىغا ماقۇل
بولۇپتۇ.
— ھەرقانداق ھاجىتىڭ بولسا بىزدىن تىلىگىن. بىز
مۇرادىڭنى ھاسىل قىلىپ، ئۆيۈڭگە قايتۇرايلى، — دېيىشىپتۇ
ئۇلار.
— مەن سىلەردىن نېمىنى تەلەپ قىلسام شۇنى بېرەمسى-
لەر؟ — دەپ سوراپتۇ ئوتتۇنچى.
— ھاجىتىڭ بولسا تارتىنماي دېۋەرگىن، — دەپتۇ پەرىلەر.
— مەن سىلەردىن ئاشۇ كوزىنى تەلەپ قىلماقچى، —
دەپتۇ ئوتتۇنچى.
— بۇ كوزىنى سەندىن ئايىمايمىز. بۇ كوزا سېنىڭ
تەلەپ قىلغان نەرسەڭنى شۇ زامانلا ھازىر قىلىدۇ. بىراق
بۇ ناھايىتى نازۇك نەرسە. شۇڭا سەن ئۇنى ساقلىيالمايسەن.
مۇبادا سەن بىخەستەلىك قىلىپ سۇندۇرۇپ قويساڭ بۇنداق

نەخشەبى، ئۆيلىغان بېرىپ بۇ كېچە،
جاننى قوشۇپ جانانغا چالغاي ساز.
بەرمىدى سۇبھى قوشۇلۇش پۇرسىتى،
ئاشىقلار دۈشمىنىدۇر سۇبھى، خوراز.



ئۆتۈنچىنىڭ ئۇسسۇل ئوينىشى ئۇنىڭغا زىيان كەلتۈرگىنىگە ئوخشاش سېنىڭ غەزەل ئېيتىشىڭمۇ ئۆزۈڭگە بىر بالا - قازا ئېلىپ كەلمىسىدى دەپ قورقىمەن.

ئېشەك ئېشەكلىكىنى قىلىپتۇ. ئۇ قۇلاننىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلىماي، ھاڭراش ئۈچۈن بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— مەن غەزەلخانمەن. مەن غەزەل ئوقۇماي قويمايمەن، — دەپ ھاڭراشقا باشلاپتۇ.

قۇلان ئېشەكنىڭ ھاڭرىغىنىنى كۆرۈپ ئۆزىنى باغدىن چەتكە ئاپتۇ. ئېشەكنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان باغۋەن كەلگەن پېتى ئۇنى تۇتۇپ، ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. باغۋەن ئېشەكنىڭ پۇتلىرىنى سۇندۇرۇپ، تېرىسىنى سويۇپتۇ. بېيت:

نەخشەبى، دوستلارنىڭ نەسىھىتىنى،
جانۇ - دىلدىن تولۇق قوبۇل قىلغىن.
ئالمىساڭ سارغىيۇر يۈزۈڭ ھەردەم،
دۈشمىنىڭ سۆزىگە زىنھار كىرمىگىن.

تۇتىنىڭ ھېكايىسى بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:

— ئېشەكنىڭ غەزەل ئوقۇغىنى ئۆزىنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. ئەي ئاغىچام، سىز پاكلىق يولىغا قەدەم قويىمەن دېدىڭىز. بۇ سىزگە ياراشمايدۇ. ئەمدى ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ. سىزنى ئىنتىزارلىق بىلەن ساقلاپ تۇرغان سۆيگىنىڭىزنىڭ قېشىغا بېرىپ، مەقسىتىڭىزنى ھاسىل قىلىڭ، — دېدى.

خوجەستە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇ يىگىتنىڭ يېنىغا بارماقچى بولدى. بۇ چاغدا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى. خوجەستىنىڭ بېرىشى يەنە كېچىكتى. بېيت:

— ئەي ئاغىچام، مەن نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان سىزنىڭ مەقسىتىڭىزگە يېتىشىڭىز ئۈچۈن ھەر خىل يوللارنى كۆرسىتىپ كەلدىم. دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرى ئوڭغا تارتقۇسى. تىرمىز شەھىرىدە سودىگەرنىڭ ئوغلى تۇتى ۋە شارۇكنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىش قىلغانىدى، ئۇنىڭ ئىشلىرى ئوڭغا تارتتى. سىزمۇ مېنىڭ مەسلىھەتىم بويىچە ئىش قىلسىڭىز ئىشلىرىڭىز چوقۇم ئوڭغا تارتىدۇ، — دېدى تۇتى.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

تۇتى ھېكايە دانلىرىنى مۇنداق چاچتى:

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، تىرمىز شەھىرىدە بىر سودىگەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆبەيد ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىكەن. سودىگەر ئوغلىغا ئايدەك چىرايلىق بىر قىزنى ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۆبەيد خوتۇنىنىڭ گۈزەل جامالىغا شۇ قەدەر ئاشىق بولۇپتۇكى، ئاتا - ئانىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشتىنمۇ قاپتۇ.

بىر كۈنى سودىگەر ئوغلىنىڭ ئەھۋالىنى بىر شېرىكىگە بايان قىپتۇ. شېرىكى سودىگەرگە:

— ئۆبەيد تېخى كىچىك، ئۇ ئىسسىق - سوغۇقنى بېشىدىن ئۆتكۈزمىگەن. بىزنىڭ مەسلىھەتلىرىمىزنى ئاڭلىمايدۇ. مېنىڭ ئۆيۈمدە ناھايىتى زېرەك ۋە دانىشمەن تۇتى بىلەن شارۇك بار. ئەگەر سىزدىن رۇخسەت بولسا، ئۇ ئىككىسىنى ئۆبەيدنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارايلى. ئۇلار ياخشى سۆزلەرنى قىلىپ ئوغلىڭىزغا نەسىھەت قىلسۇن، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان سودىگەر:

— سەن تۇتى بىلەن شارۇكنى نەدىن تاپتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىر كۈنى بىر نەچچە كىتابنى ئالدىمغا قويۇپ ئوقۇپ ئولتۇرغانىدىم، بىر چاغدا ئۇ ئىككىسى ئالدىمدا پەيدا بولدى-

# قىرىق ئىككىنچى داستان

سودىگەر ئوغلىنىڭ خوتۇن ئالغانلىقى ۋە خوتۇن بىلەن
بولۇپ كېتىپ سودا قىلىشتىن قالغانلىقى، تۇتى
بىلەن شارۇكىنىڭ ئۇنىڭغا نە-
سىھەت قىلغانلىقى



قىرىق ئىككىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش گوياكى ئالتۇن شەمشەردەك مەغرىب تىنىغا كىردى. ئەگىم ئاي گوياكى كۈمۈش ئوقيادەك مەشرىق ئوقدانىدىن چىقتى. خو-جەستە غەمكىن هالدا رۇخسەت سوراش ئۈچۈن تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ خاپا بولغان هالدا:

— ئەي تۇتى، مەن شۇنچە دەرد - ئەلەملەرنى تارتسام سەن هېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرسەن. مېنىڭ مەقسىتىمگە يېتىشىم ئۈچۈن ياردەم قولۇڭنى سۇنساڭ بولما-مدۇ؟ — دېدى.

ئۇبەيد ئورنىدىن تۇرۇپ تۇتى بىلەن شارۇكنىڭ ئالدىغا كېلىپتۇ. تۇتى ھەر تەرەپتىن سۆز ئېچىپ ئۇبەيدنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. تۇتى ئۇبەيدكە:

— ئەي يىگىت، ھازىر سەن نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ بۇنىڭدىن كېيىن قايسى ئىشنى قىلماقچى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن ئىلگىرى سودىگەر ئىدىم، بۇ خوتۇننى ئالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىشق - مۇھەببىتى يۈرىكىمنى چىرمىۋالدى. مەن ئۇنىڭ ئىشق ئوتىدا قىلىدىغان ئىشلىرىمنى تاشلىدىم. ھەتتا ئاتا - ئانامنىڭ خىزمىتىنى قىلىشنىمۇ ئۇنۇتتۇم. — دەپتۇ ئۇبەيد.

— ئەي يىگىت، كۆڭلۈڭنى پۈتۈنلەي خوتۇنلارغا بېرىش خاتادۇر. خوتۇنلار بىلەن بولۇپ كېتىش ئادەمنى جاپاغا ئېلىپ بارىدۇ. چۈنكى مەزلۇملارنىڭ يۈزىدىكى خالى بىۋاپالىقنىڭ نىشانىسىدۇر. مۆمىنلەرنىڭ يولباشچىسى ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ (تەڭرى ئۇنىڭدىن رازى بولغاي) «دۈشمەندىن ياخشىلىق كەلمىگەنگە ئوخشاش، خوتۇنلاردىنمۇ ۋاپا كەلمەس» دېگەنىكەن. ئەي ئۇبەيد، بۇ تۈگىمەس جاپا - مۇشەققەتنىڭ يامغۇرى سېنىڭ بېشىڭغا يېغىپتۇ. سەن بىر قارىغۇنىڭ خوتۇنىنىڭ ئېرىگە بىۋاپالىق قىلغانلىقىنى ئاڭلىغانمىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ تۇتى.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇبەيد.

ئۇبەيدنىڭ تۇتىسى ھېكايىسىنى مۇنداق باشلاپتۇ:

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ھىندىستان شەھىرىدە بىر پادىشاھ بار ئىكەن. بىر كۈنى پادىشاھنىڭ خوتۇنى ئۈچ ئەمچەكلىك بىر قىزنى تۇغۇپتۇ. ئۇ قىزنىڭ ئىككى ئەمچىكى ئۆز ئورنىدا، يەنە بىر ئەمچىكى ئىككى ئەمچىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىكەن. بۇنى كۆرگەن دانالار: «بۇ قىز بويىغا يەتسە، ئەگەر قىز ئاتـ

ده، ناھايىتى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن: «ئەي خوجا، ئىككىمىز ئىلگىرى ئادەم ئىدۇق، بىر راھىبنىڭ سوۋمەئەسىدە خىزمەت قىلاتتۇق. مۇسىقى ئىلمىنى ۋە سازەندىلەر يوسۇنلىرىنى ياخشى بىلەتتۇق. ئۇ راھىب قىرىق كۈندە بىر قېتىم سوۋمەئەسىدىن چىقىپ بىزنىڭ ساز ۋە غەزەل ئېيتقان ئاۋازىمىزنى ئاڭلايتتى. بىر يېمەك - ئىچمەككە بېرىلىپ كېتىپ ساز چېلىش ۋە ناخشا ئېيتىشتىن قالدۇق. بىر كۈنى راھىب سوۋمەئەسىدىن چىقىپ بىزنىڭ يوقلۇقىمىزنى كۆرۈپ دۇئا قىلغانىكەن، بىز ئادەم سۈرىتىدىن ھايۋان سۈرىتىگە يەنى تۇتى بىلەن شارۈكقا ئايلىنىپ قالدۇق. ئەمما ئىلىم ۋە زېرەكلىك بىزدە يەنىلا بار. بىز جاھىل، نادان كىشى بىلەن ئۇلپەتلىشىشنى خالىمايمىز. بىز سىزنىڭ كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغانلىقىڭىزنى كۆرۈپ، سىزنىڭ ئالىم ۋە دانا كىشى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدۇق. ئەگەر سىز رازى بولسىڭىز، ئىككىمىز سىزنىڭ يېنىڭىزدا قالساق» دېدى. مەن ئۇلارنىڭ بۇ تەلىپىنى قوبۇل قىلدىم. شۇ كۈندىن باشلاپ ھازىرغىچە ئۇلار مېنىڭ ئۆيۈمدە تۇرۇۋاتىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ دانىشمەنلىكىنى سىزگە ھازىر ئېيتىپ تۈگىتەلمەيمەن، — دەپتۇ.

سودىگەر شېرىكىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، تۇتى بىلەن شارۈكنى قەپىسى بىلەن بىللە ئېلىپ كېلىپ، ئۇبەيد كېچىسى ئۇخلايدىغان ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ. ئاندىن ئوغلىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇلارغا بايان قىپتۇ.

شۇ كۈنى كەچ بولۇپتۇ، كېچىنىڭ ئالدىنقى ھەسسى تۇتى ئۇبەيدكە:

— ئەي يىگىت، چىللىمىغان مېھمان ئۆيگە كەلسە ئۆي ئىگىسىنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەس، شۇنداقلا غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتماس. سىز بىزنىڭ ئىلمىمىزنى ۋە دانىشمەنلىكىمىزنى كۆرۈپ بېقىڭ، نەسىھەتلىرىمىزگە قۇلاق سېلىڭ، — دەپتۇ.

ياخشىدۇر» دەپ ئويلاپتۇ. مەلىكە شۇ نىيەت بىلەن ئېرىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ ھەمراھى بىلەن كۆڭلىنى ئاچىدىغان بولۇپتۇ.

بىر كۈنى مەلىكە ئېرىنى قەستلىمەكچى بولۇپ، بىر قارا يىلاننى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپتۇ. مەلىكە ئېرىگە:

— مەن ساڭا بېلىق ئېلىپ كەلدىم، ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ئۇنى پىشۇرغىن، — دەپ يىلاننى قازانغا سېلىپ قويۇپتۇ.

قارىغۇ مەلىكىنىڭ بېلىق ئېلىپ كەلگەنلىكىدىن ناھايىتى خۇش بولۇپ ئوچاققا ئوت قالاپتۇ. شۇ ۋاقىتتا مەلىكە بىلەن قارىغۇنىڭ ھەمراھى بىر يوتقاندا يېتىپ كۆڭۈل ئېچىشقا باشلاپتۇ. قازاندىكى يىلان پىشىپ بولماي تۇرۇپلا قارىغۇ قازاننىڭ ئاغزىنى ئېچىپتۇ-دە، قولىنى قازانغا تىقىپتۇ. ئۇ يىلان گۆشىنى بېلىق گۆشى دەپ ئويلاپ بىر پارچە يىلان گۆشىنى يەپتۇ. يىلان گۆشىنىڭ ھورى قارىغۇنىڭ كۆزىگە تېگىش ھامان ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلىپ كېتىپتۇ.

ئەسلىدە قارىغۇنىڭ كۆزىگە داۋا نەرسە دەل شۇ قارا يىلاننىڭ ئۆزى ئىكەن. لېكىن ھېچكىم ئۇ دورىنى بىلمەيدىكەن. تەڭرىنىڭ پەرمانى بىلەن ئۇلار زەھەر دەپ كەلتۈرگەن نەرسە دەل زەھەر قايتۇرغۇچى دورا بولۇپ چىقىپتۇ. ئىنسانلار شۇنى بىلىشى كېرەككى، ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ قۇدرىتى ئادەملەرنىڭ خىيالى ۋە ئويلىرىدەك بولمايدۇ.

ئەلقىسسە، قارىغۇنىڭ كۆزى ئېچىلغاندىن كېيىن قازاندا پىشۋاتقان بېلىق بولماستىن يىلان ئىكەنلىكىنى، خوتۇنىنىڭ يات بىر كىشى بىلەن ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ناھايىتى پەرىشان بولۇپ خوتۇنىنىڭ مەيدىسىگە دەسسىگەنىكەن، ئۇنىڭ ئارتۇقچە ئەمچىكى مەيدىسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككىسىنىڭ كېسىلى ساقىيىپ، ئەيىب-نۇقساندىن خالى بولۇپتۇ. قارىغۇ: «يا رەببىم، ئۇلار مېنى ئۆلتۈرۈش

سىنىڭ ئۆيىدە بولسا ئاتىسىغا چوڭ بىر بالا - قازا يېتىدۇ. ئەگەر ئەردە بولسا شۇ ئەرگە چوڭ بىر بالا - قازا يېتىدۇ» دېيىشىپتۇ. بۇ سۆز ئۇزۇن ئۆتمەي شەھەرگە پۇر كېتىپتۇ.

قىز بويىغا يەتكەن بولسىمۇ، ھۆكۈمالارنىڭ سۆزى بو-يىچە شەھەر خەلقىدىن ھېچكىم قىزغا ئەلچىلىككە كەلمەپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ شەھەر خەلقىگە: «كىمكى قىزىمنى ئەمرىگە ئالسا مەن ئۇنىڭغا نۇرغۇن مال - دۇنيا، ئالتۇن - كۆمۈش بېرىپ تويىنى كاتتا قىلىپ بېرىمەن» دەپ جاكارلاپتۇ. لېكىن قىزنى ئەمرىگە ئېلىشقا يەنىلا ھېچكىم پېتىنالماپتۇ.

شەھەردە بىر قارىغۇ كىشى بار ئىكەن. ئۇنىڭ بىر ھەم-راھى بولۇپ، قارىغۇنى ھاسا تۇتقۇزۇپ يېتىلەپ يۈرىدىكەن. قارىغۇ پادىشاھنىڭ ئالدىغا قىزنى سوراپ كېلىپتۇ. پادىشاھ قارىغۇغا نۇرغۇن مال - دۇنيا ۋە ئالتۇن - كۆمۈشلەرنى بېرىپ، قىزنى ئۇنىڭغا قوشۇپ بېرىپتۇ. قارىغۇ مال - دۇنيا بىلەن مەلىكىنى ئېلىپ ھېلىقى ھەمراھى بىلەن باشقا بىر شەھەرگە بېرىپتۇ - دە، ئۇ يەردە ئۆمرىنى خۇشال - خۇراملىق بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ.

بۇ ئالەمدە بەخت - دۆلەت ھېچكىمگە باقىمەندە ئەمەس. بىر كىشى مەڭگۈ خۇشال - خۇرام بولۇپ، يەنە بىر كىشى ئەبەدىي غەم - ئەندىشىدە يۈرۈۋەرمەيدۇ.

ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتۈپتۇ. مەلىكە قارىغۇ بىلەن بىللە ئۆتۈشتىن زېرىكىپتۇ. ئۇ: «بۇ قارىغۇ مېنىڭ ئايدەك جامالىمنى نەدىن بىلسۇن، مېنىڭ قەدرىمگە قانداقمۇ يەتسۇن، ئۇ مېنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش دەپ بىلىدۇ، بۇ قارىغۇغا قارىغاندا ئۇنى يېتىلەپ يۈرگەن ھەمراھى ئەل-بەتتە ياخشىدۇر. ئۇنىڭ نېمىلا بولمىسا كۆزى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن كۆڭۈل ئاچقىنىم بۇ قارىغۇ بىلەن بىللە بولغاندىن ئەلۋەتتە

ئۇيىغا قوشۇلماپتۇ. سالىھ: «مەن ياخشى ئىش ئۈچۈن ياخشى نىيەت بىلەن ئىلىم ئالماقچى ئىكەنمەن، ئاتا - ئانام ئىجازەت بەرمىسىمۇ كېتىۋەرسەم گۇناھ بولماس» دەپ ئويلاپ شەھەردىن چىقىپ بۇخارا تەرەپكە يول ئاپتۇ. سەپەرگە چىققان كۈنى بىر دەرەخ ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ دەرەخقە قونغان قۇش ئۇنىڭ باش ۋە تونلىرىغا چىچىۋېتىپتۇ. سالىھنىڭ ھېچقاچان كىر تەگكۈزمىگەن تونى بۇلغىنىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن سالىھ ناھايىتى پەرىشان بولۇپ قۇشقا قارىغان ئىكەن، قۇش شاختىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ. سالىھ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ نامازشام بىلەن بىر بېلىقچىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ تىلەمچىلىك قىلىپتۇ. ئۆيدىن بىر ئايال چىقىپ:

— ئەي يىگىت، مەن بىر بېلىقچى ئايالمەن. ئۆيۈمدە بېلىقتىن باشقا ھېچ نەرسە يوق. ئەگەر ساڭا لازىم بولسا بېلىق گۆشىدىن بىر پارچە بېرەي، — دەپتۇ.

سالىھ ماقۇل بولۇپتۇ. ئۇ بىر ھازا ساقلىغاندىن كېيىن، مەزلۇم بىر پارچە گۆشنى ئېلىپ چىقىپ بېرىپتۇ. سالىھ قورساقىنىڭ ئاچلىقىدا كۆپ ساقلىغانلىقى ئۈچۈن ئاچچىق بىلەن ئايالغا قاراپتۇ.

— ئەي سالىھ، سەن مېنى ھېلىقى قۇشتەك كۆرۈپ ماڭا غەزەپلىنىۋاتىسەن، ئادەم بىلەن قۇشنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار. سالىھ دېگەن شۇنداق كىشىكى، ئۇ بىر نەزەر سېلىش بىلەن ئۆلۈكنى تىرىلدۈرەلەيدۇ. يىقىلغان جانىۋارنى ئۆلتۈرۈش، ئادەمگە قۇش قاتارىدا مۇئامىلە قىلىش ساڭا لايىق ئىش ئەمەس، — دەپتۇ.

بۇ سۆزدىن ھەيران بولغان سالىھ ئۇ ئايالدىن:

— سەن مېنىڭ ئىسمىمنى قانداق بىلدىڭ؟ قۇدرەتلىك تەڭرىم ئايال كىشىگىمۇ بۇنداق كارامەتلەرنى ئاتا قىلىدىكەن،

ئۇچۇن يىلان يېڭۈزگەندى، مېنىڭ كېسىلىم ساقايدى. مەن خوتۇنۇمنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كۆكسىگە دەسسىگەندىم، ئۇمۇ كېسەلدىن ساقايدى» دەپتۇ.

قارىغۇ ئىككىسىنى قازىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ، بولغان ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتىپتۇ، قازى ھەر ئىككىسىنىڭ بوينىغا تاش ئېسىپ قۇدۇققا تاشلاپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئۇلارنىڭ قىلغان يامانلىقلىرى ئاخىر رەسۋالىق بىلەن ئاياغلىشىپتۇ.

ئۇبەيد بۇ ھېكايىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆڭلى يۇمشاپ، قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلىپتۇ. شارۇك ئۇبەيدنىڭ ناھايىتى قابىل ۋە نەسىھەتنى ئاڭلايدىغان يىگىت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ:

— ئەي خوجا، سەن تۇتىنىڭ ئېيتقان ھېكايىسىنى ئاڭلىدىڭ، ئەمدى مېنىڭمۇ ھېكايەمنى ئاڭلاپ باقىن، — دەپتۇ.

ئۇبەيد ماقۇل بولۇپتۇ.

شارۇك ھېكايىسىنى باشلاپتۇ:

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بەلخ شەھىرىدە بىر زاھىد بار ئىكەن. ئۇنىڭ سالىھ ئىسىملىك بىر ئوغلى بولۇپ، ئىسمى جىسمىغا لايىق سالىھ ئىكەن. سالىھ ھەمىشە تائەت - ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ يۈرسىمۇ، لېكىن بىلىمى يېتەرلىك ئەمەس ئىكەن. بىر كۈنى سالىھ: «بىلىمسىز ئادەم ئىشقا يارىماس، بىلىم بىلەن ئۆتىگەن ئىككى رەكەت ناماز بىلىمسىزلىك بىلەن ئۆتىگەن مىڭ رەكەت نامازدىن ئەۋزەلدۇر. بىلىمسىزلىك بىلەن ئىش تۇتقان كىشى خۇددى ئوقى يوق ياغا ئوخشايدۇ» دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ.

سالىھ باشقا بىر شەھەرگە بېرىپ ئىلىم ئالماقچى بولۇپ، ئاتا - ئانىسىدىن رۇخسەت سوراپتۇ. ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ بۇ

قىلغان خىزمىتىنىڭ بەرىكىتىدىن بارلىق ئىلمىنىڭ ئىشىكى كەڭ ئېچىلىپ بىلىمدە كامالەت ئىگىسى بولۇپتۇ. ئاتا - ئانىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش كىشىنى مانا مۇشۇنداق بەرىكەتلەرگە ئىگە قىلىدۇ. سەن بىر خوتۇننىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئاتا - ئاناڭنىڭ خىزمىتىنى قىلىشنى تاشلاپسەن. بۇ تولىمۇ ئىنساپسىزلىق ۋە قائىدىدىن سىرتقا چىققانلىق بولىدۇ.

ئۇبەيد شارۇكتىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، قىلغان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپتۇ. ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزرە ئېيتىپتۇ. ئۇبەيد شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆز ئىشىغا مەشغۇل بولۇپ، قالغان ئۆمرىنى خۇشال - خۇراملىق بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ.

تۇتىنىڭ ھېكايىسى بۇ يەرگە كەلگەندە خۇجەستىگە:

— ئەي ئاغچام، ئەگەر سىز مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىسىڭىز قالغان ئۆمرىڭىزنى خۇددى ئۇبەيدكە ئوخشاش راھەت - پاراغەتتە ئۆتكۈزىسىز. ئەمدى ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ سۆيگىنىڭىزنىڭ قېشىغا بېرىڭ. ئۇنى يولىڭىزغا ئىنتىزار قىلماڭ، — دېدى.

خۇجەستە ئۇ يىگىتنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى. سىرتتىن كوندۇزنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىغانىدى. خۇجەستىنىڭ بېرىشى يەنە كەچقۇرۇنغا قالدى. بېيىت:

نەخشەبى، ئۇيلىغان بېرىپ بۇ كېچە،
ئەھدۇ - ۋاپا بېغىدا چالغاي ساز.
سۇبھى بارماققا بەرمىدى يەنە يول،
ئاشىقلار دۈشمىنىدۇر سۇبھى، خوراز.

بىر ئەقلى قىسقىغا مۇشۇنچە ئەقىلىنىمۇ ئاتا قىلىپتۇ، — دەپتۇ.

— ئەي سالىھ، مەن سەندەك ئەر كىشى بىلەن سۆزلىشىش
كە خىجىل بولىمەن. سەن ئالدىڭغا ئازراق ماڭساڭ بىر ئوۋچىنىڭ
ئۆيىنى ئۇچرىتىسەن. ئۇ ئوۋچى مېنىڭ قېرىندىشىم بولىدۇ.
مېنىڭ سىرىمنىڭ ئاچقۇچى ئاشۇ كىشىدە، — دەپتۇ ئايال.

سالىھ بامدات ۋاقتى بىلەن ئوۋچىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ.
ئۇ بىر كىشىنىڭ نۇرغۇن قۇشنى قەپەستىن چىقىرىپ بىرىنىڭ
كەينىدىن بىرىنى ئۆلتۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ كىشى سالىھ
نى كۆرۈپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، خوش كەپسەن. سەن بۇ يەردە
بىرئاز تۇرغىن. مەن سېنىڭ ئىلتىپاتىڭ بىلەن ئارام تاپقاي
مەن، — دەپتۇ.

سالىھ بۇ ئىشقا تولىمۇ ھەيران قاپتۇ-دە:

— ئەي خوجا، سىز بىر ئوۋچى ئىكەنسىز. سىڭلىڭىز
بېلىقچى ئىكەن. سىلەر ھەر كۈنى نۇرغۇن جانىۋارلارنى ئۆلتۈرۈپ،
ئۇلارنىڭ جېنىنى قىينايدىكەنسىلەر. بۇ كارامەت سىلەرگە
نەدىن يەتتى؟ بۇنداق كارامەت پەقەت ئەنبىيالارغىلا مەنسۇپ
تۇر، — دەپتۇ.

— ئەي سالىھ، بىز شۇنچە قانخورلۇق ۋە رەھىمسىزلىك
قىلغان تۇرۇقلۇق بۇ كارامەتلەر بىزگە نېسىپ بولدى. بىز
دائىم ئاتا-ئانىمىزنىڭ پەرمانى بويىچە ئىش قىلىمىز. سەن
بىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن ئاتا-ئاناڭنىڭ رازىلىقىنى ئالماي
سەپەرگە چىقتىڭ. سەن شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، ئاتا-ئانى
نى رازى قىلىش ھەرقانداق ياخشى ئىشتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، —
دەپتۇ ھېلىقى ئوۋچى.

بۇنى ئاڭلىغان سالىھ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ ئاتا-ئانىسى
نىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىغا

— ئەي ئاغىچام، ھەرقانداق توغرا بولمىغان ئىشنىڭ ئۆز لايىقىدا جازاسى بار، سالام - سەھەتنىڭمۇ قائىدىسى بار. سىز دەرد - ئەھۋالىڭىزنى ئېنىق ئېيتسىڭىز، ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىمەن. بۇرۇن بىر مۇسۇلمان رامىزان كۈنلىرى بولغاچقا ئادەم يوق يەرگە بېرىپ قورساق تويغۇزماقچى بولۇپتۇ. ئۇ بىر كېمىگە ئولتۇرۇپ دەريادىن ئۆتۈپتۇ. دەريانىڭ قىرغىقىدا بىر توپ دەرەخ بار ئىكەن. مۇسۇلمان ئۇ دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ نان يېيىشكە باشلاپتۇ. ئۇ ئەتراپ ئېتىزلىق ئىكەن. ئېتىزلىقنىڭ ئىگىسى بىر يەھۇدىي ئىكەن. ئۇ يەھۇدىي دەرەخنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ زىرائەتلىرىگە قارايدىكەن. يەھۇدىي بىر مۇسۇلماننىڭ روزى ئېيىدا نان يەپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ دەرەخنى لىڭشىتىپتۇ. ھېلىقى مۇسۇلمان دەرەخنىڭ ئۈستىگە قارىغۇدەك بولسا بىر زۇننار① ئېسىۋالغان كىشى دەرەخ ئۈستىدە ئولتۇرغانىكەن. مۇسۇلمان يەھۇدىينى بىللە غىزالىنىشقا تەكلىپ قىلىپتۇ. يەھۇدىي دەرەخ ئۈستىدىن چۈشۈپ مۇسۇلمان بىلەن بىللە غىزالىنىپتۇ.

— ئەي يەھۇدىي، — دەپتۇ مۇسۇلمان، — بوينۇڭغا زۇننار ئېسىپ، يەھۇدىي سىياقىغا كىرىۋالغان بولساڭ كېرەك. ئەگەر سەن ھەقىقىي يەھۇدىي بولساڭ مۇسۇلماننىڭ تامىقىنى يېمىگەن بولاتتىڭ.

يەھۇدىي بۇ سۆزگە جاۋاب بېرىپ:

— ئەي ئىنسان، بىر قۇر مۇسۇلمانچە كىيىملەرنى كىيىۋېلىپ، ئۆزۈڭنى مۇسۇلمانغا ئوخشىتىۋالغان بولساڭ كېرەك. ئەگەر سەنمۇ ھەقىقىي مۇسۇلمان بولغان بولساڭ رامىزاندا كۈندۈزى تاماق يېمىگەن بولاتتىڭ، — دەپتۇ.

① زۇننار — بويۇنغا ئاسىدىغان زەنجىر. خىرىستىئان دىنىدىكىلەرنىڭ بويۇنغا ئېسىۋالىدىغان كرېستلىرى.

## قىرىق ئۇچىنچى داستان

**ئىسىل يىلاننىڭ زەئىپ يىلان بىلەن جوپلەشكىنىنى كۆرگەن پادىشاھ غەزەپكە كېلىپ، قىلىچ بىلەن چىشى يىلاننىڭ قۇيرۇقىنى چاپقانلىقى**



قىرىق ئۇچىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش گوياكى ئالتۇن ئەجدىھادەك مەغرىب غارىغا كىرىپ كەتتى. ئاي بەئەينى كۈمۈش چايانەك مەشرىق تۆشۈكىدىن چىقتى. خوجەستە ناھايىتى غەمكىن ھالدا تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەي دوستۇم، سەن ماڭا ناھايىتى شەپقەتسىزلىك قىلىۋاتىسەن. سېنىڭ ئالىم ۋە دانالىقىڭدىن ماڭا ھېچقانداق پايدا يەتمىدى. سەن بىر ئامال قىلىپ مېنىڭ كۆڭلۈمنى خاتىرجەم قىلساڭ، — دېدى.

تۇتى مۇنداق دېدي:

كۆزۈڭ بىلەن قارىمىغىن» دېسەم، ئۇ مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىماي ئالدىمغا كېلىپ ماڭا تولىنى ئۇزارتتى ۋە مېنىڭ پاكىز بويۇمنى گۇناھقا بۇلغىماقچى بولدى. مەن ئۇنىڭ ئالدىدا قاچسام، ئۇ مېنى قوغلاپ تىلىچى بىلەن زەخىملەندۈردى،— دەپتۇ چىشى يىلان.

بۇنى ئاڭلىغان ئەركەك يىلان ئاچچىقىدا تولغىنىپ:

— مەن ئۇنىڭدىن ئىنتىقامىمنى شۇنداق ئالايكى، ئۇنى بىر يولدىلا بۇ دۇنيادىن يوق قىلىۋېتەي،— دەپتۇ.

ئەلقىسسە، پادىشاھ شىكاردىن قايتىپ ئوردىسىغا كېلىپتۇ، ئەركەك يىلان پادىشاھ راينىڭ كەينىدىن شەھەرگە كىرىپتۇ. كەچ بولغاندا ئەركەك يىلان پادىشاھنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىۋاپتۇ. ئۇ ھۇجرىدا بىر سېۋەت گۈل بار ئىكەن، يىلان ئۇ سېۋەتنىڭ ئىچىگە كىرىپ يېتىۋاپتۇ. بىر چاغدا پادىشاھ گۈلنى ئېلىش ئۈچۈن قولىنى سېۋەتتىكى گۈلگە ئۇزارتقانىكەن، يىلان پادىشاھنىڭ قولىنى چېقىۋاپتۇ. بىر چاغدا پادىشاھنىڭ ئايالى كېلىپ، پادىشاھ ياتىدىغان يوتقانغا كىرىپ يېتىپتۇ. پادىشاھ:

— سەن مېنىڭ يېنىمدا ياتمىغىن. ماڭا ئەمدى ھېچقانداق خوتۇننىڭ لازىمى يوق. چۈنكى مەن شىكار ئۈستىدە بىر ئېسىل چىشى يىلاننىڭ بىر زەئىپ ئەركەك يىلان بىلەن جۈپلىشىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ غەزەپلەندىم - دە، ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ قىلىچ ئۇرسام، ئۇ ئېسىل يىلاننىڭ قۇيرۇقى چېپىلىپ كېتىپ قېچىپ كەتتى. شۇڭا ئايالدىن كۆڭلۈم سوۋۇپ قالدى،— دەپتۇ.

پادىشاھنىڭ خوتۇنى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ يىلانغا غەزەپلىنىپتۇ ۋە زەھەرنى قايتۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىلىش ئۈچۈن ھۇجرىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئەركەك يىلانمۇ بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن «تەڭرى ئەسلىدە چىشى يىلانغا لەنەت

— ئەي ئاغىچام، كۆڭلۈڭ نۇرىنى ئېتەكتە ياپقىلى بولماس. ئىشق ئوتى يوشۇرۇن قالماس. ئەگەر سىز ئۆز ئىشقىڭىزنى ۋۇجۇدقا چىقىرىمەن دېسىڭىز مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاڭ. ئۇ چاغدا سىزمۇ ئۆمرىڭىزنى خۇددى پادىشاھ رايىنىڭ ئۆمرى راھەت ـ پاراغەتتە ئۆتكەندەك ئۆتكۈزىسىز، — دېدى.

— ئۇ قانداق راھەتتە ئۆتۈپتىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

توتى ھېكايىسىنى مۇنداق باشلىدى:

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر كۈنى پادىشاھ راي شىكارغا چىقىپتۇ. ئۇ شىر، يولۋاسلارنى ئوۋلاپ يۈرۈپ تويۇقسىز بىر چىشى يىلاننى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ چىشى يىلان يىلانلارنىڭ ئېسىلى ئىكەن. بىر زەئىپ يىلان ئۇ ئېسىل يىلان بىلەن جۈپلىشىپ ياتقانىكەن. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ غەزەپلەنگەنلىكىدىن قىلىچىنى چىقىرىپ ھېلىقى ئېسىل يىلاننىڭ قۇيرۇ-قىنى چېپىپ تاشلاپتۇ. ئۇ يىلان قاچقىنىچە ئۆۋىسىغا كىرىۋاپتۇ، ئۇنىڭ ھالىنى كۆرگەن ئەركەك يىلان:

— تايىسى جېنىدىن تويغان سېنى بۇنداق قەستلىدى؟ دەپ سوراپتۇ.

— مېنىڭ قۇيرۇقۇمنى بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى چېپىۋەتتى.

— نېمە سەۋەبتىن؟

— مەن بىر قۇملۇقتا ئويناپ ياتسام، پادىشاھ مېنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ مېنى كۆرۈش بىلەنلا ماڭا ئاشىق بولۇپ يېنىمغا كەلدى. ئۇ: «ئەي مەھبۇب، سەن مېنىڭ مەقسەت ـ مۇرادىمنى ھاسىل قىلغىن» دېدى. مەن: «سەن ئادەملەرنىڭ پادىشاھىسەن، مېنىڭ ئېرىم يىلانلارنىڭ پادىشاھى. ئۆزۈڭگە ئوخشاش بىر پادىشاھنىڭ خوتۇنىغا خىيانەت ۋە شەھۋەت

سىز، — دەپتۇ يىلان.

پادىشاھ بۇ سىرنى مەخپىي تۇتۇشقا ۋەدە بېرىپتۇ. يىلان ھەممە جانىۋارلارنىڭ تىلىنى پادىشاھقا ئۆگىتىپ قويۇپتۇ. ئاندىن پادىشاھقا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ ئۆز ئۇۋىسىغا قايتىپتۇ.

كېچىنىڭ بىر ھەسسىسى ئۆتكەندىن كېيىن پادىشاھنىڭ خوتۇنى سەندەل ئېلىپ كېلىپ پادىشاھنىڭ پۇتىغا سۈركەشكە باشلاپتۇ. ھۇجرىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئىككى كەسلەنچۈك بار ئىكەن. چىشى كەسلەنچۈك پادىشاھنىڭ خوتۇنىنىڭ سەندەل ئېلىپ كېلىپ پادىشاھنىڭ پۇتىغا سۈركەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئەركەك كەسلەنچۈككە:

— سەنمۇ سەندەل ئېلىپ كەلگىن، مەنمۇ پۇتۇمغا سۈركەيمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ كەسلەنچۈكنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. پادىشاھنىڭ خوتۇنى بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ «پادىشاھ مېنى مەسخىرە قىلىۋاتسا كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ ۋە:

— ئەي شاھىم، كېچىدىن ماڭا نۇرغۇن تەنە گەپلەرنى قىلدىڭىز. ئەمدى بولسا مېنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈۋاتىسىز. سىزنىڭ بۇ كۈلۈشىڭىزدە بىر سەۋەب بار. ئەگەر سىز نېمە ئۈچۈن كۈلگەنلىكىڭىزنى ماڭا دەپ بەرمىسىڭىز ئوت قويۇپ ئۆزۈمنى كۆيدۈرىمەن، — دەپتۇ.

— توغرا ئېيتىسەن، مېنىڭ كۈلۈشۈمدە ھەقىقەتەن بىر سىر بار. سەن ئۈچۈن ئۇ سىرنى بىلىشىڭنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق. ئەگەر بۇ سىرنى ساڭا دېسەم جېنىم تېنىمدىن جۇدا بولىدۇ، — دەپتۇ پادىشاھ.

— ئەگەر بۇ سىرنى دەپ بەرمىسىڭىز ھازىرلا ئۆزۈمنى ئوتقا تاشلايمەن، — دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ پادىشاھنىڭ خوتۇنى.

ياغدۇرغانىكەن. ئۇ ئۆزى شۇنداق يامان ئىشلارنى قىلىپ، يۈرۈپ ماڭا يەنە پادىشاھنى يامان قىلىپ كۆرسىتىپتۇ. مەن بۇ پادىشاھقا زەھىرىمنى سانجىشتىن بۇرۇن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان بولسام ياخشى بوپتىكەن» دەپ ئويلاپ، سېۋەتتىن چىقىپ پادىشاھقا تەزىم - بەجا كەلتۈرۈپتۇ. يىلاننى كۆرگەن پادىشاھ:

— ئەي يىلان، مېنى يېمەكچى بولساڭ ماڭا تەزىم قىلىشىڭنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئەگەر خېزمىتىمنى قىلىشقا كەلگەن بولساڭ مەندىن رۇخسەتسىز گۈل ئىچىدە ياتقىنىڭ نېمىسى؟— دەپ سوراپتۇ.

— ئەي شاھىم،— دەپتۇ ئەركەك يىلان، — مەن سىز قۇيرۇقىنى چېپىۋەتكەن يىلاننىڭ ئېرى بولىمەن، ئۇ كېلىپلا سىزنى يامانلاپ بەردى. مەن ئەسلىدە سىزدىن ئىنتىقام ئېلىشقا كەلگەن، لېكىن سىزنىڭ خوتۇنىڭىزغا قىلغان سۆزىڭىزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن گۇناھنىڭ سىزدە ئەمەس، خوتۇنۇمدا ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئەمدى مەن قايتىپ بېرىپ ئۇنىڭ جازاسىنى بېرىمەن. جاھاندىكى ھەممە مەخلۇقلار ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن شۇنى بىلسۇنكى، ھەرقانداق بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە بوھتان قىلسا ئۇنداقلارنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا بولغۇسى. ئەي شاھىم، ھەرقانداق تەلىپىڭىز بولسا مەندىن تىلەڭ، مەن سىزگە پۈتۈن كۈچۈم بىلەن خىزمەت قىلىمەن.

— مەن ھەممە جانىۋارلارنىڭ تىلىنى بىلىشنى ئارزۇ قىلىمەن،— دەپتۇ پادىشاھ.

— ئەي شاھىم، بۇنىڭ ھېچقانداق تەس يېرى يوق. بىراق ئۇنىڭ بىر خەتىرى بار. ئۇ بولسىمۇ بۇ سىرنى ھېچقانداق كىشىگە ئاشكارا قىلماسلىق كېرەك. ئەگەر بىرەر كىشىگە ئاشكارا قىلىپ قويسىڭىز شۇ ھامان جېنىڭىزدىن جۇدا بول-

بويىچە سىرىنى ئاشكارىلىماپتۇ. پادىشاھ راي قالغان ئۆمرىنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈپتۇ. بېيىت:

نەخشەبى، ئىبرەت ئال ئۇلۇغلاردىن،
ھەر نەسىھەت ئۆزۈڭگە ماس كەلسە.
كىشى جىسمىغا ئەقلۇ ھوش تولغاي،
بارچە ئىشنى نەسىھەت دەپ بىلسە.

توتىنىڭ ھېكايىسى بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:

— ئەي ئاغىچام، ئەگەر مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىسىڭىز قالغان ئۆمرىڭىزنى پادىشاھقا ئوخشاش خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزىسىز. ھازىر سۆيگىنىڭىزنىڭ قېشىغا بېرىشىڭىزنىڭ ياخشى پەيتى. ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىڭ، — دېدى.

خوجەستە يىگىتنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى. ئۇنىڭ بېرىشى يەنە كېيىنگە قالدى. بېيىت:

نەخشەبى، ئويلىغان بېرىپ بۇ كېچە،
ۋاپادارلىق بېغىدا چالغاي ساز.
سۇبھى توسقۇنلۇق قىلدى بارماققا،
ئاشىقلار دۈشمەنىدۇر سۇبھى، خوراز.



بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي «ئۇزۇن يىللار مەن بىلەن بىر تەكيىگە باش قويۇپ بىللە تۇرمۇش كەچۈرگەن خوتۇنۇمنىڭ ئۆزىنى ئوتقا تاشلىشىغا قانداقمۇ چىداپ تۇرالايمەن» دەپ ئويلاپتۇ.

— ئەي خوتۇن، — دەپتۇ پادىشاھ راي، — بىز سىرتقا چىقايلى. مەن بۇ سىرنى ساڭا دېسەم مېنىڭ جېنىم تېنىمدىن جۇدا بولىدۇ. ماڭا بىر كۈنلۈك مۆھلەت بەرگىن. مەن ئاندىن سىرىمنى ساڭا دەپ بېرەي.

پادىشاھ شۇ كېچىسى شەھەردىن چىقىپ بىر قۇدۇق بېشىغا كېلىپتۇ. ئۇ يەردە بىرمۇنچە قويلار ئوتلاپ يۈرگەنىكەن. بىر چاغدا بىر ساغلىق قوي قۇدۇق بېشىغا كېلىپتۇ. ساغلىق قۇدۇقنىڭ ئىچىدىكى سۇغا يېقىن ئۆسكەن گىياھنى كۆرۈپ قوشقارغا:

— ئۇ گىياھنى ماڭا ئېلىپ بەرگىن، — دەپتۇ.

— ئۇ گىياھ قۇدۇق ئىچىدە ئىكەن، ئۇنى ئېلىپ چىقىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، — دەپتۇ قوشقار.

— ئەگەر ئۇ گىياھنى ئېلىپ بەرمىسەڭ مەن ئۆزۈمنى قۇدۇققا تاشلاپ ئۆلۈۋالىمەن، — دەپتۇ ساغلىق.

— مەن بىر ئەقىلسىز خوتۇن ئۈچۈن ئۆلگىلى چىققان بۇ ساددا پادىشاھقا ئوخشىمايمەن. سەندەكتىن يۈزى ئۆلسىمۇ پەرۋايىم پەلەك. سەندەكلەر ئۆلسە مېنىڭ ھېچنېمەم كەملەپ قالمايدۇ. مەن ساڭا ئوخشاشلار ئۈچۈن ئۆزۈمنى ھالاك قىلمايمەن. سېنىڭ رازى بولۇش - بولماسلىقىڭنىڭ ماڭا ھېچقانداق پايدىسى يوق، — دەپتۇ.

پادىشاھ قوشقارنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ دەرھال ئۆيىگە قايتىپتۇ ۋە دەرۋىشلەرگە سەدىقە بېرىپتۇ. پادىشاھمۇ خوتۇنىنىڭ ئۆكتەملىكىگە پەرۋا قىلماي، ئەركەك يىلانغا بەرگەن ۋەدىسى

مۇھەببەت پاتقىقىغا پېتىپ قالدى، شۇڭا دائىم يېنىڭغا كېلىمەن. مېنى بۇ غەمدىن خالاس قىلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. بېيىت:

نەخشەبى، دۇنيانىڭ غېمىدىن كەچ،
سەن قاچانغىچە غەمدە بولغايسەن.
غەم بىلەن كۆڭلۈڭ شۇنچە سۇلغۇندۇر،
قۇتۇلالماس بالاغا قالغايسەن.

— ئەي خوجەستە، — دېدى تۇتى، — سىزنىڭ بۇ غەمكىنلىكىڭىز سۆيگىنىڭىز ئۈچۈن بولىدىغان بولسا، بۇ غەملەرنىڭ ۋاقتى ئۇزۇن قالمىدى. مېنىڭ سىزگە دەيدىغان سۆزلىرىمنىڭمۇ كۆپى تۈگەپ ئېزى قالدى. ئىنتىزارلىق تۈنلىرى شاد - خۇراملىق سۈبھىسىگە ئۇلىشاي دەپ قالدى. شۇنىڭغا ئىشەنچەم كامىلكى، سىزمۇ خۇددى ھىندىستان پادىشاھىنىڭ پەرزەنتلىرىدەك ئۇزۇنغا قالماي تىلىكىڭىزگە يېتىپ، ئارزۇيىڭىزغا قانغايسىز.

— ئۇ قانداق ۋەقە؟ — دەپ سوراپتۇ خوجەستە.

تۇتىنىڭ تىللىرىدىن ھېكايەت دۇردانىلىرى مۇنداق چېچىلدى:

قەدىمكى زاماندا ھىندىستان ئېلىدە بىر پادىشاھ بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئۆمرى بىر يۈز يىگىرمە ياشقا يەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا كۆڭلى ناخشا، مۇزىكا، نەغمە - ناۋاسىز ئۆتمەيدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن پادىشاھ خۇددى ياش يىگىتلەردەك تىمەن ۋە ساغلام ئىكەن. پادىشاھنىڭ يىگىتلىك دەۋرىدىن ھالقىغان كامال ئىسمىلىك بىر ئوغلى بار ئىكەن.

بىر كۈنى شاھزادىنىڭ نەپسى - شەيتانى غالىب كېلىپ، كۆڭلىدە: «ئاتام يۈز ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا

# قىرىق تۆتىنچى داستان

**ھىندىستان پادىشاھىنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلغانلىقى، لېكىن بىر سازەندىنىڭ ۋەز - نەسىھىتى بىلەن نىيەتلىرىدىن يانغانلىقى**



قىرىق تۆتىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش ئالتۇن قاناتلىرىنى يىغىپ، گۈل رەڭلىك شەپەق ئېتىغا مىندى - دە، مەغرىب دىيارىغا يۈرۈپ كەتتى. ئاي ئۆزىنىڭ كۈمۈش رەڭلىك يوپۇقلىرىنى يايغان پېتى مەشرىق تەرەپتىن چىقتى. خوجەستە ئايدەك ياسىنىپ ئىجازەت ئېلىش ئۈچۈن تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەي كۆڭۈللەرنىڭ چىرىغى، — دېدى ئۇ تۇتىغا، — سارغايغان چىرايىمغا ۋە كۆز يېشىمغا قارا، ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن. ھەر كۈنى سېنىڭ ئالدىڭغا ئىجازەت ئالغىلى كېلىۋاتىمەن. مېنى بۇنچە خىجىل قىلمىغىن. پۇتلىرىم ئىشق -

ئەلقىسسە، بىر كۈنى پادىشاھ نەغمە - ناۋا ۋە غەزەل ئاڭلاپ ئولتۇرغانىكەن، بۇنى كۆرگەن شاھزادە: «بۈگۈن كېچە پۇرسەت كەلدى» دەپ ئويلاپتۇ. مەلىكىمۇ ئاتىسىنىڭ پۈتۈن زېھنى بىلەن غەزەل ئاڭلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ: «بۈگۈن كېچە ئاتامغا زەھەر بېرىپ ئاخىرەتكە ئۇزىتىشىم كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ.

شۇ كۈنى كېچىسى رەققاس قىز ئۇسسۇلنى ناھايىتى كۆپ ئوينىغانلىقى ئۈچۈن ھېرىپ - چارچاپتۇ. بۇنى كۆرگەن سازەندە قىزغا:

— ئەي قىزىم، سەن ھەر كۈنى كېچىسى ئۇسسۇل ئويناپ كۆپ جاپا چېكىسەن. كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزىسەن. بۈگۈنمۇ كېچىنىڭ تەڭدىن تولىسى ئۆتتى. تاڭ ئېتىشقا ئانچە ئۇزۇن قالمىدى. شۇڭا سەن ئازغىنا ۋاقىت قالغاندا بىزنى ئۈمىدسىزلەندۈرمىگىن، ئۆزۈڭنىمۇ يامان ئاتلىق قىلمىغىن، — دەپتۇ.

شاھزادە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ: «بۇ سازەندىنىڭ ئېيتقىنى راست. ئاتاممۇ قېرىپ ئانچە ئۇزۇنغا قالمىدى. شۇڭا مەن ئاتامنىڭ خۇنىنى ئۆزۈمگە ئېلىپ نېمە قىلىمەن. نېمە ئۈچۈن پۇقرالارنىڭ غەزەپ - نەپرىتىگە قالىدىغان ئىشنى قىلىمەن» دەپ ئويلاپ ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىدىن يېنىپتۇ. شاھزادە ئۈچىسىدىكى تونلىرىنى سېلىپ مىڭ دىنار ئالتۇن بىلەن قوشۇپ سازەندىگە ئىنئام قىپتۇ.

مەلىكىمۇ سازەندىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىدىن يېنىپ زەھەرنى تۆكۈۋېتىپتۇ. ئۇمۇ ئۈچىسىدىكى تونلىرىنى سېلىپ مىڭ دىنار ئالتۇن بىلەن قوشۇپ سازەندىگە ئىنئام قىپتۇ.

بۇنى كۆرگەن پادىشاھ:

ناھايىتى ساغلام. ئۇ يەنە يۈز يىل ئۆمۈر كۆرۈشىمۇ مۇمكىن.
مەن بولسام قىرىق ياشتىن ئاشتىم، مېنىڭ يىگىتلىكىم كېتىپ
قېرىلىققا قەدەم قويغاندا تەختكە ئولتۇرسام، ئۇ چاغدا پادى-
شاھلىقنىڭ نېمە لەززىتى بولسۇن؟ ئادەم قېرىغىنىنى ئاشسا
خۇددى سۇسىز باغقا ئوخشاپ قالىدۇ. شۇڭا مەن ئاتامنى
ئۆلتۈرۈپ شاھلىقنىڭ لەززىتىنى كۆرۈشۈم كېرەك» دېگەنلەرنى
ئويلاپتۇ. كامال شۇنىڭدىن باشلاپ ئاتىسىنى قەستلەشكە پۇرسەت
كۈتۈپ يۈرۈپتۇ.

پادىشاھنىڭ بالاغەتكە يەتكەن بىر قىزى بار ئىكەن.
مەلىكىگە نۇرغۇن ئەلچىلەر كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن پادىشاھ
كەلگەن ئەلچىلەرنى ئۆزىدىن تۆۋەن كۆرۈپ مەلىكىنى ياتلىق
قىلماپتۇ.

مەلىكە كۆڭلىدە: «مەن بالاغەتكە يېتىپ قالدىم، مېنىڭ
نەپسىمنىڭ لەززەتلىنىدىغان چاغلىرى بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ.
مەن قاچانغىچە ئەرسىز ئۆتىمەن؟ مېنىڭ ياشلىق باھارىم
كېتىپ قېرىپ مۇكچەيگەندە مېنى كىممۇ ئالىدۇ؟ ئاتام تېخى
ھايات. ئاتام ئەلچىلەرنى قايتۇرۇپ مېنى تەنھا ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ.
ئاتام مەن ئەتكەن تاماقنى يەيدۇ، شۇڭا مەن تاماققا زەھەر
ئارىلاشتۇرۇپ ئۇنى ئۆلتۈرۈشۈم كېرەك» دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ.
نەتىجىدە ئۇمۇ ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈپ
يۈرۈپتۇ. بېيىت:

نەخشەبى، ئىنساندىن ۋاپا كۈتمە،
كىم قەلەندەردىن تىلىگەي گۆھەر.
تەلپىگە يېتىش قىيىن بولغاي،
گەر كىشىدىن كىشى ۋاپانى تىلەر.

نەغشەبى، ئۆيلىغان بېرنىپ بۇ گېچە،
ياخشىلىق بەزمىسىدە چالغاي ساز.
سۆبھى توستى بېرىشنى مەنئى قىلىپ،
ئاشىقلار دۆشمەنىدۇر سۆبھى، خوراز.



— ئەي پەرزەنتلىرىم، مەن ئۇلارغا بىر نەرسە ھەدىيە قىلماي سىلەر تونلىرىڭلارنى ھەدىيە قىلدىڭلار. ئىلگىرى ھېچ قاچان بۇنداق قىلمايتىڭلار. بۇنداق قىلىشىڭلاردىكى سەۋەب نېمە؟ بۇ قائىدىدىن سىرتقا چىققانلىق ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.

شاھزادە بىلەن مەلىكە:

— بۇ سازەندە قىزىغا ۋەز - نەسىھەت قىلىپ، بىزنى چوڭ بىر بالا - قازادىن ساقلاپ قالدى. شۇڭا بىز ئۇنىڭغا تەشەككۈرىمىزنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلدۇق، — دەپتۇ.

— بۇ زادى نېمە ئىش؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ بالىلىرىدىن.

شاھزادە بىلەن مەلىكە ئۆزلىرىنىڭ ئاتىسىغا قەست قىلماقچى بولغانلىقىنى ۋە سازەندىنىڭ قىزىغا قىلغان نەسىھىتىنى ئاڭلاپ، نىيەتلىرىدىن يانغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئەتىسى پادىشاھ ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى جەم قىلىپ پادىشاھلىق تاجى - تەختىنى ئوغلىغا بېرىپتۇ. قىزىنى بىر ۋەزىرنىڭ ئوغلىغا توي قىلىپ بېرىپتۇ. ئۆزى ئاخىرقى ئۆمرىنى تائەت - ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ.

تۇتىنىڭ ھېكايىسى بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:

— ئەي ئاغىچام، ئەمدى ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ. ھازىر سۆيگىنىڭىزنىڭ يېنىغا بېرىڭ. بۇ مەقسىتىڭىزگە يېتىشىنىڭ ياخشى پەيتى، — دېدى.

خوجەستە ئۇ يىگىتنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى. خوجەستىنىڭ بېرىشى يەنە كېيىنگە قالدى. بېيىت:

كۆچىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن تۇتى ئۆزىنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنىڭ بىكار كېتىشىدىن ئەندىشە قىلدى.

— ئەي ئاغىچام، — دېدى ئۇ خوجەستىگە، — بۇ خىل سۆزلەرنى سىز بۇرۇنمۇ قىلغانىدىڭىز. مەن ئەزەلدىن سىزنىڭ سۆيگىنىڭىزنىڭ قېشىغا بېرىشىڭىزنى قوللاپ كەلدىم. بۈگۈن كېچە سىز ئۈچۈن تولىمۇ ياخشى كېچە بولغۇسى. سىز ھازىرلا سۆيگىنىڭىزنىڭ يېنىغا بېرىڭ. لېكىن ئۇ يەرگە بارغاندا مېنىڭ نەسىھىتىمنى ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇپ، مۇنداق ئىككى ئىشنى قىلماڭ. سىز ئۇ يىگىتنىڭ يېنىغا بارغاندا باشقىلارنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ دۈشمىنىڭىزگە رەھىم - شەپقەت قىلماڭ. ئەگەر ئۇنداق قىلسىڭىز، خۇددى بىر يىلاندىن شاھزادىگە بالا - قازا كەلگىنىگە ئوخشاش سىزمۇ بىرەر كېلىشمەسلىككە دۇچ كېلىشىڭىز مۇمكىن، — دېدى.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

تۇتى ئۆزىنىڭ ھېكايە داستىخانىنى مۇنداق يايدى:

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇرۇنقى زاماندا بىر شاھزادە شىكارغا چىقىپتۇ. ئۇ شىكار قىلىپ يۈرسە، ئۇنىڭ ئالدىغا تۇيۇقسىز بىر يىلان چىقىپ:

— ئەي شاھزادە، سەن ماڭا ياردەم قىلغىن، مېنى بىر دۈشمىنىم قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇ مېنى تۇتىۋالسا ئۆلتۈرىدۇ. شۇڭا سەن مېنى بىر يەرگە يوشۇرۇپ بۇ ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالساڭ، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان شاھزادە ئېتىكىنى ئېچىپتۇ، يىلان شاھزادىنىڭ قوينىغا كىرىۋاپتۇ. بىر چاغدا بىر كىشى كېلىپ شاھزادىدىن:

— بىر يىلان مۇشۇ تەرەپكە قېچىپ كەتكەنىدى، سىز

# قىرىق بەشىنچى داستان

**سودىگەر ئابدۇلمەلىكنىڭ ئۆز بەختىنى چۈشىدە كۆرگەنلىكى، بىر ساتىراشنىڭ ئابدۇلمەلىكنى دورايمەن دەپ بالاغا قالغانلىقى**



قىرىق بەشىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش گوياكى بىر ھەييار ساتىراشتەك دۇپدۇگىلەك ئالتۇن ئەينىكىنى كۆتۈرگىنىچە مەغرىب ساتىراشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. ئاي بەئەينى ساتىراش ئۇستام غىلىپىدىن چىقارغان كۈمۈش ئۇستۇرىدەك مەشرىق تەرەپتىن كۆتۈرۈلدى. خوجەستە كۆزلىرىنى نەم، كۆڭلىنى غەم باسقان ھالدا تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەي تۇتى، مېنىڭ كۆز يېشىم دەريا بولدى. جىگەر باغرىم قانغا تولدى. بۈگۈن كېچە سەن قانداقلا بولمىسۇن بىر ئامال قىلىپ سۆيگىنىم بىلەن مۇراد - مەقسىتىمگە يېتىشىمگە ياردەم قىلساڭ، — دېدى.

بۈگۈن خوجەستىنىڭ بىتاقەتلىكى ھەرقانداق چاغدىكىدىن

— ئەي ئاسمان - زېمىننى ۋە پۈتۈن مەخلۇقلارنى يا-
راتقان تەڭرىم، مەن يىلانغا شۇنداق ياخشىلىقلارنى قىلسام ئۇ
مېنىڭ قىلغان ياخشىلىقىمنى بىلمەي ماڭا زۇلۇم قىلماقچى
بولۇۋاتىدۇ. سېنىڭ ئۇلۇغلىقىڭ ھەرقانداق كىشىنىڭ ياخشىلى-
قىنى يەردە قويمايدۇ. ماڭا قۇۋۋەت ۋە ھىممەت ئاتا قىلساڭ
مەن سېنىڭ شۇ قۇۋۋەت ۋە ھىممىتىڭنىڭ بەرىكىتىدىن بۇ يىلان-
نىڭ جازاسىنى بەرسەم، — دەپتۇ.

شاھزادىنىڭ دۇئاسى شۇ ھامان قوبۇل بولۇپ، ئۇنىڭدا
بىر كۈچ - قۇۋۋەت پەيدا بولۇپتۇ. شاھزادە يىلاننى تۇتۇپ
يەرگە ئۇرغانىكەن، يىلان شۇ ھامانلا ئۆلۈپتۇ. بېيىت:

نەخشەبى، دۈشمىنىڭگە سىر ئېيتما،
باردۇر ئۇنىڭدا يۈز تۈمەن ھىيلە.
كىشىگە دۈشمىنىڭ سۆز ئاڭلاتسا،
ئۇمۇ دۈشمەن بولۇر ساڭا بىللە.

خوجەستە بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى - دە:
— ئەي تۇتى، بىرىنچى ۋەسىيىتىڭنى ئاڭلىدىم، ئەمدى
ئىككىنچى نەسىھىتىڭنى ئېيتقىن، — دېدى.

— ئەي ئاغىچام، ئىككىنچى نەسىھىتىم شۇكى، — سىز
ئۇ يىگىتنىڭ يېنىغا بارغاندا ھەرگىزمۇ باشقىلارنى دوراپ
ئىش قىلماڭ. كىشىلەرنى دوراپ ئىش قىلسىڭىز سىزگە ھېچ-
قانداق پايدا يەتمەيدۇ. چۈنكى ساتىراشمۇ سودىگەرنى دوراي
مەن دەپ ئۆزىگە بالا - قازا تېپىۋالغانىكەن.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.
تۇتى ئۆزىنىڭ ھېكايە مەزمۇنىنى مۇنداق تىزدى:
خارازىم شەھىرىدە ئابدۇلمەلىك ئىسىملىك ناھايىتى باي

ئۇنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— كۆرمىدىم، — دەپتۇ شاھزادە جاۋاب بېرىپ.

ئۇ كىشى ئۇياق - بۇياقلارغا قاراپ يىلاننى تاپالماي قايتىپ كېتىپتۇ.

شاھزادە يىلانغا:

— ئەي دوستۇم، دۈشمىنىڭ كەتتى. ئەمدى سەنمۇ ئۆز يولۇڭغا راۋان بولغىن، — دەپتۇ. بېيىت:

نەخشەبى، ئادەم بىر ئەجەب مەخلۇق،
بىرى بىرىگە زىيان كۆزلەر.
گەرچە بىرىدىن كۆرسىمۇ ياخشىلىق،
يەنە ئەيىبىنى ئىچىپ سۆزلەر.

يىلان شاھزادىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ئەي شاھزادە، دانالار: «دۈشمەننىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ ئۇلارغا رەھىم - شەپقەت قىلما» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. سەن ماڭا رەھىم - شەپقەت قىلىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇردۇڭ، لېكىن مەن سېنى چاقماي، بەدىنىڭگە نەشتەر سانجماي تۇرۇپ قويىنىڭدىن چىقمايمەن، — دەپتۇ.

— ئەي يىلان، مېنىڭ ساڭا قىلغان ياخشىلىقىمنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇ بولدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ شاھزادە.

— شۇنداق، سەن ماڭا ياخشىلىق قىلدىڭ. لېكىن ياخشىلىقنى جايىدا قىلمىدىڭ. ياخشىلىقنى ئادەم - ئادەمگە قىلسا ئاندىن ئۇنىڭ پايدىسى بولىدۇ. يىلاننىڭ ئادەمگەرچىلىك بىلەن نېمە ئىشى بار، — دەپتۇ يىلان.

شاھزادە يىلاننىڭ ئۆزىنى چاقمىغۇچە قويمايدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئامالسىز قاپتۇ. ئۇ يۈزىنى ئاسمانغا قىلىپ،

ئابدۇلمەلىك ئۇنىڭدىن بىر پارچە ئالتۇننى كېسىۋېلىپ ساتىراشقا بېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ساتىراش: «راھىبنىڭ بېشىغا تاياق بىلەن ئۇرسا، ئۇ يىقىلىپ چۈشۈپ ئالتۇن بولىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپتۇ.

ساتىراش ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ بىرنەچچە راھىبنى ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا چاقىرىپتۇ. تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن ساتىراش قولىغا بىر تاياقنى ئېلىپ راھىبلارنىڭ بېشىغا ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. تاياق زەربىدىن راھىبلارنىڭ باش - كۆز-لىرى يېرىلىپ، قىزىل ئالتۇندەك قانلار ئېقىشقا باشلاپتۇ. ئەمما ھېچقايسىسىنىڭ جىسمى ئالتۇنغا ئايلانماپتۇ. راھىبلار تاياق ئازابىغا چىدىماي پەرياد - پىغانلار كۆتۈرۈشىپتۇ. بۇ غوۋغانى ئاڭلىغان خالايىق يىغىلىپ كېلىپ ساتىراشنى باغلاپ، دورغى-نىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ بولغان ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. دورغا:

— ئەي ساتىراش، بۇ راھىبلارنى نېمە ئۈچۈن ئۇرۇپ باش - كۆزلىرىنى قان قىلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن ئابدۇلمەلىكنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭ چاچ - ساقال-لىرىنى ئېلىپ تۇرسام، ئۇنىڭ ئۆيىگە بىر راھىب كىرىپ كەلدى. ئابدۇلمەلىك راھىبنى كۆرۈپ قولىغا تاياقنى ئېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا ئۇرغانىدى. ئۇ يىقىلىپ چۈشۈپ ئالتۇنغا ئايلان-دى. مەن: «ھەرقانداق كىشى راھىبنىڭ بېشىغا ئۇرسا، راھىب ئالتۇنغا ئايلىنىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، بۇ راھىبلارنى ئۆيۈمگە مېھماندارچىلىققا چاقىردىم، ئۇلار تاماق يەپ بولغان-دىن كېيىن قولۇمغا تاياقنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ بېشىغا ئۇرسام، ئۇلار ئالتۇنغا ئايلانماقتا تۇرماق نۇرغۇن كېلىشمەسلىكلەر بولدى، — دەپتۇ ساتىراش.

بۇنى ئاڭلىغان دورغا ئابدۇلمەلىكنى چاقىرتىپ كېلىپ:

— ئەي ئابدۇلمەلىك، بۇ ساتىراش نېمىلەرنى دەپ يۈ-

بىر سودىگەر بار ئىكەن. ئۇ سودىگەر تاپقان پۇلنى ئۆلىما ۋە پۇقرالارغا سەرپ قىلىدىكەن. دائىم ئالىملارنىڭ ئولتۇرۇشىدا بولىدىكەن.

بىر كۈنى ئابدۇلمەلىك كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش نىيىتىدە ھەممە ماللىرىنى كىشىلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپتۇ. ئۆزىگە ھېچ نەرسە ئېلىپ قالماپتۇ.

ئابدۇلمەلىك بىر ئاخشىمى چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە بىر راھىب ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپتۇ. ئابدۇلمەلىك ئۇ راھىبتىن:

— سەن كىم بولىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن سېنىڭ بەختىڭ بولىمەن، سەن ماللىرىڭنىڭ ھەممىسىنى خۇدا يولىدا پۇقرالارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەردىڭ. ئەگەر سېنىمۇ ئۇرۇق قول قويمايدۇ. مەن مۇشۇ تۇرقۇم بىلەن بامدات ۋاقتىدا سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىمەن. شۇ چاغدا سەن مېنى تاياق بىلەن ئۇرساڭ، مەن يىقىلىپ چۈشۈپ ئالتۇنغا ئايلىنىمەن. مېنىڭ ھەربىر ئەزايىمنى كەسسەڭ ئەزالىرىمدىن يەنە ئالتۇن ئۈنۈپ چىقىدۇ، — دەپتۇ راھىب.

ئەتىسى بامدات ۋاقتى بىلەن ئابدۇلمەلىك چاچ - ساقاللىرىنى ئالدۇرۇپ ئولتۇرسا چۈشىدە كۆرگەن ھېلىقى راھىب ئۆيىگە كىرىپ كېلىپتۇ. ئابدۇلمەلىك ئورنىدىن تۇرۇپ راھىبنىڭ بېشىغا تاياق بىلەن بىر نەچچىنى ئۇرغانىكەن راھىب يىقىلىپ چۈشۈپ ئالتۇنغا ئايلىنىپتۇ. بېيىت:

نەخشەبى، بولسا قانچە ئەۋزەل ئىش،
ياخشىلىقتىن ئۆزۈڭنى قايتۇرما.
ھەق يولىدا قىل ياخشىلىق بىرگە ئون،
نېسۋەڭ بولغاي بىرگە مىڭ خورما.

# قىرىق ئالتىنچى داستان

**چىن پادىشاھىنىڭ شىكارغا چىققانلىقى، شىكاردىن قايتىپ كىرگەندىن كېيىن قەئرىيە شەھرىدىكى گۈزەل قىز شەمايىلنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئاشىق بولغانلىقى**



قىرىق ئالتىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش گوياكى زەپەر رەڭلىك ناندەك مەغرىپ تونۇرىغا كىردى. ئاي بەئەينى كاپۇر رەڭلىك توقاچتەك مەشرىقنىڭ زۇمرەتتەك يېشىل داستىخىنىغا چىقتى. خوجەستە داستىخانغا تاماق ئوراپ، كوزىدا شاراب ئېلىپ تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەي تۇتى، «ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام» دەپتىكەن. سەن ئالدى بىلەن بۇ تاماقنى يېگىن، ئاندىن مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىغىن، — دېدى.

تۇتى تائامنى يەپ بولغاندىن كېيىن:

رىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ئەي دورغا، — دەپتۇ ئابدۇلمەلىك، — بۇ ساتىراش ئېرۋىسىدىن ئادىشىپ قالغىلى بىر نەچچە كۈن بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىنى ئۆزى بىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ بىھۇدە سۆزلەرنى قىلىدۇ. ئۇنداق بولمىسا ئەقىل ئىگىسى بولغان ئادەم ئۇ قىلغان ئىشنى ۋە ئېيتقان سۆزنى قىلامدۇ؟ مېنىڭچە ئۇنى تېۋىپقا كۆرسىتىپ ساقايتىشىمىز كېرەك. بولمىسا ناھايىتى ئۇستا بىر ساتىراش ھالاك بولىدۇ.
دورغا ئابدۇلمەلىكنىڭ سۆزىنى ماقۇل كۆرۈپ، راھىبلارغا ئۆزرە ئېيتىپتۇ ۋە ساتىراشنى قويۇپ بېرىپتۇ.
تۇتىنىڭ ھېكايىسى بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستە:
— ئەي ئاغىچام، ھەرقانداق ئىشنى ۋە سۆزنى كىشىنى دوراپ قىلماسلىق كېرەك. ھېلىقى سودىگەر ساتىراشنى دوراپ ئىش قىلىۋىدى. مەقسىتىگە يېتىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بالاغا قالدى. ئەمدى سىز ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ سۆيگىنىڭىزنىڭ قېشىغا بېرىپ مېنىڭ دېگەنلىرىم بويىچە ئىش قىلىڭ، — دېدى.
خوجەستە ئۇ يىگىتنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى. ئۇنىڭ ئىشى يەنە كېيىنگە قالدى. بېيىت:

نەخشەبى، ئۇيلىغان بېرىپ بۇ كېچە،
بەختۇ ئامەت بېغىدا چالغاي ساز.
سۇبھى بۇ ئىشنى كەينىگە سۈردى.
ئاشىقلار دۈشمىنىدۇر سۇبھى، خوراز.

— بۇ خوتەن گۈزەللىنىڭ رۇخسارىدەك پاك جانىۋار ئىكەن، — دېيىشىسە، يەنە بەزىلىرى:

— بۇ بەئەينى چىن سەنەملىرىنىڭ بەدىنىدەك يۇمشاق نەرسە ئىكەن، — دېيىشىپتۇ.

شۇ ۋاقىتتا بىر پەرى پەيدا بولۇپ:

— بۇ چىرايلىق نەرسە يەر يۈزىدە باردۇر. لېكىن ئۇلارنىڭ تېنىگە شامال ۋە ھاۋا تەگكەن ھامان تېرىلىرى يىرىكلىشىپ كېتىدۇ. بۇنداق يۇمشاق بەدەنلىك جانلىقتىن يەنە بىرى بار دېيىلسە، ئۇ مەلىكە شەمايىلنىڭ بەدىنىدۇر، — دەپتۇ.

— مەلىكە شەمايىل دېگەن كىم؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ پەرىدىن.

— يەر ئاستىدا قەئرىيە دېگەن بىر شەھەر بار. ئۇ شەھەرنىڭ شافى ئىسىملىك بىر پادىشاھى بولۇپ، مەلىكە شەمايىل شۇ پادىشاھنىڭ قىزىدۇر، — دەپ ئۇ قىزنى ناھايىتى كۆپ تەرىپلەپتۇ پەرى.

پادىشاھ ئۇ مەلىكىنى كۆرمەي تۇرۇپلا ئاشىق بولۇپتۇ. پادىشاھنىڭ يېنىدا ۋەزىرىنىڭ ئوغلىمۇ بار ئىكەن. ئۇمۇ قىزنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاش بىلەنلا مەلىكىگە ئاشىق شەيدا بولۇپتۇ. ۋەزىرىنىڭ ئوغلى جادۇگەرلىكتە كامالەتكە يەتكەن بولۇپ شەكىل ۋە ئەزالىرىنى ئۆزگەرتىش ھۈنىرىنى پىششىق بىلىدىكەن. پادىشاھ شىكاردىن تېخى يانماي تۇرۇپلا ۋەزىرىنىڭ ئوغلى قەئرىيە شەھرىگە يېتىپ بېرىپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھنىڭ ئايالى ئەينەككە قاراپ ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ چاچ تارايدىغان خىزمەتكارىغا:

— ئۇلۇغ تەڭرى ماڭا مۇشۇنچىۋالا ھۆسن - جامالنى ئاتا قىلدى. بۇ كاتتا ۋە گۈزەل شەھەرنىڭ پادىشاھلىقىنى ئېرىمگە ئاتا قىلدى. ساخاۋەتلىك تەڭرى ھېچبىر ئائىلىگە

— ئەي ئاغىچام، تائامنىڭغۇ يېدىم. ئەمدى ماڭا ئېيتىدىغان قانداق سۆزىڭىز بار؟ — دېدى.

— مەن بۈگۈن چۈشتە ئۇخلاپ چۈش كۆرۈپتىمەن، — دېدى خوجەستە، — چۈشۈمدە بىر چىرايلىق يىگىت بىر قولىدا خۇراسانىنىڭ ئالمىسىنى، يەنە بىر قولىدا ھىندىستاننىڭ بېھىسىنى تۇتقان ھالدا مېنىڭ ھۇجرامغا كىرىپ كەلدى. ئۇ يىگىت ئالما بىلەن بېھىنى ماڭا بېرىپ، بىر ئېغىز گەپمۇ قىلماي چىقىپ كەتتى. ئويغىنىپ قارىسام ئالما بىلەن بېھى يوق تۇرىدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان تۇتى خوجەستىگە:

— ئەي ئاغىچام، بۇ ئىككى نەرسە سىزگە خۇش خەۋەردىن دېرەك بېرىدۇ. ھېلىقى يىگىت سىزنىڭ بەختىڭىز ئىكەن. ئالما بىلەن بېھى بولسا، بىرى ئېرىڭىز، يەنە بىرى سىزنىڭ سۆيگىنىڭىزدۇر. سىز پات ئارىدا ئېرىڭىز ۋە سۆيگىنىڭىز بىلەن قوشۇلىسىز. بۇ خۇددى چىن پادىشاھىنىڭ ئايالىنىمۇ، مەشۇقىنىمۇ تەڭ قولغا چۈشۈرگىنىگە ئوخشاش ئىشتۇر، — دېدى.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

تۇتى ھېكايە سورۇنىنى مۇنداق تۈزدى:

چىن مەملىكىتىدە بىر پادىشاھ بار ئىكەن. ئۇ پادىشاھ ھەممە شاھلارنىڭ سەردارى ئىكەن. پادىشاھنىڭ ياخشىلىقلىرى ھىندى كىتابلىرىدىمۇ كۆپ يېزىلغانىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھ شىكارغا چىقىپ شىرلارنى ئۇۋلاشقا باشلاپتۇ. پادىشاھ تۇيۇقسىز تېنى ئىنتايىن يۇمشاق بىر نەرسىنى ئۇۋلاپتۇ. پادىشاھ ئۇ نەرسىنى ۋەزىرلىرىگە كۆرسىتىپ:

— بۇ يۇمشاق بەدەنلىك نەرسە نېمە ئىكەن؟ قېنى ھەرقايسىڭلار باھالاپ كۆرۈڭلار، — دەپتۇ.

ئۇلاردىن بەزىلىرى:

كىچە ئۇلتۇرۇپتۇ.

شامال دەريانىڭ خەۋەرچىسى ئىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ دەريا ياقىسىدا يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى دەرياغا خەۋەر قىپتۇ. دەريا ئاغزىدىن ئۇنچە - مەرۋايىتلارنى چېچىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېپتۇ.

— ئەي پادىشاھ، سەن بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟ سېنىڭ نېمە ھاجىتىڭ بولسا ماڭا دېگىن، — دەپتۇ.

— مەن ناھايىتى مۈشكۈل بىر ئىشقا يولۇقتۇم. سەن مېنىڭ بۇ ئىشىمنى ئاسان قىلغايسەن. مەن يەر ئاستىدا قەئىردىيە ناملىق بىر شەھەر بار دەپ ئاڭلىدىم. مېنى شۇ شەھەرگە يەتكۈزسەڭ، — دەپتۇ پادىشاھ.

— ئۇ شەھەر قورۇقلۇقتا. مېنىڭ ھۆكۈمىم ئۇ شەھەرگە يەتمەيدۇ، — دەپتۇ دەريا.

— مەن ئۇ شەھەرگە قانداق قىلسام بارالايمەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ. دەريا:

— ئەي شاھ، مەن سېنى قارشى قىرغاققا ئۆتكۈزۈپ قوييسام، ساڭا ئۇ شەھەرگە بارىدىغان يول چىقىدۇ، — دەپ پادىشاھنى نېرىقى قىرغاققا ئۆتكۈزۈپ قويۇپتۇ.

پادىشاھ قەئىردىيە شەھىرىگە قاراپ يول ئېلىپتۇ. ئۇ بىر ھازا يول يۈرگەندىن كېيىن بىر باغقا يېتىپ كېپتۇ. پادىشاھ باغ ئىچىگە قارىغۇدەك بولسا، بىر سۈزۈك بۇلاق بار ئىكەن. پادىشاھ ئۇ بۇلاق بېشىدا بىردەم ئولتۇرۇپتۇ. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بۇلاق بېشىدا ئىككى يىگىت پەيدا بوپتۇ. پادىشاھ ئۇلار بىلەن سالاملىشىپتۇ. يىگىتلەر:

— ئەي غېرىپ، بىز ئىككىمىز ئاكا - ئۇكا بولىمىز. بىزنىڭ ئاتىمىز ھۆكۈما ئىدى. ئاتىمىز ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن بىزگە تۆت نەرسە مىراس قالدى. بىز ئۇ نەرسىلەرنى

بۇنداق بەختنى ئاتا قىلمىغان بولغىيتتى، — دەپتۇ.

ئۇ يەردە بىر تۇتىمۇ بار ئىكەن. ئۇ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. بۇ كۈلكىدىن پادىشاھنىڭ خوتۇنىنىڭ يۈزى قىزىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ پادىشاھقا:

— ئەي شاھىم، ئۆزلىرى تۇتىدىن كۈلۈشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپ كۆرسىلە ياكى بولمىسا مېنىڭ ئۇنى جازالىشىمغا ئىجازەت بەرسىلە، — دەپتۇ.

پادىشاھ تۇتىدىن كۈلۈشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ.

— مەن بۇ ئاغىچىنىڭ تەكەببۇرلىقىغا كۈلدۈم، — دەپتۇ تۇتى، — ئۇ جاھاندا ئۆزىدەك گۈزەل جانان ۋە ئۆزلىرىدەك بۈيۈك خاقان يوق دەپ ئويلايدىكەن. يەرنىڭ ئاستىدا قەئرىيە ئىسىملىك بىر شەھەر بار. ئۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ ئىسمى شافى بولۇپ، ئۇنىڭ مەلىكە شەمايىل ناملىق تەڭداشسىز گۈزەل بىر قىزى بار. ئۇ مەلىكىنىڭ ئالدىدا بۇ ئاغىچامنىڭ جامالى ئاينىڭ قېشىدىكى يۇلتۇزدۇر. بىلدىش كېرەككى، بۇ دۇنيادا چىرايلىقلارنىڭ چىرايلىقى، كۆچلۈكلەرنىڭ كۈچلۈكى باردۇر. بېيىت:

نەخشەبى، ئەلدە بار ئۇلۇغدىن ئۇلۇغ،
بىرنى كۆرمە پاشا بىرىن سۇمۇرغ.
ھەممىنىڭ قۇۋۋىتى ئۆزىگە ئايان،
پاشىدىن توخۇ، پىل توخۇدىن ئۇلۇغ.

پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ مەلىكە شەمايىلنى قولىغا كىرگۈزۈش كويىغا چۈشۈپتۇ-دە، شاھلىق ئىشنى شەھەردىكى بىر تەدبىرلىك كىشىگە تاپشۇرۇپتۇ. ئۆزى قەلەندەرچە ياسىنىپ يەرنى ياقىسىغا بېرىپ يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ يەردە بىر كۈن كەچ

ياغاچ كەشنى كېيىپ: «مېنى قەئرىيە شەھرىگە ئېلىپ بارغىن» دەپتۇ. پادىشاھ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۆزىنى قەئرىيە شەھرىدە كۆرۈپتۇ.

ئاكا - ئۇكا ئىككىسى مىراسنى بۆلۈشۈش غېمىدە بولۇپ، ئۇ نەرسىلەردىن مەھرۇم قاپتۇ.

پادىشاھ قەئرىيە شاھىنىڭ ئوردىسى ئالدىغا كېلىپتۇ. ئۇ يەردە ۋەزىرنىڭ ئوغلى بىھوشلارچە ياتقانىكەن. بېيت:

نەخشەبى، بۇ جېدەلنى سەن قىلما،
جېدەل ئەمەستۇر ياخشىلارنىڭ ئىشى.
دانىشمەنلەر بىلەن جېدەل قىلغان،
شور باسقان يەر بىلەن ئېلىشقان كىشى.

— ئەي ۋەزىرزادە، سەن بۇ يەرگە قاچان كېلىۋالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ ئۇنىڭدىن.

— مەن بۇ يەرگە شەمايىلنىڭ ئىشقى ئوتىغا مۇپتىلا بولغان كۈنىلا كەلگەن. ئەمما مەلىكە ماڭا ھېچ ئىلتىپات قىلمايۋاتىدۇ. سىز پۈتۈن يەر - زېمىن ۋە يەر ئاستىدىكى شەھەرلەرگىمۇ مەشھۇر بولغان پادىشاھسىز. مەلىكە شەمايىل ئاتىسىغا: «سىز مېنى چىن خاقانىغا بەرسىڭىز، مەن ياتلىق بولۇشقا رازىمەن. ئەگەر ئۇنىڭغا ياتلىق قىلمىسىڭىز ھەرگىزمۇ ئەرگە تەگمەيمەن» دېگەنىكەن، — دەپ بۇ يەردىكى ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋەزىرنىڭ ئوغلى.

پادىشاھ بىلەن ۋەزىرزادە مەلىكىنىڭ ئىشق پىراقىدا ئولتۇرسا، پادىشاھ شافىنىڭ ئادەملىرى چىن پادىشاھىنى تونۇپ قېلىپ شافىغا خەۋەر قىپتۇ.

شافى ئوردىدىن چىقىپ چىن پادىشاھىنى ئېلىپ كىرىپتۇ - دە،

تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر بۆلۈشمىدۇق. چۈنكى بۇ يەرگە ئادەم ئاياغ باسمىدى. بۈگۈن سىز كەلدىڭىز. شۇڭا سىز ئۇ مىراسلارنى ئىككىمىزگە تەڭمۇ تەڭ تەقسىم قىلىپ بېرىسىڭىز، — دەپتۇ.

— ئۇ تۆت نەرسە نېمە ئىدى؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— ئۇ تۆت نەرسىنىڭ بىرى، قازان بولۇپ، كىشى قانچىلىك تاماق ۋە شارابنى تەلەپ قىلسا ئۇنىڭدىن چىقىدۇ. ئىككىنچىسى، كوزا بولۇپ، كىشى قانچىلىك ئالتۇن - كۈمۈشنى تەلەپ قىلسا ئۇنىڭدىن چىقىدۇ. ئۈچىنچىسى، ياغاچ كەش بولۇپ، ھەرقانداق كىشى ئۇنى كىيىپ نەگە بېرىشنى خالىسا شۇ يەرگە دەرھاللا يېتەلەيدۇ. تۆتىنچىسى، بىر ئۇستىخان قىلىچ بولۇپ، كېچىلىرى خارابىلىقتا ۋە سەھرادا قونىماقچى بولغان كىشى ئۇ قىلىچنى يەرگە سانجىغان ھامان، ئۇ يەر بىر ئاۋات شەھەرگە ئايلىنىدۇ، — دەپتۇ.

پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «قارىغاندا مېنىڭ ئىشىم بۇلاردىكى نەرسىلەر بىلەن پۈتىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، ئاكا - ئۇكا ئىككىسىگە ئۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىشنى ئېيتىپتۇ.

پادىشاھ ئىككى گۆينى چەۋگانغا① قويۇپ بىرىنى ئوڭ تەرەپكە، يەنە بىرىنى سول تەرەپكە ئېتىپتۇ. ئاندىن ئۇلارغا:

— ئاشۇ گۆيلارنى قايسىڭلار بۇرۇن ئېلىپ كېلەلىسەڭلار، بۇ نەرسىلەر شۇنىڭ بولسۇن، — دەپتۇ.

— ئۇ ئىككى يىگىت گۆينى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئىككى تەرەپكە كېتىپتۇ. پادىشاھ ھېلىقى ئۈچ نەرسىنى قولىغا ئېلىپ،

---

① گۆي — ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئوينىلىدىغان توپ.
چەۋگان — ئات ئۈستىدە تۇرۇپ توپنى ئۇرۇپ ئوينايدىغان ئۇچى ئەگرى تاياق.

كه ئىگىدۇر. سەن بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى بۇ نەرسىلەرنىڭ ناھايىتى قىممەتلىك نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىسەن، — دەپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ ئۆز شەھىرىگە قايتىش ئۈچۈن مەلىكە شەمايىلنى كۆتۈرۈپ، ھېلىقى نەرسىلەرنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ ياغاچ كەشنى كىيگەنىكەن، ئۆزلىرىنى ھېلىقى باغدا كۆرۈپتۇ. پادىشاھ قەئرىيە شەھىرىدىن ئايرىلىش ۋاقتىدا ۋەزىرنىڭ ئوغلى جادۇگەرلىك ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، پادىشاھنىڭ تونىغا يېپىشۋېلىپ ئۇلار بىلەن بىللە ھېلىقى باغقا كېپتۇ. ئەمما ئۆزىنى ئاشكارىلىماپتۇ. بىر ۋاقىتتا ھېلىقى ئىككى ئاكا - ئۇكا پەيدا بولۇپتۇ. پادىشاھ ھېلىقى تۆت نەرسىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئۇلارغا كۆپ ئۆزرە ئېيتقاندىن كېيىن:

— مەن بىر مۈشكۈل ئىشقا يولۇقۇپ قېلىپ، سىلەرنىڭ بۇ تۆت نەرسەڭلار بىلەن ئۇ ئىشىمنى ئاسان قىلدىم. ئەمدى بۇ ئامانەتلىرىڭلارنى قولۇڭلارغا ئېلىڭلار. چۈنكى سىلەرنىڭمۇ نۇرغۇنلىغان قىيىن ئىشلىرىڭلار مۇشۇ نەرسىلەر بىلەن ھەل بولىدۇ، — دەپتۇ.

ھېلىقى ئاكا - ئۇكا بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پادىشاھقا:

— ئەي شاھ، بۇ نەرسىلەر بىز ئاكا - ئۇكا ئوتتۇرىسىدا جېدەلگە سەۋەبچى بولغانىدى. سىز بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى جېدەل تۈگىدى. شۇڭا بۇ نەرسىلەر بىزنىڭ سىزگە تۇتقان يوللۇقىمىز بولۇپ قالسۇن. ئەگەر سىز خالىسىڭىز، بىز سىزگە قىيابەت ئۆزگەرتىش ئىلمىنى ئۆگىتىپ قويايلى، — دېيىشىپتۇ.

پادىشاھ ماقۇل بوپتۇ.

ئۇلار قىيابەت ئۆزگەرتىش ئىلمىنى پادىشاھقا ئۆگەتكەندە

ئۇنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ، قىزىنى بەرمەكچى بوپتۇ.
ئەتىسى پادىشاھ شافى ھۆكۈمالارنى جەم قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى بويىچە توي قىلىپ مەلىكە شەمايىلنى چىن پادىشاھىغا نىكاھلاپ بېرىپتۇ. ئۇ ئىككىسىگە ئالاھىدە بىر تەخت ياساپ، ئۇلارنى شۇ تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. پادىشاھ مەلىكە شەمايىل بىلەن قوشۇلۇپ مۇراد - مەقسىتىگە يېتىپتۇ. بېيت:

نەخشەبى، رەنجى تارتسا ئەجرى بولار،
بۇ ھەقىقەت جاھاندا كۆپ مەشھۇر.
رەنجى - مېھنەتسىز قولغا كەلمەس تىلەك،
ئەل ئارا ئۇشبۇ سۆز ھەقىقەتتۇر.

پادىشاھ مەلىكە شەمايىلنىڭ ئۆز ئائىلىدىن كۆپ چىرايلىق ئىكەنلىكىنى، بۇ شەھەرنىڭ ئۆز شەھىرىدىن تېخىمۇ ئاۋات ۋە كەڭرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ: «ھېلىقى تۇتىنىڭ سۆزى ھەقىقەتەنمۇ توغرا ئىكەن» دەپتۇ.
ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە مەلىكە شەمايىلنىڭ ئاچىسى:
— سېنىڭ ئېرىڭ چىن پادىشاھىنىڭ ئۆزى ئەمەس. ئەگەر ئۇ راستىنلا پادىشاھ بولىدىغان بولسا، قازان، كوزا ئۇستىخان ۋە ياغاچ كەشلەر ئۇنىڭدا بولماسلىقى كېرەك ئىدى. چۈنكى، بۇ نەرسىلەر گادايلارنىڭ نەرسىلىرىدۇر، — دەپتۇ.
مەلىكە شەمايىل بۇ سۆزلەرنى چىن پادىشاھىغا ئېيتىپتۇ. پادىشاھ:
— ئەي مەلىكە، سەن بۇ نەرسىلەرنىڭ قەدرى - قىممىتىنى بىلمەيسەن. بۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز ئالدىغا بىردىن خاسىيەت

يىلنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى شەمايىلنى كۆتۈرۈپ خاسىيەتلىك ياغاچ كەشىنى كىيگەن هامان ئۇزىنى پادىشاھنىڭ ئوردىسىدا كۆرۈپتۇ.

پۈتۈن شەھەر خەلقىگە پادىشاھنىڭ مەلىكە شەمايىلنى ئېلىپ كەلگەنلىكى يۇر كېتىپتۇ. ھەممە ۋەزىر، ئۆلىما ۋە چوڭ - كىچىك يۇقرالار كېلىپ: «پادىشاھ» نىڭ قوللىرىنى سۆيۈشۈپتۇ.

كەچ بولغاندا «پادىشاھ» مەلىكە شەمايىلنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر تەكىيگە باش قويۇپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ۋەزىرنىڭ ئوغلىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىپتۇ. مەلىكە شەمايىل كېچىدىن بۇيانقى «پادىشاھ» نىڭ سۆز - ھەرىكىتىدىن ئۇنىڭ پادىشاھ ئەمەسلىكىنى بىلىپ قاپتۇ ۋە ئۆزىنى بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭدىن يىراق تۇتۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ.

— مەن پادىشاھنىڭ خۇي - پەيلىنى ياخشى بىلىمەن. سىنىڭ سۆز - ھەرىكىتىڭ پادىشاھنىڭكىگە ئازراقمۇ ئوخشىمايۋاتىدۇ. سەن بۈگۈندىن باشلاپ ماڭا بىرنەچچە كۈن يېقىن كەلمىگىن. ئەگەر سەن راستىنلا پادىشاھ بولساڭ مەن يەنىلا سېنىڭكى. مۇبادا سەن پادىشاھ بولمىساڭ مەن ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈپ، سېنى رەسۋا قىلىمەن، — دەپتۇ مەلىكە ۋەزىرنىڭ ئوغلىغا.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى مەلىكە شەمايىلنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن قورقۇپ، پادىشاھنىڭ ئىلگىرىكى خوتۇنىنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئۇ خوتۇنىمۇ «مەن ئاغرىپ قالدىم» دەپ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇشقا ئۇنىماپتۇ. بۇنى كۆرگەن ۋەزىرنىڭ ئوغلى ھەر ئىككىسىنى تاشلاپ، باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ كۈننى كەچ قىپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى مەلىكە شەمايىلنىڭ قېشىغا كىرىپ ئۇنىڭغا يېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن مەلىكە ئۇنىماپتۇ. بېيىت:

ۋەزىرنىڭ ئوغلىمۇ بۇ ئىلىمنى ئۆگىنىۋاپتۇ.

ئەلقىسسە، پادىشاھ ئىككى يىگىت بىلەن خوشلىشىپ، تىلسىم ياغاچ كەشنى كېيگەنىكەن، ئۆزىنى يەنە بىر ئورمانلىقتا كۆرۈپتۇ. قارىسا بىر دەرەخ تۈۋىدە ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئولتۇرغانىكەن. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. ئۇلار ھال ـ ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن مەلىكە شەمايىلنى دەرەخ تۈۋىدە قالدۇرۇپ شىكارغا چىقىپتۇ. پادىشاھ بىر كېيىكنى ئوۋلاپتۇ ـ دە، مەلىكە شەمايىلنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارماقچى بوپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى نىيىتىنى بۇزۇپ:

— ئەي شاھىم، مەن سىزنىڭ دۆلىتىڭىزدە ھېلىقى شەھەردە ناھايىتى مۇشكۈل ئىلىملەرنى ھاسىل قىلدىم، ئەگەر سىزدىن پەرمان بولسا، مەن بۇ قىياپىتىمنى ئۆزگەرتىپ باشقا بىر نەرسىنىڭ قىياپىتىگە كىرسەم، — دىپتۇ.

پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھەيران قاپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى بىر چىۋىنگە ئايلىنىپ، بىر ئازدىن كېيىن يەنە ئەسلىگە كېپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ:

— بۇ سېھىرگەرلىك ئىلمىدۇر. ئادەمنىڭ چىۋىنگە ئايلانمىقى قانچىلىك ئىش ئىدى. مەن شۇنداق ئىلىمنى بىلىمەنكى، ئۆز جېنىمنى يەنە بىر تەنگە كىرگۈزەلەيمەن. جېنىمنى ئۆلگەن تەنگە كىرگۈزۈپ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرەلەيمەن، — دەپتۇ.

— مەن بۇنداق ئىلىمنىڭ بارلىقىنى تېخى ئاڭلىمىغانىكەنمەن. راست شۇنداق ھۈنىرىڭىز بولسا، بىر كۆرسىتىپ باقامسىز، — دەپتۇ ۋەزىرنىڭ ئوغلى.

پادىشاھ ئۆگەنگەن ئىلمىنى ۋەزىرنىڭ ئوغلىغا كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئۆز روھىنى كېيىكنىڭ تېنىگە كىرگۈزۈپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى دەرھاللا ئۆزىنىڭ روھىنى پادىشاھنىڭ تېنىگە كىرگۈزۈپتۇ. ئۇ كېيىكنى باياۋاندا تاشلاپ قويۇپ، مەلىكە شەما ـ

شۇنى بىلىش كېرەككى، ۋەزىرنىڭ ئوغلىنىڭ بۇنداق سۆھبەت-كە كىرىشى ئۇنىڭ تەبىئىتىگە تولىمۇ لايىق ئىدى.

بۇنى كۆرگەن پادىشاھ روھىنى تۇتىدىن چىقىرىپ ئۆز تېنى-مگە كىرگۈزۈپتۇ ـ دە، ئېشەكنى قىيناپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

پادىشاھ ھېلىقى تۆت نەرسە بىلەن نۇرغۇنلىغان ئىشلارنى ھەل قىلىپ قالغان ئۆمرىنى مەلىكە شەمايىل ۋە ئىلگىرىكى خوتۇنى بىلەن خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزۈپتۇ. بېيىت:

نەخشەبى، ھەر كىشى غېمىنى يېگەي،
قالمىغاي غەملەر بولسا ۋەسلى ۋۇجۇت.
يوقكى نېمەت ئۇنىڭدىن ئۆزگىچە ھېچ،
«ئۆزگە» سۆزىنى قىلسا ئۇ نابۇت.

تۇتىنىڭ ھېكايىسى بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:

— ئەي ئاغىچام، چىن پادىشاھى نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەق-قەتلەرنى تارتقاندىن كېيىن، مەلىكە شەمايىل بىلەن ئىلگىرىكى خوتۇنىغا ئىگە بولدى. ئۈمىد باركى، بۇ چۈشىڭىز بىلەن سىز ئېرىڭىزنىڭمۇ، سۆيگىنىڭىزنىڭمۇ ۋىسالىغا يېتىسىز. ھازىر ئۇنىڭ يېنىغا بېرىشىنىڭ ياخشى پەيتى. ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ سۆيگىنى-ڭىزنىڭ يېنىغا بېرىڭ. ئۇنى يولىڭىزغا ئىنتىزار قىلماڭ، — دېدى.

خوجەستە ئۇ يىگىتنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى، بۇ چاغدا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى. خوجەستىنىڭ بېرىشى كەچقۇرۇنغا قالدى. بېيىت:

نەخشەبى، ئويلىغان بېرىپ بۇ كېچە،
يار ۋىسالىدا شاد چالغاي ساز.
سۇبھى شادلىققا بەرمىدى پۇرسەت،
ئاشىقلار دۈشمىنىدۇر سۇبھى، خوراز.

نەخشەبى، خەلق بىر مىجەزدە ئەمەس،
قىلىسمۇ جۇپلۇك ئارزۇ تەنھا.
چارىسىزدۇر بۇ ھالدا ئەرلەرمۇ،
راستلا ئۆزنى قاچۇرسا ئۇ زىبا.

ئەلقىسسە، چىن پادىشاھى ۋەزىرىنىڭ ئوغلىغا ئۆز ھۈنىرىنى كۆرسەتكەنلىكىگە پۇشايمان قىلىپ، كېيىنكى سۈرىتىدە بىاياۋاندا ئوت - چۆپ يەپ يۈرۈپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ كېيىك سۈرىتىدە ئوتىلاپ يۈرۈپ بىر ئۆلۈك تۇتىنى كۆرۈپ «مەن تۇتىنىڭ تېنىگە كىرىپ ئۆز ئورداملىغا بېرىشىم كېرەك. ۋەزىرىنىڭ ئوغلى مەلىكە شەمايىلىغا نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ. قېنى بىر كۆرۈپ باقاي» دەپ تۇتىنىڭ تېنىگە كىرىپ ئوردىغا كېپتۇ. پادىشاھ مەلىكە شەمايىلىنىڭ تەنھا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئۆز قىسسىسىنى بايان قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان مەلىكە ناھايىتى پەرىشان بولۇپ:

— مەن سىنى ئۆلدى دەپ ئويلىسام، سەن تۇتىنىڭ قىياپىتىگە كىرىپسەن. مەن بولسام بىر ئادەم، مەندىن ساڭا نېمە ياردەم كېرەك؟ — دەپتۇ.

— ۋەزىرىنىڭ ئوغلى يەنە كېلىپ ساڭا يېلىنسا، سەن ئۇنىڭغا: «مەن سىنىڭ پادىشاھ ئىكەنلىكىڭدىن گۇمانلىنىۋاتىمەن. ئەگەر سەن راستىنلا پادىشاھ بولساڭ، جادۇگەرلىك ئىلمىنى ياخشى بىلىسەن. شۇڭا سەن باشقا بىر سۈرەتكە كىرەلىسەڭ مېنىڭ گۇمانىم تۈگەيدۇ» دېگىن، — دەپتۇ.

ئەتىسى ۋەزىرىنىڭ ئوغلى مەلىكە شەمايىلىنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا يېلىنىشقا باشلاپتۇ. مەلىكە تۇتىنىڭ دېگەنلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپتۇ. ۋەزىرىنىڭ ئوغلى خۇشال بولۇپ، ئىشىك ئالدىدا ئۆلۈپ قالغان بىر ئېشەكنىڭ تېنىگە جېنىنى كىرگۈزۈپتۇ.

دەردىمگە قاچان داۋا بولىسەن؟ دانىشمەن كىشىلەرنىڭ نەسىھەتىنى يادلىۋالغىن. مەن بولسام ئىشقىنىڭ دىۋانىسىمەن. دىۋانىگە نەسىھەت كار قىلماس. مەن بىر بىھوشىمەن. ۋەز — نەسىھەتنى ھوشيار ئادەملەرگە قىلىش كېرەك، — دېدى.

— ئەي ئاغىچام، — دېدى تۇتى، — نەسىھەت بىلەن ئىشق بىر - بىرىگە زىتتۇر. ياخشىلاردىن يۈز ئۆرۈش ياخشى ئەمەس. ھەر قانداق كىشى دوستىنىڭ سۆزىنى ۋە ياخشى نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىمىسا ئۇ ئۇنداقلارنىڭ ھالى خۇددى بەلخلىق تۆت دوست ئىچىدىن بىرى ھەممە نەرسىدىن قۇرۇق قالغىنىغا ئوخشاش ئىش بولىدۇ.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

تۇتى ھېكايىسىنى باشلىدى:

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بەلخ شەھىرىدە ناھايىتى يېقىن تۆت ئاغىنە بار ئىكەن. ئۇلار تاپقان مال - دۇنيالىرىنى بىرلىكتە خەجلەيدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇلارنىڭ مال - دۇنيالىرى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنىپ، كۈنى قىيىنلىشىپتۇ.

بېيىت:

نەخشەبى، بۇ پەلەك گويا بىر كېمە،
غەم بىلەن شادلىق بۇندادۇر بىللە.
كىمكى كۆرسە ئۇنىڭ راھىتىنى،
كۆرگۈسى مېھنەتنىمۇ ئەلۋەتتە.

بۇ شەھەردە ناھايىتى دانا بىر ھۆكۈما بار ئىكەن. تۆت تۆتەيلەن ھۆكۈمانىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ مال - دۇنياسىنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ھۆكۈما ھېكمەت بىلەن ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بىردىن مونچاق ياساپ بېرىپتۇ.

# قىرىق يەتتىنچى داستان

بەلخلىق تۇت دوستىنىڭ بىر ھۆكۈمانىڭ ئالدىغا بارغانلىقى،
ھۆكۈمانىڭ ئۇلارغا بىردىن مونچاق ياساپ بەرگەنلىكى،
مونچاقنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئۈچەيلەننىڭ
مال - دۇنياغا ئىگە بولغانلىقى،
بىرىنىڭ مال - دۇنيادىن
مەھرۇم قالغانلىقى



قىرىق يەتتىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش گوياكى ئالتۇن مۆھۈردەك مەغرىپ قۇتىسىغا يوشۇرۇندى. ئاي گۆھىرى مەشرىقتىن باش چىقاردى. خوجەستە رۇخسەت سورىغىلى تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەي تۇتى، ئىشىق ئوتى جىسمىمغا تۇتاشتى. مېنى قاچانغىچە مەقسىتىمگە يەتكۈزمەيسەن؟ مەن سېنىڭ ئالدىڭغا كۆڭلۈمنى كۆتۈرىدىغان سۆزلەرنى قىلامدىكىن دەپ كەلسەم، سەن جىنىمنى كۆيدۈرىدىغان ۋەز - نەسىھەتلەرنى قىلىسەن.

قىلىپ، تۇرمۇشىمىزنى ياخشى ئۆتكۈزەيلى، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان تۆتىنچى بۇرادەر:

— ماڭا چوقۇم گۆھەر چىقىدۇ. ئادەم ھېچقاچان گۆھەرنى تاشلاپ ئالتۇنغا رازى بولماس، — دەپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇ بىر مەزگىل يول يۈرگەندىن كېيىن بېشىدىكى مونچاق يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ مونچاق چۈشكەن يەرنى كولىغانكەن، ئۇ يەردىن قېتىشىپ كەتكەن تۆمۈر چىقىپتۇ. ئۇ ئالتۇن چىققان دوستىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغانلىقىغا ناھايىتى پۇشايمان قىپتۇ. ئۇ تۆمۈرگە قانائەت قىلماي، ئالتۇن چىققان دوستىغا قەست قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، كەينىگە يېنىپتۇ. ئالتۇن چىققان يەرگە بېرىپ قارىغۇدەك بولسا ھېلىقى دوستى ئالتۇنلارنى ئېلىپ بۇ يەردىن كەتكەنىكەن. ئۇ: «ھەرقانداق كىشى ئۆز رىزقىدىن ئارتۇق نەرسىگە ئىگە بولالمايدىغان ئوخشايدۇ. ئەمدى ئۆزۈمنىڭ رىزقى بولغان تۆمۈرنى بولسىمۇ ئالاي. بەلكىم تۆمۈر ئارقىلىق ئالتۇن قولۇمغا كەلسىمۇ ئەجەب ئەمەس» دەپ ئويلاپ، تۆمۈر چىققان يەرگە بېرىپ قارىسا، تۆمۈر غايىب بولغانىكەن. ئۇ ھۆكۈماغا ئۆز قىسسىسىنى ئېيتماقچى بولۇپ، ئۇنى ئىزدەپ بارسا، ھۆكۈما ئاللىقاچان يىراق بىر شەھەرگە كۆچۈپ كەتكەنىكەن. ئۇ بىچارە ئۆزىنىڭ بىتەلەيلىكىگە تولىمۇ ئېچىنىپتۇ.

تۇتىنىڭ ھېكايىسى بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:

— ئەي ئاغىچام، ھەرقانداق كىشى دوستىنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلىمىسا ئۇنىڭ كۈنى ئەنە شۇنداق بولىدۇ. بۇرۇن تۆت كىشى جادۇگەرلىكنى ئۆگىنىپتۇ. ئۇلار بىر باياۋانغا بېرىپ قارىسا، ئۆلگەن بىر ئەجدىھانىڭ سۆڭەكلىرى دۆۋىلىنىپ تۇرغۇدەك. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى ئۇستىخانلارنى بىر يەرگە يىغىپ، بىر نەرسىلەرنى ئوقۇغانىكەن، ئۇ سۆڭەكلەردە شۇ ھامان گۆش

— سىلەر بۇ مونچاقلارنى بېشىڭلارغا قويۇپ مېڭىڭلار، بېشىڭلاردىكى مونچاق نەگە چۈشسە شۇ يەرنى كولاڭلار. كولىغان يەردىن نېمە چىقسا شۇ نەرسە سىلەرنىڭ رىزقىڭلار دۇر، — دەپتۇ.

ئۇ تۆتەيلەن مونچاقلارنى باشلىرىغا قويۇپ يولغا راۋان بولۇپتۇ. ئۇلار مېڭىپ سەھرا يولغا كەلگەندە بىرسىنىڭ بېشىدىكى مونچاق يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ مونچاق چۈشكەن يەرنى كولىغانىكەن، ئۇ يەردىن مىس كېنى چىقىپتۇ. ئۇ:

— مەن بۇ مىسقا قانائەت قىلىمەن. مەن ئۇنى ئالتۇنىدىنمۇ ئارتۇق كۆرىمەن. ئەگەر سىلەر رازى بولساڭلار بۇ مىس ھەممىمىزگە ئورتاق بولسۇن. ئەگەردە بۇنىڭغا قوشۇلماي يولنى يەنە داۋاملاشتۇرىمەن دېسەڭلار ئىختىيار سىلەردە، — دەپتۇ.

قالغان ئۈچى بۇنىڭغا ئۇنىماي يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن ئىككىنچىسىنىڭ بېشىدىكى مونچاق يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ مونچاق چۈشكەن يەرنى كولىغانىكەن، ئۇ يەردىن كۈمۈش كېنى چىقىپتۇ. ئۇ:

— ئەي بۇرادەرلەر، مەن بۇ كۈمۈشكە رازىمەن. ئەگەر سىلەرمۇ رازى بولساڭلار بۇ كۈمۈش ھەممىمىزگە ئورتاق بولسۇن. ئەگەردە بۇنىڭغا ئۇنىماي يولنى داۋاملاشتۇرىمەن دېسەڭلار ئىختىيار ئۆزۈڭلەردە، — دەپتۇ.

قالغان ئىككىسى بۇنىڭغا ئۇنىماي يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇ ئىككىسى بىر مەزگىل يول يۈرگەندىن كېيىن بىرسىنىڭ پېشىدىكى مونچاق يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ مونچاق چۈشكەن يەرنى كولىغانىكەن، ئالتۇن كېنى چىقىپتۇ. ئۇ بۇرادىرىگە:

— ئەي دوستۇم، بۇ دۇنيادا ئالتۇندىن قىممەت نەرسە يوقتۇر. بۇنداق قىممەت باھالىق مال مېنىڭ رىزقىم بوپتۇ. سەن رازى بولساڭ ئىككىمىز بۇ ئالتۇننى تەڭ خىراجەت

نەخشەبى، ئۇيلىغان بىرىسى بۇ كېچە،
ئۆچرىشىپ يار ئۆيىدە چالغاي ساز.
سۆبھى توستى ئۇنى بۇ ئارزۇدىن.
ئاشىقلار دۈشمىنىدۇر سۆبھى. خوراز.

ۋە تېرە پەيدا بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئىككىنچىسى بىر نەر-
سىلەرنى ئوقۇغانسكەن، ئەجدىھاغا جان كىرىپتۇ. قالغان
ئىككىسى:

— ئەي بۇرادەرلەر، بىسلەر بۇنداق ئىشنى ھەرگىزمۇ
قىلماڭلار. ئەجدىھا دېگەن خەلقنىڭ دۈشمىنى، ئۇ تىرىلسە
بىزگىمۇ ۋە خەلقلەرگىمۇ زىيان يېتىدۇ، — دەپتۇ.

ھېلىقى ئىككىسىدىن بىرى ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي
ھەدەپ بىر نەرسىنى ئوقۇۋېرىپتۇ. ئۈچ بۇرادەر ئۇنىڭغا نەسى-
ھەتنىڭ كار قىلمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ يەردىن كېتىپتۇ.
بىر چاغدا ئەجدىھانىڭ تېنىگە كۈچ - قۇۋۋەت كىرىپ ھېلىقى
بىئەقىل جادۇگەرنى دەم تارتىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئۇ ئەقىلسىز نە-
سىھەتنى ئاڭلىمىغاننىڭ جازاسىنى تارتىپتۇ. بېيىت:

نەخشەبى، ئەمدى سەن نەسىھەت ئىشت،
مۇمدەك يۇمشاق بول، قىلما قاتتىقلىق.
ئۆز پۇتىغا ئۆزى چاپار پالتا،
كىم نەسىھەتنى بىلمىسە ئىللىق.

ئەي ئاغىچام، كىشىلەرنىڭ توغرا نەسىھەتنى ئاڭلىمىغان-
لارنىڭ ئاقىۋىتى ئەنە شۇنداق بولىدۇ. مېنىڭ سىزگە نەسىھىتىم
شۇكى، ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ سۆيگىنىڭىزنىڭ قېشىغا بېرىڭ.

خوجەستە ئۇ يىگىتنىڭ قېشىغا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن
تۇردى. بۇ چاغدا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى. خوجەستىنىڭ
بېرىشى يەنە كەچقۇرۇنغا قالدى. بېيىت:

نەخشەبى، باقما مۇز چىرايلارغا،
ياقماس ھېچكىمگە تەلەتى سۆزۈن.
چۈنكى، بەدخۇينىڭ مېھرى كەم بولغاي،
ياخشىلار چېھرىنى تۇرمىگەي ھېچ كۈن.

خوتۇنلارنىڭ بەدخۇيلۇقىدىن ئۇككى ئىنىسى ئاكىسىدىن بۇرۇن قېرىپ كەتكەنلىكى، ئاكىسىنىڭ بولسا خوتۇنىنىڭ خۇش-خۇيلۇقىدىن قېرىمىغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

تۇتى ھېكايىسىنى باشلىدى:

بۇرۇنقى زاماندا بىر دېھقان بار ئىكەن. ئۇ دېھقان ھەر يىلى يەر ئاغدۇرۇپ زىرائەت تېرىيدىكەن.

قازارا بىر كۈنى ساپانىنىڭ چىشى يەرگە پېتىپ قاپتۇ. دېھقان يەرنى كولىغانىكەن، ئۇ يەردىن بىر ئورا چىقىپتۇ. بۇنىڭدىن ھەيران بولغان دېھقان ئورا ئىچىگە قارىسا بىرمۇنچە بۇغداي باشاقلىرى تۇرغۇدەك. ئۇ باشاقلارنىڭ ھەربىرى بېشى ئاتنىڭ قۇيرۇقىدەك بولۇپ، ھەر دانىسى شاپتۇلدەك ئىكەن. دېھقان بۇغداي باشاقلىرىنى ئېلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېرىپتۇ. پادىشاھ باشاقلارنى كۆرۈپ ھەيران قېلىپ:

— بۇ بۇغدايلار قايسى زامانغا تەئەللۇق ئىكەن؟ بۇنى بىلىدىغان بىرەر كىشى بارمۇ؟ — دەپ ۋەزىرلىرىدىن سوراپتۇ.

— ئەي شاھىم، پالانى يەردە ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن بىر دېھقان بار. بۇنى شۇ دېھقان بىلىشى مۇمكىن، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ باش ۋەزىر.

# قىرىق سەككىزىنچى داستان

**بىر پادىشاھنىڭ ئۈچ ئاكا ــ ئۇكىدىن سوئال سورىغانلىقى، ئاكىسىنىڭ بىغەملىكىدىن قىرسىمىغانلىقى، ئۇكىلىرىنىڭ غەمدىن قىرىپ كەتكەنلىكى**



قىرىق سەككىزىنچى كۆنى كەچ بولدى. قوياش گوياكى بىر مويسىپىتتەك مەغرىب گۈمبىزىگە كىرىپ كەتتى. ئاي بەئەينى ياش باھادىردەك مەشرىق ئايۋىنىدىن چىقتى. خوجەستە ناھايىتى پەرىشان ھالدا رۇخسەت سورىغىلى تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى. تۇتى خوجەستىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ:

— ئەي ئاغىچام، بۈگۈن ناھايىتى پەرىشان كۆرۈنىسىزغۇ؟ سۆيگىنىڭىزنىڭ ئالدىغا ھەرگىزمۇ بۇنداق پەرىشان ھالدا بارماڭ. ئەر كىشىگە ئايال كىشىنىڭ ئوچۇق چىراي بولغىنىدىن ئارتۇق خۇشاللىق يوق. بېيىت:

دېھقاننىڭ ئاكىسى بەكمۇ قېرىپ كەتمىگەن بىر چار ساقال كىشى ئىكەن. ياساۋۇل ئۇنىڭدىن مەزكۇر سوئالنى سوراپتۇ.
— مەنمۇ بىلمەيمەن، — دەپتۇ ئۇ كىشى، — بۇنى چوڭ ئاكام بىلىشى مۇمكىن.
ياساۋۇل بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھەيران قاپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: «ئەجەبا، بۇ يەردىكىلەرنىڭ چوڭىنى كىچىك، كىچىكىنى چوڭ دەيدىغان ئۆرپ - ئادىتى بارمىكىنە. قەدىمكىلەرمۇ دادىنى بوۋا دەيدىكەنمىش» دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ. ئاندىن چوڭ ئاكىسى تۇرىدىغان جايغا قاراپ مېڭىپتۇ.
ياساۋۇل ئىزدەپ بارغان كىشى ناھايىتى قاۋۇل، چاچ - ساقاللىرىغا ئاق كىرمىگەن بىر ياش ئادەم ئىكەن. ئۇ كىشى ئىشىكتە كەتمەن چېپىپ يۈرگەنىكەن. ياساۋۇل كېلىپ سالام بېرىپتۇ. ئۇلار سالام - سائەتتىن كېيىن قىر بېشىدا ئولتۇ-رۇپتۇ. ياساۋۇل ئۇ كىشىدىن پادىشاھنىڭ سوئالىنى سوراپتۇ.
— مەن بۇنى ناھايىتى ياخشى بىلىمەن، — دەپتۇ ئۇ كىشى جاۋاب بېرىپ، — بىر زامانلاردا مېنىڭ زىرائەتلىرىممۇ بۇ بۇغداي بېشىغا ئوخشاش ياخشى ئوخشىغانىدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ:
ئاتامنىڭ زامانىسىدا بىر كىشى ئۆز ئۆيىنى يەنە بىر كىشىگە ساتقانىكەن. ئۆينى سېتىۋالغان كىشى ئۇ ئۆيدىن ئۇرغۇن بايلىقنى تېپىپتۇ. ئۇ كىشى بايلىقلارنى ئەسلى ئىگى-سىگە ئاپىرىپ بېرىپ:
— بۇ ماللار سىېنىڭ ئۆيۈڭدىن چىقتى. شۇڭا بۇلار ساڭا تەئەللۇقتۇر، — دەپتۇ.
بۇنى ئاڭلىغان ئۆي ئىگىسى:
— ئەگەر بۇ ماللار مېنىڭ رىزقىم بولسا، مەن ئۇ ئۆيدە

پادىشاھ بىر باش بوغداينى بىر ياساۋۇلغا بېرىپ ئۇنى ھېلىقى دېھقاننىڭ يېنىغا ئەۋەتىپتۇ.

ياساۋۇل دېھقاننىڭ يۇرتىغا قاراپ يول ئېلىپتۇ. يولدا ئۇنىڭغا بىر دوستى ئۇچراپتۇ. ئۇ دوستى ياساۋۇلنىڭ نەگە ماڭغانلىقىنى سورىغانىكەن، ئۇ دېھقاننىڭ يېنىغا كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان دوستى مۇنۇلارنى تاپىلاپتۇ:

— سەن بۇ قىيىن ئىشنى ھەل قىلغاندىن كېيىن مېنىڭمۇ بىرنەچچە قىيىن ئىشىمنى ھەل قىلغاچ كەلسەڭ: رەڭنىڭ ئىچىدە قارا رەڭنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان رەڭ يوق. لېكىن نېمە ئۈچۈن ئادەمنىڭ قارا چېچى ئاقىرىپ كېتىدۇ؟ نىكاھتىن ئەر - خوتۇن ئوخشاشلا لەززەتلىنىدۇ، لېكىن نېمە ئۈچۈن تويلۇق ئەر كىشىگە يۈكلىنىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن خوتۇن كىشى قېرىسا ئۆڭى ئۆچۈپ كېتىدۇ، ئەر كىشى قېرىسا نۇرانە بولىدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابىنى سوراپ كېلەرسەن.

ئەلقىسسە، ياساۋۇل دېھقاننىڭ ئۆيىگە كەلگەنىكەن، قېرىلىقتىن بەللىرى يادەك ئېگىلگەن بىر كىشىنى كۆرۈپتۇ. ياساۋۇل ئۇ كىشىنىڭ ئالدىغا بۇغداي باشقىنى قويۇپ:

— سىز بۇ بۇغداينىڭ قايسى زامانغا تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن تېخى كىچىك. بۇنداق ئىشلارنى بىلمەيمەن. مېنىڭ ئىككى ئاكام بار، شۇلار بىلىشى مۇمكىن، — دەپتۇ ئۇ كىشى.

ياساۋۇل كۆڭلىدە: «بۇ ئادىم ئۈچ - تۆت يۈز ياشتىن ئېشىپ كېتىپتۇ. يەنە مەن كىچىك دەيدىغۇ» دەپ ھەيران بولۇپتۇ. ئاندىن بىرىنى ھەمراھ قىلىپ ئۇ كىشىنىڭ ئاكىسى بار جايغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

ئۇلار دېھقاننىڭ ئوتتۇرانچى ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىپتۇ.

نەخشەبى، بولسا شاھ ئاداләتلىك،
قويچىنىڭ پايدىسى بولۇر خەزىنىگە.
بۇ ھايات نېمىتى زىيادە بولۇر،
شاھ ئادالەتلىك بولسا گەر ھەممىگە.

بۇنى ئاڭلىغان ياساۋۇل:
— پادىشاھنىڭ سوئالىغا جاۋاب تېپىلدى. ئەمدى بۇ-رادىرىمنىڭ «ئادەم قېرىسا چىچى نېمە ئۈچۈن ئاقىرىدۇ؟» دې-گەن سوئالىغا جاۋاب بەرگەن بولسىڭىز، — دەپتۇ.
— بۇ ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئىنسانلارغا ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى بىلدۈرگەنلىكىدۇر. ئالەمدىكى بوياقلارنىڭ كۈچى ھېچقاچان ئاللا-تائالانىڭ قۇدرىتىگە تەڭ كەلگەن ئەمەس، — دەپتۇ دېھقان.
بۇنى ئاڭلىغان ياساۋۇل:
— نىكاھ ئىشىدا تويلۇق نېمە ئۈچۈن ئەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلىنىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— نىكاھنىڭ لەززىتى ئەر - خوتۇن ئۈچۈن ئورتاق بول-سىمۇ، ئەمما خوتۇن كىشىنىڭ قىزلىقى ئۆتۈپ ھامىلدار بو-لىدۇ، تۇغۇت ئازابىنى تارتىدۇ، بالىسىنى ئېمىتىپ چوڭ قىل-غۇچە كۆپ جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتىدۇ. شۇڭا تويلۇق ئەر كىشىنىڭ زېممىسىگە يۈكلىنىدۇ، — دەپتۇ ئۇ كىشى.
ياساۋۇل يەنە:
— ئەر كىشى قېرىسا چىرايى نۇرانە بولىدۇ، ئايال كىشى قېرىسا رەڭگىرويى ئۆچۈپ كېتىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ئەر كىشى تۇپراقتىن يارالغان. خوتۇن كىشى بولسا گۆشتىن يارالغان. گۆش ئۇزۇن تۇرسا بۇزۇلىدۇ. لاي ئۇزۇن

تۇرغان چاغدا چىقسا بولاتتى. بۈگۈن بۇ ماللار سەن ئولتۇر-
غان ئۆيدىن چىققانىكەن، ئەلۋەتتە ساڭا تەئەللۇق بولۇشى
كېرەك، — دەپتۇ.

ئۇلار بۇ ماللارنى بىر - بىرىگە ئىتتىرىشىپ زادى
ئېلىشقا ئۇنىماپتۇ. ئىككىسى ئاخىرى پادىشاھنىڭ ئالدىغا
بېرىپتۇ.

— ئەي ئادىل پادىشاھ، بۇ مال - دۇنيانى ئۆزلىرى
ئېلىپ قېلىپ، ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى بۇ جېدەل - ماجىرانى
توگەتكەيلا، — دەپتۇ ئۇلار.

پادىشاھ بىر دەم ئويلانغاندىن كېيىن ئۆينى ساتقان
كىشىدىن:

— سېنىڭ نەچچە پەرزەنتىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مېنىڭ بىر قىزىم بار، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۆي
ساتقان كىشى.

پادىشاھ ئۆينى سېتىۋالغان كىشىدىن قانچە پەرزەنتى بار-
لىقىنى سوراپتۇ. ئۇ كىشى:

— مېنىڭ بىر ئوغلۇم بار، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ ئۆي ساتقان كىشىگە:

— سەن قىزىڭنى بۇ كىشىنىڭ ئوغلىغا بەرگىن. بۇ
مال - دۇنيانى باللىرىڭلارنىڭ توي خىراجىتى ئۈچۈن ئىش-
لىتىڭلار، — دەپ ھۆكۈم قىلىپتۇ.

ئۇ ئىككىسى بۇ ھۆكۈمدىن خۇشال بولۇشۇپ پادىشاھنىڭ
دېگىنى بويىچە قىلىشىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئادالەتلىك ۋە ئىنساپ
بىلەن ئىشنى ھەل قىلغانلىقىنىڭ بەرىكىتىدىن بۇغدايلارنىڭ
بېشى ئەنە شۇنداق چوڭ بولغان. بېيىت:

تۇتىنىڭ ھېكايىسى بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:

— ئەي ئاغىچام، خوتۇنلارنىڭ خۇش خۇيلۇقى ۋە بەدخۇيلۇقى ئەر كىشىلەرگە ئەنە شۇنداق تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەمدى سىز ئۆزىڭىزنى خۇش خۇي تۇتۇپ سۆيگىنىڭىزنىڭ يېنىغا بېرىڭ، — دېدى.

خوجەستە ئۇ يىگىتنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا كېچىنىڭ چېھرىدىن بەدخۇيلۇق ئالامەتلىرى يوقىلىپ، قۇياش تەسىرى بىلەن خۇش خۇيلۇق ئالامەتلىرى پەيدا بولغانىدى. شۇڭا خوجەستىنىڭ بېرىشى يەنە كەچقۇرۇنغا قالدى. بېيىت:

نەخشەبى، ئۇيلىغان بېرىپ بۇ كېچە،
خۇش خۇيلۇق بەزمىسىدە چالغاي ساز.
سۇبھى بارماقتا بەرمىدى ئىمكان،
ئاشىقلار دۈشمىنىدۇر سۇبھى، خوراز.



تۇرغانسېرى تېخىمۇ پاكىزلىنىدۇ، — دەپتۇ دېھقان.

بۇنى ئاڭلىغان ياساۋۇل:

— ئەي خوجا، پادىشاھنىڭ ۋە دوستۇمنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب تېپىلدى. ئەمما مېنىڭ سوئالىم ئۇلارنىڭ سوئاللىرىدىنمۇ قىيىنراق. سىلەر ئۈچ بىر تۇغقان ئىكەنسىلەر. كىچىك ئىنىڭىز قېرىپ، بەللىرى يادەك ئېگىلىپ، ساقاللىرى قاردەك ئاقىرىپ كېتىپتۇ. ئوتتۇرانچى ئىنىڭىزنىڭ ساقاللىرىغا ئازراق ئاق سانجىپتۇ. لېكىن سىز ئۇلاردىن چوڭ بولسىڭىزمۇ قىلچە زەئىپلەشمەي، خۇددى ياش يىگىتلەردەك ناھايىتى قاۋۇل تۇرۇپسىز. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەي ياساۋۇل، — دەپتۇ ئۇ كىشى جاۋاب بېرىپ، — بىز ئۈچ ئاغا - ئىنى دېھقان. كىچىك ئۇكامنىڭ خوتۇنى ناھايىتى بەدخۇي، ئېرىنىڭ پەرمانىنى زادى تۇتمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە زىرائەتلىرى ياخشى ئوخشىمايدۇ. شۇڭا كىچىك ئىنىم تىرىكچىلىكنىڭ غەم - ئەلەملىرىدە ھەممىدىن بەك قېرىپ كەتتى. ئوتتۇرانچى ئۇكامنىڭ خوتۇنى بولسا ئىنتايىن سوقۇشقاق. لېكىن ئۇنىڭ زىرائىتى ياخشى ئوخشايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ساقلىغا ئاق سانجىغان. مېنىڭ خوتۇنۇم بولسا ناھايىتى خۇش خۇي، زىرائەتلىرىممۇ ياخشى ئوخشايدۇ. مەن ھەر جەھەتتىن خۇشال ۋە خاتىرجەم يۈرگەنلىكىم ئۈچۈن ماڭا ھېچقانداق قېرىلىق يەتمىدى. ئادەمنى غەم - ئەندىشە قېرىتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى مانا مۇشۇ، — دەپتۇ دېھقان. بېيىت:

نەخشەبى، غەمنى كەلتۈرۈر تۈرمۇش،
سۈت قارا بولغۇسىدۇر ھادىسەدىن.
قېرىماستىن بۈرۈنراق ئادەملەر،
مۈكچىيەر بۇ ھاياتنىڭ ۋەسۋەسىدىن.

كۆرستىپ مەسلىھەت بەرسەڭ.

— بۇ قەدەر شىددەتلىك ئارزۇ - ھەۋەس سىزدە بولغان بىلەن سۆيگىنىڭىزدە يوق. يالغۇز تاشتا تۇگمەن بولمايدۇ. بىر قولدىن چاۋاك چىقمايدۇ. ئەگەر ئاشىقلىق ئىشتىياقى ھەر ئىككىلا تەرەپتىن تەڭ بولغىنىدا ئىدى، ئىككىڭلارنىڭ مۇرادى خۇددى باغداتلىق خوجا بىلەن كېنىزەكنىڭ مەقسىتىدەك ھاسىل بولغان بولاتتى، — دېدى تۇتى.

— ئۇلارنىڭ مەقسىتى قانداق ھاسىل بويىتىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

تۇتى ھېكايىسىنى باشلىدى:

باغدات شەھىرىدە بىر يىگىت بار ئىكەن. ئۇنىڭ پۇل - مېلى ھەددى - ھېسابسىز ئىكەن. يەنە بىر سودىگەرنىڭ نەغمە - ناۋا ۋە مۇزىكا ئىلمىدە كامالەتكە يەتكەن بىر كېنىزىكى بار ئىكەن. ئۇ يىگىت بۇ كېنىزەككە ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. شۇڭا يىگىت بارلىق مال - مۈلكىنى بېرىپ، سودىگەردىن ئۇ كېنىزەكنى سېتىۋاپتۇ. ئاندىن قولىدا قالغان سەرمايىسىنىمۇ بۇ كېنىزەككە سەرپ قىلىپ، ئۆزى پېقىرلىق ۋە موھتاجلىق ئىچىدە قاپتۇ. بېيىت:

نەخشەبى، ھەرگىز بولما شەھۋەتخور،
ئۇ زەھەردۇر بىلىنىسىمۇ شېكەر.
كىمكى شەھۋەت لېيىغا چۆكسە ئەگەر،
ئىشلىرىنى باسار پالاكەتلەر.

بىر كۈنى كېنىزەك خوجىغا مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي يىگىت ھەممە مال - مۈلكۈڭنى ئىسراپ قىلىپ تۈگەتتىڭ، بۇ يوقسۇللۇق كۈنلىرىڭنى ئويلاپ قويمىدىڭ.

# قىرىق توققۇزىنچى داستان

**باغداتلىق خوجىنىڭ بىر كېنىزەككە ئاشىق بولۇپ قېلىپ ئۇنى سېتىۋالغانلىقى، خوجا پاسقىلىق تۈپەيلى يامان كۈنگە قالغانلىقى، ئاقىۋەت سودىگەر خوجىنىڭ ياردىمى بىلەن مۇرادىغا يەتكەنلىكى**

قىرىق توققۇزىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش گوياكى گۈزەل ۋە چىۋەر چۆرە قىزدەك مەغرىب قەسرىگە كىردى. ئاي بەئەينى خوتەن گۈزىلىدەك مەشرىق تەرەپتىن نامايان بولدى. خوجەستە بىتاقەت بولغان



هالدا كۆز ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ تۇتىنىڭ قېشىغا كەلدى.

— هەي ئەقىل - پاراسەتنىڭ كانى، ئىلىم - هېكمەتنىڭ مەنبەسى، — دېدى ئۇ تۇتىغا يېلىنىپ، — ئىشق - مۇهەببەت يانغىنلىرى ۋۇجۇدۇمنى ئۆرتەپ كۆل قىلاي دېدى، مەندە ئەمدى چىدام ۋە تاقەت قالمىدى. ماڭا بىرەر يولنى

باغداتلىق خوجا ئىلاجىسىز كېنىزەكنى ساتماقچى بولۇپ بازارغا ئېلىپ چىقىپتۇ. شۇ كۈنى باغداتقا بەسرە شەھىرىدىن خوجا ھاشىم ناملىق بىر سودىگەر كەلگەنىكەن. ئۇ كىشى كېنىزەككە خېرىدار بولۇپ، سودىسىنى شەرىئەت بويىچە توغرىلاپ، باھاسىنى قىلچە كەم قىلماستىن سېتىۋاپتۇ. باغداتلىق خوجا كېنىزەكنى سېتىپ بولۇپلا پۇشايمان قىپتۇ. ئۇ يېنىۋالاي دېسە، ئۆزى ھۆكۈم قىلغان باھادىكى مەبلەغنى ئېلىپ بولغانلىقتىن ئامال بولماپتۇ. خوجا ناھايىتى پەرىشان بوپتۇ. ئۇ ئۆيىگە بارسىمۇ ئۆيۈمدە ھېچ كىشى يوق دەپ يىغلا - يىغلا بىر مەسچىتكە كىرىپ ئولتۇرۇپتۇ. خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ بارا - بارا كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئۇيقۇ دېگەن بىر پالاكەت نەرسە بولغاچ، ئويغىنىپ قارىسا كېنىزەكنى ساتقان ئالتۇنلارنى بىرىنى قويماي ئوغرى ئېلىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ پېقىرلىق ۋە پالاكەتچىلىكى يېڭىباشتىن راسا ئەۋجىگە چىقىپتۇ. بېيىت:

نەخشەبى، بۇ پەلەكتە شەپقەت يوق،
تېخى بىر تامچە بۇ يامانلىقتىن.
پەلەك ئىشىدا غەم تۇزاقلىرى بار،
دەردى چىقماس ئۇنىڭكى ھېچ سەندىن.

خوجا باشلىرىغا توپراقلارنى چېچىپ، ئاھ پىغان چېكىپتۇ. كۆز ياشلىرىنى يامغۇردەك ئاققۇزۇپتۇ. بىر ئاق كۆڭۈل كىشى بۇنى ياقىغا تارتىپ، تەسەللى بېرىپتۇ:

— ھەي يىگىت، مال قولۇڭدىن كەتتى. پۇل مېلىڭنى ئوغرى ئېلىپ بولدى. ئەمدى ئۆزۈڭنى ئۆلتۈرگەن بىلەنمۇ پايدىسى يوق. ھەممەتىلىكرەك بولغىن، كېچىنىڭ ئارقىسىدىن كۈندۈز كېلىدۇ. ئۇخلاپ قالغان بەختىڭ ئويغىنىپمۇ قالار.

ئاشىقلارمۇ ئاش ـ تاماق يېمەي ئۆرە تۇرالمايدۇ. بۇگۈن ئازراق بىر تاپاۋەتنىڭ كويىغا كىرگىن. شۇنىڭ بىلەن يېمەك ـ ئىچـمىكىمىزنى قامداپ، بۇ ئاچلىقتىن قۇتۇلالايلى.

باغداتلىق خوجا بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇ ھەقتە ئۆزىنىڭ بىر دوستىدىن مەسلىھەت سوراپتۇ:

— مەسلىھەت شۇكى، — دەپتۇ دوستى، — بۇنىڭدىن كېيىن سازەندىلىك بىلەن جېنىڭنى باققىن. كېنىزەكنى كاتتا كىشىلەرنىڭ ئولتۇرۇشلىرىغا باشلاپ بارغىن. ئۇ يەردە ساز چېلىپ يۈرۈپ، ھەم ئاش ـ تاماققا، ھەم ئاز ـ تولا پۇلغا ئىگە بولىسەن.

خوجا دوستىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قاتتىق خاپا بولۇپتۇ.

— ساڭا مەسلىھەت سالغانىڭ سازايى مۇشۇمۇ؟ — دەپتۇ ئۇ دوستىغا. — كىمكى ناداندىن مەسلىھەت سورىسا، ئەخمەقتىن كېڭەش تىلىسە، مۇشۇنداق ئاھانەتنى ئاڭلايدىكەن ـ دە.

بېيىت:

نەخشەبى، ئارزۇ ـ ئارمان ياخشى نېمە،
ئاندىن ئۆزگە بارچىسى بىكار.
ئۆلۈم ئوبدانىدۇر قايغۇ يۇتماقتىن،
ئەقلى يوق دوستلار بىلە ئىش دىشۋار.

يىگىت شۇ ئەقلىدە بىرنەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ. تۇرمۇشى كۈندىن ـ كۈنگە مۇشكۈللىشىپ ئىنچىدە قاپتۇ.

— ئەي خوجام، — دەپتۇ كېنىزەك، — ئەمدى مەسلىھەت شۇكى، بۇگۈن مېنى ساتقىن، ھاسىل بولغان ئۆي ئەسۋابلىرى ۋە كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ موھتاجلىقتىن قۇتۇلغىن، مەنمۇ بۇ ئاچلىقتىن قۇتۇلۇپ نانغا ئۇلىشاي.

بىر سائەتتىن كېيىن كېنىزەك يەنە نالە-زار قىلىشقا باشلاپتۇ.

— ھەي كېنىزەك، — دەپتۇ خوجا ھاشىم، — قاچانغىچە نالە-پەرياد قىلىسەن؟ دوستۇڭ قولۇڭدىن كەتتى. يارىڭدىن جۇدا بولدۇڭ، بۇنداق غەم-غۇسسىگە كۆپ كىشىلەر ئۇچرىغان، ئەمما ئۇلار سەۋر-تاقەت لىباسلىرى بىلەن ئۆز غەملىرىنى يېڭىپ كەلگەن.

كېنىزەك قولىغا راۋابىنى ئېلىپ شۇنداق مۇڭلۇق پەدىلەرگە سايرىتىپتۇكى، ئۇنىڭ ساداسىدىن تاغۇ-تاشلارغا ۋە دەريا-بۇلاقلارغا لەرزە چۈشۈپتۇ. كېمە غەرق بولۇشقا ئاز قاپتۇ. كېمە ئەھلىنىڭ بەزمىلىرى ماتەمگە، شادلىقى قايغۇ-ئەلەمگە ئالمىشىپتۇ. باغداتلىق يىگىت بىر پۇرسەتنى تېپىپ كېنىزەككە ئۆزىنى مەلۇم قىلىشنى ئويلاپتۇ. ئۇ بىر خىزمەتكارنىڭ راۋابىنى سوراپ ئېلىپ، چالماقچى بولۇپتۇ. لېكىن بىرئاز تەخىر قىلىشنى ئويلاپ چالماي تۇرۇپتۇ. خوجا ھاشىم كېنىزەككە:

— سەۋر-تاقەت قىلغىن، تولا يىغا-زار قىلمىغىن، بۇنداق پۇرسەتنى كۆز يېشى قىلىش بىلەن ئۆتكۈزمىگىن، ئەگەر خالىساڭ راۋابىڭنى چېلىپ نەغمە-ناۋالىرىڭ بىلەن بىزنى خۇشال قىلغىن، — دەپتۇ.

دەل شۇ چاغدا باغداتلىق يىگىت قولىغا راۋابىنى ئېلىپ سايرىتىشقا باشلاپتۇ. بۇ سادانى ئاڭلىغان كېنىزەك باغداتلىق خوجىسىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىپ، پىغان چەككەن ھالدا كېمىچىنىڭ ئالدىغا كېلىپتۇ-دە:

— كېمىدە ساز چېلىۋاتقان ئادەم قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

كېمىچى جاۋاب بېرىپ بولغۇچە يىگىت ئۆزىنى ئاشكارىلاپتۇ. خوجا ھاشىم ئۇ يىگىتنى باشلاپ كىرىپ، مېھىر-شەپقەت بىلەن ئەھۋال سوراپتۇ. بۇ بىچارە يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنى،

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ خوجىنىڭ كۆڭلى سەل تەسكىن تاپقاندەك بوپتۇ. ئۇ بىچارە شۇنىڭدىن كېيىن يۇرتىنى تاشلاپ، مۇساپىر بولۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇزۇن يوللارنى باسقاندىن كېيىن بىر دەرياغا دۇچ كېلىپتۇ. قارىسا بىر كېمىچى ناھايىتى چوڭ بىر كېمىگە نەپىس مال ۋە قىممەتلىك تاۋارلارنى بېسىپ ۋاتقانىكەن. خوجا ئۇ كىشىگە:

— ھەي كېمىچى، كېمەڭدىن ماڭىمۇ بىر كىشىلىك ئورۇن بەرگىن، — دەپ ئىلتىماس قىپتۇ.

— ئەي يىگىت، — دەپتۇ كېمىچى، — بۇ كېمىگە بېسىلغان ماللارنىڭ ھەممىسى بەسرەلىك خوجا ھاشىم دېگەن سودىگەرنىڭ يۈك - تاقلىرى. ئەگەر خوجا ماڭا: «بۇ كېمىگە ناتونۇش كىشىنى نېمىشقا سالدىڭ؟» دېسە مەن ئۇنىڭغا جاۋاب بېرەلمەي قالىمەن. ئەگەر بەك ئۇنىماي تۇرۇۋالساڭ كەل، مېنىڭ كىيىملىرىمنى كىيىپ، ئاندىن كېمىگە چىققىن، خوجا ھاشىم بەلكى سېنىمۇ كېمىچى ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالار.

كېمىچى شۇنداق قىلىپ خوجىغا كېمىدىن ئورۇن بېرىپتۇ. بەسرەلىك خوجا ھاشىمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان خوجا بەئەينى شىپاخانىغا كىرىپ قالغان كېسەلدەك سۆيۈنۈپ كېتىپتۇ. خوجا بىر سائەتتىن كېيىن كېنىزەكنىڭ بىرنەچچە خىزمەتكار بىلەن بىللە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. «ھەرنېمە بولسا، بىر كېمىگە چىقىپتىمىز» دەپ خۇشال بوپتۇ. ئۆز مەشۇقىنى باشقىلارغا بەرگىنىگە قىلىۋاتقان پۇشايمان، ھەسرەتلىرىمۇ سەل بېسىقاندەك بوپتۇ. بېيىت:

نەخشەبى، ئاشىقلار دەۋاسىغا،
ئىشق بولدى بۈگۈن يەنە قازى.
چۈنكى بولدى پەلەك ئاڭا غەمخور،
خوجا بولدى پەلەكتىن ھەم رازى.

بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ بىر ئارالغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار ئارالغا چىقىپ بىر پەس ئارام ئېلىشىپتۇ. يىگىت بىر جايدا ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ. بىر هازادىن كېيىن ئويغىنىپ قارىسا، كېمە ۋە كېمىدىكىلەردىن قىلچە ئەسەر يوق، ھەممەيلەن ئاللىقاچان يولغا چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ يىگىتنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇش ھېچكىمنىڭ ئېسىگە كەلمەپتۇ. جۇدالىق كۈنلىرى يەنە باشلىنىپتۇ. بېيىت:

نەخشەبى، ۋاقىتنى غەنىيمەت بىل،
ئاتقان ئوق ھېچقاچان قايتقان ئەمەس.
ئۆتكەن ئىشنىڭ ئىلاجى مۇشكۇلدۇر،
بەخت ھېچ كىشىگە يېتىپ كەلمەس.

يىگىت نۇرغۇن مېھنەت - مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، ناھايىتى ئۇزۇن يوللارنى بېسىپتۇ. نۇرغۇن ئېغىر كۈنلەرنى ۋە ھېسابسىز دىشۋارچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرۈپتۇ. ئاخىرى بىر ئامالLARنى قىلىپ بەسرە شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. يىگىت بۇ شاۋقۇن - سۈرەنلىك چوڭ شەھەردە قانچە ئىزدىگەن بولسىمۇ، خوجا ھاشىمنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالماپتۇ. ئۇ ياققا دوقۇرۇپ، بۇ ياققا دوقۇرۇپ يۈرۈپ باققالنىڭ دۇكىنىغا كېلىپ قاپتۇ. باققال يىگىتكە:

— دۇكىنىمغا قاراپ بەرگىن، ھەر كۈنى ساڭا ئىش ھەققى ئۈچۈن بىر دىرەم پۇل بېرەي، — دەپتۇ.

يىگىت بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىپتۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن باققال باغداتلىق بۇ يىگىتنىڭ پاكلىقى ۋە دىيانەتلىكى، ئەدەپلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ بويىغا يەتكەن بىر قىزىنى ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ئۇنىڭغا نى-

تارتقان دىشۋارچىلىقلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىسى بۇ يىگىتنىڭ ھالىغا ئىچ ئاغرىتىپتۇ. ھەممەيلەن ئۇنىڭ قىسمەتلىرىگە ئېچىنىپ ئاھ تارتىشىپتۇ. بېيىت:

نەخشەبى، دەردنى ئىچىڭدە يوشۇر،
ئاشكارا بولغاي پۈرىقىدىن ئىپار.
ئوت كۆيەر ئۇلغىيىپ شامال چىقسا،
ئىشق ئوتى ھەممىگە ئېرۇر دىشۋار.

خوجا ھاشىم قەسەم قىلغان ھالدا يىگىتنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىپتۇ.

— بۇ كېنىزەكنى، — دەپتۇ ئۇ يىگىتكە، — سەندىن سېتىۋالغان كۈندىن باشلاپ بىرەر دەقىقىمۇ غەمسىز كۆرمىدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى ياش تۆكۈشتىن، تىلى نالە قىلىشتىن بىرەر نەپەسمۇ خالى بولمىدى. شۇڭا مەن ئۇنىڭغا زادى يېقىن يولىمىدىم. ئۇنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازىدىن ۋە نەغمە - ناۋاسىدىن ھېچبىر لەززەت ۋە مەنپەئەت كۆرمىدىم. ئەمما، ئۇنىڭ ساڭا مۇھەببىتى بار ئىكەنلىكىنى بىلدىم. مەلۇم بولدىكى، سېنىڭمۇ ئۇنىڭغا كۆڭلۈڭ بار ئىكەن. خاتىرجەم بول، مېنىڭ نىيىتىم دەرد-مەنلەرنىڭ دەردىگە يېتىش، يىقىلغاننى يۆلەشتىن ئىبارەت. ساڭا شۇ ھەقتە قەسەم قىلىپ بېرەيكى، بەسرەگە سالامەت يېتىپ ئالغاندىن كېيىن بۇ كېنىزەكنى ئازاد قىلىپ، ئىككىڭلارنى مۇرادىڭلارغا يەتكۈزىمەن.

بۇ خوش خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يىگىتنىڭ ئۆلۈك تېنىگە جان كىرگەندەك بوپتۇ. شاراب كەلتۈرۈلۈپتۇ. ئۇلار شۇ خۇشاللىقتا بىر ھازىغىچە بەزمە تۈزۈپتۇ. ئۇلار شۇ تەرىقىدە

ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ، شاھانە كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ كۈتۈۋاپتۇ. مېھماندارچىلىقتىن كېيىن، خوجا ھاشىم ئۇلارنىڭ ئالدىغا بەش يۈز تەڭگە پۇل قويۇپتۇ. خوجا بۇ ئىككىيلەننىڭ مۇھەببەتتىكى ساداقەت ۋە ئىخلاسىغا ئاپىرىنلار ئوقۇپتۇ. ئاندىن يەنە:

— بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشۇڭلارنىڭ بەختلىك ئۆتۈشى ئۈچۈن سىلەرگە ھەر ئايدا بەش يۈز تەڭگە پۇل ئىنئام قىلىمەن. ۋاقتىدا ئېلىپ خەجلەڭلار، — دەپتۇ.

يىگىت ئەتىسى باققالنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ قىزىدىن نىكاھىنى ئۈزۈپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ قالغان ئۆمرىنى ئۆز مەشۇقى بىلەن خۇشال - خورام ئۆتكۈزۈپتۇ بېيىت:

نەخشەبىمۇ يېتەرمىكىن يارىغا،
زىكرى، پىكرى يېتەرمۇ يار يادىغا.
مۇندىن ئۆزگە بولۇرمىكىن دۆلەت،
يارى يەتسە ئۇنىڭكى پەريادىغا.

تۇتىنىڭ ھېكايىسى بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:

— ئەي ئاغىچام، بۇ ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ۋەدە ھەم ۋاپاسى، پىكىر ۋە مەقستى بىر ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئاخىر تېپىشىپ مۇرادىغا يەتتى. سىزنىڭ يىگىتىڭىزمۇ ئوخشاشلا ۋاپادار ھەم ساداقەتلىك بولغان بولسا، بۇ ئىش ئاللىبۇرۇن ئاسانغا چۈشكەن بولاتتى. خەيرىيەت، ھازىر بولسىمۇ بېرىپ يىگىتىڭىزگە ۋاپادارلىقىڭىزنى ئىزھار قىلىڭ، — دېدى.

خوجەستە ئاشىقىنىڭ قېشىغا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. كېچىنىڭ بىۋاپالىقى تۈپەيلىدىن سۈبھى ئۇنىڭ ئورنىغا ئالماشتى. خوجەستىنىڭ بارىدىغان ئىشى كېيىنگە قالدى. بېيىت:

كاھلاپ قويۇپتۇ. لېكىن بۇ يىگىت كېچە - كۈندۈز سۇلغۇن چىراي ۋە غەمكىن يۈرىدىكەن، ئۇ قىزغا زادى يېقىن يولىماپتۇ.

بىر كۈنى خوجا ھاشىمنىڭ بىر خىزمەتكارى باققالىنىڭ دۇكىنى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ باغداتلىق يىگىتنى كۆرۈپ قاپتۇ. خىزمەتكار ئۇ يىگىتنى تونۇۋېلىپ، خوجا ھاشىمغا خەۋەر قىپتۇ. خوجا ھاشىم شۇ ھامان بىر چاكىرىنى ئەۋەتىپ، يىگىتنى چاقىرتىپ كەپتۇ. خوجا ھاشىم ئۇ يىگىتكە ناھايىتى كۆپ ئىلتىپاتلارنى كۆرسىتىپ زىياپەت بېرىپتۇ.

— مەن، — دەپتۇ خوجا ھاشىم ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، — كېمە ماڭار ۋاقتىدا سىزنى كۆپ ئىزدەتتىم، لېكىن ئادەملىرىم تاپالمىدۇق، دېيىشتى. مەن سىزنى ئالىمادىس بىرەر ھادىسىگە دۇچ كەلگەن بولسا كېرەك ياكى يىرتقۇچ ھايۋانلارغا دۇچ كېلىپ، تالاپەتكە ئۇچرىدىمىكىن دەپ ئويلىدىم. شۇڭا نائىلاج يولغا چىقتۇق، ئاخىر بەسرە شەھىرىگە كېلىپ توختىدۇق. ئاندىن كېنىزەككە: «مەن سىزنىڭ باغداتلىق خوجىڭىزغا ۋەدە بېرىپ، بەسرەگە كېلىش بىلەنلا سىزنى ئازاد قىلماقچى بولغانىدىم. ئەمدى ئۇ خوجىڭىز قازا تاپتىمىكىن ياكى تىرىكمىكىن ھېچ خەۋەر يوق. مەن سىزنى ئازاد قىلاي، مەندىن نېمە تەلەپ قىلىسىز؟» دەپ سورىدىم. ئۇ ماڭا يىغلىغان ھالدا: «مېنى قويۇۋېتىڭ، مەن بىر جايىنى تېپىپ شۇ يەرنى باغداتلىق خوجامنىڭ قەبرىسى دەپ بىلىپ، شۇ قەبرىگە پاسىبانلىق قىلىمەن» دېدى. شۇنىڭدىن بېرى ئۇ كېنىزەك پالان يەردە سىز ئۈچۈن قارا كىيىپ، قەبرىڭىزگە قاراۋاتىدۇ.

يىگىت شۇ ھامان خوجا ھاشىم سۆزلەپ بەرگەن يەرگە بېرىپ كېنىزەكنى تېپىپتۇ. بۇ بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇق بىر - بىرىنى تونۇشۇپ، قۇچاقلاشقىنىچە ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ. بىرەر سائەتتىن كېيىن خوجا ھاشىم ئۇلارنى ئۆز

# ئەللىكىنچى داستان

### بىر زالىم پادىشاھنىڭ رۇم گۈزىلىنى نىكاھىغا ئالغانلىقى، بىگۇناھ ئوغۇلنىڭ ئۆلۈمگە بۇيرۇلغانلىقى



ئەللىكىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش ئۆزىنىڭ ئالتۇن گىرەلىرى بىلەن مەغرىبنىڭ بويىنىنى قۇچاقلىدى. ئاي گويا-كى گۈزەل كېلىنچەكتەك خىلمۇخىل قەنت-ناۋاتلار تىزىلغان كۈمۈش تاۋىقىنى كۆتۈرۈپ، مەشرىق ھۇجرىسىدىن چىقتى. خوجەستە ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ياسالغان تۇمارلارنى ئېسىپ، تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەي تۇتى، مەن نەچچە كېچىدىن بۇيان سېنىڭ ئالدىڭغا ئۈمىد بىلەن كېلىپ نائۈمىد قايتىپ كېتىۋاتىمەن. سەن مېنىڭ كۆيگەن باغرىمغا تۇز سەپمىگىن، — دېدى خوجەستە.

— ئەي ئاغىچام، — دېدى تۇتى، — سىز بۈگۈن كېچە سۆيگىنىڭىزنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئۆيىنى جامالىڭىز بىلەن نۇرانە قىلىڭ. ئەمما مەندىن باشقا كىشى سىزنىڭ سىرىڭىزنى

تەخشەبى، ئويلىغان بېرىپ بۇ كېچە،
ساداقەت بەزمىدە چالاي دەپ ساز.
سۇبھى بۇ ئوينى خام خىيال قىلدى،
ئاشىقلار دۈشمىنىدۇر سۇبھى. خوراز.



پادىشاھ بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ دەرھاللا رۇمغا ئەلچى ئەۋەتىپتۇ.

رۇم پادىشاھى ئۆز قىزىغا زالىم خاقاندىن ئەلچى كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ناھايىتى ئاچچىقلىنىپ كېتىپتۇ.

— مەن قىزىمنى ھېچكىمگە بەرمەيمەن، — دەپ ئەلچىنى يولغا سېلىپتۇ.

بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان زالىم پادىشاھ:

— رۇم پادىشاھى مېنى كۆزىگە ئىلىپمۇ قويماپتۇ، — دەپ قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ. خاقان لەشكەرلىرىگە خەزىنىدىن نۇرغۇن ماللارنى چىقىرىپ تارقىتىپ بېرىپتۇ. ئاندىن كېيىن لەشكەر تارتىپ رۇم شەھىرىگە بېرىپتۇ. زالىم شاھنىڭ لەشكەرلىرى رۇملۇقلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلار ئۈستىدىن غالىب كېلىپتۇ. جەڭدە رۇم پادىشاھى يېڭىلىپتۇ. رۇم پادىشاھى ئىلاجسىزلىقتىن ئاخۇن، قازىلارنى خاقانىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپ، مەلىكىنى شەرىئەتنىڭ ھۆكۈمى بىلەن نىكاھ قىلىپ چىن خاقانىغا بېرىپتۇ.

رۇم شاھى قىزىنى بۇرۇن بىر ئەرگە ياتلىق قىلغان بولۇپ، مەلىكىنىڭ ئۇ ئەردىن بىر ئوغلى بار ئىكەن. رۇم شاھى مەلىكىنى ئۇزىتىش ۋاقتىدا:

— ئەي قىزىم، سەن ئوغلۇڭنى ئەسلەپ پەرىشان بولمىغىن. ئوغلۇڭ سەن بىلەن بىرگە بولسا ئېرىڭ بىلەن ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى بولمايدۇ. شۇڭا بۇ ئوغۇل سېنىڭ ئورنىڭدا ماڭا ھەمراھ بولسۇن، — دەپتۇ.

مەلىكە ئاتىسى بىلەن خوشلىشىپ، پەرزەنت پىراقىدا باغرى ئوت بولغان ھالدا زالىم پادىشاھنىڭ شەھىرىگە يول ئېلىپتۇ.

مەلىكە چىن خاقانىنىڭ ئوردىسىدا ئوغلىنى ئەسلەپ، داۋاملىق يىغلاپ يۈرىدىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ئوغلى بار

ھەرگىز بىلىپ قالمىسۇن. ئەگەر سىرىڭىزنى باشقىلار بىلىپ قالسا، سىزمۇ رۇم پادىشاھىنىڭ قىزىغا ئوخشاش، تەدبىر ئىشلىتىپ ئۆزىڭىزنى بالا ـ قازادىن ساقلىغايسىز.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

تۇتى ھېكايىسىنى باشلىدى:

رىۋايەت قىلىنىشىچە، چىن مەملىكىتىدە بىر پادىشاھ بار ئىكەن. كىشىلەر ئۇنىڭ ئىسمىنى «خاقان» دەپ ئاتىشىدىكەن. بۇ يەر يۈزىنىڭ ھەممە پادىشاھلىرى ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغانىكەن. شۇڭا شاھنىڭ ھېچ تەرەپتىن غەم ـ ئەندىشىسى يوق ئىكەن. ئەمما ئۇنىڭ زۇلۇمى يەتمىگەن بىرەر جايمۇ يوق ئىكەن. ئۇنىڭغا بىرەر كىشىمۇ دۈشمەنلىك قىلالمايدىكەن. زالىم پادىشاھ ئۆزىنىڭ پۇقرالىرى ۋە لەشكەرلىرىدىن ھال ـ ئەھۋالمۇ سورىمايدىكەن. پۇقرالىرى پادىشاھنىڭ زالىملىقىدىن پەرىشان ئىكەن. ھەرقانداق پادىشاھ پۇقرالىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىسا، پۇقرالىرىنىڭ ھالىغا باقمىسا، خەلق ئەلۋەتتە پاراكەندە ۋە پەرىشان بولىدۇ.

بىر كۈنى سىپاھ ۋە پۇقرالار يىغىلىپ چوڭ ۋەزىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يوقسۇزلۇق ئەھۋاللىرىنى ۋەزىرگە بىرمۇ بىر بايان قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ۋەزىر:

— ئەتە بىز بۇنىڭ ئامالىنى قىلىپ سىلەرنىڭ پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرۈشۈڭلار ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى، — دەپ ئۇلارنى قايتۇرۇپتۇ.

ئەتىسى بامدات ۋاقتىدا ۋەزىرلەر پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ، پادىشاھقا نۇرغۇنلىغان ھېكايىلەرنى ئېيتقاندىن كېيىن:

— ئەي شاھىم، رۇم پادىشاھىنىڭ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق بىر قىزى بار ئىكەن. ئۇنىڭدەك گۈزەل قىز پەقەت سىزدەك پادىشاھقىلا لايىق. ئەگەردە سىز رۇم شاھىغا كۈيئوغۇل بولسىڭىز ئاجايىپ ياخشى ئىش بولغان بولاتتى، — دېيىشىپتۇ.

ئىشىك باقار شاھزادىنىڭ مەلىكە، تۇرۇۋاتقان ھۇجرىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئىچىدە: « پادىشاھ نوردىنى ماڭا تاپشۇرغان. ئەگەردە بۇ ئىشنى پادىشاھقا ئېيتمىسام، پادىشاھقا خىيانەت قىلغان بولىمەن. بۇ بۇزۇق خوتۇن ئەسلىدە ئاشنىسىنى ئەكەلدۇرگەنىكەن» دەپ ئويلاپتۇ.

خاقان شىكاردىن قايتىپ كەلگەندە ئىشىك باقار بۇ ئەھۋالنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ بېرىپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان خاقاننىڭ رەڭگى تاتىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئىچىدە: «بۇ خوتۇن مېنى ئالداپ ئۆزىنىڭ ئاشنىسىنى ئەكەلدۇرگەنىكەن» دەپ ئويلاپ ناھايىتى ئاچچىقلانغان ھالدا ھەرەمخانىغا كىرىپتۇ. مەلىكە پادىشاھنىڭ خاپا چىرايىنى كۆرۈپ «بىرەرسىنىڭ ئىشىمىزدىن پادىشاھ خەۋەر تاپقان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە:

ــ ئەي شاھىم، نېمە بولدىڭىز؟ چىرايىڭىز تاتىرىپ كېتىپتىغۇ؟ ــ دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان خاقان:

ــ چىرايىم قانداقمۇ تاتارمىسۇن. سەن ھىيلە بىلەن ئاشناڭنى ئەكەلدۇرۇپسەن. سەن ئۇنىڭ بىلەن بىر تىللىق بولۇۋېلىپ مېنى ئالداپسەن. مەن يوق كۈنلەردە ئۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈڭنى ئېچىپ يۈرۈپسەن. بۇ نېمىدېگەن پەسكەشلىك، ــ دەپ ۋارقىراپتۇ. خاقان شۇنىڭدىن كېيىن مەلىكىنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپتۇ. لېكىن مەلىكىنىڭ گۈزەل جامالى زالىم پادىشاھنى نىيىتىدىن ياندۇرۇپتۇ.

پادىشاھ: « بۇ ئىنتىقامىمنى ھېلىقى جاۋاھىرشۇناستىن ئېلىشىم كېرەك» دەپ ئويلاپ، ياساۋۇلغا ئوغۇلنى ئېلىپ چىقىپ پىنھان يەردە كاللىسىنى ئېلىشنى بۇيرۇپتۇ.

مەلىكە بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بىھوش بوپتۇ. ئاخىرى

ئېكەنلىكىنى خاقانغا بىر ئامال قىلىپ ئۇقتۇرۇپ، ئوغلىنى ئۆز يېنىغا ئېلىپ كېلىش توغرىسىدا كۆپ ئويلىنىدىكەن.

بىر كۈنى خاقان مەلىكىگە بىر قۇتا جاۋاھىرنى بېرىپتۇ. مەلىكە:

— ئەي شاھىم، ئاتامنىڭ جاۋاھىرشۇناسلىقتا تەگدىشى يوق بىر قۇلى بار. ئۇنى بۇ يەرگە كەلتۈرسەك، — دەپتۇ.

— ئاتاڭدىن ئۇ قۇلنى سوراتسام ماقۇل بولارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ خاقان.

— بەرمەيدۇ. چۈنكى، ئاتام ئۇنى ئۆز ئوغلى ئورنىدا كۆرىدۇ. ئەمما شۇ ياقتا بارىدىغان سودىگەرلەردىن بىر پارچە خەت يېزىپ ئەۋەتسەم، ئۇ ئۆزى كېلىدۇ، — دەپتۇ مەلىكە.

پادىشاھ مەلىكىنىڭ دېگەنلىرىگە قوشۇلۇپتۇ. مەلىكە سودىگەرگە نۇرغۇن ماللارنى بېرىپ، ئۇنىڭغا:

— ئەي سودىگەر، ئۇ جاۋاھىرشۇناس مېنىڭ ئوغلۇم بولىدۇ. مەن ئۇنى پادىشاھقا «قۇل» دېدىم. سەن ئۇنىڭغا يوللاردا ياخشى قاراپ ئېلىپ كەلگىن، — دەپتۇ.

سودىگەر بىر نەچچە ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ ئوغۇلنى ئېلىپ كېلىپ چىن خاقانغا تاپشۇرۇپتۇ. خاقان بۇ ئوغۇلنىڭ ھۆسن - جامالى گۈزەل، خۇلقى - مىجەزىنىڭ مۇلايىم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭغا قىممەت باھالىق توننى كىيدۈرۈپ، نۇرغۇنلىغان مال - دۇنيالارنى بېرىپتۇ.

ئوغۇل ئوردا ئىچىدە ئانىسىنى كۆرۈپ قالسا، يىراقتىن سالام بېرىدىكەن. ئانىسىمۇ ئوغلىنىڭ سالىمىغا جاۋاب قايتۇرىدىكەن.

بىر كۈنى چىن خاقانى شىكارغا چىقىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ شىكارغا كەتكەندىن كېيىن مەلىكە ئوغلىنى ھۇجرىسىغا چاقىرىپ، ئوغلىنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە سۆيۈپتۇ. مەلىكە ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئوغلىغا سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن ئاتىسىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپتۇ.

بۇنى ئاڭلاپ خاقاننىڭ كۆڭلى بىر ئاز خاتىرجەم بوپتۇ. ئەمما مەلىكىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىپتۇ. مىسكىن مەلىكە بولۇۋاتقان ئىشلارغا ھەيران قاپتۇ: «نېمە ئىشلار بولۇپ كەتتى؟ ئوغلۇم ئۆلدى، ئۇنى ئاز دەپ ئېرىممۇ چىرايىنى ئاچمايدىغان بولۇپ قالدى» دەپ زار - زار يىغلاپتۇ.

ھەردىم سارىيىدا ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن پىر قېرى موماي بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ موماي مەلىكىدىن:

— مەن سىزنى ھەر كۈنى غەمكىن كۆرىمەن. بۇنىڭ سىرى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

مەلىكە ئۆز ئەھۋالىنى باشتىن - ئاخىر ئۇ مومايغا بايان قىپتۇ. موماي مەلىكىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ئەي مەلىكە، خاتىرجەم بولۇڭ. مەن پادىشاھنى چوقۇم سىزنى ياخشى كۆرىدىغان قىلىمەن، — دەپتۇ.

— ئەي ئانا، — دەپتۇ مەلىكە، — ئەگەر سىز بۇ ئىشنى باشقا چىقارسىڭىز، مەن سىزنىڭ ئېيتقىنىڭىزنى ئالتۇنغا تولدۇرغان بولاتتىم.

موماي مەلىكە بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ موماي زالىم پادىشاھنىڭ يالغۇز ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن:

— ئەي شاھىم، مەن سىزنى تولىمۇ غەمكىن كۆرىمەنغۇ، — دەپتۇ.

— ئەي ئانا، — دەپتۇ خاقان، — بىر يوشۇرۇن غەم - قايغۇ مېنىڭ بېشىمغا چۈشتى. بۇنى ھېچقانداق كىشىگە ئېيتىشقا بولمايدۇ. لېكىن مەن ساڭا ئېيتاي، مەن مەلىكىنىڭ تەلىپى بويىچە رۇمىدىن بىر قۇلنى ئەكەلتۈرگەنىدىم، ئۇ ئەسلىدە مەلىكىنىڭ ئاشنىسى ئىكەن. شۇڭا مەن ئۇنى ئۆلتۈر-

تەقدىرگە باش ئېگىپتۇ.

ياساۋۇل يىگىتنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ:

— ئەي يىگىت، سەن پادىشاھقا خىيانەت قىلدىڭ. سەن بۇ گۇناھىڭنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن. سەن نېمە ئۈچۈن پادىشاھنىڭ خوتۇنىغا بۇنداق بىئەدەبلىك قىلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەي ياساۋۇل، — دەپتۇ شاھزادە، — بۇ مەلىكە مېنىڭ ئانام بولىدۇ، ئانام پادىشاھ بىلەن توي قىلىشتىن ئىلگىرى ياشقا بىر ئەردىن مېنى تۇغقان. ئەمما ئۇ پادىشاھقا بۇ ئىشنى ئېيتىشتىن نومۇس قىلغان. ئانامنىڭ ماڭا بولغان مېھرى - مۇھەببىتى غالىب كېلىپ مېنى رۇمدىن ئەكەلدۇرگەن. پادىشاھ شىكارغا كەتكەن كۈنى ئانا - بالا ئىككىمىز بىر يەرگە جەم بولۇپ، ھال - ئەھۋال سوراشتۇق. بۇنى ئوردا ئىچىدىكى بىرەرى كۆرۈپ قېلىپ پادىشاھقا چاقىغان ئوخشايدۇ. ئەي ياساۋۇل، مەن ئۇتتۇرىمىزدىكى سىرنى ساڭا دەپ بەردىم. سەن مېنى ئۆلتۈرسەڭمۇ ئۆلتۈرمىسەڭمۇ، ئىختىيارىڭ.

ياساۋۇل بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئوغۇلغا رەھمى كېلىپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: «بۈگۈن بۇ ئوغۇلنىڭ ئانىسىنىڭ ھالى قانداق بولغاندۇ؟ مەن بۇ يىگىتنى بىرنەچچە كۈن يوشۇرۇپ ساقلاي. بىر كۈنى بۇ يىگىتنىڭ گۇناھسىزلىقى مەلۇم بولسا، ئۇ چاغدا پۇشايمان قىلغانىنىڭ پايدىسى يوق» دەپ ئويلاپ:

— مەن ئەھۋالنىڭ بۇنداق ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم. ئەمدى بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى سەندىن بىلدىم. سەن بىر مەزگىل ئۆيۈمدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغىن، — دەپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى ياساۋۇل پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ، تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن:

— ئەي شاھىم، پەرمانىڭىزنى بەجا كەلتۈردۈم، — دەپتۇ.

قىلدى. لېكىن مەن بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ئوغلۇمنى سېغىنىپ، ئۇنى ھىيلە بىلەن چىنىغا ئەكەلتۈردۇم. بىر كۈنى پادىشاھ شىكارغا كەتتى. مېنىڭ ئانىلىق مېھرىم غالىب كېلىپ، ئوغلۇمنى ھەرەمخانىغا چاقىرتتىم. مەن ئانىلىق مېھرىم بىلەن ئوغلۇمنى باغرىمغا بېسىپ، ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىگە سۆيدۇم، مېنىڭ بۇ قىلغانلىرىم پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. پادىشاھ مەندىن باشقىچە گۇماندا بولۇپ، ئۇ بىگۇناھ ئوغلۇمنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. مەندىنمۇ يۈز ئۆرىدى. مەن ئوغلۇمدىن ئايرىلدىم، ئېرىمنىڭمۇ مەندىن كۆڭلى سوۇۇق بولدى. كەلگۈلۈك بولسا ماڭا كەلدى. ئەمدى ماڭا بۇ جاننىڭ نېمە كېرىكى؟!

پادىشاھ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مەلىكىنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىگە سۆيۈپ:

— ئەي جېنىم مەھبۇبەم، سەن نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئىشلارنى قىلىپ، ئۆزۈڭگە ـ ئۆزۈڭ تۆھمەت چاپلىۋالىسەن؟ ئوغلۇڭنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىپ مېنى قىيامەتلىك قەرزگە بوغۇپسەن، — دەپتۇ.

ئەتىسى پادىشاھ ياساۋۇلنى ئالدىغا چاقىرتىپ:

— سەن ئۆلتۈرگەن ئوغۇل مېنىڭ پەرزەنتىم ئىكەن. شېھىت كەتكەن ئۇ بىچارىنىڭ گۆرى نەدە؟ مەن ئۇنىڭ گۆرىنى زىيارەت قىلاي، — دەپتۇ.

ياساۋۇل بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پادىشاھقا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ. ئاندىن:

— ئەي شاھىم، ئۇ گۈل تىرىكتۇر. ئۆزلىرى ماڭا پەرمان قىلغاندىن كېيىن مەن پەرماننى بەجا كەلتۈرمەكچى بولدۇم. شۇ چاغدا ئۇ يىغلاپ: «ئەي ياساۋۇل، مەلىكە مېنىڭ ئانام بولىدۇ. ئۇ پادىشاھتىن خىجىل بولۇپ بۇ سىرنى

دۇم. مەلىكىنى ئۆلتۈرەي دېسەم كۆڭلۈم ھېچ ئۇنىمايۋاتىدۇ. مەن مەلىكە بىلەن ھېلىقى قۇلنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلغىنىنى بىلەلمەيۋاتىمەن. ئەگەر ئۇلار راستتىنلا بولمىغۇر ئىشلارنى قىلغان بولسا مەلىكىنى ئەلۋەتتە ئۆلتۈرىمەن.

— ئەي شاھىم، — دەپتۇ مومىلاي، — مەندە بىر تۇمار بار. ئۇ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈرىيە تىلىدا پۈتۈلگەن تۇمارى. مەلىكە ئۇخلاپ قالغاندا ئۇ تۇمارنى بويىنىغا ئېسىپ قويسىڭىز، ھەر قانداق ئىشنى راستلىق بىلەن سۆزلەيدۇ. لېكىن، سىز ئۇخلاپ قالماسلىقىڭىز كېرەك، بولمىسا مەلىكىنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىيالماي قالىسىز.

بۇ تىلسىمنىڭ كارامىتىدىن ھەيران قالغان خاقان:

— ئەي ئانا، ئۇ تۇمارنى ئېلىپ كەلگىن، مەن ئۇنى مەلىكىنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويۇپ، ئىشنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى بىلەي، — دەپتۇ.

موماي تۇمارنى پادىشاھقا بېرىپتۇ. ئاندىن مەلىكىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ پادىشاھقا قىلغان سۆزلىرىنى ئېيتىپتۇ. ئاندىن:

— ئەي مەلىكە، بۈگۈن كېچە يالغاندىن ئۇخلاپ يېتىڭ، ھەرگىزمۇ ئۇخلاپ قالماڭ. پادىشاھ تۇمارنى سىزنىڭ كۆكسىڭىزگە قويغاندا سىز ھەقىقىي ئەھۋالنى راستى بىلەن بايان قىلىڭ، — دەپتۇ.

ئەلقىسسە، كېچىنىڭ بىر ھەسسىسى ئۆتكەندە پادىشاھ ھېلىقى تۇمارنى مەلىكىنىڭ كۆكسىگە قويۇپتۇ. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن مەلىكە:

— مېنىڭ بۇرۇنقى ئېرىمدىن بىر ئوغلۇم بار ئىدى، دەپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ، — ئاتام مېنى خاقانغا بەرمەكچى بولغاندا ئوغلۇمنىڭ بارلىقىنى ئۇنىڭغا ئېيتىشتىن نومۇس

تۇردى. بۇ چاغدا سۇبھىنىڭ يۈزىدىكى قارا پەردە ئاللىقاچان ئېلىپ تاشلانغانىدى. خوجەيىنىنىڭ بېرىشى يەنە كەچۈرۈنگە قالدى. بېيت:

نەخشەبى، ئويلىغان بېرىپ بۇ كېچە،
چىن ھەقىقەت بېغىدا چالغاي ساز.
سۇبھى توسقۇنلۇق قىلدى بارماققا،
ئاشىقلا دۈشمىنىدۇر سۇبھى، خوراز.



ئۇنىڭغا ئېيتمىغان. ئەگەر مېنى ئۆلتۈرسەڭ، بىر كۈنى مېنىڭ بىگۇناھلىقىم مەلۇم بولىدۇ. ئۇ چاغدا مېنى ئۆلتۈرگەنلىكىڭگە پۇشايمان قىلىسەن» دېدى. مەن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇ يىگىتنى ئۆلتۈرمەي، ئۆيۈمدە يوشۇرۇن ساقلاپ كېلىۋاتىمەن، — دەپتۇ.

خاقان ياساۋۇلدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ناھايىتى خۇشال بوپتۇ. يىگىتنى دەرھال ئېلىپ كېلىشكە ياساۋۇلنى ئۆيىگە ئەۋەتىپتۇ. ياساۋۇل ئۆيىگە بېرىپ بولغان ئەھۋالنى يىگىتكە بىرمۇبىر سۆزلەپ بېرىپتۇ-دە، ئۇنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىرىپتۇ. پادىشاھ يىگىتنى ئانىسىنىڭ ئايىغىغا تىزلاندۇرۇپتۇ. مەلىكە ئوغلىنىڭ ھايات قالغانلىقىنى كۆرۈپ، خۇدايىتائالاغا شۈكرى بەجا كەلتۈرۈپتۇ. ياساۋۇلغا ناھايىتى كۆپ رەھمەتلەرنى ئېيتىپ، ئۆمرىدە تۈگەتكۈسىز مال-دۇنيا بېرىپتۇ. ئۇلار قالغان ئۆمۈرلىرىنى خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزۈپتۇ. بېيت:

نەخشەبى، ئىشنىڭ تېگىنى بىلگىن،
بۇ تىرىكلىكتە بولمىغىن غاپىل.
گەرچە ھەر دائىم پىتنە قوزغالسىمۇ،
بولمىغاي ھەق ئىش ھېچقاچان باتىل.

تۇتىنىڭ ھېكايىسى بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:
— ئەي ئاغىچام، ئەگەر سىزنىڭمۇ بېشىڭىزغا بىرەر مۇشكۇل يۈزلەنسە، سىزمۇ ئەنە شۇنداق ئۇسۇللار بىلەن پاكلىقىڭىزنى ئىسپاتلاڭ. ئەمدى ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ سۆيگىنىڭىزنىڭ قېشىغا بېرىڭ. ئۇنى يولىڭىزغا ئىنتىزار قىلماڭ، — دېدى.

خوجەستە ئۇ يىگىتنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن

نەخشەبى، پاكلىقنى قىل ئادەت،
بۇ ئىشىڭدىن كىشى گۇمان قىلماس.
دۇنيانىڭ نېمىتىدۇر گەرچە تولا.
ھېچ نېمەت بۇنىڭ تېشىدا بولماس.

— ئەي خوجەستە، — دېدى تۇتى، — پاكلىق ھېچقانداق كىشىگە زىيان قىلمايدۇ. كىشىلەر پاكلىقنىڭ نەتىجىسىنى كۆرمەي قالمايدۇ. خاسە ۋەزىرنىڭ قىزىمۇ پاكلىق بىلەن ئۇرغۇن خەتەرلەردىن خالاس بولۇپ، پاكلىقنىڭ مېۋىسىنى تېتىغان.

— ئۇ قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

تۇتى ھېكايىسىنى باشلىدى:

بۇرۇنقى زاماندا بەھرام ئىسىملىك ناھايىتى قانخور بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئىككى ۋەزىرى بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى خاسە، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى خالاسە ئىكەن. خاسە ۋەزىرنىڭ ھۆسن-جامالدا تەڭدىشى يوق بىر قىزى بار ئىكەن.

بىر كۈنى خالاسە ۋەزىر خاسە ۋەزىرنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ كېلىپتۇ. خاسە ۋەزىرنىڭ ئۆيىدە بىر باغ بار ئىكەن. باغدىكى گۈلزارلىقتا خاسە ۋەزدرنىڭ قىزى ناماز ئوقۇۋاتقانىكەن. ئۇ قىزغا خالاسە ۋەزىرنىڭ كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ. خالاسە ئۆمرىدە بۇنداق چىرايلىق قىزنى كۆرۈش ئەمەس ھەتتا ئاڭلاپمۇ باقمىغانىكەن. خالاسە قىزنى كۆرۈش بىلەنلا ئۇنىڭغا جان-دىلى بىلەن ئاشىق بوپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: «ئەگەر ئەلچى كىرگۈزسەم خاسە ۋەزىر ھەرگىزمۇ ئۇنىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن باشقا ئامال قىلىشىم كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ.

ئەتىسى خالاسە ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ، خاسە

# ئەللىك بىرىنچى داستان

**خاسە ۋەزىرىنىڭ پاك، تەقۋادار قىزىغا خالاسە ۋەزىرىنىڭ تۆھمەت قىلغانلىقى، ئاخىر ھەقىقىي ئەھۋال ئاشكارا بولۇپ، خالاسەنىڭ جازالانغانلىقى**



ئەللىك بىرىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش گوياكى پاك ئىپتەكلىك ئاياللاردەك مەغرىپ لىباسى ئىچىگە شۇڭغۇدى. ئاي خۇددى قارا كۆزلۈك تۈرك گۈزەللىرىدەك مەشرىقتىن بۇلۇتلار ئىچىدىن چىقتى. خوجەستە تۇتىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەي تۇتى، ئەللىك بىر كېچىدىن بۇيان ئىشقىنىڭ ئوتىدا قان ئىچتىم. مەقسىتىمگە يېتەلمىدىم. مۇرادىم ھاسىل بولمىدى. مەن ئەمدى تەۋۋا قىلىپ، بۇ بولمىغۇر ئىشتىن قولۇمنى تارتتىم، پاكلىق دائىم مەدھىيىلەشكە سازاۋەر بولسا، ناپاكلىق ھەر دائىم لەنەت - نەپرەتكە دۇچار ئىكەن، — دېدى خوجەستە پەرىشان ھالدا. بېيت:

كېتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ بەھرام ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىپ، خاسە ۋەزىرنى تۆمۈر چوماق بىلەن بېشىغا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. قىزنى شەھەرگە ياندۇرۇپ كىرىپ، ھەرەم سارايغا ئېلىپ كىرىپتۇ. بىراق قىز جان ـ جەھلى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەچكە شاھ بەھرام ئۇنىڭغا يېقىن يولىيالماپتۇ.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندە پادىشاھ سەپەرگە چىقماقچى بولۇپ، مەملىكەت ئىشلىرىنى خالاسە ۋەزىرگە تاپشۇرۇپتۇ.

پادىشاھ سەپەرگە كەتكەندىن كېيىن خالاسە سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ھەرەم سارايغا كىرىپ خاسە ۋەزىرنىڭ قىزىنى كۆرگەندىن كېيىن ئىلگىرىكى مۇھەببەت ئوتى تېخىمۇ ئۇلغىيىپ، ئۇنى بىئارام قىپتۇ. خالاسە بىر دەللالنى قولغا كىرگۈزۈپ، ئۇنى خاسەنىڭ قىزىنىڭ يېنىغا كىرگۈزۈپتۇ. ئۇ دەللال قىزنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ:

— ئەي مەلىكە، نەچچە كۈندىن بۇيان خالاسە سىزنىڭ ئىشىق ئوتىڭىزدا كۆيۈپ پىشىۋاتىدۇ. ئۇ كېچە ـ كۈندۈز سىزنى ئەسلەپ سىز بىلەن بىللە بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. سىز ئۇنىڭغا ئىشىق ـ مۇھەببىتىڭىزنى بېغىشلاپ، ئۇنىڭ ئارزۇ ـ ھەۋىسىنى بىر قېتىم قاندۇرغايسىز، — دەپتۇ.

خاسە ۋەزىرنىڭ قىزى بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەللالغا:

— خالاسە ۋەزىر ياخشى ئويلاپ باقسۇن، شاھ بەھرام ئۇنىڭغا شەھەرنى ساداقەت ئۈچۈن تاپشۇردىمۇ ياكى خىيانەت ئۈچۈنمۇ؟ — دەپتۇ.

دەللال قىزنىڭ دېگەنلىرىنى خالاسەگە يەتكۈزۈپتۇ. خالاسە دەللالغا: «مېنىڭ تاقىتىم تاق بولدى. ئىشقىنىڭ ئوتى باغرىمنى كۆيدۈردى. ماڭا رەھىم قىلغىن، مەن بەندىلىككە بەل باغلاي. ئەگەر ئۇ مېنىڭ تەلىپىمنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇنىڭغا ھەر

ۋەزىرنىڭ قىزىنى ناھايىتى كۆپ تەرىپلەپتۇ. پادىشاھ ئۇ قىزنى كۆرمەي تۇرۇپلا ئاشىق بوپتۇ. پادىشاھ خاسە ۋەزىرگە ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. خاسە ۋەزىر كەلگەن ئەلچىگە:

— قۇلىنىڭ ھەر قانداق نەرسىسى خوجىسىنىڭدۇر. ئەمما مېنىڭ قىزىم كېچىسى نامازدا بولسا، كۈندۈزى روزىدا. مەن بۇ ئىشنى قىزىمغا ئېيتاي، ئەگەر ئۇ رازى بولسا بۇ ئىش ئەلۋەتتە ياخشى بولىدۇ، — دەپتۇ.

خاسە ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئەلچى ئەۋەتكەنلىكىنى قىزىغا ئېيتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قىزى ئاتىسىغا:

— ئەي ئاتا، تائەت-ئىبادەت بىلەن لەززەت تاپقان كىشىنىڭ نەپسى شەيتان بىلەن نېمە ئىشى. سىز ئاجىز قىزىڭىزنى بۇنداق ئىشلارغا زورلىماڭ. پادىشاھقا ياخشى سۆزلەرنى قىلىپ، ئۇنى بۇ نىيىتىدىن ياندۇرغايسىز، — دەپتۇ.

خاسە ۋەزىر قىزىنىڭ دېگەنلىرىنى پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ ناھايىتى پەرىشان بولۇپ، قىزغا بولغان ئىشتىياقى تېخىمۇ كۈچىيىپتۇ. ئۇ: «نېمە ئۈچۈن ئادەم قايسى نەرسىدىن مەنئى قىلىنسا، شۇنىڭغا ھېرىسمەن بولۇپ كېتىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ ھېلىقى ئەلچىگە:

— سەن بېرىپ خاسە ۋەزىرگە ئېيتقىن، ئەگەر قىزىنى ياخشىلىقچە بېرىشكە رازى بولمىسا زورلۇق بىلەن ئالىمەن، — دەپتۇ.

خاسە ۋەزىر ئەلچىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قورقۇپ كېتىپتۇ. ئۇ قىزىغا:

— ئەمدى بۇ ئىشقا قانداق چارە قىلماق كېرەك ؟ — دەپتۇ.

— بۇنىڭ چارىسى مال — مۈلكىمىزنى تاشلاپ، باشقا شەھەرگە كېتىشتىن ئىبارەت، — دەپتۇ قىز.

كەچ بولغاندا خاسە ۋەزىر قىزىنى ئېلىپ شەھەردىن چىقىپ

لەنگەن بولساممۇ، گەپ قىلىشتىن ئۇيالدىم.
پادىشاھ قاتتىق غەزەپكە كېلىپ ئاشپەزنىڭ ئوغلىنى ئوردىغا ئەكەلدۈرۈپ ھېچقانداق ئىشنى سۈرۈشتۈرمەيلا قىلىچى بىلەن چېپىپ تاشلاپتۇ. ئاندىن كېيىن خاسە ۋەزىرنىڭ قىزىنى ئالدىغا تىزلاندۇرۇپ:
— ھەي كاززاپ، سەن ئاشپەزنىڭ ئوغلى بىلەن مېنىڭ ئورنۇمدا بىللە يېتىپسەن. سېنىڭ زاھىدلىق ۋە تەقۋادارلىق دەۋاسىنى قىلغىنىڭ نەگە كەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ئەي ئۇلۇغ شاھىم، — دەپتۇ مەلىكە، — يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەڭ. بۇ ئىشتا ھەرگىز ئالدىراقسانلىق قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ چوقۇم خالاسە ۋەزىرنىڭ قىلغان ئىشى. مەن ئۆزۈمنىڭ پاكلىقىنى سىزگە كۆرسىتەي.
بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ غەزەپ بىلەن:
— بۇ پاسكىنا خوتۇننى دەرھال ئۆلتۈرۈڭلار! ئۇ مېنى ھىيلە - مىكىرلەر بىلەن ئۆزىگە ئىشەندۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ،— دەپتۇ.
ئۇردا ئىچىدە بىر خاس مەسلىھەتچى بار ئىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ پەرمانىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ:
— ئەي شاھىم، مەزلۇم كىشىنى ئۆلتۈرۈش ئادەمگە شۇملۇق ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا بۇ مەزلۇمنى بىر تۆگىگە مىندۈرۈپ باياۋانغا قويۇپ بەرسەك، ئۇ ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ھالاك بولىدۇ،— دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.
پادىشاھ بۇ مەسلىھەتنى ماقۇل كۆرۈپ، قىزنى بىر توسۇن تۆگىگە مىندۈرۈپ باياۋانغا قويۇپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ.
قىز تۆگە بىلەن بىرنەچچە كۈن باياۋاندا يۈرۈپ، بىر قۇدۇق بېشىغا كېلىپ قاپتۇ. قىز ئۇ قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ تەرەت ئېلىپ، ناماز ئوقۇپ، بىرنەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ.

قانداق يامانلىقلارنى قىلىشتىن يانمايمەن. سەن ياخشى سۆزلەر بىلەن ئۇنى قايىل قىلغىن» دەپ دەللالنى قىزنىڭ يېنىغا يەنە ئەۋەتىپتۇ.

دەللال قىزغا خالاسەنىڭ دېگەنلىرىنى قالدۇرماي بايان قىپتۇ.

— مەن ئەزەلدىن نەپسى شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرگەن ئەمەسمەن. پاك ئېتىمنى ناپاكلىق نىجاسەتلىرى بىلەن بۇلغىمايمەن. مەن بىر شىرنىڭ چاڭگىلىدا تۇرۇپ قورقمىغان يەردە، پاسكىنا ئىتتىن قورقاتتىممۇ؟ ئەڭ ياخشىسى ئۇ ئۆزىنى ئەجەلنىڭ چاڭگىلىغا سالمىسۇن، — دەپتۇ قىز.

دەللال بۇ سۆزلەرنى خالاسەگە يەتكۈزۈپتۇ. خالاسە بىئارام بوپتۇ. ئۇ ھەر خىل ئاماللارنى ئىشلىتىپ باققان بولسىمۇ، ھېچقانداق نەتىجىسى بولماپتۇ.

ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتكەندە پادىشاھ سەپەردىن قايتىپ كېلىپتۇ. خالاسە پادىشاھنى مەملىكەت ئىشلىرىدىن خەۋەرلەندۈرگەندىن كېيىن ھەرەم سارايىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ كېلىپ:

— ئەي شاھىم، خاسەنىڭ قىزى ئۇستىدە نۇرغۇن سۆز-چۆچەكلەر بار، — دەپ ئۇ قىزغا تۆھمەت قىپتۇ.

پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تىترەپ كېتىپتۇ:

— چاپسان ئېيت! نېمە ئەھۋال بولدى؟

— ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈملىرى بىلەن ئوردىدا تۇرغانىدىم، — دەپتۇ ۋەزىر خالاسە، — بىر كۈنى كېچىسى ئوردا ئۇستىگە چىقىپ قارىسام مەلىكە ئاشپەزنىمىزنىڭ ئوغلى بىلەن بىر يەردە ئولتۇرىدۇ. مەلىكە ئۇ يىگىتكە: «سېنىڭ مۇھەببىتىڭ ئاغزىڭنىڭ ئۇچىدا، مېنىڭ مۇھەببىتىم كۆڭلۈمدە» دەۋاتىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ تۇردۇم. بىر چاغدا ئۇلار بىر تۆشەكتە قۇچاقلىشىپ ياتتى. مەن بۇ ئىشنى كۆرگەندىن كېيىن قاتتىق غەزەپ-

قارىسا بىر قىز سەجدىدە تۇرغانىكەن. قىز سەجدىدىن تۇرغان-دا، خۇسراۋ ئاتتىن چۈشۈپ ئۇنىڭ جايىنامازىنى سۆيۈپتۇ. پادىشاھ قىزنىڭ ھۆسن-جامالىغا بىرئاز قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئېتىغا مىنىپ ئوردىغا قايتىپ كېلىپتۇ.

پادىشاھ ئوردىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر مەسلىھەتچىنى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا: «مېنىڭ ئارزۇيۇم شۇكى، ئۇ قىز ئىلتىماسىمنى قوبۇل قىلسۇن. ئۇنى ئەمرىمگە ئالغاندىن كېيىن تائەت-ئىبادەت يولىغا كىرەي» دەپ نۇرغۇن سوۋغا-سالاملار بىلەن ئۇ قىزنىڭ يېنىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپتۇ.

قىز ئۇ ئەلچىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— مەن بىر زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىمەن. دۈشمەنلىرىم مېنى بىگۇناھ قىيىندى. دادام بەھرام پادىشاھنىڭ ۋەزىرى ئىدى. بەھرام پادىشاھ ئاتامغا زۇلۇم قىلدى. بۇ ئىشلار ئۇلۇغ خۇسراۋ شاھنىڭ قۇلاقلىرىغا يەتكەندۇر. مېنىڭ شەرتىم شۇكى، خۇسراۋ شاھ زالىم پادىشاھ بەھرام بىلەن تۆھمەتخور ۋەزىر خالاسەنى ئۆز دەرگاھىغا كەلتۈرسۇن. مەن ئۆزۈمنىڭ پاكلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ناپاكلىقىنى كۆرسىتىپ، ئاندىن كېيىن سۈمئەگە كىرىپ پادىشاھنىڭ دۆلىتىنىڭ زىيادىلىكىگە دۇئا قىلىمەن، — دەپتۇ.

خۇسراۋ شاھ ئەلچىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قىزنى ۋە ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلغان خالاسە ۋەزىر، بەھرام پادىشاھ قاتارلىقلارنى ئۆز شەھىرىگە ھازىر قىپتۇ. خۇسراۋ شاھ ئۇلارغا:

— ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئۇلۇغ تەڭرى بارلىق پادىشاھلارنىڭ پادىشاھىدۇر. تەڭرى پادىشاھلارنى زۇلۇم چەككەنلەرگە ۋە غەمكىنلەرگە ياردەم قولىنى سۇنىدۇ دەپ ياراتقان. بىر غەمكىن كىشىگە ياردەم قولىنى سۇنغان كىشىنى ئۇلۇغ

بىر كۈنى خۇسراۋ شاھنىڭ تۆگىلىرى يىتىپ كېتىپتۇ، پادىشاھنىڭ تۆگە باققۇچىسى تۆگىلەرنى ئىزلەپ قىز تۇرغان باياۋانغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ قۇدۇق بېشىدا يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام- دەك چىرايلىق بىر ئايالنىڭ ناماز ئوقۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. قىزنىڭ جامالىدىن جاھان يورۇپ كېتىپتۇ. تۆگىچى قىزنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام قىلغاندىن كېيىن:

— سىز كىم بولىسىز؟ نېمە ئۈچۈن بۇ باياۋاننى ماكان تۇتتىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مېنى ھەسەتخورلار مۇشۇ باياۋانغا ئەكىلىپ تاشلىدى، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ قىز.

— ئەي گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى، ئەگەر سىز مېنى بىر تۇغقانلىقىقا قوبۇل قىلسىڭىز، سىزنى شاھلار شاھى خۇسراۋنىڭ قېشىغا باشلاپ باراي. بۇ باياۋاندا يالغۇز يۈرسىڭىز سىزگە بىرەر ئاپەت يېتىپ قالمىسۇن، ھەر كىشى تەڭرىدىمەك دەرگاھىنى سېغىنسا ئۇنى يېتىم قىلماس، — دەپ قىزنىڭ ئېتىكىنى سۆيۈپتۇ.

قىز تۆگىچىنىڭ سۆزىگە ماقۇل بولۇپ تۆگىلەرنىڭ تېپىلىشى ئۈچۈن دۇئا قىپتۇ. تۆگىچى بىرنەچچە قەدەم ماڭ- مايلا تۆگىلىرى تېپىلىپتۇ. تۆگىچى ئۇ قىز بىلەن خۇشلىشىپ شاھىنشاھ خۇسراۋنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. پادىشاھ خۇسراۋ ئۇنىڭدىن:

— تۆگىلەرنى تاپتىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. تۆگىچى:

— دۆلىتىڭىزدە بىر زاھىد مەزلۇمنىڭ دۇئاسى بىلەن تۆگىلەرنى تاپتىم، — دەپ پادىشاھقا قىزنى كۆپ تەرىپلەپ بېرىپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ خۇسراۋنىڭ كۆڭلىدە ئۇ قىزنى كۆرۈش ئارزۇسى تۇغۇلۇپتۇ.

ئەتىسى بامدات ۋاقتى بىلەن شىكارنى باھانە قىلىپ تۆگىچى بىلەن يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار ھېلىقى باياۋانغا كەلگەندە پادىشاھ ئۆزى يالغۇز قۇدۇق بېشىغا بېرىپتۇ. ئۇ

شۇڭا ئۇنى تارتۇۋېلىڭلار، — دەپتۇ قىز.
خۇسراۋ شاھ شۇنداق قىلىشقا پەرمان قىپتۇ.
ھەر قانداق كىشى نېمىنى قىلغان بولسا شۇنى تاپقۇسىدۇر. بېيىت:

نەخشەبى، ئەلگە ياخشىلىق قىلغىن،
قىلغىنىڭنى بىلەر جىمى ئىنسان.
كەلگۇسىدۇر جازاسى ھەر سائەت،
ھەر كىشى قىلسا ياخشىلىققا يامان.

تەڭرى زالىملارنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىدىن بىخەۋەر ئەمەستۇر. زالىم بەھرام بىگۇناھ خاسە ۋەزىرگە زۇلۇم قىلغانىدى، ئاخىرى جازاسىنى تاپتى. خالاسەمۇ بىگۇناھ مەستۇرەگە تۆھمەت قىلغانىدى، ئۇمۇ جازا شارابىنى ئىچتى. تۆگىچى خالاسەنىڭ قىزىغا رەھىم ـ شەپقەت قىلغانىدى ياخشىلىق كۆردى.
تۇتىنىڭ ھېكايىسى بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:
— ئەي ئاغىچام، بۇنىڭ ھەممىسى پاكلىقنىڭ نەتىجىسىدۇر. خاسە ۋەزىرنىڭ قىزى نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتقان بولسىمۇ، ئاخىرى دۈشمەنلىرىدىن غالىب كەلدى. سىزمۇ پاك بولسىڭىز ئۇنىڭ نەتىجىسىنى ئەلۋەتتە كۆرىسىز. لېكىن ياشلىقتا ئالىدىغان لەززەتنى ھەرگىزمۇ زايە قىلماڭ. ھازىر سۆيگىنىڭىزنىڭ قېشىغا بېرىشىڭىز ياخشى پەيتى. ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىڭ، — دېدى.
خوجەستە يىگىتنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى. ئۇنىڭ بېرىشى كېيىنگە قالدى. بېيىت:

تەگرى قىيامەت كۈنى دوزاختىن ئازاد قىلىدۇ، — دەپتۇ.
قىز پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ:
— ئەي ئۇلۇغ شاھىم، خالاسە ۋەزىردىن نېمە ئۈچۈن
ماڭا تۆھمەت قىلغانلىقىنى ۋە مېنى بەھرام شاھقا دۈشمەن
قىلغانلىقىنى سوراڭ، — دەپتۇ.
خۇسراۋ شاھ خالاسەدىن ئىشنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى
سوراپتۇ. خالاسە راست سۆزلىمىسە بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ:
— مەن مەلىكىنىڭ گۇناھ قىلغانلىقىنى كۆرمىدىم.
مەقسىتىمنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا تۆھمەت
قىلغانىدىم، — دەپ قىلغان ئىشلىرىنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ
بېرىپتۇ.
بۇنى ئاڭلىغان قىز:
— خۇداغا شۈكرى، ھەقىقەت ئاشكارا بولدى، — دەپتۇ.
بۇنى ئاڭلىغان خۇسراۋ شاھ غەزەپكە كېلىپ:
— سەن بۇنىڭدىن كېيىن پاك كىشىلەرگە زادى تۆھمەت
قىلالمايدىغان بولغىن، — دەپ خالاسەنىڭ تىلىنى كېسىپ
تاشلاشقا پەرمان قىپتۇ.
خۇسراۋ شاھ قىزدىن:
— يەنە نېمە تەلىپىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ.
— زالىم بەھرامدىن ئاتامنىڭ قىساسىنى ئېلىپ
بېرىشىڭىزنى سورايمەن. چۈنكى ئۇ ئاتامنى تۆمۈر چوماق
بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن، — دەپتۇ قىز.
پادىشاھ خۇسراۋ زالىم بەھرامنى تۆمۈر چوماق بىلەن
ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈشكە پەرمان قىپتۇ.
خۇسراۋ شاھ قىزدىن:
— يەنە نېمە تەلىپىڭىز بار؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ھېلىقى تۆگىچى مېنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان.

## ئەللىك ئىككىنچى داستان

بىر زاھىدنىڭ يەتتە خىل رەڭلىك قۇشنى سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭ
بەرىكىتىدىن نۇرغۇن مال ـ دۇنياغا ئىگە بولغانلىقى،
زاھىدنىڭ خوتۇنى بىر ئالتۇنچىنىڭ ئوغلى
ئۈچۈن ئۇ قۇشنى ئۆلتۈرگەنلىكى

ئەللىك ئىككىنچى كۈنى كەچ بولدى. قۇياش گوياكى ئالتۇن قاناتلىق قۇشتەك مەغرىب ئۇۋىسىغا كىرىپ كەتتى. ئاي كۈمۈش رەڭلىك سۇمۇرغدەك پەرۋاز قىلغىنىچە مەشرىق ئاسمىنىغا كۆتۈرۈلدى. خوجەستە



تۇتىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ غەمكىن ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئەي تۇتى، ساڭا نېمە بولدى؟ مېنىڭ غەم قايغۇلىرىم ساڭىمۇ تەسىر قىلدىمۇ؟ — دېدى.

— ئەي ئاغىچام، سۆيگىنىڭىزنىڭ قېشىغا بېرىشقا سۇس

نەخشەبى، ئۇيلىغان بېرىپ بۇ كېچە،
پاك جانانىنىڭ بېغىدا چالغاي ساز.
سۆبھى ھېچ بەرمىدى ئاڭا ئاق يول،
ئاشىقلار دۈشمەنىدۇر سۆبھى، خوراز.



پۇلغا سېتىپ بەرسەڭ، ئالساممۇ ئالاي.— دەپتۇ زاھىد.

بۇنى ئاڭلىغان ئۇۋچى ئامالسىز قېلىپ ئۇ قۇشنى زاھىدقا سېتىپ بېرىپتۇ. زاھىد قۇشنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپتۇ. زاھىدنىڭ بىر قۇشنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن خوتۇن خاپا بولۇپ زاھىدنى تىللاپ كېتىپتۇ:

— ھوي دادىسى، ئۆيدە بىر دانە بۇغداي يوق. بىز ئاچلىقنىڭ دەردىنى تارتىۋاتساق ئۇنى ئاز دەپ بۇ قۇشنى ئېلىپ كەلگىنىڭ نېمىسى؟!

— ئەي خوتۇن، ھەر قانداق نەرسىنىڭ رىزقىنى تەڭرى بېرىدۇ. تەڭرىم ھېچقانداق جانلىقنى رىزقسىز قويمايدۇ. بۇ قۇش بىرەر ئىشقا ياراپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دەپ قۇشنى يەرگە قويۇپتۇ.

قۇش زاھىدنىڭ قولىدىن بوشاپ يەرگە چۈشكەندىن كېيىن قانات - قۇيرۇقىنى سىلكىگەندىكەن، ئۇنىڭ قاناتلىرىدىن قىممەت باھالىق ئىككى گۆھەر چۈشۈپتۇ. زاھىد ئۇ گۆھەرلەرنى بازارغا ئېلىپ كىرىپ ناھايىتى قىممەت باھادا سېتىپتۇ. گۆھەرلەرنى ساتقان پۇلنىڭ بىر قىسمىغا نۇرغۇن بۇغداي سېتىۋېلىپ، ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپتۇ.

بىر كۈنى يەتتە خىل رەڭلىك قۇش پەرۋاز قىلغىنىچە سەھرا تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىپتۇ. خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ قۇش بىر بۇلغۇننى چىشلىگەن ھالدا يەنە قايتىپ كېلىپتۇ - دە، بۇلغۇننى زاھىدنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ قۇش ھەر كۈنى سەھراغا بېرىپ بىر بۇلغۇن ئېلىپ كېلىدىكەن. زاھىد ئۇنى سېتىپ نۇرغۇن مال - دۇنيا ۋە ئۆي سايمانلىرىغا ئىگە بوپتۇ. بېيت:

لۇق قىلىۋاتىسىز. مەن ئاخشام چۈشۈمدە ئېرىڭىزنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپتىمەن. مۇبادا مېنىڭ چۈشۈم راست بولۇپ خوجام بۈگۈن يا ئەتە كېلىپ قالسا، ئۇ چاغدا سىز سۆيگىنىڭىزنىڭ ئالدىدا زاھىدنىڭ خوتۇنىغا ئوخشاش خىجالەتچىلىكتە قالىسىز، — دېدى تۇتى.

— ئۇ قانداق خىجالەتچىلىكتە قېلىپتىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجەستە.

تۇتى ھېكايىسىنى باشلىدى:

ئۆتكەن زاماندا يەنى بەنى ئىسرائىل قەبىلىسىدە بىر زاھىد بار ئىكەن. ئۇنىڭ بىر ئوغلى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ زاھىد ئوزۇق ئىزدەپ سىرتقا چىقىپتۇ. زاھىد يولدا بىر سېخىي كىشىنى ئۇچرىتىپ، ئۇ كىشىگە ئۆزىنىڭ ھال - ئەھۋالىنى ئېيتىپتۇ. سېخىي كىشى زاھىدقا:

— بىر قولۇمدا ھالالدىن تاپقان بىر دەرەم كۈمۈش بار. يەنە بىر قولۇمدا ئون دەرەم ھارامدىن تاپقان كۈمۈش بار. سەن قايسىسىنى خالىساڭ شۇنى ئالغىن، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان زاھىد كۆڭلىدە: «ھالال مالنى تاپقان كىشى ھارام مالنى نېمە قىلىدۇ» دەپ بىر دەرەم ھالال كۈمۈشنى ئېلىپ ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ.

بىر ئوۋچى يەتتە خىل رەڭلىك بىر قۇشنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇ قۇشنى بىر كىشىگە سېتىپتۇ. ئۇ كىشى قۇشنى ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەنىكەن، قۇش جۈپتىنى ياد ئېتىپ ئۆيدىكى كىشىلەرنىڭ باش - كۆزىنى چوقۇپ زەخىملەندۈرۈپتۇ. قۇشنى سېتىۋالغان كىشى ئاچچىقلاپ، ئۇنى ئىگىسىگە ياندۇرۇپ بېرىپتۇ. ئوۋچى يولدا ھېلىقى زاھىدنى ئۇچرىتىپ:

— ئەي زاھىد، بۇ قۇشنى سېتىۋالامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەندە پەقەت بىر دەرەملا كۈمۈش بار. ئەگەر مۇشۇ

تۇ. يىگىت ھەر كۈنى زاھىدنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، بۇ خوتۇن بىلەن ئەيش - ئىشرەت قىلىپ كۆڭلىنى ئاچىدىغان بوپتۇ.

ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتكەندە يىگىت ئۇ خوتۇندىن:

— سىلەر بۇندىن ئىلگىرى يوقسۇزلۇقتا ئۆتۈپسىلەر، بۇنچە مال - دۇنيانى نەدىن تاپتىڭلار؟— دەپ سوراپتۇ.

— بۇ مال - دۇنيالار يەتتە خىل رەڭلىك قۇشنىڭ بەرىكىتىدىن قولغا كەلدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ خوتۇن.

بۇنىڭدىن ھەيران بولغان يىگىت يەتتە خىل رەڭلىك قۇشنىڭ خاسىيىتىنى خوتۇندىن سوراپتۇ. خوتۇن ئۇ قۇشنىڭ خاسىيىتىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئالتۇنچى ئوغلىنىڭ ناھايىتى ئەقىللىق بىر دوستى بار ئىكەن. يىگىت دوستىنىڭ يېنىغا بېرىپ يەتتە خىل رەڭلىك قۇشنىڭ خاسىيىتىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان دوستى:

— بۇ قۇشنىڭ خاسىيىتى ناھايىتى كۆپ. شۇ خاسىيەتلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ھەرقانداق بىر كىشى ئۇ قۇشنىڭ بېشىنى يېسە پادىشاھ بولىدۇ،— دەپتۇ.

ئالتۇنچىنىڭ ئوغلى دوستىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆڭلىدە: «ئۇ قۇشنىڭ بېشىنى يېيىش ماڭا نېسىپ بولىدىغان بولدى. ئەگەر ئۇ قۇشنىڭ بېشىنى يەپ پادىشاھ بولسام قانداق ئىشلارنى قىلىشىم كېرەك؟» دەپ خىيال سۈرۈپ، بىر نەچچە كۈن خوتۇننىڭ قېشىغا بارماپتۇ.

زاھىدنىڭ خوتۇنى يىگىتنىڭ بىر نەچچە كۈن كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ ساراسىمە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشقى دەردىدە دىۋانە بوپتۇ. خوتۇن يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلمىگەنلىكىنى سوراپتۇ. يىگىت ئۇ ئادەمگە:

نەخشەبى، ئارزۇ بىلەن ئۆتكىن،
نان ئۈچۈن بولما تولا غەمدە.
ھەر نېمە ۋاقتىدا كېلەر كىشىگە،
بولغاي ئەمما سەۋەبمۇ ئادەمدە.

بىر كۈنى زاھىد كۆڭلىدە: «مەن نۇرغۇن مال ـ دۇنياغا ئىگە بولدۇم. ئەمدى ھەج ـ تاۋاپ قىلىشىم كېرەك» دەپ ئويلاپ خوتۇنىغا:

— سەن بۇنىڭدىن كېيىن ئۆيدىن سىرتقا چىقماي بۇ دۆلەت قۇشىنى ياخشى ئاسراپ، ئۇنى ئەزىز بىلگىن. ئوغلىمىزغا ئىلىم ـ ئەدەب ئۆگىتىپ ياخشى تەربىيىلىگىن، — دەپ يول تەييارلىقى قىلىپ ھەج ـ تاۋاپ قىلغىلى سەپەرگە چىقىپتۇ. بېيت:

نەخشەبى، خوتۇن ئىشىدىن قورقما،
خوتۇن ئىشىغا ئەر نە چارە قىلۇر.
بەد قىلىق خوتۇندىن ھەزەر قىلغىن،
ئەسكى خوتۇن ھامان ئېرىگە قىلۇر.

زاھىد ھامان خوتۇنغا نەسىھەت كار قىلمايدىغانلىقىنى، يامان نىيەتلىك خوتۇن ئېرى ھەجگە بارغان بىلەنمۇ ئۆزىنى يامان ئىشتىن ھەرگىز تارتمايدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

بىر كۈنى زاھىدنىڭ خوتۇنى بازارغا كېتىۋېتىپ ناھايىتى كېلىشكەن بىر يىگىتنى كۆرۈپ قېلىپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ئۇ يىگىت بىر ئالتۇنچى (زەرگەر) نىڭ ئوغلى ئىكەن. خوتۇن ئۆزىنىڭ ئاشىق بولغانلىقىنى يىگىتكە ئېيتىپ

— بۇنىڭ ئاماللىمۇ ئاسان، ئەگەر سىز ئۇ بالىنىڭ بېشىنى يېسىڭىزمۇ ئوخشاشلا پادىشاھ بولىسىز، — دەپتۇ.

ئەلقىسسە، زاھىدنىڭ خوتۇنى: «بۇ يىگىتنىڭ خاپا بولۇشىدىكى سەۋەب نېمىكىن؟ مەن ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە قۇشنى ئۆلتۈردۈم. قۇشنىڭ بېشىنى ئوغلۇم يېسە مەندە نېمە گۇناھ؟ قۇشنىڭ بېشى بولمىسا باشقا گۆشلىرى بارغۇ، شۇنى يېسە بولمىدىمۇ. ئۇنىڭ مەقسىتى زادى نېمە؟» دەپ ئالتۇنچىنىڭ ئوغلىغا ئادەم ئەۋەتىپتۇ. يىگىت ئۇ ئادەمگە:

— مەن ئۇ قۇشنىڭ بېشىنى يېمەكچى ئىدىم. ئەگەر ئۇ خوتۇن مېنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرسە، مەن بىلەن بىرگە بولۇشنى خالىسا، قۇشنىڭ بېشىنى يېگەن كىشىنىڭ بېشىنى ئالدىمغا كەلتۈرسۇن،— دەپ يولغا سېلىپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان خوتۇن دەسلەپ ئوغلىنىڭ بېشىنى كېسىشكە قوشۇلماپتۇ. كېيىن ئۇنىڭ ئىشىق ئوتى غالىب كېلىپ ئوغلىنىڭ بېشىنى كېسىشكە رازى بوپتۇ. بېيت:

نەخشەبى، ئىشىق ئوتى ھارارىتىدىن،
جىگىرىم كۆيدى، كەتتى تەنلەر ئېرىپ.
يۈز تۈمەن كىشىنى سۆيگۈ ئوتى بىلەن،
كۆيدۈرۈپ تاشلىدى پېتىنلەرنى تېرىپ.

ئىنىكئانا ئۇ خوتۇننىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئوغۇلنى ئېلىپ باشقا شەھەرگە قېچىپ كېتىپتۇ.

ئۇلار قېچىپ بارغان شەھەردە بىر ئادىل پادىشاھ بار ئىكەن. ئىنىكئانا بىلەن ئوغۇل ئۇ پادىشاھنىڭ خەير - ساخاۋىتىدە خاتىرجەم كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ.

زاھىدنىڭ ئوغلى بالاغەتكە يەتكەندە خۇش خۇي ۋە

— مېنىڭ يەتتە خىل رەڭلىك قۇشنى يېپىش ئارزۇيۇم بار. ئەگەر ئۇ خوتۇن مېنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرسە، قۇشنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ گۆشى بىلەن مېنى مېھمان قىلسۇن، — دەپ يولغا سېلىپتۇ.

زاھىدنىڭ خوتۇنى:

— بىزنىڭ ھال - ئوقىتىمىزنىڭ ياخشى بولۇشى، شۇ قۇشنىڭ بەرىكىتىدىن بولغان. قۇشنى ئۆلتۈرۈشكە قانداقمۇ قولۇم بارسۇن، — دەپ يىگىتنىڭ شەرتىگە كۆنمەپتۇ.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپتۇ. خوتۇنغا ئىشق ئوتى غالىب كېلىپ، قۇشنى ئۆلتۈرۈشكە رازى بوپتۇ. ئالتۇنچىنىڭ ئوغلى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن زاھىدنىڭ ئۆيىگە كېلىپ يەتتە خىل رەڭلىك قۇشنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈپتۇ. ئۇ قۇشنىڭ گۆشىنى قازانغا سېلىپ قويۇپ زاھىدنىڭ خوتۇنى بىلەن ئەيش - ئىشرەت قىلىشقا باشلاپتۇ.

ئىنىكانا بىلەن زاھىدنىڭ ئوغلى ئوچاققا ئوت يېقىپ قۇشنىڭ گۆشىنى قاينىتىپتۇ. گۆش پىشاي دېگەندە زاھىدنىڭ ئوغلى گۆش يەيمەن دەپ يىغلاپ تۇرۇۋاپتۇ. ئىنىكانا قۇشنىڭ بېشىنى ئېلىپ، ئوغلىغا بېرىپتۇ. ئوغۇل قۇشنىڭ بېشىنى پاك - پاكىز يەپتۇ.

ئالتۇنچىنىڭ ئوغلى زاھىدنىڭ خوتۇنى بىلەن ئىشلىرىنى تۈگىتىپ گۆش يېيىشكە ئولتۇرۇپتۇ، گۆش ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلگەندە قۇشنىڭ بېشىنىڭ يوق تۇرغانلىقىنى كۆرگەن يىگىت خاپا بولۇپ باشنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سوراپتۇ. زاھىدنىڭ خوتۇنى بۇنى ئىنىكانىدىن سورىغانىكەن ئىنىكانا قۇشنىڭ بېشىنى ئوغلىنىڭ يېگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. يىگىت دەرغەزەپ بولۇپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ ھېلىقى دوستىنىڭ ئالدىغا بېرىپ بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. دوستى:

ئەتىسى ئۇ ئېتىغا مىنىپ ھېلىقى يايلاققا قاراپ يول ئېلىپتۇ. يىگىت يولدا پادىشاھنىڭ ۋەزىرىنى ئۇچرىتىپتۇ. ۋەزىر يىگىتكە:

— ئەي يىگىت، سەن كىم بولىسەن؟ نەگە ماڭدىڭ؟ دەپ سوراپتۇ.

— مەن بۇ شەھەرگە مۇساپىرمەن. بۇ يايلاقتا بىر ئەجدىھانىڭ ماكان تۇتقانلىقىنى ۋە پادىشاھنىڭ ئاتلىرىنى دەم تارتىپ يۇتۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. شۇڭا ئۇ ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ، پادىشاھنى ئۇ ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ.

— ئەي يىگىت، — دەپتۇ ۋەزىر، — يۈرىكىڭ نېمانچە چوڭ. سەن يەتتە خىل رەڭلىك قۇشنىڭ بېشىنى يېگەنمۇ - يا، مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىساڭ كەينىڭگە يانغىن. ئۇ ئاپەتنى يوقىتىش سېنىڭ قولۇڭدىن كەلمەيدۇ.

يىگىت ۋەزىرنىڭ توسقىنىغا ئۇنىماي ھېلىقى يايلاققا بېرىپتۇ. بۇ چاغدا ئەجدىھا ئۇيقۇغا كەتكەنىكەن. يىگىت ئەجدىھاغا قارىتىپ زەھەردىن سۇغىرىلغان ئوقلارنى ئېتىپتۇ. ئەجدىھا بەرداشلىق بېرەلمەي جان ئۈزۈپتۇ. بېيىت:

نەخشەبى، ياخشى ئىشتۇر غەيرەت قىلىش،
غەيرەت ئاچقۇچىدا بارچە ئىش ئېچىلۇر.
ياخشى سائەتتە سەن قەدەم قويساڭ،
ئەجدىھامۇ چۈمۈلىدەك يىقىلۇر.

يىگىت ئەجدىھانىڭ بېشىنى كېسىپ ئۆزىنىڭ ئېتى بىلەن بىر جايغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. ئاندىن پادىشاھنىڭ ئاتلىرىدىن بىرىنى مىنىپ، ئوردىغا كېلىپتۇ.

— ئەي شاھىم، ئەجدىھانى ئۆلتۈردۈم. بۇنى ئىسپاتلاش

ئەدەبلىك تەربىيىلىنىپتۇ. ئىنىكىسىنىسى بازاردىن بىر ئاتنى سېتىۋېلىپ ئوغۇلغا بېرىپتۇ. ئوغۇل ھەر كۈنى ئۇ ئاتقا مىنىپ شىكارغا چىقىدىكەن. ئۇنىڭ پالۋانلىقى خەلق ئارىسىدا مەشھۇر بوپتۇ.

بىر كۈنى ئوغۇل شىكارغا چىقىپتۇ. پادىشاھ ئوردىسىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە بىر باغ بارئىكەن. يىگىت ئۇ باغدا گۈل تاماشا قىلىپ يۈرگەن مەلىكىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ئاشىق بوپتۇ. مەلىكىمۇ يىگىتنى كۆرۈش بىلەنلا ئۇنىڭغا ئاشىقى شەيدا بوپتۇ.

بىر كۈنى مەلىكە ئۇ يىگىتنى ئالدىغا چاقىرتىپ:

— بۇ شەھەرنىڭ سىرتىدا بىر يايلاق بار. ئاتامنىڭ ئاتلىرى شۇ يايلاقتا يايلايدۇ. يېقىندىن بۇيان ئۇ يايلاقتا بىر ئەجدىھا پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئات ۋە ئادەملەرنى دەم تارتىپ ئارام بەرمەيۋېتىپتۇ. ئۇ ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن بارغان پالۋانلارنىمۇ دەم تارتىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئاتام: «كىمىكى ئۇ ئەجدىھانى ئۆلتۈرسە، قىزىمنى شۇنىڭغا بېرىمەن» دېگەن. ئەي يىگىت، ئاتامنىڭ شۇنداق ۋەدىسى بولمىغان بولسا، مەن بىر ئامال قىلىپ ئاتامنى ئىككىمىزنىڭ توي ئىشىغا كۆندۈرگەن بولاتتىم، — دەپتۇ.

يىگىت مەلىكىدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

—ئەي مەلىكە، بىر ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈش قانچىلىك ئىش ئىدى. ئەگەر خالىسا ئەتە ئۇ ئەجدىھانىڭ بېشىنى ئالدىڭىزغا كەلتۈرىمەن، — دەپتۇ.

— ئۇنداق ئىشنى ھەرگىزمۇ قىلمىغىن. مۇبادا ئەجدىھادىن ساڭا بىرەر خېيىم - خەتەر يەتسە، سېنىڭ جامالىڭنى كۆرۈشتىن مەھرۇم قالىمەن، — دەپتۇ مەلىكە.

يىگىت مەلىكە بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ.

يىگىت بىلەن مەلىكە مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىپتۇ.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن پادىشاھ ئەھدى ـ پەرمان قىلىپ پۈتۈن مال ـ دۇنياسىنى يىگىتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي پادىشاھ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. يىگىت پادىشاھنىڭ تەخت ۋارىسى بولۇپتۇ. بۇنىڭ ھەممىسى يەتتە خىل رەڭلىك قۇشنىڭ خاسىيىتىدىن بولۇپتۇ.

بىر كۈنى يىگىت شىكارنى باھانە قىلىپ، ئۆز يۇرتىغا بېرىپتۇ. ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنى ئالدىغا چاقىرتىپ:

— سىلەرنىڭ يەتتە خىل رەڭلىك تۇشۇكلار بار ئىكەن، دەپ ئاڭلىدىم. ئۇ قۇش ھازىرمۇ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىزدە ھەقىقەتەن شۇنداق بىر قۇش بار ئىدى. لېكىن مەن ھەجگە كەتكەندە ئۇ قۇش ئۆلۈپ كېتىپتۇ. مېنىڭ يالغۇز بىرلا ئوغلۇم بار ئىدى، ئوغلۇممۇ ئۇ قۇشنىڭ پىراقىدا ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئوغلۇمنىڭ ئىنىكئانىسى ئوغلۇمنىڭ دەردىدە ئۆلۈپ كېتىپتۇ، — دەپتۇ زاھىد.

بۇنى ئاڭلىغان يىگىت زاھىدتىن:

— سىز ئوغلىڭىزنىڭ ئىنىكئانىسىنى كۆرسىڭىز تونىيالامسىز؟ — دەپتۇ.

— ئەلۋەتتە تونۇيمەن.

يىگىت ئىنىكئانىسىنى چاقىرتىپ كېلىپتۇ. زاھىد ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا تونۇپتۇ. بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇش بولغان زاھىد خوتۇنىدىن:

— سەن ئىنىكئانىنى ئۆلدى دېگەن ئىدىڭغۇ؟ — دەپتۇ.

ئىنىكئانا بولغان ۋەقەنى باشتىن ـ ئاياغ زاھىدقا سۆزلەپ بېرىپتۇ. يىگىت تەختتىن چۈشۈپ ئاتىسىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپتۇ. زاھىدنىڭ خوتۇنى خىجىل بولغانلىقىدىن بېشىنى كۆتۈرەلمەپتۇ.

ئۇچۇن ئېتىمنى ئۇ يايلاقتا قالدۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاتلىرىدىن بىرىنى مىنىپ كەلدىم، — دەپتۇ.

ۋەزىر يىگىتنى يولدا ئۇچراتقانلىقىنى پادىشاھقا دەپ بەرگەنىكەن، پادىشاھ ۋەزىردىن:

— سەن يولدا ئۇچراتقان ھېلىقى يىگىت مۇشۇمۇ شۇمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— دەل ئۆزى.

پادىشاھ ۋەزىر - ۋۇزرالىرى بىلەن ھېلىقى يايلاققا بېرىپتۇ، ئۇلار يايلاققا بېرىپ قارىسا، تاغدەك بىر ئەجدىھا بېشى كېسىلگەن ھالدا ياتقانىكەن. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ:

— ئەي يىگىت، ئەجدىھانىڭ بېشى قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

يىگىت پادىشاھنى باشلاپ بېرىپ، ئۆزى يوشۇرۇپ قويغان ئەجدىھا بېشىنى كۆرسىتىپتۇ. پادىشاھ يىگىتنىڭ پالۋانلىقىغا ۋە دانىشمەنلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. ئۇلار ئوردىغا قايتىپ كەلگەندە، يىگىت پادىشاھقا تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن:

— ئەي شاھىم، ئۆزلىرى: «كىمىكى بۇ ئەجدىھانى ئۆلتۈرسە قىزىمنى شۇنىڭغا بېرىمەن» دەپ ۋەدە قىلغان ئىكەنلا. مەن بۇ ئىشنى ئورۇنلىدىم، ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ ۋەدىلىرىگە ۋاپا قىلىشلىرىنى سورايمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىرلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ، مۇسۇلمانچىلىق قائىدە - يوسۇنى بويىچە قىزىنى يىگىتكە نىكاھلاپ بېرىپتۇ. بېيىت:

نەخشەبى، ۋەدىگە ۋاپا قىلساڭ،
لايىق بولماس ئاڭا جاپا قىلماق.
ئەر كىشىنىڭ ئىشىدۇرۇر مەردلىك،
ۋەدىسىگە ھامان ۋاپا قىلماق.

بەردى. مەيمۇن تۇتىننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ قەپەستىن ئازاد قىلدى. خوجەستە بىۋاپالىق قىلغانلىقى ۋە بىگۇناھ شارۇكنى ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇم بولدى. تۇتىننىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى بىكارغا كەتمىدى. تەڭرىم بارلىق ئىنسانلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىپ، تۇتىدەك كامالەتكە يەتكەن بىر ئۇستازنىڭ سۆھبىتىدە ۋە باشلامچىقىدا بولۇشنى نېسىپ قىلغاي. بېيت:

كەل، ئەي ساقىي، جامۇ شارابىم،
كى غەم تاغى تېگىدە قالدى جىسمىم.
پەلەك سالدى مۇسىبەت بىرلە قايغۇ،
بۇ ئوتقا كۆز يېشىم بىرلە سېپەي سۇ.



يىگىت ئالتۇنچىنىڭ ئوغلىنى تاپتۇرۇپ كېلىپ بازار ئىچىدە چالما - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈشكە پەرمان قىپتۇ. ئۇلار خەلقى ئالەم ئالدىدا شەرمەندە بوپتۇ.

تۇتىنىڭ ھېكايىسى بۇ يەرگە كەلگەندە خوجەستىگە:

— ئەي ئاغىچام، ئېرىڭىز سەپەردىن قايتىپ كېلىپ، سىزنىڭ ئۇ يىگىتكە ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىڭىزنى بىلىپ قالسا، سىزمۇ زاھىدنىڭ خوتۇنىغا ئوخشاش خىجىللىقتا قالىسىز. ھازىر سۆيگىنىڭىزنىڭ قېشىغا بېرىشنىڭ ياخشى پەيتى. ئەمدى ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ، ئۇ يىگىت بىلەن مۇرادىڭىزنى ھاسىل قىلىڭ، — دېدى.

خوجەستە يىگىتنىڭ قېشىغا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى. شۇ چاغدا خوجەستىنىڭ ئېرىنىڭ سەپەردىن قايتىپ كەلگەنلىك خەۋىرى كەلدى. بۇنى ئاڭلىغان خوجەستە ئېرىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئايىغىغا يىقىلدى. خوجا مەيمۇن خوجەستە بىلەن تىنچلىق - ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن تۇتىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۆينىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. تۇتى:

— ئەي خوجام، سەن سەپەرگە كەتكەندىن كېيىن ساڭا ناھايىتى زور خىزمەت كۆرسەتتىم. مەن ھېچقانداق ۋاقىتتا ھېچ كىمگە بۇنداق خىزمەت قىلمىغانىدىم. مەن سېنىڭ ياخشى نامىڭنى ساقلىدىم. ئاگەر سەن مېنىڭ قىلغانلىرىمنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن مېنى قەپەستىن ئازاد قىلىپ قويۇپ بەرسەڭ. مەن بولغان ئەھۋاللارنى باشتىن - ئاياغ سۆزلەپ بېرىمەن، — دېدى.

خوجا مەيمۇن ھەيران بولۇپ تۇتىنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولدى.

تۇتى شارۈكنىڭ ئۆلۈش سەۋەبىنى ۋە خوجەستىنىڭ بىر يىگىتكە ئاشىق بولغانلىق جەريانىنى باشتىن - ئاياغ سۆزلەپ

责任编辑：艾海提·阿西木
编　　辑：买买提吐尔地·米尔孜艾合买提
封面设计：加拉力丁·巴合拉木
责任校对：海尔尼沙

**鹦 鹉 传**（维吾尔文）

新疆维吾尔自治区少数民族古籍整理
出版规划领导小组办公室
整理者：尼加提，艾合买提

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市建中路54号　　邮政编码 830001）
新疆新华书店发行　　新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米　32开本　14 [illegible] 印张　4插页
1992年5月第1版　　1992年5月第1次印刷
印数：1——9.000

ISBN 7—228—02028—6/I·693　定价：3.90元